ۋ.ۋ.بارتولد (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا

# ئون ئىككى لېكسىيە


رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغۇر سايرانى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى



مىللەتلەر نەشرىياتى

ۋ.ۋ.بارتولد (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا



ئون ئىككى لېكسىيە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
بىرىنچى لېكسىيە ........................................ 1
ئىككىنچى لېكسىيە ........................................ 27
ئۈچىنچى لېكسىيە ........................................ 55
تۆتىنچى لېكسىيە ........................................ 85
بەشىنچى لېكسىيە ........................................ 119
ئالتىنچى لېكسىيە ........................................ 151
يەتتىنچى لېكسىيە ........................................ 183
سەككىزىنچى لېكسىيە ........................................ 211
توققۇزىنچى لېكسىيە ........................................ 240
ئونىنچى لېكسىيە ........................................ 271
ئون بىرىنچى لېكسىيە ........................................ 304
ئون ئىككىنچى لېكسىيە ........................................ 337

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» ناملىق كىتاب تەرجىمانىنىڭ «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى» (ئاپتورى ۋ.ۋ.بارتولد)، «9 — 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» (ئاپتورى ئا.گ.مالياۋكىن)، «10— 14 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى» (ئاپتورى د.ئى.تىخونوف)، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردىن كېيىنكى، رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان بەشىنچى كىتابىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر دىپلوماتى، رۇس تىلى تەرجىمە مۇتەخەسسىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ پەنلىرى تەتقىقاتچىسى ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆچۈرۈپ رەتلەش، بېكىتىش خىزمەتلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن. مەزكۇر ئەسەر «بارتولد ئەسەرلىرى»نىڭ 5 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 5 - توم 1968 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان.

1. «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئون ئىككى لېكسىيە» دەپ ئېلىندى) ناملىق بۇ كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىش ئەھۋالى:

1926 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ۋ .ۋ .بارتولد باكۇ شەھىرىدە
ئېچىلغان پۈتكۈل سوۋېت تۈركولوگلار بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا
قاتناشقان ۋە بۇ قۇرۇلتايدا : «تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە
ئۇنى تەتقىق قىلىشتا ئالدىمىزدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەر » دېگەن
تېمىدا مۇھىم دوكلات بەرگەن . ئۇ دوكلاتىدا تۈركىي خەلقلەر
تارىخىنىڭ بىرقەدەر ئۇزاقلىقى ، چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلى-
كى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى پەۋقۇلئاددە ماھىرلىق بىلەن يىغىنچاقلاپ
كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى
تېخىمۇ كەڭ ، ئەتراپلىق قانات يايدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش-
نىڭ پۈتكۈل تۈركولوگلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ۋەزىپە-
لەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان . يىغىن ئىشتىراكچىلى-
رى ۋە شۇلارنىڭ بىرى بولغان ئالىم س .ف .ئولدېنبۇرگ قاتار-
لىقلارمۇ ئاكادېمىك بارتولدنىڭ دوكلاتىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا
بەرگەن .

دەل شۇ يىلى — 1926 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۈركىيە ھۆكۈمى-
تى ئاكادېمىك بارتولدنى تۈركىيىگە كېلىپ ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېر-
سىتېتىدا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان . بارتولد بۇ
تەكلىپنى مەمنۇنلۇق بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە جىددىي ، ئەتراپلىق
تەييارلىقتا كىرىشىپ ، 6 ـ ئايدا تەييارلىقنى پۈتتۈرگەن . بار-
تولدنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىشىچە ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېك-
سىيە سۆزلەش مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇش مەۋسۇمى ئا-
خىرلاشقان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغاچقا ، مەزكۇر «لېكسى-
يە »گە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرى ، بىر
قىسىم ستۇدېنتلار ۋە «لېكسىيە »گە قىزىققۇچى جەمئىيەتتىكى
خېلى بىر قىسىم زىيالىيلار ، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىشتىراك
قىلغان .

مەشھۇر شەرقشۇناس ، پروفېسسور ۋ .ۋ .بارتولدنىڭ ئىس-
تانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغ-



-رىسىدىكى بۇ لېكسىيىسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۇزاقتىن تونۇش ئالىم ، كې-
لىپ چىقىشى باشقىرتلاردىن بولغان ، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ پروفېسسورى ئەخمەت زەكى ۋەلىدى تۈركچىگە تەرجىمە
قىلىپ ، بارتولد نامىدىن لېكسىيە ئىشتىراكچىلىرىغا ئوقۇپ بەر-
گەن . كېيىنكى يېرىمىنى ، بارتولدقا مەخسۇس سەپلەپ بېرىلگەن
تەرجىمان — ۋېنگرىيىدە ئالىي مەلۇمات ئالغان ياش ئىقتىدارلىق
ئالىم رەقىب خۇلۇسى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن .
ئالىم بارتولد ھەربىر لېكسىيە ئاخىرلاشقاندا لېكسىيىگە دائىر
سوئال سورىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا قىزغىن ، پاكىتلىق ۋە مې-
غىزلىق قىلىپ چۈشەنچە بېرىپ ، لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنى يېڭى
ۋە مول بىلىم بىلەن تەمىنلەپ ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قايىللىقى
ۋە زور ھۆرمىتىگە نائىل بولغان .

«ئون ئىككى لېكسىيە »نىڭ بىرىنچى لېكسىيىدىن ئۈچىنچى
لېكسىيىگىچە بولغان قىسمى بارتولدنىڭ ئۆزىنىڭ قولىيازمىسى ،
قالغان قىسمى رۇسچە ماشىنكا نۇسخىسى ئىدى . «ئون ئىككى
لېكسىيە »نىڭ تولۇق ئورىگىنالى (قولىيازما ۋە ماشىنكا نۇسخى-
سى ) لېكسىيە ئاخىرلاشقاندا شۇ چاغدا لېكسىيىگە قاتناشقان
ئالىم ، پروفېسسور ئەخمەت زەكى ۋەلىدىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ
قالغان .

60 ـ يىللاردا «بارتولد ئەسەرلىرى » نىڭ 5 ـ تومىنى
نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى باشلىنىپ ، «ئون ئىككى لېكسىيە »
نىڭ ئورىگىنالى سوروشتە قىلىنغان ۋە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتې-
تىغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىلگەن . پروفېسسور ئەخمەت زەكى
ۋەلىدى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ خۇشال بولۇپ ، قولىدا تولۇق
پېتى ئۇزۇن يىل ساقلاپ كەلگەن لېكسىيىنىڭ ئورىگىنالىنى
تاپشۇرۇپ بەرگەن . «بارتولد ئەسەرلىرى »نىڭ 5 ـ تومىنى نەشرگە
تەييارلاش خىزمىتىگە مەسئۇل ئالىم ، پروفېسسور س .گ .كل-

ياشتورنىي بۇ ئورىگىناللارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئەخمەت
زەكى ۋەلىدىگە ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك بايلىقنى ئۇزۇن يىل ئەينى
پېتى ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ۋە ئاخىرىدا نەشرگە تاپشۇرۇپ بەر-
گەنلىكىگە «بارتولد ئەسەرلىرى» 5 ـ توم تەھرىر ھەيئىتى
نامىدىن ۋە ئۆزى نامىدىن ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن . بۇ
ئورىگىنال 5 ـ تومغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىز كىرگۈزۈلگەن .
«بارتولد ئەسەرلىرى»نىڭ 5 ـ تومغا كىرگۈزۈلىدىغان
ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە رەتلەشكە پروفېسسور س .گ .
كلياشتورنىي مەسئۇل بولغان . بۇ تومنىڭ تەھرىر ھەيئىتىنىڭ
باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى پروفېسسور ئا .ن .كونونوف ئۈستىگە ئال-
غان . «بارتولد ئەسەرلىرى»نىڭ 5 ـ تومى سابىق سوۋېت ئىتتى-
پاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتى باشقۇ-
رۇشىدا «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1968 ـ يىلى موسكۋادا
رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان .
2 . «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى : بۇ
ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول ، چېتىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ .
ئومۇمەن ئېيتقاندا ، بۇ ئەسەر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزلىرىنى
تارىختا بىرىنچى قېتىم : بىز تۈركىي تىللىق خەلقلەرمىز ، دەپ
مەيدانغا چىققان مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ ، تاكى ئوتتۇرا
ئەسىرلەردىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى
مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىنى ،
مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىن تېپىلغان شۇنداقلا ۋە باشقا جايلاردىن
تېپىلغان قىممەتلىك ھۆججەتلەر — ئالدى بىلەن مەڭگۈ تاشلار ،
ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ، ساياھەت خاتىرىلىرى ، ئەرەب ،
پارس ، تۈرك ، موڭغۇل ، خەنزۇ ۋە ياۋروپا تىللىرىدىكى بىرىنچى
قول مەنبە بولالايدىغان تارىخ مەنبەلىرى ، شۇنىڭدەك دىنىي ،
ئەدەبىي ئەسەرلەر ، ئىقتىساد ، سودا ، قانۇن ، تېبابەتكە ئائىت
ئەسەرلەر ، ھۆججەت ، ۋەسىقىلەر ، يارلىقلار ۋە باشقا ئالاقىدار



ماتېرىياللار ئاساسىدا بايان قىلىپ بېرىدۇ . ئېنىقراق ئېيتقاندا ،
مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قانداش-
لىق جەھەتتىكى ۋە تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ،
مەركىزىي ئاسىياغا تارقالغان دىنلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر-
نىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ، مەدەنىيىتى ، سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسى-
رى ، بۇ دىنلارغا بولغان قاراشلار ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا تارقىلىشى ، ئۇنىڭ بۇ يەرلەرگە كۆرسەتكەن
تەسىرى ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرى — فارابى ،
مەھمۇد كاشغەرىي ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەخمەت يۈكنەكى ،
سەككاكى ، يەسسەۋى ، جامال قارشى قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئا-
سىيا ۋە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن
تەسىرى ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى
مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئۇنىڭ ئەتراپتىكى رايونلار ۋە خەلقلەرگە
كۆرسەتكەن تەسىرى ، قىتانلار ، موڭغۇللار ، يەكەن سەئىدىيە
خانلىقى ، چاغاتايلار ۋە تۆمۈرىيلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا ، مۇسۇل-
مانلارغا ، مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قاراتقان سىياسەتلىرى ، تۆمۈ-
رىيلەرنىڭ تەقدىرى ، قۇرۇقلۇق يىپەك يولىنىڭ شىنجاڭ ۋە
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شۇنداقلا مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ھەممە پۈتكۈل شەرق
بىلەن غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تۇتقان ئورنى
ۋە ئوينىغان رولى قاتارلىقلارنى ، قىسقىسى مەركىزىي ئاسىيادىكى
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇزاق زامان گىرەلىشىپ كەتكەن
مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق تارىخىنى تىل ، دىن ، يېزىق ، ئەدەبى-
يات ، فولكلور ، ئېتنوگرافىيە ، قانۇن ، ئېتىكا قاتارلىقلار بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈپ ۋە ماھىرلىق بىلەن ئىخچاملاپ پاكىتلىق ،
مېغىزلىق قىلىپ يۇقىرى سەۋىيىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ . بۇ خەلق-
لەرنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ
مول ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىپ ، قوشنا ئەل ـ

خەلقلەر بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتۈپ ، ئۆزئارا سودا قىلىش ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ، ھۈنەر - سەنئەت ۋە پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ ، يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا تىرىشقانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ .

مەزكۇر ئەسەر شىنجاڭ تارىخى ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ، ئومۇمەن ، مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا قوشنا بەزى خەلقلەرنىڭ تارىخى ، تىل - يېزىقى ، دىنىي ئېتىقادى ، فولكلورى ، ئەدەبىياتى ، ئېتنوگرافىيىسى ، قانۇن ، ئېتىكا ، ھاكىمىيەت ، پەلسەپە چۈشەنچىلىرى ۋە قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ، تېبابەتچىلىك ، نەققاشلىق ۋە باشقا ماددىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئۇنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

3 . «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە نەشر قىلىنىش ئەھۋالى . مەزكۇر كىتاب سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ، مەشھۇر شەرقشۇناس ، پروفېسسور ئالىم ۋ .ۋ .بارتولدنىڭ زور داڭق قازانغان ئەمگەكلىرىنىڭ بىرسىدۇر . بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ زور ئىلمىي قىممىتى ئېتىبارى بىلەن تۈرك ، نېمىس ، ئىنگلىز ، فرانسۇز ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان . مەسىلەن ، 1927 - يىلى تۈركىيىدە تۈركچە نەشر قىلىنغان . 1935 - يىلى Theodor Menzel تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىپ ، بېرلىندا نەشر قىلدۇرغان . نېمىسچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىدىغان چاغدا گېرمانىيىنىڭ داڭلىق شەرقشۇناس ئالىمى Schaeder. H. H بەزى ئىزاھلارنى قوشقان . 1945 - يىلى M. Donskis فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان . 1976 - يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئون ئىككى



لېكسىيە»نى نېمىسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ، ئۆزى تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى» (بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي ئىسمى «تۈركىستان تارىخى» بولۇپ ، ئاپتورى ۋ .ۋ .بارتولد ، 1922 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ، 1956 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى مۇتەخەسسىسى ۋ .مىنورىسكى ئەر - ئايال ئىككىيلەن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان . مەزكۇر كىتاب 1962 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغان ، 1966 - يىلى ياپونىيىنىڭ داڭلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى مۇتەخەسسىسى ناگاساۋا كازۇتوشى بۇ كىتابنى ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىن قىسقىچە چۈشەنچە» نامىدا نەشر قىلدۇرغان ، گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ كىتابنى 1956 - يىلىدىكى ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ، كىتابنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى يۇقىرىقىدەك ئالغان )غا كىرگۈزۈپ ، 1980 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان . 1984 - يىلى لوجىپىڭ ئەپەندى «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ نېمىسچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ ، فرانسۇزچە نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان . 2002 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى لوجىپىڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تاماملىغانىدى . ئۇنى «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ باشقا بەزى نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش جەريانىدا ئارىدا بەزى بوشلۇقلارنىڭ بارلىقىنى بايقاپ ، نەشرگە بېرىشتىن توختىغان . چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچە نۇسخىسى ئالىم س .گ .كلياشتورنىينىڭ ئېيتقىنىدەك «ئاپتورلاشقان تەرجىمە بولۇپ قالغان»

(«بارتولد ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، 16 ـ بەتكە قارالسۇن).

يەنە كېلىپ مەيلى نېمىسچە، مەيلى فرانسۇزچە نۇسخىلىرى بولسۇن، تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغاندى. ۋەھالەنكى ئۇ چاغلاردا «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ بىرىنچى قول ئورىگىنالى تېخى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خەۋىرىسىز ئىستانبۇلدا ئەخمەت زەكى ۋەلىدىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ ياتاتتى. دېمەك، 1968 ـ يىلغىچە مەزكۇر لېكسىيىنىڭ بىرىنچى قول ئورىگىنالى تېخى ھېچ يەردە ئەسلىي پېتىچە نەشر قىلىنمىغانىدى. تەرجىمىنى تەرجىمە قىلىۋەرگەندە، تەرجىمىدە ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىمۇ ئەسلىي مەنبەدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر يىراقلىشىپ كېتىش، ھەتتا قېيىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىمۇ بىر ئەمەلىيەت. ئاتاقلىق تەرجىمان ئۇيغۇر سايرانى ۋە كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، نەشرىياتىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «ئون ئىككى لېكسىيە»نىڭ بىرىنچى قول ئورىگىنالىنىڭ ئەينەن نەشر قىلىنغان رۇسچە نۇسخىسىدىن تەرجىمىگە سادىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا بىۋاستە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە تەھرىرلەپ نەشرگە سۇندى.

4. ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئاكادېمىك ۋ.ۋ.بارتولد ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات:

ئاكادېمىك بارتولد — سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر شەرقشۇناسى. ئۇنىڭ شەرقشۇناسلىقتىكى يېتەكچى مەۋقەسى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا روسىيە ۋە چەت ئەللەردە ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تېمىسىغا بېغىشلانغان ئاجايىپ ئەمگەكلىرى ئۇنى پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتقان. تارىخ تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلمىي پائالىيەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈش



ئارتۇقچە ئىش بولمىسا كېرەك.

ۋاسىلىي ۋلادىمىروۋىچ بارتولد (василий владимирович Бартолд) 1869 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى رۇسلىشىپ كەتكەن نېمىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىنىڭ ئەجدادلىرى بالتىق دېڭىزى ياقىسىدا ياشىغان. ئانىسىنىڭ چوڭ بوۋىسى خرىستىئان دىنىنىڭ لۇتېر مەزھىپىدىكى روھانىي بولۇپ، ھامبۇرگ شەھىرىدىن روسىيىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان، بارتولدنىڭ ئۆز ئاتىسى چوڭ مالىيە ـ سودا ئورۇنلىرىنىڭ دەللالى بولغان.

بارتولد كىچىكىدىنلا تىرىشچان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپلا ئىجتىمائىي پەنلەرگە قىزىققان. ئۇ 1887 ـ يىلى، پېتېربۇرگ 8-گىمنازىيىسىنى ئالتۇن مېدال بىلەن پۈتتۈرۈپ، تارىخ پېنىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغان. بارتولد شۇ يىلى (1887 ـ يىل) پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇپ، 1891 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇغان. چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپ، پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرستېتىدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالغان. 1900 ـ يىلى شەرق ئەللىرى تارىخى پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1910 ـ يىلى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى بولغان. 1913 ـ يىلى پېتېربۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان.

بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى — 1893 ـ يىلدىن 1916 ـ يىلغىچە بولغان جەرياندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىزدەش، تەكشۈرۈش، رەتلەش، ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇ-

غۇللىنىش ئۇچۇن پېتېربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ، پېتېربۇرگ پەن-
لەر ئاكادېمىيىسى ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا-
نى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى قاتارلىق چوڭ ئىلمىي ئورگانلار
نامىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپ قېتىم بېرىپ كەلگەن . يەنە
ئىلمىي كاماندىروپكىلار بىلەن فىنلاندىيە ، گېرمانىيە ، شۋېتسا-
رىيە ، ئىتالىيە ، فرانسىيە ، ئەنگلىيە ، ئاۋستىرىيە ، ۋېنگرىيە ،
گوللاندىيە ، بۇلغارىيە ، رۇمىنىيە ، ئىرېلاندىيە ، شۋېتسىيە ،
گرېتسىيە ، نورۋېگىيە ، دانىيە ، تۈركىيە ، مىسىر ، شىمالىي ئا-
مېرىكا قاتارلىق ئەل - رايونلارغىمۇ چىققان .
ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرس بەرگەن ، ئىلمىي جەمئىيەتلەر
بىلەن ھەمكارلاشقان ، كۆپلىگەن ژۇرناللارنى نەشر قىلغان ھەمدە
ئۇلارنىڭ مۇھەررىرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن . ئۇ تەتقىقاتىنى
مۇھىم بىلىپ ، ئىران ، ئەرەب مەملىكەتلىرى ، تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ھەمدە موڭغۇللارنىڭ تارىخى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەن-
گەن . ئۇنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نەتىجىسى دەل
ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدا گەۋدىلىنىدۇ .
بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ئىلمىي ئىجتىمائىي
تەشكىلاتچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن .
ئۇ سابىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ، سابىق سو-
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەردە شەرق ئەللىرى
تارىخى كافېدرالىرىنى قۇرۇش ، كۇتۇپخانا ، قوليازمىلارنى ساق-
لاش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (تاشكەنت ) ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنى قۇرۇش ھەمدە مۇزېي قۇرۇشتەك بىرقاتار چوڭ
خىزمەتلەرنى بېجىرگەن . 20 - يىللاردا ، يەرلىك ئىلمىي ئو-
رۇنلارنىڭ تەكلىپلىرى بىلەن لېنىنگراد ، موسكۋا ، باكۇ ۋە ئوت-
تۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ھەم باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرى-
دا لېكسىيە سۆزلىگەن . ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر-



دىمۇ بولغان . روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە
كۆپ قېتىم خەلقئارالىق چوڭ يىغىنلارغا قاتناشقان . 1926 -
يىلى ، تاشكەنت شەھىرىدە بارتولدنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان-
لىقىنىڭ 25 يىللىقى ۋە دەرس بېرىشكە كىرىشكەنلىكىنىڭ 30
يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەنگەن .
بارتولد تەكلىپ بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلى-
رىدىمۇ لېكسىيە سۆزلىگەن : 1926 - يىلى ، تۈركىيە ھۆكۈمى-
تىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈركىيىگە بېرىپ ، ئىستانبۇل ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا لېكسىيە سۆزلىگەن . 1929 - يىلى تەكلىپ بىلەن
گېرمانىيىگە بېرىپ بېرلىن ، ھامبۇرگ ، گۆتتىنگېن شەھىرىدە
لېكسىيە سۆزلىگەن .
بارتولد ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنمۇ ، بىرقاتار ئىلمىي
ۋە ئاممىباب بولغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى كەينى - كەينىدىن
يازغان . ئۇ ئىلمىي ۋە پېداگوگىكا پائالىيەتلىرىدە ، ئەرەبلەر
تارىخىغا ، ئىسلام تارىخىغا ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ناھا-
يىتىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن . ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىلمىي پائالى-
يەت سەھنىسى قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات-
لىرى ناھايىتىمۇ كەڭدۇر . ئۇ قەدىمكى تىللارنى ۋە غەربىي
ياۋروپادىكى ئاساسلىق تىللارنى شۇنداقلا ئەرەب ، پارس ، تۈرك
ۋە تاتار تىلىنى ، شەرق تىللىرىنىمۇ ئوبدان ئۆگىنىۋالغان . ئۇ
ئۆز زامانىسىدا كۆچمەن قەبىلىلەر تارىخىنى ئەڭ ئوبدان بىلىدى-
غان ئادەم ھېسابلىناتتى . بارتولد ئىران ، زاكاۋكازىيە (ئارقا
كافكاز ) مەملىكەتلىرى ، ئەرەب مەملىكەتلىرى تارىخىنى ، تۈر-
كىي خەلقلەر ھەمدە موڭغۇللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغان .
ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ ۋە غەربىي ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ مۇھىم
ئەسەرلىرىنى مۇسۇلمان ئەل - رايونلىرىدا ساقلىنىپ قالغان
مەنبەلەردىكى كۆپلىگەن كونكرېت پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ،

تەنقىدىي تەھلىل يۈرگۈزگەن . بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئىپتىدا-
ئىي دەۋرىدىكى تارىخى ، شەرق ئەللىرىگە تارقىلىش تارىخى ۋە
مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى قاتارلىق چوڭ
مەسىلىلەرنى تامامەن يېڭى ماتېرىياللار ئاساسىدا بايان قىلغان .
ئۇنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى ۋە خۇلاسىلىرى
پەقەت روسىيىدىلا ئىسلام تارىخىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىيالى
بىلەن تەمىنلەپ قالماي ، بەلكى دۇنيا ئىسلامشۇناسلىقىنىمۇ ماتې-
رىيال مەنبەسى جەھەتتىن كۆپ بېيىتقان .

1892 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە بولغان 38 يىل ئىچىد-
ە ، بارتولدنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئەسىرى نەشردىن چىققان .
«ئىسلام قامۇسى»نىڭ ئۆزىگىلا 246 پارچە ماقالە يېزىپ بەر-
گەن . بارتولدنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن
ئېلان قىلىنغان .

بارتولدنىڭ ئومۇمىي ئەسەرلىرى جەمئىي توققۇز توم بولۇپ
نەشر قىلىنغان ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

I توم : «موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» ؛

II توم : (ئىككى قىسىم) بىرىنچى قىسىم : ئوتتۇرا ئاسى-
يانىڭ ئومۇمىي تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر ؛ كافكاز ۋە شەرقىي
ياۋروپاغا دائىر ئەسەرلەر ؛ ئىككىنچى قىسىم : ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
ئايرىم تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر ؛

III توم : تارىخ-جۇغراپىيىگە دائىر ئەسەرلەر ؛

IV توم : ئارخېئولوگىيە ، پۇلشۇناسلىق ، ئېپىگرافىكا ۋە
ئېتنوگرافىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ؛

V توم : تۈرك ، موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخى ، فىلولوگى-
يىسى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئىراق شەرق ئەللىرى ۋە
خەلقلىرى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر ؛

VI توم : ئىسلام ۋە ئەرەب خەلىپىلىكلىرى تارىخىغا دائىر



ئەسەرلەر ؛

VII توم : ئىران ، ئافغانىستان تارىخى ، فىلولوگىيىسىگە
دائىر ئەسەرلەر ؛

VIII توم : تارىخىي يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى — ھۆججەت-
شۇناسلىققا دائىر ئەسەرلەر ؛

IX توم : شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا دائىر ئەسەرلەر .

بارتولدنىڭ زور داڭق قازانغان ئەسەرلىرىدىن «مۇسۇلمانلا-
رنىڭ رۇسلار ھەققىدىكى يېڭى مەلۇماتلىرى» (1896-يىل) ،
«موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» (ئىككى توم ،
1901 - يىل) ، «ياۋروپا ۋە روسىيىدە شەرقنى تەتقىق قىلىش
تارىخى» (1911 — 1925 - يىللار) ، «خەلىپە ۋە سۇلتان»
(1912-يىل) ، «ئىسلام .ئومۇمىي ئوچېرك» (1918-يىل) ،
«مۇسۇلمانلار مەدەنىيىتى» (1918-يىل) ، «مۇسۇلمانلار دۇنياسى»
(1922 - يىل) ، «تۈركىستان» (1922 - يىل) ، «مۇسۇلمان-
لار دۇنياسى تارىخىدا كاسپىي دېڭىزى يېنىدىكى رايونلارنىڭ
تۇتقان ئورنى» (1925 - يىل) ، «تۈركىستاننىڭ مەدەنىي ھايات
تارىخى» (1927 - يىل) ، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر
تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» (1968 - يىل) ، «يەتتە
سۇ تارىخى ئوچېركلىرى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

ئىجتىمائىي پەنلەرگە مۇستەھكەم باغلانغان ، بىلىمىنى باش-
قىلار بىلەن كەڭ ئورتاقلاشتۇرىدىغان ، شاگىرتلىرىغا مېھرىبان ،
ئەمما قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ، ساختىپەزلىككە ، خۇشامەتچىلىك-
كە ، مەنسەپپەرەسلىككە ۋە ئىككىيۈزلىمىلىككە زادىلا چىداپ تۇ-
رالمايدىغان بۇ مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم ۋ .ۋ .بارتولد 1930-
يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سابىق لېنىنگراد يېنىدىكى ساناتو-
رىيىدە بۆرەك كېسىلى بىلەن 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن .
بارتولدنىڭ جەسىتى ، 1928 - يىلى 5 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن

ئايالى مارىيە ئالېكسىيېۋنا بىلەن بىر قەبرىگە قويۇلغان .
ئەسەرنى تەھرىرلەش جەريانىدا ، ئەسەرنىڭ ئەسلىسىگە سا-
دىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە ، ئاپتورنىڭ زامان ، ماكان چەكلى-
مىلىكىگە ئىگە بەزى بايان ، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە بىر قىسىم
ئاتالغۇلارنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالدۇق . كىتابخانلارنىڭ تەنقى-
دىي مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . تەرجىمە ۋە تەھرىرلەش
جەريانىدا نامۇۋاپىق كېتىپ قالغان جايلىرى بولسا ھۆرمەتلىك
ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز .

نەشرىياتتىن



# بىرىنچى لېكسىيە

مەزكۇر قىسقىغىنە لېكسىيىدە روسىيە ۋە ياۋروپا ئىلىم
ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۈركىي مىللەتلەر تارىخى ھەققىدە قولغا كەل-
تۈرگەن بەزى نەتىجىلىرى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە تونۇشتۇرۇ-
لىدۇ . بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بۇ نەتىجە-
لەرنى تېخى ناھايىتى مول دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ ، يەنە
نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تېخى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ
بېرىلمىدى . بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ، تۈركىي خەلقلەر تارىخى-
نى تەتقىق قىلىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار ، بىر خىل
كوللېكتىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش بىلەن ئېرىشىدىغان بىلىم-
لەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىدۇر .
چۈشىنىش كېرەككى ، بىرەر خەلقنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىي
تۇرمۇشىنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن شۇ
خەلقنىڭ تىلىنى ئوبدان بىلىش كېرەك . ئەپسۇسكى ، تۈرك تارى-
خىغا دائىر يازما مەنبەلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى تۈركىي تىلدا
يېزىلمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەرنىڭ تارى-
خى كۆپىنچە ئۇلارغا يېقىن بولغان مەدەنىيەتلىك قوشنىلىرىنىڭ
مەلۇماتى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ . مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ،
تۈركىي خەلقلەر تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار مەلۇم جەھەت-
تىن ھىندى - ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى ياكى رۇسلارنىڭ
تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەردىن پەرقلىق ئەھۋالدى-
دۇر . تۈركلەر مەدەنىيەتلىك ئەللەرنى بويسۇندۇرۇۋېلىپ كۆچ-
مەنلىكتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتكەن ، مەدەنىي ئەللەر

تۈرك سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغاندا ، بۇ يەرلەر يەنىلا بويسۇندۇرۇلغۇچىلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن قاتتىق ئۇچرىغان ، ھەتتا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ تىلى ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇپ كەتكەن ، بولۇپمۇ نەسىر ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولغان .

شەرقىي ئاسىيادا ، بولۇپمۇ موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىدە ياشاپ ، كېيىن ئۇ يەردىن تەخمىنەن 10 - ئەسىردە كەتكەن تۈركلەرنىڭ تارىخىنى بىز پەقەت جۇڭگو مەنبەلىرىدىنلا كۆرەلەيمىز . ئوتتۇرا ئاسىيا[1] نىڭ غەربىي قىسمىغا كۆچكەن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تۈركلەر ھەققىدە بىز ئەرەبچە ماتېرىياللار ، بولۇپمۇ پارسچە ماتېرىياللاردىن مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز . لېكىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىستاننىڭ ئۆز تارىخىغا دائىر ماتېرىياللىرى مەۋجۇت ئەمەس ، ياكى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن . بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلىقلىرى تارىخى ، تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىران تېررىتورىيىسىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىنلا بىلىمىز . 16 - ئەسىرگە كەلگەندىلا تۈركىستاندا مۇھىم بىر تارىخىي ئەسەر مەيدانغا كەلدى . ئۇنى ئۆزبېكلەر يازغاندى . ئۆزبېكلەر قۇرغان ئۈچ خانلىقنىڭ بىرسى — بۇخارا خانلىقىدا تاكى بۇ خانلىق يوقالغۇچە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا باشتىن - ئاخىر پارس تىلى ئىشلىتىلگەن . خىۋا خانلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركچىسى ئىشلىتىلگەن ، تارىخىي ھۆججەتلەر ئاساسەن پارس تىلىدا يېزىلغان . قوقان خانلىقىدا بولسا ، كىشىلەر بەزىدە تۈركىي تىلنى قوللانغان ، كۆپىنچە پارس تىلى ئىشلىتىلگەن . تۈركلەر قۇرغان دۆلەتلەر ئىچىدە ، پەقەت ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىدىلا تۈركىي تىلدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەرگە تايىنىپ تەتقىق قىلغىلى بولىدۇ . لې-

[1] بارتولد مەزكۇر ئەسەردە ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا دېگەن ئۇقۇمنى ئېنىق پەرقلەندۈرمەيلا قوللىنىۋېرىدۇ — تەرجىماندىن .



كىن ئوسمان ئىمپېرىيىسى تارىخچىلىرى يازغان تارىخلاردا پارس ۋە ئەرەب تىلى ئاتالغۇلىرى كۆپرەك ئىدى . شۇڭا ئەرەبچە ، پارسچە بىلمەيدىغان تۈركىي تىللىق نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئەسەرلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى . ساپ تۈركىي تىلدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك ئىدى . مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، پەقەت تۈركىي تىلنىلا ئوبدان بىلىدىغان تىلشۇناسلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يەنە شۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىپ كېتەلىشى ناتايىن . تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا تارىخ ، مەدەنىيەت جەھەتتە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن پارس ۋە ئەرەب تىللىرىنىمۇ ئوبدان بىلىش كېرەك . بۇلارنى ئوبدان بىلگەندىلا تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ مۇتەخەسسىسى بولغىلى بولىدۇ (ئىرانشۇناسلارنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ ، چۈنكى پارس تىلىنى بىلىش بىلەنلا ئىراننىڭ موڭغۇللار ئىستېلاسى دەۋرىدىكى تارىخىنى ئوبدان چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئوبدان بىلىش كېرەك ) .

تۈركشۇناس ۋە تارىخشۇناس ئالىملارنى قىزىقتۇرغان ئاز ساندىكى مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى مىلادىيە 8 - ئەسىرگە مەنسۇپ تارىخىي خاراكتېرلىك ئورخۇن مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدۇر . ئۇ ئەڭ بۇرۇنقى تۈركىي تىلدا يېزىلغان مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى بولۇپ ، مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تېپىلغان ۋە يېشىپ ئوقۇلغان[1] . ئۇلار تۈركىي خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆزلىرى يازغان تۇنجى مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىدۇر . بۇ مەڭگۈ تاشلار تارىختا مىلادىيە 6 - ئەسىردە بىرىنچى قېتىم ئۆزلىرىنى : بىز تۈركىي خەلقلەرمىز ، دەپ ئاتىغان خەلققە

[1] قەدىمكى رۇنىك («ئورخۇن» ياكى «ئورخۇن - يېنىسەي») يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى توغرىسىدا بېرىنشتامنىڭ «6 — 8 - ئەسىرلەردىكى ئورخۇن - يېنىسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى»نىڭ 11 — 29 - بەتلىرىگە ، مالوفنىڭ «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»نىڭ 11 — 16 - بەتلىرىگە قارالسۇن .

مەنسۇپ . بۇ خەلق قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگونىڭ چېگرىسىدىن تارتىپ تاكى ئىران ۋە ۋىزانتىيىگىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان ئىدى . مانا مۇشۇ تۈركلەر ھەققىدە بىز ھەر خىل ماتېرىياللارغا ئىگىمىز . بۇ ماتېرىياللار جۇڭگولۇقلارنىڭ ماتېرىياللىرىدا يولۇقىدىغان باشقا كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەرنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا ناھايىتى مولدۇر . مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە بۇ كەڭ دالىلارنى ئىگىلىگۈچىلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققانلىقى تۈركلەر ھەققىدىكى كېيىنكى نۇرغۇن ماتېرىياللارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىن بۇرۇنلا ئېنىقلانغان مەسىلە ئىدى . خەنزۇچە «تۇجۆ» ( 突厥 ) دېگەن سۆزنى «تۈرك»دەپ تەلەپپۇز قىلىش بىر مۇنچە تالاش ـ تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ ، ئەمما ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىكى «Turkoi » (تۈرك ) دېگەن سۆز ھېچقانداق تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلمىدى[1] .

مىلادىيە 6 ـ ئەسىردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتلەردىن پەرقى شۇ بولدىكى ، بۇ چوڭ تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپلا شەخسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى مەلۇم بىر سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان ئىدى . بۇ چوڭ تۈرك دۆلىتىنىڭ غەرب تەرىپىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان خان دەسلەپتىلا مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ، چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ، بۇ ئىشلارنى شەرقتە جايلاشقان باش ئوردىغا تەستىقلاتمىغان ، باش خانغا تەستىقلىتىش تۈزۈمى بولسا ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ۋە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ دەسلەپ-

① مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى توغرىسىدا پولىۋانوفنىڭ « Ту-кюэ » ؛ پېللىئوتنىڭ «تۇڭباۋ» ؛ كلاۋسوننىڭ «تۈرك ۋە موڭغۇل تەتقىقاتى»نىڭ 84 — 88 ـ بەتلىرىگە ؛ پۇللېيبلانكنىڭ «چىن نامى» قاتارلىقلارغا قارالسۇن . خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ، ھازىرقى ئوقۇلۇشى تۇجۆ ـ تۈركۈت . تۇجۆ ـ تۈركۈت دېگەن مىللەت نامىنىڭ باشقا تىللاردا ترانسكرىپسىيە قىلىنىشى توغرىسىدا كلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈركچە يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 18 ـ ، 19 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .



كى دەۋرىدە يولغا قويۇلغانىدى .

ياۋروپا ئالىملىرىنى شۇنداقلا جۇڭگوشۇناسلارنى ، يىراق شەرق مەدەنىيىتى بىلەن ئالدىنقى ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەتلەر ۋاسىتىچىسى غەربىي تۈرك دۆلىتى — گەرچە بۇنداق ۋاستىچىلىك موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكىدەك ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمىسىمۇ ، ئۆزىگە قىزىقتۇرغانىدى . غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن فرانسىيىلىك جۇڭگوشۇناس چاۋاننېس غەربىي تۈرك قاغانلىقى ھەققىدە كاتتا بىر كىتاب يازدى . چاۋاننېسنىڭ بۇ ئەسىرىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشر قىلدى ؛ بۇ ئەسەردە 6 — 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى غەربىي تۈركلەرگە دائىر يېزىلغان جۇڭگو ماتېرىياللىرى ۋىزانتىيە ، ئەرمەن ۋە ئىسلام مەنبەلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان[1] . غەربىي تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرەر يازما خاتىرە قالدۇرمىغان . ھازىرغىچە بىزگە ئۇلاردىن پەقەت بىر نەچچە قەبرە تېشىلا يېتىپ كەلگەن[2] .

ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا مىلادىيە 630 — 680 ـ يىللارغىچە بولغان يېرىم ئەسىرلىك ۋەقەلەر ؛ جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇۋالغانلىقى ، شۇنىڭدەك كېيىن تەختكە چىققان يېڭى خانلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ غەرب تەرەپتىكى قېرىنداش قەبىلىلىرىنىمۇ بويسۇندۇرغانلىقىدەك ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن[3] . گەرچە دانىيىلىك تىلشۇناس تومسېن

① Chavannes, Documents, Рецензия; Бартолд, зВОРА, т. XV, 0162-0185; cn. hiж, 342—362 .

② ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ رۇنىك يېزىقى توغرىسىدا ، ماسسوننىڭ «تۈرك ـ رۇنىك يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى» ؛ مالوفنىڭ «تىلىلارنىڭ ئېپىگرافىك يادىكارلىقلىرى» ؛ يەنە «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى خەلقلەرنىڭ يادىكارلىقلىرى» ؛ بېرنىشتامنىڭ «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يادىكارلىقلىرى» ؛ «قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۆججەتلىرى» قاتارلىقلارغا قارالسۇن .

③ بۇ يەردە پەقەت شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى بىلگە قاغان ، كۆل تېگىن ۋە تونيۇقۇقلار شەرىپىگە ئورنىتىلغان «قاغان يادىكارلىقلىرى»نىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭلا مەزمۇنى نەزەردە تۇتۇلدۇ .

مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنى ئوقۇشنىڭ ئاچقۇچىنى تاپقىنىغا 30
نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ يادىكارلىقلارنى يېشىش ،
تەرجىمە قىلىش ئىشىنى ئاخىرلاشتى دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ .
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يادىكارلىقلارنىڭ بىرمۇنچە جايلىرىدى-
كى چۈشەندۈرۈشلەر تېخى پات - پات غۇلغۇلا قوزغاپ تۇرماقتا .
بولۇپمۇ ئەسلىي تېكىستتىكى تىلنى (قەدىمكى تۈركىي تىلنى —
تەرجىماندىن ) بىلمەيدىغان كىشىلەر هازىرقى تەييار تەرجىمىدىن
پايدىلىنىپ هەرقانداق بىر تارىخىي يەكۈن چىقارغاندا ، جەزمەن
ناهايىتى ئېهتىيات قىلىشى كېرەك . مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى-
نىڭ تېپىلىپ يېشىلىشى ۋە تەرجىمىسىگە ئەڭ زور تۆهپە قوش-
قانلار رادلوف ۋە تومسېنلاردۇر① . ئۇلارنىڭ قىلغان تەرجىمىسى
مەزكۇر ئابىدىلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى . تومسېن-
نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەرجىمىسى بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىنغاندىن
كېيىن ، ئۇ بۇ يادىكارلىقلارنىڭ تەرجىمىسىگە قايتا كىرىشمەيدى-
غانلىقىنى ئېيتقاندى . ئەمما تەلىيىمىزگە يارىشا ، ئۇ بۇ
يادىكارلىقلارغا ئائىت يەنە بىرمۇنچە ئەمگەكلىرىنى ئېلان قىلدى .
مەن مۇشۇ لېكسىيىدىنى ئىشلىگۈچە ئارىلىقتا كۆرگەنلىرىم
ئىچىدىكى ئەڭ كېيىنكى بىر ئەمگىكى «مەڭگۈتاشلارنى
تەرجىمە قىلىشتىكى تەجرىبىلەر هەققىدە» (Zeitschrift
der Deutschen Morgenländischen Gesellschaft) ناملىق ئەم-
گىكى (1924 — 1925 - يىللىرى ) «گېرمانىيە شەرقشۇناس-
لىق جەمئىيىتى ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىندى . ئۇ بۇ ئەمگىكىدە
بۇرۇنقى تەرجىمىلىرىگە ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە ناهايىتى جايىدا بول-

① رادلوف : «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۇ تاشلار» ،پېتېربۇرگ ، 1895 - يىل ؛ تومسېن : «ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۇتاشلىرىنىڭ يېشىلىشى» ، «دانىيە خان جەمەتى ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى» ، 1893 - يىل ؛ «يېشىلگەن ئورخۇن مەڭگۇتاشلىرى» ، «فىن - ئوغۇر ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» ، 1896 - يىل ؛ «تۈركلەر تەزكىرىسى» ، «فىن - ئوغۇر ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلى» ، 1916 - يىل ، 37 - سان .



غان تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزدى . بەك تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىلى-
غان پەرەزلىرىمۇ بولۇپ ، بۇلار ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قو-
يۇشىمۇ مۇمكىن . بۇنىڭ مىسالى ئۈچۈن كۆل تېگىن قاغاننىڭ
بىر تۇغقان قېرىندىشى بىلەن بىرلىكتە بىر جەڭدە كۆرسەتكەن
ئالاهىدە جاسارىتى بايان قىلىنغان يەرلەرنى كۆرستىشكە بولى-
دۇ . بۇ جەڭدە كۆل تېگىنگە يۈزدىن ئارتۇق يا ئوقى تېگىپ ساق
قالىدۇ . يادىكارلىقتا يېزىلىشىچە ، يا ئوقى كۆل تېگىنگە تەگ-
كەن . يەنى كۆل تېگىننىڭ yarïqinda yalmasinda غا تەگكەن .
تومسېن بۇ سۆزلەردىكى yarïqinda yalmasinda دېگەن
yalmasinda نى Ayalmasinda دەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ
ۋە كۆل تېگىننىڭ دوبۇلغىسىدا ئالماستىن نەقىشلەنگەن (يېرىم )
ئاي شەكىللىك بېزىكى بار ئىدى ، دەپ تەرجىمە قىلىدۇ① . بۇ
پاكىت تارىخچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بەك قىزىقارلىقتۇر . لېكىن
ئەپسۇسلىنارلىقى ، تېكىستنى مۇشۇنداق مۇهاكىمە قىلىش تالاش
ئۈستىگە تالاش پەيدا قىلدى .

مەن تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ،
تەرجىمىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىزاهلىنىشىغا دائىر مۇنازىرى-
لەرگە ئارىلىشىشقا پېتىنالمايمەن . ئەمما مېنىڭ قارىشىمچە ،
(مەن پەقەت تومسېننىڭ كېيىنكى تەرجىمىسىنىڭ سەۋەنلىكى
ئۈستىدىلا توختىلىمەن ) ئۇ تامامەن ئوخشاش يېزىلغان بىر سۆز-
نى بەزىدە باشقىچە ئوقۇپ ، باشقىچە تەرجىمە قىلىدۇ .

ئادەتتە ، تەرجىمىدە ئوخشاش بىر سۆزنىڭ كېلىش ئورنىغا
قاراپ ئىككى خىل تەرجىمە قىلىدىغان ئەهۋال بولىدۇ . چۈنكى
بەزى سۆزلەر ئىككى تۈرلۈك ، بەزىدە ئۈچ تۈرلۈك چۈشەنچىمۇ
بېرىدۇ . سۆزلەرنى ئورنىغا قاراپ تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلى-
دۇ . تومسېن بۇ ئەهۋاللارنى كېيىنكى تەرجىمىسىدە ئاڭقىرالماي

① مالوف : «يادىكارلىقلار» ، 40 - ، 41 - بەتلەر . Ibid,s. 151.

قالغان . مەسلەن ، ئۆلمەك ( Ölmek ) ، ئولماق (Olmaq )
(بولماق ) سۆزلىرى كۆرۈنۈشتە ئوخشاش . جۈملىنىڭ ئومۇمىي
مەنىسىگە قاراپ ئەگەرده خەلقنىڭ هالاك بولغىنىغا قارىتا ئىيتىل-
غاندا ، ئۆلمەك سۆزىنى ئېهتىيات بىلەن قوللىنىش كېرەك .
خەلقنىڭ يىمىرىلگەن ، مەغلۇپ بولغانلىقى خەلقنىڭ پۈتۈنلەي
ئۆلۈپ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ . ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق
چۈشكۈنلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت يار بەرگەندە
ئەسلىگە كېلىش ، باش كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولىدۇ . تومسېن
كېيىنكى تەرجىمىسىدە مۇشۇنداق خاتالىقلارغا يول قويغان . بەزد-
لەر تومسېننىڭ كېيىنكى تەرجىمىسى ناهايىتى ياخشى چىققان-
دى ، دەيدۇ . ئەمەلىيەتتە ، مېنىڭ قارىشىمچە ، تومسېن «چاپىقد-
نى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ » دېگەندەك ئىش قىلىپ
قويغان ، رادلوفنىڭ تەرجىمىسى بولسا ناهايىتى ئوبدان چىققان ،
بەك جايىغا چۈشكەن[1] .

تەرجىمىنىڭ بەزى جايلىرىدا يۇقىرىقىدەك تالاش - تارتىشلار
بولسىمۇ ، ئومۇمەن مەڭگۈ تاشيادىكارلىقلىرى كۆچمەن خەلق ۋە
كۆچمەن دۆلەتلەرنىڭ هاياتىنى ناهايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرد-
دۇ . كۆچمەن ئىمپېرىيىلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋە يوقىلىش جەر-
يانلىرىنى ياۋروپالىقلارنىڭ دۆلەت چۈشەنچىلىرىدىن پەرقلىق يو-
سۇندا ئىپادە قىلىدۇ . بۇ ئوخشىماسلىقنى رادلوف بۇرۇن يازغان
«سىبىرىيىدە ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىم » ، شۇنىڭدەك «قۇتادغۇ
بىلىك »نىڭ نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان كىرىش
سۆز (بۇ كىرىش سۆز رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «ئۇيغۇرلار
مەسىلىسىگە دائىر » دېگەن نامدا كىتاب قىلىنغان )ده چۈشەندۈ-
رۈپ ئۆتكەن . تومسېننىڭ قايىل بولۇشىچە ، رادلوفنىڭ كۆز
قاراشلىرىنى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ بەر-

[1] Thomsen, Alttürkische, s. 142. مالوف : «يادىكارلىقلار »
[2] Thomsen, Alttürkische Inschriften, s. 135.



گەن[2] .

كۆچمەن خەلق نورمال شارائىتتا سىياسىي جەهەتتە بىرلد-
شىشكە ئىنتىلمىگەن . كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتد-
دا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە بۇ شارائىتتا شەكىللەنگەن
هاياتقا ناهايىتى مەمنۇن بولغان هالدا ياشاۋەرگەن . ئۇرۇقلار ئارا
بىرەر توختام ، مەلۇم بىر هاكىمىيەت تەشكىللەشكە ئېهتىياج
چۈشمىگەن . ئۆزىنىڭ بىرەر ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان
مەلۇم هاكىمىيەتكە ، يەنى مۇئەييەن بىر قانۇنىي ئاساسقا ۋە مۇئەي-
يەن بىر مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە هاكىمىيەتكە ئېهتىياج چۈش-
مىگەن . دۆلەت هاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى — خانلار پەۋقۇلئاد-
دە ئەهۋالدىلا ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بىرمۇنچە خەلقنى ئۆزد-
گە قارىتىۋالغان . بۇنداق ئەهۋالدا خانلار هاكىمىيەتنى ئۆزىلا
قولغا ئېلىۋالغان ، خانلارنى بىرەر خەلق بەلگىلىمىگەن ۋە بىرەر
خەلق تەرىپىدىن سايلام يۈرگۈزۈلمىگەن . هەممە خەلق مۇشۇ
ئەهۋالغا كۆنۈپ مېڭىۋەرگەن . بىرلىشىش خانىنىڭ ئۆز خەلقى
ئىچىدىلا بولغان ، بەزىدە بۇ خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار
ئارقىلىق بولغان . خان باشچىلىقىدا مەدەنىي جايلارغا هۇجۇم
قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش-
تىن چۈشكەن ئولجا - نېمەتلەرگە قىزىقتۇرۇپ ئۇرۇشقا ئاتلاند-
دۇرغان . بۇ خىل ئەهۋالنى يادىكارلىقلاردىنمۇ كۆرگىلى بولىد-
دۇ . خانلار تۈرك - ئوغۇزلار ياكى توققۇز ئوغۇزلاردىن كېلىپ
چىققان[1] . شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق ، بۇ خانلار ئوغۇزلار ياكى
باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئۇزاق مەزگىل ئۇرۇشقان . ئورخۇن
يادىكارلىقلىرىدىكى بۇ هەقتىكى بايانلار ئۇلارنىڭ جۇڭگولۇقلار
ۋە ياكى باشقا مەدەنىي قوشنىلىرى (ئولتۇراقلاشقان خەلق ) بىد-
لەن بولغان ئۇرۇشلىرى هەققىدىكى بايانلارغا قارىغاندا كۆپ تەپ-

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى » ، 5 - توم ، 524 - بەت ؛ خامىلتوننىڭ توققۇز ئوغۇزلار هەققىدە يازغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ .

سىلىيدۇر . قوشنىلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنى ، خان ۋە
ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى ئاچارچىلىقتا قالغان خەلققە ئاشلىق ،
يالىڭاچ قالغانلارغا كىيىم ـ كېچەك تېپىپ بېرىش مەقسىتىدە
قىلىنغان ئۇرۇشلار دەپ ھېسابلايدۇ . يادىكارلىقلاردا كۆچمەنلەر
دۆلىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىكى يېڭى بىر ئالامەت ئەكس
ئەتكەن ، بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا رادلوفمۇ دىققەت قىلمىغانىكەن . ئۇ
بولسىمۇ دۆلەت شەكىللىنىشكە تەسىر كۆرسەتكەن پەۋقۇلئاددە
بىر ئەھۋال — تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ جىددىيە-
لىشىشى ، يەنى بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ، بەگلەر بىلەن ئاددىي
خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى ئىدى .
كۆچمەنلەر جامائىتىدە ، بولۇپمۇ تەبىقىلەر ئارىسىدا پەرقلەر بەك
كەسكىن دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە مۇقەررەر
بولىدىغان ئىشلار ئىدى . يادىكارلىقلاردىن شۇ نەرسە كۆرۈلىدۇ-
كى ، جۇڭگولۇقلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ،
تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى (مەدەنىي ئەللەردىكى ھۆكۈمرانلارغا ئوخ-
شاش ) ئۆز تەبىقىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
چەت ئەللىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا رازىمەنلىك بىلەن قاراپ كەل-
گەن ، ئۆز خەلقىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغان . خۇددى پولشالىقلار رۇسلارنىڭ
غەربىتىكى ئۆلكىلىرىنى بېسىپ تۇرغاندا ، ئۇ يەرلەردە يۈز بەرگەن
ئىشلارغا ئوخشاش . بەگلەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلى-
رىنى قوبۇل قىلىشى خەلق ئاممىسىنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغان .
خانلىق تەرەپدارلىرى بۇنىڭدىن خەلقنى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىغا قارشى تۇرغۇزۇش ، كېيىنرەك تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانـ-
لىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلانغان . ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تارىخى ، بىر مىللەتنىڭ سىياسىي
جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى سىنىپىي
كۈرەشلەردىن كېيىن روياپقا چىقىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالى-



نى بەخش ئەتتى . ئۇ بولسىمۇ چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيە-
سىنىڭ شەكىللىنىشىدۇر . پەقەت مۇشۇنداق شارائىتتا دۆلەتنىڭ
قۇرۇلۇشى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن نەتىجىلەندى . چىڭ-
گىزخان[1] خۇددى 8 ـ ئەسىردىكى تۈرك خانىغا ئوخشاش ، خەلق-
نىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈچ چىقاردىم ، دېگەنلەرنى تىلغا
ئالماستىن ، بەلكى ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە ئۆز يۇرتىدا ئوبدان
تەمىنات شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئولارغا
مول ئۇرۇش ئولجىلىرى بەرگەنلىكى ھەققىدە سۆز قىلىدۇ . بۇ
يەردىكى تەبىقىلەر ئارا كۈرەشلەر موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
داستانلىرىدا ساقلىنىپ قالغان[2] . خەنزۇ ، ئەرەب ، ئەرمەن ۋە
ياۋروپا مەنبەلىرىدە موڭغۇللاردىكى تەبىقىلەر كۈرىشى ئۈستىدە
توختالمىغان . ئەگەر قولىمىزدا كۆچمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە
قالدۇرغان ماتېرىياللىرى بولغان بولسا ئىدى ، كۆچمەنلەر تارى-
خىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا يۈز بەرگەن تەبىقە كۈرەشلىرى
ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئىگە بولغان بولار ئىدۇق .

مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەر تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى
ۋە شۇنىڭدەك تۈرك دۆلىتىدە قوللىنىلغان كۆپلىگەن ئەمەل نام-
لىرى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن مەلۇمات بېرىدۇ . ئېھتىمال ، بۇ
ئەمەلناملىرىنىڭ ھەممىسىلا توغرا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولۇشى
مۇمكىن . ئەمما ھازىر شۇ نەرسە ئايدىڭكى ، مۇشۇ ئەمەل ناملىرى-
نىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەسلى تۈركىي سۆزدىن كېلىپ چىققان
ئەمەس . مەسىلەن ، «شاد» دېگەن ئۇنۋان ئېھتىمال ئىرانچە سۆز
بولۇشى مۇمكىن . مەزكۇر ئۇنۋان خان جەمەتى ئەزاسى بولغان ،
ئەينى چاغدا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرسىگە باشلىق بولغان ئادەم-
گە بېرىلگەن . «شاد» ئۇنۋانى پارس تىلىدىكى «شاھ» بىلەن بىر

---

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 617 ـ بەت .
[2] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، "چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى"گە قاراڭ ، 5 ـ توم ، 255 ـ بەت .

مەنبەدىن چىققانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن . بۇنىڭدىن باشقا بەزى ئەمەل ناملىرى موڭغۇلچە سۆزدىن كېلىپ چىققان دەپمۇ قارىلىدۇ . موڭغۇلچە سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «t» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بەزى ئۇنۋان ـ ئاتالغۇلارنىڭ «t» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىغا قاراپ شۇنداق پەرەز قىلىنىدۇ . پروفېسسور پېللىئوت 1925 ـ يىلى كۈزدە لېنىنگرادتا ئوقۇغان بىر لېكسىيىسىدە بۇ ئەمەل ناملىرىنى ، تۈركلەر ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن پېشىۋالىرى — جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئاۋارلاردىن قوبۇل قىلغان[1] دەپ كۆرسەتكەن . پروفېسسور پېللىئوت جۇرجانلارنى موڭغۇللار دەپ قارايدىكەن . پېللىئوتنىڭ پىكرىچە ، تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى ئاۋارلارنى ئۈلگە قىلغان .

بۇ مەسىلە ئۈنىڭدىنمۇ چوڭراق بىر ئومۇمىي مەسىلىگە ، يەنى تۈركلەر غەرب ئەللىرىدىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن كۆچمەن خەلقلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولغاندۇ ، دېگەن چوڭ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك .

مۇشۇكەمگىچە يىراق شەرق مەدەنىيىتى ئادەتتە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە زادى ئۇچرىمىغان ، ئۇچرىسىمۇ ئۇ يوقنىڭ ئورنىدىكى گەپ ، دېگەن قاراش ئۈستۈنلۈكتە ئىدى . موڭغۇلىيە ۋە موڭغۇلىيىدە تۇرغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىلا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە بولۇپ كەلگەنىدى ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇت ئىدى[2] . بلوشېت ئۆزىنىڭ 1910 ـ يىلى يازغان «راشىدىنىڭ موڭغۇللار تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىغا كىرىش سۆز»دە تامامەن تۈركچىگە خاس بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگونىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ ، ھەتتا

---

① چاۋاننېس : «ھۆججەتلەر» 221 ـ ، 223 ـ بەتلەر .
② بلوشېت : «راشىدىنىنىڭ موڭغۇللارنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىغا كىرىش سۆز» ، لوندون ، 1910 ـ يىل ، 183 ـ بەت .



موڭغۇللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزلىرى شۇ يەرگە يۇرۇش قىلغاندىن كېيىنلا تونۇشقان ، جۇڭگو مەدەنىيىتى بولسا موڭغۇللارغا بالدۇرلا تونۇش ئىدى ، دەپ يازىدۇ[1] . بۇ كۆزقاراشقا پۈتۈنلەي قارشى بولغان ئاساس مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئىشلەتكەن ، ئالدىنقى ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن ئېلىپبەلىك يېزىقتۇر .

ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى يېزىقلار مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلاردىكى يېزىقلارغا ئوخشاش بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدىكى بىر قانچە ھەرپلەرنىڭ ياۋروپا ئەللىرى يېزىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان[2] . ئومۇمەن ، يېزىق شەكلىدىن قارىغاندا ، يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان يېزىقلار ئورخۇندىن تېپىلغان يېزىقلاردىن بۇرۇنراق ۋە مىلادىيە 7 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ[3] . بۇ يېزىقلارنىڭ ئەسلىي يېزىلغان ۋاقتىنى بۇنىڭدىنمۇ دەل بېكىتىش ھازىرچە مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ . شۇنىسى ئەجەبكى ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىغا شۇ چاغلاردا ئورخۇن تۈركلىرى ئىشلىتىپ كەلگەن ئون ئىككى مۆچەل بىلەن ھېسابلىنىدىغان ۋاقىتمۇ قوشۇمچە قىلىنمىغان . جۇڭگو مەنبەلىرى ۋە ئىسلام مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ، ئەينى چاغلاردا يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قىرغىزلار ياشايدىكەن . مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدىكى يېزىقلار قىرغىزلار تەرىپىدىن يېزىلغانمىكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ . جۇڭگو مەنبەلىرىدە شۇ چاغلاردا قىرغىزلار ئون ئىككى مۆچەلنى ئىشلەتكەن ، دەپ كۆرسىتىلگەن . بەزى ئالىملار ئون ئىككى مۆچەلنى قىرغىزلارنىڭ ئىشلەتكەنلىكىگە

---

① يۇقىرىقى كىتاب ، 178 ـ بەت .
② تومسېن ، 153 ـ بەت . Inscriptions de orkhon.
③ كىزلاسوف ، «يىل ـ دەۋرلەر ئۈستىدە تەتقىقات» .

قاراپ ، ئون ئىككى مۆچەلنى قىرغىزلار ئىجاد قىلغان بولۇشى
مۇمكىن دەپ قارايدۇ[1] .

يېنىسەي مەڭگۈ تېشىدىكى ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تېشىدىكى
يېزىقلارنىڭ مەنبەسىنى ئەڭ چوڭقۇر تەتقىق قىلغۇچى كىشى
فىنلاندىيە ئالىمى دوننېردۇر[2] . بۇ ئالىم ئورخۇن يېزىقى ، يېنى-
سەي يېزىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يېزىقنىڭ ئارشاك (ئارساك )
خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان تەڭگىلەردىكى يېزىقلار بىلەن ئىنتايىن
ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان ئالىم-
دۇر . مەلۇمكى ، ئارشاك خانلىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 -
ئەسىردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرگىچە ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ
تۇرغان ئىدى . كېيىنرەك ، تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا جۇڭگوغا
چېگرىداش جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش - ئېكس-
پېدىتسىيىلەردە شەرقىي ئىران تىلىدىكى نۇرغۇن ھۆججەت -
ماتېرىياللار تېپىلدى . كىشىلەر بۇ تىلنى ئادەت بويىچە «سوغدى
تىلى» دەپ ئاتىدى . سوغدى — زەرەپشان دەرياسى بويىدىكى بىر
يەر نامى بولۇپ ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارادىن ئىبارەت ئىككى شەھەر
ئەنە شۇ يەرگە جايلاشقان[3] . بۇ تېپىلغان ھۆججەتلەر مىلا-
دىيە 1 - ئەسىرگە مەنسۇپتۇر[4] . سوغدى تىلىنى — ئىران
تىلىنى ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلغان ئالىم گوتېئودۇر[5] . ئۇ
ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقلىرىنىڭ ئېلىپبەسى سوغدى يېزىقىدىن
كېلىپ چىققان ، ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقلىرىنىڭ ھەرپلىرى
سوغدى ھەرپلىرىنىڭ تېخىمۇ قەدىمىيرەك نۇسخىسىنى مەنبە قىل-
غان بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ھازىرغىچە تېپىلغان تۈركىي تىل-

① ئابېل رېمۇسات ، گابائىن ، زاخاروۋلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرىگە قارالسۇن .
② ئو . دوننېر : «ئاسىيادىكى شىمالىي تورك ھەرپلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى» ، خېلسىنكى ،
1896 - يىل .
③ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 - توم ، 487 - ، 488 - بەتلەر .
④ خېننىڭ : «يىل - دەۋرلەر توغرىسىدا تەتقىقات» .
⑤ گوتېئونىڭ «سوغدى تىلى گرامماتىكىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ .
پارىژ ، 1914 — 1923 - يىللار .



دىكى مەڭگۈتاش پۈتۈكلەر مىلادىيە 7 - ئەسىردىن بۇرۇنقى
دەۋرگە مەنسۇپ ئەمەس ، دەپ قارايدۇ . شۇڭا ، ئەڭ قەدىمكى
سوغدى ئېلىپبەسىنىڭ ھەرپ شەكلىگە ۋاقىت جەھەتتىن ئەڭ
يېقىن كېلىدىغان تۈركىي تىلدا يېزىلغان ھۆججەتلەر تېپىلمىغۇ-
چە ئورخۇن - يېنىسەي يادىكارلىقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش ۋاقتى-
نى ئىلمىي جەھەتتە مۇقىملاشتۇرۇشقا مۇمكىنچىلىك يوق .

تۈركىي خەلقلەر تەييار ئېلىپبە شەكلىنى كۆچۈرۈپ ئېلىش
بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالغان ئەمەس ، بەلكى ئۇلار ئۇنىڭغا يەنە
بىرمۇنچە يېڭى بەلگىلەرنى قوشقان . مەسىلەن ، يا ئوقىنى بىلدۈ-
رۈش ئۈچۈن يا ئوقىنىڭ بەلگىسى ↓ نى سىزغان .[1] ئۇنىڭدىن
باشقا ، تۈركىي خەلقلەر بۇ ئېلىپبەلىك يېزىقنى ئۆز تىلىنىڭ
فونېتىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرغان . بولۇپمۇ ئاۋاز گارمونى-
يىسى قانۇنىغا لايىقلاشتۇرغان . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ ئەڭ بۇرۇن-
قى تۈرك يېزىقى تۈركىي خەلقلەر ئىشلەتكەن ئەڭ تاكامۇللاشقان
يېزىق ئىدى ، دەپ قارىلىدۇ . كىشىلەر بۇ يېزىق بىلەن مۇشۇ
ئابىدىلەردىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنىمۇ
پەرەز قىلالايدۇ . ئەسلىي خان جەمەتى ئەزاسى بولغان ، تارىختا
ئۆتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ دۆلەت ئەربابى ، ئۈچ قاغانغا ۋەزىر-
لىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن تونيۇقۇق تەرىپىدىن خان نامىدا تۇزۇل-
گەن پۈتۈكتە ئىملا قائىدىلىرىگە باشقا پۈتۈكلەرگە قارىغاندا تېخى-
مۇ قاتتىق ئەمەل قىلىنغان . بۇ پۈتۈكلەرنىڭ سۆز قۇرۇلمىسى ،
ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى كىشىلەرنى ، بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سە-
ۋىيىسى كىشىلەر ئويلىغاندەك كۆچمەن تۇرمۇش شارائىتىدىكى
ئۇنداق تۆۋەن سەۋىيىدە ئەمەس ئىكەنلىكىگە قايىل قىلىدۇ . خان
ھەتتا پۈتكۈل خەلقنى ئۆزى تۈزگەن پۈتۈكنى ئوقۇپ چىقىشقا ،
خانلىقنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ، خانغا قارشى چىققانلى-

① پولىۋانوف : «ئېتىوگرافىك مېتود» .

قى تۇپەيلى كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتلەرنى ئەسلەشكە ئۈندەيدۇ . كىشىنى ، خەلق ئىچىدە ساۋاتلىقلار شۇنچىلىك كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەنمىدۇ ؟ دېگەن ئويغىمۇ كەلتۈرىدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇلار ئاشۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . بۇ چاۋاننېسنىڭ : يادىكارلىقلاردا خانلار ئۆزلىرىنىڭ «ياۋۇزلۇقىنى ، شان شەۋكىتىنى ، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى» ئىپادىلىگەن① ، دېگەن سۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرمامدۇ ؟ يادىكارلىقلاردا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلمىگەن ۋاقىتلاردا قېنى دەريا بولۇپ ئاققانلىقى ئېيتىلىدۇ ، غەلىبە قازانغان چاغلاردا باشقا خەلقلەرنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى ھەققىدە سۆزلەنمەيدۇ ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سانى ئۈستىدىمۇ توختالمايدۇ ، يۈز بەرگەن ۋەھشىيانە زۇلۇملار ئۈستىدىمۇ توختالمايدۇ ، ئېيتايلۇق ، ئاسسۇرىيە پادىشاھلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرىدا يېزىلغانلارغا ئوخشاش ئىشلار بۇ يادىكارلىقلاردا ئۇچرىمايدۇ .

بىرەر خەلقنىڭ پسىخىكىسىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى بىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . يادىكارلىقلاردا بۇ ھەقتە ئاساسەن توختالمايدۇ . يادىكارلىقلاردا «كۆك تەڭرى» ، «يەر تەڭرىسى» دېگەن ئىلاھلار ئۈستىدە سۆز بارىدۇ . بەزىدە «تۈركلەر تەڭرىسى» ، «تۈركلەر يېرى» ، «تۈركلەر سۈيى» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ . «تەڭرى» دېگەن سۆز ئادەتتە بىز دەۋاتقان ئاسماننى كۆرسىتىدۇ . ئۇ يەنە «ئىلاھ» مەنىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ② . يەر ، سۇ توغرۇلۇق بولۇنغان سۆزلەردە بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ يەر ، سۇ ئىلاھىدىن ئىبارەت بىر مۇستەقىل ئىلاھنى بىلدۈرىدۇ ، بۇنى يەر ئىلاھى بىلەن سۇ ئىلاھىنىڭ بىرلىشىشى دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا تومسېن-

① چاۋاننېس : Notice ، 384 ـ بەت .
② روكسىنىڭ «تەڭرى» ، «دىن» دېگەن ئەمگەكلىرىگە قارالسۇن .



نىڭ ئاخىرقى تەرجىمىسىدىكى «مۇقەددەس يەر ـ سۇ» ( « dieturkischeheiligen yer—sub » ) سەل ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ . ئايرىم ئىلاھلار توغرىسىدا گەپ بولغاندا «ئۇماي» دېگەن ئىلاھ تىلغا ئېلىنىدۇ . «ئۇماي» — باللارنى ھىمايە قىلغۇچى ئىلاھ ئىكەن . خان ئۆزىنىڭ ئانىسىنى بۇ ئىلاھ بىلەن سېلىشتۇرىدۇ . ئۇمايغا چوقۇنۇش شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئالتايدىكى تۈركلەر ئىچىدە تا يېقىنقى چاغلارغىچە ساقلانغان① . تۈركلەر شاماننى ئىپادىلەش ئۈچۈن «قام» سۆزىنى ئىشلەتكەن ، شۇڭا تۈركلەرنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىدا ھېچقانداق شۈبھە يوق② . يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدا «تەڭرى» سۆزى بىلەن بىر قاتاردا «بەل» سۆزى ئۇچرايدۇ . قارىغاندا ، بۇ سۆز شامان دىنىدىكىلەر ئۇلۇغلايدىغان روھنى ئىپادىلىسە كېرەك . ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا بۇ سۆز ئۇچرىمايدۇ③ . خەنزۇچە مەنبەلەردىكى بەزى مەلۇماتلاردىمۇ مەدەنىي دىنلارنىڭ (تۈركلەر ئارىسىغا ) تارقالغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ ـ سۆز يوق . خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا خان ئۆزى تۇرغان يەرگە بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى سالدۇرماقچى بولغان . ئەمما ، خاننىڭ مەسلىھەتچىسى تونيۇقۇق خاننى بۇنىڭدىن توسقان ۋە خانغا : بۇددا ئەقىدىلىرى تۈركلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ④ ، دېگەن . غەربنىڭ دىن تەشۋىقاتى ھەققىدىمۇ ھېچ نەرسە بىلمەيمىز . ئىران ئېلىپبەسى — يېزىقىنىڭ تارقىلىشى قەدىمكى پېنكىيە يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، سودا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تارقالغان ، دىنىي تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق . ئىراننىڭ دۆلەت دىنى —

① دىرىنكوفنىڭ «ئۇماي» دېگەن ئەمگىكىگە قارالسۇن .
② روكسىنىڭ «شامانىنىڭ نامى»غا سېلىشتۇرۇلسۇن .
③ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «بەل» سۆزى ئەسلىي سۆزنى خاتا ئوقۇشنىڭ مەھسۇلىدۇر . توغرا ئوقۇلۇشى ئەل (äl) دۇر . سامايلوۋىچنىڭ : « ‹مەبۇد ، ئەمەس ، بەلكى ‹قەبىلە› » دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .
④ بىچۇرىن : «ماتېرىياللار توپلىمى» ، 1 ـ توم ، 274 ـ بەت .

زوروئاستىرىزم خەلقئارالىق دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارمىغان. ئالېكساندىر I (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين — تەرجىماندىن)نىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدىن كېيىن، ئىراننىڭ شەرقىدىكى رايونلار، غەربىدىكى رايونلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئايرىلىپ تۇردى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ھەمدە بۇددىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇددا دىنىنى تارقاتقۇچىلار بەزىدە ئىرانلىقلار ۋە تۈركلەر ئارىسىدا ھىندى ئېلىپبەسى — يېزىقىنى ئىشلەتتى. ياۋروپانىڭ تۈركىستاننىڭ شەرقىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ھازىر بىزدە بار تۈركچە يېزىلغان بۇددا دىنى دەستۇرلىرىنى تاپتى، بۇ دەستۇرلار ھىندى يېزىقىدا يېزىلغان. بىراق بۇددىستلار سوغدى ھەرپلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلدى. بۇ سوغدى ھەرپلىرى خۇددى بىز تۆۋەندە كۆرىدىغىنىمىزدەك، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىمۇ قوللىنىلدى[1]. غەرب تەرەپتىكى مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل دىنغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرى بىلەن بىرگە، بۇ دىنلارنىمۇ تەخمىنەن مىلادىيە 3 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقاتتى. مانى دىنى خرىستىئان دىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان دىن بولۇپ، بۇ دىن زوروئاستىرىزم ئەقىدىلىرىنى خرىستىئان دىنى ۋە بۇددا دىنى ئىدىيىلىرى بىلەن قوشۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان دىن ئىدى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مانى دىنىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەشۋىق قىلىش خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىشتىن بۇرۇنراق باشلانغان بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا دىن بىلەن يېزىقنىڭ باغلىنىشى ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى بار ئىدى. خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى بار ئىدى. خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى «سۈرىيە

① گابائىن: «قەدىمكى تۈرك — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەتكەن ھەرپلىرى».



يېزىقى» دەپ ئاتايتتى. كېيىنچىرەك شەرقتىكى خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ يېزىقى ئومۇمىي سۈرىيە يېزىقىنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئىككى تۈرى بولۇپ قالدى. مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىرانلىقلار ۋە تۈركلەر خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مانىچە ۋە سۈرىيىچە يېزىقلارنى ئىشلەتتى. ئەمما، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ سوغدى مىللىي يېزىقى بىلەن يېزىلغان مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىكى دەستۇرلار مەۋجۇت ئىدى. بەزىدە بىز مانى دىنىنىڭ تۈركچە يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىككى خىل يېزىقتا، بىرى، مانى يېزىقىدا، ئىككىنچىسى، سوغدى مىللىي يېزىقىدا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز[1].

تۈرك - ئوغۇز دۆلىتى يوقىلىپ ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي، مانى دىنى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ تارقالدى. 6 — 8 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا سوغدىلارنىڭ سودا تىجارىتى تۈرك داللىرىدا كەڭ ئەۋج ئالدى. لېكىن بىز بۇ چاغدىكى دىنىي تەشۋىقاتلارنىڭ قانچىلىك ئەۋج ئالغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، شۇنىسى تەبىئىيكى، سوغدى سودىگەرلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ پائالىيىتىنىڭ مەركىزى، جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولى ئىدى. بۇ سودا يولىدا تا لوپنۇرغا كەلگۈچە يول ئۈستىدە سوغدىلارنىڭ سودا بېكەتلىرى قۇرۇلغانىدى. پېللىئوتنىڭ يازغان كىتابىغا قارىغاندا، 7 - ئەسىردىلا لوپنۇردا سوغدىلارنىڭ سودا بېكەتلىرى بولغان[2]. بۇ سودا بېكەتلىرى ئارىدىن 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ شۇ چاغدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتتىن ئاپتونومىيە ھوقۇقى ئالغانىكەن. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە سوغدى سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى تۈر-

① رادلوف: «مانى دىنى تۆۋبىنامىسى» 1909 - يىل، لېكوك: «بىر نەپەر مانى دىنى راھىبىنىڭ تۆۋبىنامىسى» 1911 - يىل، رادلوف: «ئاكادېمىيە خەۋەرلىرى» 1911 - يىل 867 - بەتنىڭ ئاستى قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

② پېللىئوتنىڭ «لوپنۇردىكى سوغدى بېكەتلىرى» دېگەن ئەمگىكىگە قارالسۇن. (س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 189 - بەت — تەھرىردىن).

كي خەلقلەر جايلاشقان يايلاقلارغا ۋە شۇنىڭدەك خان ئوردىسى
جايلاشقان يەرلەرگىچە ئاپىرىپ ساتالايدىغان بولغان . ھەتتا بۇ
جايلاردا كېيىنچە سودا بېكەتلىرىنى ۋە سوغدى مەھەللىلىرىنى
قۇرغان . بىز 630 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت-
كە كەلگەن بۇددا دىنى ئۆلىماسى شۈەن زاڭنىڭ خاتىرىلىرىدىن
شۇنداق سودا مەركەزلىرى قۇرۇلغان شەھەرلەرنىڭ غەربىي تۈرك-
لەرنىڭ زېمىنىدىمۇ بولغانلىقىنى ، چۇ دەرياسى بويىدىمۇ بارلىقى-
نى بىلىپ يېتىمىز[①] . شۈەنزاڭ ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىنى
بويلاپ سەپەر قىلغانىدى . بۇ يەرلەردىمۇ نۇرغۇن شەھەرلەر بار
ئىدى . بىراق شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ھەقتە مەلۇماتلار كۆ-
رۈلمەيدۇ . ئەمما تاڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە[②] بولسا بۇ ھەقتە
ئېنىق مەلۇمات خاتىرىلەنگەن . تاڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرى-
دىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئائىت مەلۇماتلار 9 ـ ئەسىرنىڭ ئال-
دىدىكى يېرىمىغىچە بولغان ۋاقىت بىلەنلا چەكلىنىدۇ .

تۈركلەردە شامان دىنىغا بولغان ئېتىقاد ، بولۇپمۇ ئۆلارنىڭ
دەپنە مۇراسىم ، قائىدىلىرىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدۇ[③] . جۇڭ-
گونىڭ مەنبەلىرىدىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى ، تۈركىي
خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ بېشىغا ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن
دۈشمەنلەرنىڭ ھەيكىلىنى (بالبال ) تىكلەپ قويىدىكەنتۇق[④] .
ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى بۇ مەلۇماتلارنى
تولۇق تەستىقلايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ تىكلەنگەن ھەيكەلنى
ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ — بالبال دېگەن ئاتالغۇنىمۇ شۇ
يادىكارلىقلاردىن بىلىپ يەتتۇق . بەزىلەر بالبال ئاتالغۇسى خەن-
زۇچە سۆزدىن كېلىپ چىققانمىكىن دەپ تەخمىن قىلىدۇ . قەب-

① بېرنىشتام : «سوغدى مەھەللىلىرى» ، پوپوۋا : «سوغدىلارنىڭ ساپال بۇيۇملىرى» .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 437 ـ بەت .
③ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 4 ـ توم ، 377 ـ ، 396 ـ بەتلەر .
④ ئىفوتوخوۋانىڭ «تاش ئويمىلار» ، گراچنىڭ «ئويمىچىلىق» ، 73 ـ ، 94 ـ بەتلەر ؛
كىزلاسوفنىڭ «قەدىمكى تۈرك ئويمىچىلىقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى توغرىسىدا» قاتارلىق ئەمگەك-
لىرىگە قارالسۇن .



رىگە بۇنداق بالبال ئورنىتىش بىرەر دىنىي قائىدىدىن كېلىپ
چىققانلىقى توغرىسىدا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ھېچقانداق
مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ . ئەمما ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ مەنبەلىرىدە
كۆرسىتىلىشىچە ، تۈركلەرگە ئەسىر چۈشكەن دۈشمەن سەركەر-
دىلىرى ھامان تۈرك قاغانلىرىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈ-
لۈپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن . بۇ خىل ئادەت شەكسىزكى ، تۆۋەندىكى
ئېتىقادتىن ، يەنى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا خەلقلەر
ئىچىدىمۇ كۆرۈلىدىغان ، ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ياكى
ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغۇچىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى خىزمى-
تىنى قىلىدۇ ، دېگەن ئېتىقادتىن كېلىپ چىققان . بۇ خىل
ئېتىقادتىن ، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد بىلەن مەدەنىي دىنلار
ئوتتۇرىسىدا زور پەرقنىڭ بارلىقىنى ، شامان دىنى بىلەن ئوخ-
شاش تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ھەر خىل دىنلارنىڭ تېخى
ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .
كەلگۈسى ھاياتقا بولغان ئېتىقاد ، ئۆلگۈچى ئۆلگەندىن كېيىن
(ئۇ دۇنيادا ) سوراققا تارتىلىدۇ ياكى ئۆلگۈچى ئۆلگەندىن كېيىن
جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ ، دېگەنلەرنى ئالدىنقى شەرت قىلمايدۇ .
كىشىلەر باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىم ئۈچۈن جازاغا
ئۇچرايمەن ، دېگەن ئۇقۇمدىن قورقمايلا قالماستىن ، بەلكى ئادەم-
لەرنى قانچە كۆپ ئۆلتۈرسەم ئۇ دۇنيادىكى تەقدىرىممۇ شۇنچە
ئوبدان بولىدۇ ، دەپ ئويلايدۇ .

مەڭگۈ تاشلار ۋە مەڭگۈ تاشلار بىلەن بىرگە تېپىلغان ماددىي
بۇيۇملار باشقا بىرقانچە جەھەتلەردىمۇ يازما ۋەسىقىلەرنىڭ توغرى-
لىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارغا قىلىنغان قارشى پىكىرلەرنى
ئىنكار قىلىدۇ . مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
بالباللىرى تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى
يايلاقلاردىن باشلانغان كەڭ دالىلاردىن تېپىلغان ھەيكەللەرگە
ئوخشاپ كېتىدۇ . شۇ يەردىكى رۇس خەلقلىرى مەزكۇر بالباللار-

نى (بىرلىك شەكىلدە ) «تاش موماي» (Kamennaja Baba ) دەپ
ئاتىغان . (كۆپلۈك شەكىلدە ) «تاش مومايلار» (Kamennyja
baby ) دەپ ئاتىغان . تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇنداق ھەيكەللەرنى
تىكلىگەنلىكى توغرىسىدا جۇڭگو مەنبەلىرىدىن باشقا ، 13 ـ ئە-
سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كاتولىك دىنى مىسسىئونېرى رۇبرۇك-
نىڭ يازغانلىرىدىمۇ مەلۇماتلار بار . ئۇنىڭ يېزىشىچە ، بۇنداق
ھەيكەللەرنىڭ يۈزى شەرق تەرەپكە قارىتىپ تىكلەنگەن بولىدى-
كەن . بۇ ھەيكەللەر شۇ چاغلاردا جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدا
ياشايدىغان تۈركىي خەلق كۇمانلار (روسىيە تارىخلىرىدا «پولو-
ۋېتسلار» دەپ ئاتالغان خەلق ، بۇ خەلقلەر قىپچاقلاردۇر —
تەرجىماندىن ) تەرىپىدىن رۇبرۇك زامانىسىدا تىكلەنگەن ھەي-
كەللەر ئىكەنتۇق . جۇڭگو مەنبەلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالا-
قىسى بولمىغان ياۋروپالىقلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بۇنداق ئوخ-
شاش كېلىپ قېلىشى توغرىسىدا رادلوف ئۆزىنىڭ «سىبىرى-
يىدە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىم» ناملىق ئەمگىكىدە : جۇڭگولۇق-
لارمۇ ، رۇبرۇكمۇ بۇ مەسىلىدە خاتالاشقان ، چۈنكى بۇ خىل
ھەيكەللەر (مەسىلەن ، روسىيە تېررىتورىيىسىدىكىدەك ) ، ئەمە-
لىيەتتە ، تۈركىي خەلقلەر بۇ يەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشتىن
نەچچە ئەسىر ئاۋۋاللا ئورنىتىلغانىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ[1] . بۇن-
داق ئوقۇشماسلىقلار شۇ چاغلاردا تېخى يېنىسەي يادىكارلىقلىرى-
دىكى يېزىقلارنى ئوقۇشنىڭ ئاچقۇچى تېپىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن
كېلىپ چىققانىدى . خۇددى ئورخۇن ۋادىسىدىكى بىرمۇنچە بالبال-
لارغا ئوخشاش ، يېنىسەي ۋادىسىدىكى نۇرغۇن بالباللاردىمۇ تې-
كىستلەر ساقلىنىپ قالغان ئىدى . بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇشنىڭ
ئاچقۇچى تېپىلغاندىن كېيىن ، ئۇلار تۈركىي تىلدا ئوقۇپ چىقىل-
دى . شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش «تاشتىن ياسالغان مومايلار»نىڭ

① رادلوف : «سىبىرىيىدە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىم» ، 2 ـ قىسىم ، 122 ـ بەت .



ئەسلىي تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىش-
نىڭ ھېچقانداق ئورنى قالمىدى .

رادلوف جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدى-
كى باشقا مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرىگىمۇ ئوخشمايدىغان پىكىردە
بولدى . ئۇ ، تۈركىي خەلقلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ،
تاغلاردا مېتال تاۋلاش ـ تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگە-
نىدى دېيىلىدۇ ، بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئانچىۋالا ئۇيغۇن ئەمەسمى-
كىن[1] ، كۆچمەن تۇرمۇش بىلەن مېتال ئىشلەپچىقىرىش بىر ـ
بىرىگە ماس كەلمەيدىغۇ دەپ قارايدۇ . ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا
جۇڭگونىڭ بۇ مەلۇماتىنى يا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغان يا ئىنكار
قىلىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق . ئەمما كۆچمەن تۇرمۇش جەريانى-
دا تۆمۈردىن ياسالغان قورال ـ ياراغلارنى ئىشلەپچىقىرىش توغ-
رۇلۇق نۇرغۇنلىغان تۈركچە ، موڭغۇلچە گەپ ـ سۆزلەر ساقلى-
نىپ قالغان . رادلوف يەنە جۇڭگولۇقلار تىلغا ئالغان تۈركىي
خەلقلەرنىڭ مېيىتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى بار ، دېيىل-
گەن يازما خاتىرىلەرنىڭ ماددىي ئىسپاتلار بىلەن بىر ـ بىرىگە
زىت كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . رادلوف تۈركىي
خەلقلەرگە مەنسۇپ قەبرىلەردە ، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قى-
لىشقا ئائىت ئىزلارنى ئۇچراتمىغان[2] . ئورخۇن يادىكارلىقلىرى-
دىن كىشىلەر شۇنى كۆرۈۋالايدۇكى ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئې-
تىقادى بويىچە ، ئىنسان روھى ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ، بىرەر
قۇشقا ياكى بىرەر قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن . شۇڭلاشقا ئادەم
ئۆلسە ، ئۇ «ئۇچۇپ كەتتى» دەيدىكەن . كۆپچىلىككە يەنە شۇ
مەلۇمكى ، غەرب تەرەپتىكى تۈركىي خەلقلەر ھەتتا ئىسلامىيەتنى
قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە «ئۇ ئۆل-

① رادلوف : «سىبىرىيىدە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىم» ، 1 ـ قىسىم ، 128 ـ بەت .
② رادلوف : «سىبىرىيىدە ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلىرىم» ، 2 ـ قىسىم ، 121 ـ بەت .

دى » دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئۇ شۇڭقارغا ئايلاندى » ( «Sunqar
boldy » ) دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىپ كەلگەن . ئېنىقكى ، مېيىت-
نى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن . تۆۋەندىكى مەلۇمات
مۇشۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك : تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەر
ئۇرۇش قىلغاندا ، تۈركلەرنىڭ بىر باشلىقىنىڭ جەسىتى ئەرەب-
لەرنىڭ قولىدا قالغان ، بۇنىڭ ئۆزى تۈركلەر ئۈچۈن ئاشۇ تۈرك
باشلىقىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئېغىر ھېسابلانغان[1] . بۇ يەردە دىنىي
ئەقىدىلەر رول ئوينىمىغان بولۇشى ، بەلكى ئار - نومۇس ھېس-
سىياتى ئۈستۈن كەلگەن بولسا كېرەك . بۇ خۇددى ئۇرۇش ۋاق-
تىدا ئائىلى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغاندا خورلۇق ھېس قىل-
غانغا ئوخشاش . خان دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرنى قېزىشتا تېپىل-
غان مەلۇماتلار ، ئۆلگەن ئورخۇن تۈركلىرىنىڭ دەپنە قىلىنىشىغا
مۇناسىۋەتلىك يازما مەلۇماتلاردىن كۆپ . مۇنداق قېزىشلارنى
رادلوف ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئىشلىدى ، رادلوفتىن كې-
يىن ، 1925 - يىلى پروفېسسور ۋىلادىمىرتسوف ئىشلىدى[2] .
ئەمما بۇ قېزىشلاردا يەرلىك تېپىلمىدى . بۇنداق بولۇشى ، ئېھتى-
مال ، باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش ، خاننىڭ جەسىتىنى
دەپنە قىلىدىغان چاغدا ، ئالدى بىلەن بىر نەچچە يەرلىك تەييار-
لاپ ، بۇنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇپ ، خاننىڭ جەسىتىنى ياكى
سۆڭەك كۈلىنى قايسى يەرلىككە قويغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈر-
مەسلىك ، دۈشمەننىڭ خاننىڭ قەبرىسىنى خارلىشىدىن ساقلىنىش
سەۋەبىدىن بولسا كېرەك . پروفېسسور ۋىلادىمىرسوفنىڭ قېزىش-
لىرىدىن چىققان ئەڭ قىزىقارلىق نەتىجە شۇ بولغانكى ، ئۇ كولى-
غان بىر يەردىن بىر تۈرك جەڭچىسىنىڭ ھەيكىلى چىققان . بۇ

① «تەبەرى ئەسەرلىرى » ، 2 - توم ، 1691 - بەت ، 13 - قۇر .
② قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە يىغىدىن قېزىش ھەققىدە يۇسلىنىڭ «مۇقەددىمە »سىگە قارالسۇن .



ھەيكەل ناھايىتى ئوبدان ئىشلەنگەن ۋە ناھايىتى بىجىرىم ساقلان-
غانكى ، ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ ئىرقى تىپىنىڭ بارلىق ئالامەتلىرى
ناھايىتى ياخشى ساقلىنىپ قالغان . بۇنداق ھەيكەللەر بۇرۇن
قەبرىلەرنىڭ سىرتىدا — يەر ئۈستىدىنمۇ تېپىلغان بولۇپ ، كۆ-
پىنچىسىنىڭ بېشى يوق ، بۇ ھەيكەللەرنىڭ بېشىنى موڭغۇللار
چېقىپ تاشلىغان . ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىچە ، بۇ ھەيكەللەرنىڭ
بېشىنى چېقىۋەتمىگەندە ، قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ھەيكەللىرى ھا-
زىرقى ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەر-
مىش . قەدىمكى دەۋردىكى ھەيكەللەرنىڭ بېشىنى چېقىپ تاشلاش
ئىسلام دىنىنىڭ فاناتىزم (قارىغۇلارچە يوقىتىش )دىن كېلىپ
چىققان دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ . يۇقىرىقى مىسال ، ھەيكەللەرنىڭ
بېشىنى چېقىشنىڭ ئىسلام دىنى تېخى تارقالمىغان چاغلاردىمۇ
بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەمدۇ ؟ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان تەكشۈ-
رۈشلەردە بۇلارغا ئائىت يەنە يېڭى ماتېرىياللار مەيدانغا چىقار .
ھازىرچە جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ، تۈركىي خەلقلەر مېيىتنى كۆيې-
دۈرۈپ دەپنە قىلىدۇ ، دېگەن مەلۇماتنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرى-
ياللار تېپىلمىدى ، دەپ بۇنىڭغا ئىشەنمەسلىككە ئاساسىمىز يوق .
رادلوفتىن كېيىن ، شۇ يايلاقلاردىكى قەبرىلەردە جەسەتلەرنى
كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغانلىق ئىزلىرى بايقالدى[1] جۇڭگولۇقلارنىڭ
تۈركىي خەلقلەرنىڭ دەپنە مۇراسىملىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيەتلى-
رى جىق ئىدى . بەزى خانلار دۈشمەندىن قېچىپ جۇڭگوغا كېلىپ
تۇرۇپ قالغان ۋە ئۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇ خانلار ئالەمدىن
ئۆتكەندە خەلقىنىڭ ئالدىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە دەپنە
قىلىنغان . شۇڭلاشقا ئۇلارنى بۇ مەسىلىدە خاتالاشتى دېگىلى بولمايدىغاندەك

① كىتنۇس ، سامويلوۋىچلارنىڭ «تۈرك يادىكارلىقلىرى » — «شەرقشۇناسلىق يىللىق ژۇرنىلى» ، 4 - قىسىم ، 84 - بەت .

قىلىدۇ[1] .

مەن مۇشۇ لېكسىيەمدە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە باشقا ماددىي يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئىشلەنگەن تەتقىقاتلارنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىپ كۆردۈم ، بۇ يادىكارلىقلار تارىختا بىرىنچى قېتىم ئۆزلىرىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان خەلق قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكارلىقلاردۇر . بۇ نەتىجىلەرنىڭ تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ، يەنى ئىلگىرى بۇ رايونلاردا ئۆتكەن خەلقلەرنىڭ قايسىلىرى بۇ تۈركىي خەلقلەر بىلەن يېقىن قان ـ قېرىنداشلىقتا ۋە يىراقراق تۇغقانچىلىقتا ئۆتكەندۇ؟ 6 — 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەندۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا ، بۇ مەسىلىلەرنى كېيىنكى لېكسىيىمىزدە تېگىشلىك بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

① ليۇماۋسەي : «شەرقىي تۈركلەر تارىخىغا دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللار» ، 9 — 10 ـ ، 197ـ ، 464 ـ بەت .



# ئىككىنچى لېكسىيە

تۈركىي خەلقلەر تارىخىنى ، جۈملىدىن ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەن بىرىنچى لېكسىيەمدە كۆرسەتكەن قىيىنچىلىقلاردىن باشقا ، يەنە مەزكۇر تارىخنىڭ ئايرىم دەۋرلىرىنىڭ بايان قىلىنىشىمۇ ماتېرىياللارنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ئانچە بىردەك بولمىغان . بىز مەلۇم بىر تۈركىي خەلقنىڭ ياكى مەلۇم بىر تۈرك دۆلىتىنىڭ قانداقتۇر بىر دەۋرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە خېلى نۇرغۇن مەلۇماتلار ئاساسىدا تەپسىلىيرەك بايان قىلغان بولساق ، يەنە شۇ خەلقنىڭ ياكى شۇ ئەلنىڭ بىز بايان قىلىۋاتقان دەۋردىن بۇرۇنقى ياكى كېيىنكى دەۋرلەردە قانداق ھايات كەچۈرگەنلىكى ھەققىدە مەلۇم بىر مەنبەدىن ئېلىنغان بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ قالىمىز . بىرەر خەلقنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋردە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي جەريانلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ، شۇ خەلقنىڭ ھەر بىر دەۋردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك . مەنبەلەردە بۇ خىل مەلۇماتلارنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلى ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەرەزلەر ۋە قىياسلار بىلەن تولدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق قىلىش يېزىلغان نەرسىنىڭ ئىلمىيلىكى — ئېنىقلىق دەرىجىسىگە نۇقسان كەلتۈرمەي قويمايدۇ .

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئورخۇن مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ، موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ، جۇڭگو بىلەن چېگرىداش كۆچمەن خەلقلەر تارىخىدىكى پەۋقۇلئاددە چوڭ تارىخىي ھادىسىدۇر . 6 — 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك دۆلىتىدىن بۇرۇن بۇ يايلاقلاردا تەشكىل قىلىنغان دۆلەتلەر توغرىسىدا بىز

پەقەت جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن بەك قىسقا مەلۇماتلار
بىلەنلا چەكلىنىشكە مەجبۇرمىز . بۇ خەلقلەر ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ
تىللىرى توغرۇلۇق بىرەر سۆز قالدۇرمايلا تارىخ سەھنىسىدىن
چۈشۈپ كەتكەن .
ياكى ئۇ خەلقنىڭ ياكى بۇ خەلقنىڭ قايسى تىلدا سۆزلەشكەن-
لىكى تا ھازىرغىچە جۇڭگو تارىخچىلىرى قوللانغان ئايرىم خەلق-
لەرنىڭ ئىسمى (نامى ) ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنۋانلىرى قاتارلىقلارغا
قاراپ بەلگىلىنىپ كېلىنگەن . بۇ نام ، ئۇنۋانلار خەنزۇ يېزىقى
بىلەن يېزىلغان ، ترانسكرىپسىيىسمۇ دېگەندەك جايىدا چىقمى-
غان . قىلىنغان تەلەپپۇزغا قاراپلا شۇ خەلقلەرنىڭ تىلى قىياس
قىلىنغان . ئورخۇن مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ئالىملارنىڭ بۇن-
داق قىياسلىرىنى تەكشۈرۈپ تەھقىقلەشنى تېگىشلىك ماتېرىيال
بىلەن تەمىن ئەتتى . تەتقىقاتچىلار بەزى سۆزلەرنى گۇمانلانمايلا
تۈركىي تىل دەپ ھېسابلىغان ھەم بۇ ھەقتىكى تەھلىللەر شۇ
چاغدىكى ئەڭ ياخشى تىلشۇناسلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان
بولسىمۇ ، ئەمما بۇ تەخمىنلەر ئەمەلىيەتتىن يىراق بولغان . راد-
لوف يادىكارلىقلار تىلىنى يېشىشنىڭ ئاچقۇچى تېپىلىشىنىڭ ھار-
پىسىدا ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئەمگەكلىرىدە ، جۈملىدىن ، «قۇتادغۇ
بىلىك »كە يازغان «كىرىش سۆز »دە خەنزۇ يېزىقى بىلەن ترانسك-
رىپسىيە قىلىنغان «قاغان» ئەمىلىنىڭ مەنىسى ۋە تەلەپپۇزىنى
بېرىشكە تىرىشقانىدى① . كېيىن ئېنىقلانغان يادىكارلىقلار راد-
لوفنىڭ بىر مۇنچە پەرەزلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لىدى . مەسىلەن ، «بەگ» سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ
مۆلچەرلىگەن خەنزۇچە خەت ئەسلىدە «بىلگە» سۆزىنىڭ تەلەپپۇ-
زى ئىكەندۇق . «يورۇق» دېگەن مەنىدىكى «ئايدىن» سۆزى
ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركچە تېكىستلەردە ئىشلىتىلمىگەن ، شۇڭا

① «قۇتادغۇ بىلىك» ، رادلوف نەشرى ، 1 ـ توم ، ١٧٠ — ١ ؛ يەنە رادلوفنىڭ «ئۇنۋانلار»
دېگەن ئەمگىكىگە قارالسۇن .



رادلوف «ئايدىنلىق» دەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان سۆزنى ئەس-
لىي «ئاي تەڭرى» دەپ ئوقۇش لازىم ئىكەندۇق . بۇنىڭغا ئوخ-
شاش مىساللار خېلى كۆپ .
يادىكارلىقلاردىن شۇ ئېنىقلاندىكى ، جۇڭگولۇقلار بەزىدە ئۇ
ياكى بۇ خەلقلەرگە خالىغانچە ئىسىم قويغان . بۇ ئىسىملارنىڭ
شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بىلەن زادىلا ئوخشاشلىقى يوق .
مەسىلەن ، «خىتاي» (كىدان ، قىتان ) سۆزىنى ئىشلەتكەندە ئۇ
سۆزنىڭ ئالدىغا «قارا» مەنىسىدە كېلىدىغان «خېي» ( 黑 )
سۆزىنى قوشۇۋالىدۇ ، ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا «خىتاي» دېگەن
خەلق نامى بىلەن بىرگە يەنە «تاتابى» دېگەن خەلق نامى تىلغا
ئېلىنىدۇ . ياۋروپالىق بارلىق تەتقىقاتچىلار خەنزۇچە «خېي»
( 黑 ) سۆزى بىلەن يادىكارلىقلاردىكى «تاتابى» دېگەن ئىككىسى
بىر خەلق ، ئەمما بۇ نامىلارنىڭ تەلەپپۇزىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق
يوق دەپ قارايدۇ . ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى يەنە شۇنىڭ بىلەنمۇ
قىيىنلاشقانكى ، خەنزۇشۇناس ئالىملار ، شۇ چاغلاردا خەنزۇ يې-
زىقىنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئېنىق-
لاپ كېتەلمىگەن بولسا كېرەك .
ياكى ئۇ ياكى بۇ خەلقنىڭ تىلىنى خەنزۇ يېزىقىنىڭ ترانسك-
رىپسىيىسى بىلەن ئېنىقلاش كۆپ قېتىم تەكرارلانغان . بۇ تەتقى-
قات شۇ چاغدىكى ئەڭ قەدىمكى خەلق ھۇنلارنىڭ تىلىنى ئېنىق-
لاشتىن باشلانغان . ھۇنلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە
جۇڭگونىڭ چېگرا رايونىدا كۈچلۈك دۆلەت قۇرغانىدى . كېيىنكى
جەرياندا ، ئۇلار ياۋروپاغا سىلجىپ بېرىپ ، ئۇ يەردە مىلادىيە
5 ـ ئەسىردە ناھايىتى زور شۆھرەت قازاندى . ئىلگىرى كىشىلەر
ھۇنلارنى تۈركىي خەلق دەپ ھېسابلايتتى ، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق
قارايدۇ . بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلار 6 ـ ئەسىردىكى تۈركلەرنى ھۇن-
لارنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ھېسابلايدۇ . جۇڭگو مەنبەلىرىدە ، ھۇن-
لارنىڭ سۆزلىرى دەپ ھېسابلانغان سۆزلەرنى تۈركچە سۆز ، دەپ

تەتقىق قىلىش نۇرغۇن قېتىم ئىشلەنگەن . بۇ ساھەدە ياپونىيىلىك تارىخچى ئالىم شىراتورىنىڭ ئەمگىكى ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . بۇ خىل ئۇرۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسىمۇ ئالىملارنى تازا قانائەتلەندۇرۇپ كېتەلمىدى . كېيىن پروفېسسور شىراتورىنىڭ[1] ئۆزىمۇ بۇرۇنقى تەخمىنلىرىدىن ۋازكېچىپ ، ھۇنچە سۆز دەپ قارالغان سۆزلەرنى تۇنگۇس تىلىدىكى سۆزلەر بىلەن چۇشەندۇرۇش تېخىمۇ ئاسان دېگەن قاراشقا كەلگەن[2] .

شەرقىي موڭغۇلىيىدە ھۇنلاردىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ ھاكىمىيەت قۇرغان ۋە شۇ چاغلاردا كېلىپ چىقىشى تۇنگۇسلاردىن دەپ قارالغان كۆچمەن خەلق ، خەنزۇ مەنبەلىرىدە شەنبى[3] (سيانپىي ) دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان بىر تائىپىدۇر . مەزكۇر خەلق ھۇنلارنىڭ شەرق تەرىپىدە ياشايتتى ۋە ھۇنلارنىڭ دۇشمىنى بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇلار مىلادىيە 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇلىيىدىكى ھۇنلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى ، خۇددى ھۇنلارغا ئوخشاشلا جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونىدا بىر نەچچە سۇلالە داۋام قىلغان ھاكىمىيەت قۇردى . ھۇنلارنىڭ تىلىنى تەتقىقاتچىلار باشتىلا تۇركىي تىل دەپ ھېسابلىغان بولسا ، بۇنىڭ ئەكسىچە ، شەنبىلەرنىڭ تىلىنى تەتقىقاتچىلار نېمە ئۇچۇندۇر ھازىرغىچە تۇركىي تىل دېمەي كەلگەنىدى . پروفېسسور پېللىئوت لېنىنگرادتا بەرگەن بىر دوكلاتىدا ، خەنزۇ مەنبەلىرىدە شەنبى تىلىغا ئائىت سۆزلۇكلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە بۇ سۆزلۇكلەرنىڭ شۇبھىسىزكى تۇرك تىلىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا شەنبىلەرنىڭ تۇرك ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق گۇمان يوقلۇقىنى ئوتتۇرى-

① über die spra che der Hiung—nu. Cp. überdie sprachedes Hing—nu stammes.

② شىراتورى : «ھۇن تىلىنىڭ ئەڭ يېڭى چۇشەندۇرۇلۇشى» ؛ پۇللېيبلانك : «سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسى» .

③ شەنبىلەر ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا شرىبېر (Schreiber) نىڭ «شەنبى مىللىتى» ؛ «تىلىنىڭ سىستېما تەۋەلىكى» ؛ لىگېتىنىڭ «تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» 1955 ـ يىل ، 137— 138 ـ بەتلەر ۋە بازىنىڭ ئەمگەكلىرى قاتارلىقلارغا قارالسۇن .



غا قويدى[1] . پېللىئوتنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا كۆرسىتىلگەن پاكىتلار ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى . بۇ مەلۇماتلاردىن جۇڭگوغا قوشنا كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا ھازىرغىچە قىلىنغان مۆلچەرلەردىنمۇ نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، بۇ خىل مەلۇماتلار بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ . بۇنىڭدىن بۇرۇن پروفېسسور پېللىئوت ئۆزىنىڭ ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدا ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا «قىتان» (كىدان ) دەپ ئاتالغان بىر خەلقنىڭمۇ سۆزلۇكلىرى بارلىقىنى قەيت قىلغانىدى . بۇ خەلقمۇ ھازىرغىچە تۇڭگۇسلار دەپ قارالغانىدى . بۇ سۆزلۇكلەرنىڭ موڭغۇل تىلىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى .

پروفېسسور پېللىئوت تۇركلەردىن بۇرۇن ھۆكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان ، گەرچە تۇركلەرگە ئوخشاش شۇنچىۋالا كەڭ جايلارنى ئىگىلىمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن خېلىلا يەرلەرنى ئىگىلىگەن ئاۋارلار ئۇستىدە توختىغاندا ، ئۇنىڭ مەزكۇر ئاۋارلار تۇركلەردىن كېلىپ چىققانىدى ، دېگەن پىكرىنىڭ ئاساسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ماڭا تا ھازىرغىچىلا ئېنىق ئەمەس[2] . ئاۋارلار مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە ۋە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدە ھۆكۇم سۇرگەن . بۇ خەلق جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاتىغان نام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقىچە بىر نام بىلەنلا ئاتالدى . بۇ خەلق خەنزۇچە مەنبەلەردە رۇرەن دەپ ئىپادە قىلىنغان . بۇ خەنزۇچە خەتلەر قانداقتۇر بىر سازاڭ قۇرتنى ئىپادىلەيدىكەن . بۇ كۆچمەن خەلقنى كەمسىتىپ ئېيتقان بىر ئاتالغۇ بولسا كېرەك . «Avar» ( «ئاۋار» ) سۆزى

① پ .پېللىئوتنىڭ شەنبى تىلى توغرىسىدا يازغانلىرى يۇقىرىقى مەنبەگە ئاساسلانغان .

② ئەمما ئۇنىڭ (پېللىئوتنىڭ ) بەك ئېھتىيات بىلەن ئېيتقان تۆۋەندىكى جۇملىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ :
«Bien plus, il est possible que les Avares Euxmemes aient ete de Lang ne mongole»
يۇقىرىقى مەنبە ، 147 ـ بەت .

جۇڭگو مەنبەلىرىدە يولۇقمايدۇ ، ئۇنداقتا ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بارمۇ؟ بۇ ، مۇنازىرە ئۈستىدە تۇرماقتا . ئورخۇن ئابىدىلىرىنىڭ بىرلا يېرىدە ئابىدىلەر يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇنراق ئۆتكەن بىر خەلقنىڭ «ئاپار ـ ئاپۇرۇم» ياكى «پار پۇرۇم» (Apar—apurum ياكى ParPurum ) دېگەن سىرلىق نامى ئۇچرايدۇ . ئالىم تومسېن ئۆزىنىڭ كېيىنكى بىر تەرجىمىسىدە «ئاپار» ۋە «ئاپۇرۇم» دېگەن ئىككى سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى خەلقنىڭ نامى دەپ قارىغان ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ ھەر بىرسىگە بىردىن سوئال بەلگىسى قويۇپ قويغان① . «ئاۋار» سۆزى ۋىزانتىيە ، غەربىي ياۋروپا ، رۇس مەنبەلىرىدىمۇ ھەر خىل شەكىللەردە ئۇچرايدۇ (رۇس سالنامىلىرىدا obry شەكلىدە ئۇچرايدۇ ) . ۋىزانتىيىلىكلەر ھەقىقىي ئاۋارلارنى (ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئاۋارلار شەرقتە ھالاك بولۇپ تۈگىگەن ) ياۋروپاغا ئاۋار نامى بىلەن كەلگەن خەلقلەردىن پەرقلەندۈرۈپ قارايدۇ② ئەمما ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغىنى دەل شۇ بىر خەلق ؛ ھېچبولمىغاندا ئۆزئارا قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە يېقىن خەلق بولسا كېرەك .

پروفېسسور پېللىئوتنىڭ پىكرىنى قوللايدىغان ئەھۋالمۇ يوق ئەمەس . بۇلار قاتارىغا قەدىمكى دوناي بۇلغارلىرىنىڭ خانلىرى③ ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان دەۋرلەرگە ئائىت سلاۋيان سالنامىلىرىدىكى قەدىمكى بۇلغار تىلى دەپ قارالغان سۆزلەر كىرىدۇ . مەلۇمكى ، بۇ بۇلغارلارنىڭ دەسلەپتە سلاۋيانلار بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى . ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ چىرايىدا غەيرىي سلاۋيانلارغا خاس ئالامەتلەر ساقلىنىپ قالغان . سالنامىدە ساقلىنىپ قالغان بۇ سىرلىق سۆزلەرنىڭ سلاۋيانچە

① تومسېن : «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ، 171 ـ بەت ؛ كلياشتورنىي : «قەدىمكى تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرى» قاتارلىقلارغا سېلىشتۇرۇپ قارالسۇن .
② سىموكاتتانىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىنىڭ 159 ـ 160 ـ بەتلىرىگە ؛ ماكارتنېينىڭ «گرېكچە ماتېرىياللار ئۈستىدە تەھلىل» ناملىق ئەسىرىنىڭ 266 — 267 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .
③ ئو .پرىتساك : «بۇلغار پادىشاھلىرى شەجەرىسى» .



سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . شۇڭلاشقا بۇ سۆزلەرنى تۈركىي تىللار ياكى تۈركىي تىللارغا يېقىن تىللارغا مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشەندۈرۈپ كەلگەن . فىنلاندىيە ئالىمى ، پروفېسسور مىككولانىڭ بۇ سىرلىق سۆزلەرنى ئون ئىككى ھايۋان نامى بىلەن سانىلىدىغان مۇچەل يىلى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ ، دەيدىغان پىكرى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشتى . ئەمما ئۇنىڭدا بۇلغارلار ئىشلەتكەن مۇچەل يىلىدىكى ئات يىلى (يىلقا يىلى ) نى تۈركچە ئىشلەتمەي ، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا موڭغۇلچە «مۇرىن»① دېگەن سۆزنى قوللانغان . بۇ پاكىتنى دەسلەپتە ھېچكىم چۈشىنەلمىدى . ئەگەر ئاۋارلار موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان بولسا ، ئۇ چاغدا مورىن سۆزى غەربكە ئاۋارلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بولىدۇ . بۇ يەرلەردىن تارىختا ئۆتكەن موڭغۇللار تېخى غەرب تەرەپكە كەلمىگەن دەۋرلەرگە مەنسۇپ موڭغۇلچە سۆزلەرنى ئىزدەشكە ئۇرۇنغان ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدا توختالمايمەن . بۇلار دىققەت قىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ ، بۇنىڭدىن باشقا ، كۆپرەك گۇمانلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختالمايمەن . ھەتتا چوڭ ئالىملارمۇ بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قىياسلىرىنى يۈرەكلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى . مەسىلەن : ماركۋارت ، ئامۇ دەرياسى② نىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چاغانىيان ۋىلايىتىنىڭ نامىنى موڭغۇلچە چاغان (ئاق ، ئاپئاق ) دېگەن نامغا يېقىنلاشتۇرۇپ ، چاغانىيان سۆزىنى موڭغۇلچە سۆز دەپ تىلغا ئېلىپ ، تالاشقۇچىلىكى يوقلا بىر گەپنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ .③

ئىككىنچى تەرەپتىن ، پېللىئوتنىڭ پىكرىگە كۈچلۈك قارشى پىكىرلەرمۇ بار . ئاۋارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 5 ـ ئەسىر-

① مىككولا : «خرونولوگىيە» ، 12 ـ بەت .
② بارتولد : «چاغانىيان» ، «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 358 — 359 ـ بەتلەر .
③ ماركۋارت : «كۇمانلار» ، 71 ـ بەت ، 2. Anm .

دە زور دەرىجىدە كېڭىيىپ ، غەربتە جۇڭگو تۈركىستانىدىكى قارا شەھەرگىچە يېتىپ باردى ۋە ئېفتالىتلار يەنى ئاق ھۇنلارنىڭ غەربكە — ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشىگە سەۋەب بولدى . كېيىن بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈركلەر بېسىۋالدى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەرگە موڭغۇللار قاتناشقانىدى ، دەپ چۈشەندۈرۈش قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر تا ھازىرغىچە چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغىچە بولغان ۋاقىتقا دائىر ھېچقانداق موڭغۇلچە تېكىستلەرنى تاپالمىدىغۇ . بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇشىمۇ توغرا كېلىدۇ : ئاۋارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا غەربىي ياۋروپانىڭ خانزادە ۋە باشقا سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرى بىلەن سودا ئالاقىلىرى بار ئىدى ، ئەمما بۇ سودا ئالاقىلىرى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى سودا ئالاقىلىرىگە قارىغاندا ئازراق ئىدى . بىزگە يەنە شۇمۇ مەلۇمكى ، سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەن ھۇنلار بىلەنمۇ شۇنداقلا جۇڭگودا قېپقالغان ۋە ئۇ يەردە مەلۇم بىر تېررىتورىيىنى ئىگىلەپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ھۇنلار بىلەنمۇ سودا - تىجارەت ئالاقىسى بار ئىدى .

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، پروفېسسور پېللىئوتنىڭ مەلۇماتلىرى ئىلىم - پەن ساھەسىنىڭ جۇڭگوشۇناسلاردىن تارىختا ئۆتكەن كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى ھەققىدە ھازىرقىدىن تېخىمۇ ئېنىق ۋە تېخىمۇ تولۇق ، قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تەلەپ قىلىشىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى . تارىخ پېنى ئۈچۈن قىممەتلىك خۇلاسىلەرنى چىقىرىش ، ھېچبولمىغاندا بۇرۇنقى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىل تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ . تىل ئىلمى شۇنداق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەندىلا ئاندىن ئۇ بۇرۇنقىدەك



ھېچقانداق ئىلمىي بولمىغان تىل جەھەتتىكى سېلىشتۇرۇشلاردىن خالىي بولالايدۇ .

مۇشۇ كەمگىچە كىشىلەر ھۇنلارنىڭ ياكى باشقا كۆچمەن خەلقلەرنىڭ سۆزلىرىنى ھازىرقى زامان تۈركىي تىل دىئالېكتىلىرىدىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ دەپ قارىغان بولسىمۇ ، بىراق بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى شەكىللىرىنىڭ قەدىمكى دەۋردە قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى . مەسىلەن : پروفېسسور شىراتورى ئۆزىنىڭ بىر ئەسىردە مىلادىيىنىڭ بېشىدىلا مەلۇم بولغان كۆچمەن خەلقلەرنىڭ بىرسىنىڭ باشلىقىنىڭ مەنسەپ ئۇنۋانىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىۋاتقان تۈركچە «Bi» سۆزىنى قوللانغان . ھالبۇكى بۇ سۆز قەدىمكى تۈركچە «بەگ» سۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆزگەرگەن شەكلى ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ سۆز 15 - ئەسىردىن بۇرۇن بىرەر يەردە ئۇچرىمىغانىدى . شۇنىڭغا ئوخشاش ماركۋارتمۇ موڭغۇل تېررىتورىيىسىدە ئۇچرايدىغان تېلي خەلقى توغرىسىدا بېرىلگەن جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن «دەريا» مەنىسىدىكى ئېتىل[1] سۆزىنى كەلتۈرۈپ ، تېلي سۆزى ئېتىل سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ چۈشەندۈرىدۇ . ئەمما بۇ سۆز چۇۋاش تىلىدىن ئېلىنغان . بۇ سۆز ۋولگا تۈركلىرى تىلىدا ، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، تاتار تىلىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدا ئۇچرىمايدۇ .

مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان قەدىمكى تۈركلەرنىڭ دىنلىرىغا ئائىت ئەدەبىي يادىكارلىقلار ، ئېھتىمال ، تۈركىي تىللار لۇغەت فوندىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ بېرىشكە ، شۇنداقلا بىرەر سۆزنىڭ قايسى تىل دىئالېكتىغا مەنسۇپلىقىنى ،

① ماركۋارت : «خرونولوگىيە» 95 - بەت .

قايسى رايونلاردا ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ياردىمى بولار . ئەگەر كىشىلەر موڭغۇل تىلىدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تاپقان بولسا ئىدى ، موڭغۇل تىلىنى خۇددى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى بىلەن سىمىت (سام) تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغانغا ئوخشاش ، تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئىمكان بولغان بولار ئىدى . ئەمما ھازىرغىچە 13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى موڭغۇل تىلى يادىكارلىقلىرى تېپىلمىدى . شۇڭا ، موڭغۇل تىلى تارىخى ، تۈركىي تىللار تارىخىغا قارىغاندا تېخىمۇ قاراڭغۇ تۇرماقتا[1] .

تىل تارىخىنى قەدىمكى تاش پۈتۈكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن باشقا ، جانلىق دىئالېكتلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ مەلۇم دەرىجىدە نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ . ئەدەبىي تىلدا ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىلمەي قالغان قەدىمكى بىرەر سۆزنىڭ شەكلىنىڭ جانلىق تىلدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ مىساللىرىنى ھەرقانداق بىر تىلدىن تاپقىلى بولىدۇ . ھىندى ـ ياۋروپا تىلى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن سام تىللىرى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا ، تۈركشۇناس ۋە موڭغۇلشۇناسلار بەكرەك قىيىن ئەھۋالدا تۇرىدۇ . مېنىڭ بىلىشىمچە ، موڭغۇل دىئالېكتلىرى ئۆز ئارا شۇنچە يېقىندىكى ، بۇلاردىن بىرەر تارىخىي خۇلاسە چىقارغۇدەك ماتېرىيالغا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس . تۈركىي خەلقلەرنىڭ ناھايىتى كەڭ ۋە ئۇزۇن يەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىكى تۈركىي تىل دىئالېكتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . تۈركشۇناسلارنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىگە يېقىن تۈرك تىلى دىئالېكتلىرىدىن باشقا ، يەنە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئالاھىدە ئىككى تۈركىي تىل

① قىتان مەڭگۈتاشلىرىنى تىل جەھەتتىن موڭغۇل تىل سىستېمىسىغا تەۋە دەپ قارايدىغان پەرەزلەر ھەققىدە تاسكىننىڭ «يېشىپ ئوقۇش» ناملىق ئەسىرى ؛ يەنە «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، «سەمەرقەنت تارىخىنىڭ ئوچېركى» ، 48 ـ بەت 2 ـ ئىزاھ قاتارلىقلارغا قارالسۇن .



بار . بۇلار چۇۋاش تىلى ۋە ياقۇت تىلىدىن ئىبارەت . بۇ ئىككى تىلنى باشقا تۈركىي تىل دىئالېكتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بۇ تىللارنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقا بەزى ماتېرىياللارنى تاپقىلى بولىدۇ ، بۇنىڭغا قاراپ بۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىنى ئېنىقلاشقىمۇ بولىدۇ .

ياقۇت تىلى يىراق شىمالغا ئورۇنلاشقان تۈركىي خەلقنىڭ بولۇپ ، بۇ خەلق ئۆزىنىڭ ئورۇنلاشقان يېرىنىڭ ئەھۋالى مۇناسىۋىتى بىلەن ئومۇمىي تۈرك خەلقىنىڭ تارىخىي ھاياتىغا ئارىلىشالمىغان . چۇۋاش تىلى بولسا ، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان خەلقنىڭ تىلى بولۇپ ، بۇ يەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈپ كەلگەن تۈركىي خەلقلەر ئورۇنلاشقان يەر ئىدى . شۇڭلاشقا چۇۋاش تىلىنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ھازىرقىغا قارىغاندا كەڭ ئىدى دەپ مۆلچەرلەشكە ئاساس بار . ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى روسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پەچەنەك خەلقىدىن باشلاپ ،جۇڭگونىڭ شەرقىي چېگرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىي خەلقلەر تىللىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئازلا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ، ئەمما ، بۇلار ئىچىدىكى بۇلغارلارنىڭ تىلى بىلەن ھازارلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا قارىغاندا ئالاھىدىرەك بولۇپ ، ئۇنى باشقا تۈركىي خەلقلەر دەرھاللا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . بۇلغار ۋە ھازار خەلقلىرىمۇ ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىن قىسمىغا جايلاشقان . ئۇلارنىڭ تىلى فىن تىلىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ . ۋولگا دەرياسىنى بۇلغارلارمۇ ، ھازارلارمۇ «ئېتىل» دەپ ئاتايدۇ . بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى چۇۋاشچە «دەريا» دېمەكتۇر . مانا مۇشۇ ئەھۋال تۈركولوگلارنىڭ چۇۋاش تىلى بۇرۇنقىراق زامانلاردا بۇلغارلار ياكى ھازارلار قوللانغان تىلنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك ، دەپ خۇلاسە چىقىرىشىغا ئاساس بولغان .

چۇۋاش تىلىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە

ئالىملارنىڭ تالاش - تارتىش ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى . رادلوف
بىر چاغلاردا بۇ تىل تۈركىي تىل ئاملى بىلەن فىن تىلىنىڭ
ئارىلاشمىسى بولسا كېرەك دەپ ھېسابلىدى . كېيىن باشقا ئالىم-
لار چۇۋاش تىلىدا تۈركىي تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تەرەققىيات
باسقۇچىدىكى ھازىرقى تۈركىي تىل دىئالېكتلىرىدا يوقىلىپ كەت-
كەن سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى .
بۇ خۇسۇستىكى خۇلاسىنى ئەڭ ئاخىرى تەتقىقاتچى پوپپې «روسى-
يە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى»دا ئېلان قىلدى[1] . پوپپېنىڭ
پىكرىچە ، چۇۋاش تىلى ئالاھىدە بىر تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ .
خۇددى تۈرك تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى بىر - بىرىگە يېقىن
بولسىمۇ ، ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرۇپ بىر تارماققا كىرگۈزگىلى
بولمىغىنىغا ئوخشاش ، چۇۋاش تىلى مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۈچىن-
چى بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ . بۇ مەسىلە ئۈستىدە لېنىنگرادتا
ئۆيۈشتۇرۇلغان چوڭ مۇنازىرىدە چۇۋاش تىلىنى تۈركىي تىل
گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈشكە پوپپې ماقۇل كەلدى ، ئەمما ئۇ تۈرك
تىلىنىڭ قەدىمكى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈ-
زۈشكە قوشۇلدى . گەرچە مەزكۇر تىل تەرەققىيات باسقۇچىدا
موڭغۇل تىلى تۈركىي تىل گۇرۇپپىسىدىن ئايرىلىپ چىققان
بولسىمۇ ، ئەمما ئەينى دەۋردىكى يازما ھۆججەتلەردە ۋە جانلىق
تىلدا تۈركىي تىلنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيەتلىرى روشەن
ئەمەس ئىدى[2] .

ئەگەر بۇ خۇلاسە ئىلىم - پەن تەرىپىدىن ئاخىرقى خۇلاسە
دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا ، بۇنىڭ تارىخشۇناسلار ئۈچۈن
ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولغان بولاتتى . بۇلغارلار ۋە ھازارلار

---

[1] پوپپې : «چۇۋاش تىلى» ، «روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى» ، 1925 - يىل ، 23 — 24 - ؛ 404 — 426 - بەتلەر .

[2] چۇۋاش تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېگوروفنىڭ : «ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلى» ؛ سېرېبرېننىكوفنىڭ : «چۇۋاشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» قاتارلىق-لارغا ؛ باسكاكوفنىڭ «ئاخبارات ژۇرنىلى» 188—200 - بەتلەردىكى ئەمگەكلىرىگە قارالسۇن .



مىلادىيە 6 - ئەسىردىن بۇرۇنقى خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ .
ئەمما ، شۇنىسى ئېنىقكى ، بۇلغارلار ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا
مىلادىيە 6 - ئەسىردە تۈرك ئىمپېرىيىسى تەشكىل قىلىنىشتىن
خېلىلا بالدۇرقى دەۋرلەردە كەلگەن . شۇنى ئىككىلەنمەيلا مۇقىم-
لاشتۇرۇشقا بولىدۇكى ، بۇلغارلار بىلەن ھازارلارنى بۇ رايونغا
ھۇنلارنىڭ مىلادىيە 2 - ئەسىردىكى كۆچۈش دولقۇنى ئېلىپ
كەلگەن . جۇغراپىيە ئالىمى پتولېمى ھايات چاغلاردا (مىلادىيە
2 - ئەسىردە — تەرجىماندىن ) ھۇنلار ۋولگا دەرياسىدىن ئانچە
يىراق بولمىغان بىر ئورۇنغا جايلاشقانىكەن . ۋولگا دەرياسىنىڭ
چۇۋاشچە ۋە كېيىنرەك تۈركچە نامى بولغان ئېتىل شۇ چاغلاردا
تېخى خاتىرىگە ئېلىنمىغان بولسا كېرەك . ئەمما يايىق دېگەن
دەريانىڭ نامى پتولېمىنىڭ يازغانلىرىدا ئۇچرايدۇ . «يايىق» دې-
گەن ئىسىم تۈركچە ئىسىم ئىدى . پتولېمىنىڭ يازغانلىرىدا يايىق
دەرياسىنىڭ نامى دايىق (Daix ) شەكلىدە ئۇچرايدۇ . «ي» ھەر-
پىنىڭ ئورنىغا «د» ھەرپىنى ئىشلىتىش شۇ چاغلاردا يەرلىك
خەلقنىڭ ئادىتى بولسا كېرەك . چۈنكى ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ خا-
تىرىلىرىدىمۇ تۈركلەرنىڭ ئۆلگۈچىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىنى
دوخىيە (dochia ) دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . بۇ سۆز
ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بولسا «ي» تاۋۇشى بىلەن «jog »[1] شەكلىدە
بېرىلگەن . تىلدىكى بۇ ھادىسە چۇۋاش تىلىدىمۇ ۋە ياقۇت تىلىدى-
مۇ بار . ياقۇت تىلىدا تۈركىي تىلدىكى «ي» تاۋۇشى «س»
تاۋۇشى بىلەن ئالمىشىدۇ . بۇ تىل ھادىسىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ
تارىخى ھازىرچە دېگەندەك ئېنىقلىنىپ كېتىلمىدى . قانداقلا بول-
مىسۇن ، پتولېمىنىڭ خاتىرىسىدىكى «دايىق» دېگەن سۆز يىل
دەۋرى جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى تۈركىي سۆزدۇر .

---

[1] jog) ئەمەس jogh بولۇشى كېرەك ، بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ ئۇچرايدۇ — shaeder. H. H ) دايىق ۋە داخىيە ناملىرى توغرىسىدا! Moravcsik نىڭ Byzantinoturcica ، 2 - توم ، 116 - ، 119 - بەتلىرى ، بېرنىشتامنىڭ «джекання» غا مۇناسىۋەت-لىك قەدىمكى ئىزلار» قاتارلىقلارغا قارالسۇن .

تارىخىي پاكىتلار بىزنى شۇنداق مۆلچەرگە كېلىشكە مەج-
بۇرلايدۇكى ، ئەگەر چۇۋاش تىلىنى تۈرك تىلىنىڭ خېلىلا بال-
دۇرقى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ قالدۇقى دەپ ھېسابلايدىغان بول-
ساق ، ئۇ ھالدا ھۇن تىلىمۇ دەل مۇشۇ باسقۇچتا تۇرغان تىل
بولىدۇ . ئۇ چاغدا ھۇن تىلى بۈگۈنكى بارلىق تۈركىي خەلقلەر
(ياقۇتلار ۋە چۇۋاشلاردىن باشقا ) سۆزلەۋاتقان تۈركىي تىل دەپ
ھېسابلانغان تۈركىي تىل بولماي قالىدۇ . بۇ تىل ئەھۋالغا قارى-
غاندا ، ھۇنلار تەرىپىدىن يىراق غەربكە ئېلىپ كېلىنگەن ۋە بۇ
تىلنىڭ قالدۇقى ھۇنلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاسى-
تىلىك مۇناسىۋىتى بولغان ھەممىلا تىللاردا ساقلىنىپ قالغان
بولسا كېرەك . ۋېنگىر تىلىدىكى تۈرك تىلىغا خاس ئاملاللارمۇ
دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىن . يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى مەدەنىي
سۆزلەرمۇ يىراق غەربكە ئېلىپ كېلىنگەن . بۇ سۆزلەر ئەسلىي
كېلىپ چىقىشى خەنزۇ تىلىدىن دەپ مۆلچەر قىلىنغان سۆزلەر
بولۇپ ، ئۇ ھۇنلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن بولۇشى ئېھتى-
مال . ۋېنگىر تىلىدىكى «يازماق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «بى-
تىمەك» دېگەن سۆز دەل شۇ سۆزلەرنىڭ بىرىدۇر[1] . ھۇنلارنىڭ
شەرق تەرەپتىكى قوشنىسى بولغان شەنبىلەرنىڭ تىلىمۇ ئەسلىي
تۈرك تىلىنىڭ ئەڭ قەدىمكى باسقۇچىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇم-
كىن . بۇ مەسىلىنىڭ تېزرەك ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن بىز پرو-
فېسسور پېللىئوت تىلغا ئالغان «شەنبىچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»
نىڭ پاتراق نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا تۈركىي خەلقلەر مىلادى-
يىدىن بۇرۇن ۋە مىلادىيە 1 ـ ، 2 ـ ئەسىرلەردىلا پائالىيەت

---

[1] تۈزىتىش : ۋېنگىر تىلى ھەققىدىكى بۇ چۈشەندۈرۈشتە مەسىلە بار ، تۈرك تىلىدى-
كى «biti» ۋېنگىر تىلىدا «betue» (ھەرپ ) دېيىلىدۇ ، «پېزىش ، پۈتۈش» ۋېنگىر تىلىدا «
ir» ، تۈرك تىلىدا «Yaz» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . شىراتورىنىڭ «پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخباراتى»
(1902 ـ يىل ، 16 ـ بەت )دىكى ماقالىسى ؛ چاۋاننېسنىڭ «ئاسىيا ئاخباراتى» (5 ـ توم 65
ـ بەت )دىكى ماقالىسى ۋە گابائىننىڭ «قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە
قارالسۇن .



ئېلىپ بارغانىدى ، دېگەن قاراش ھازىرغىچە ھېچقانداق ئەمەلىي
پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانمىدى . قەدىمكى دەۋرنىڭ كلاسسىك
ھۆججەتلىرى ئىچىدە ھىپپوگراتنىڭ «كېلىمات» ناملىق ئە-
سىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بىز ئۇنىڭدىن گرېكلارغا
ھىندى ـ ياۋروپالىقلاردىن باشقا ئىرقتىكى خەلقلەرمۇ مەلۇم
بولغان ئىدى ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز[1] . ئەمما بۇ خەلقلەر
ئىچىدە تۈركلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى گۇمانلىق . چاۋاننېس ئون
ئىككى مۆچەل تۈركلەردە پەيدا بولغان ، دېگەن نەزەرىيىسىنى
ئاساس قىلغان ھالدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە گرېكلار
ئومۇملاشتۇرۇپ «ھىندى ـ سىكىتلار» دەپ ئاتىغان ۋە ئوتتۇرا
ئاسىيادا ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ،
بىرقانچە ئەسىر داۋاملاشقان ئىمپېرىيىنى قۇرغان خەلقلەرنى تۈر-
كىي خەلقلەر ئىدى ، دېگەن قاراشقا مايىل بولغان . كىشىلەر
چاۋاننېستىن ئون ئىككى مۆچەلگە كىرگۈزۈلگەن ھايۋانلار ئىچى-
دە بەزىلىرىنىڭ ، مەسىلەن : مايمۇننىڭ تۈرك ئەللىرىدە ئۇچرى-
مايدىغانلىقىنى سورىغاندا ، چاۋاننېس تۈركلەر مىلادىيىدىن بۇ-
رۇنقى 1 ـ ئەسىردە ھىندىستاننى بىسىۋالغان چاغلاردا مايمۇن
بىلەن تونۇشقان بولسا كېرەك ، دەپ جاۋاب بەرگەن[2] . ھازىر ،
ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئون ئىككى مۆچەل تۈركلەردە پەيدا بول-
غان ، ياكى ھىندى ـ سىكىتلار تۈركلەردۇر دەيدىغان نەزەرىيىگە
ھە ـ ھۇ دەپلا قوشۇلۇپ كەتكىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . چاۋا-
نېستىن كېيىن ، گەرچە يەنە بىر كاتتا خەنزۇشۇناس —
فېرېدرىخ خېرت[3] بۇ قاراشنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بولمىدى . بۇ مەشھۇر ئون ئىككى
مۆچەل ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ھىندىستاندا پەيدا بولغان ، ئۇ يەر-

---

[1] ھىپپوگرات ، جونس نەشرى ، لوندون ، 1923 ـ يىل ، 65 ـ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر .
[2] chavannes, Le cocliturc. p,122.
[3] Nachwarte, s. 48.

دىن خەنزۇلار قوبۇل قىلغان ۋە ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىلا خەنزۇلاردىن تۈركلەرگە ئۆتكەن بولسا كېرەك .

توخار (توخرى)لار ھىندى - سكىتلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ . «توخار» دېگەن بۇ نام ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان توخارىستان دېگەن يەر نامى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا مەلۇم . بىراق، مۇسۇلمان ئاپتورلار توخارلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمەيدۇ[1] . توخارلار بۇرۇن جۇڭگو تۈركىستانىدا ياشىغان . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇددىزم ئەدەبىي تىلى ئىچىدە توخار تىلىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . ئەمما ھازىرغىچە بۇ نامنىڭ ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولماقتا . بۇ تالاش - تارتىش، بۇ نامنىڭ جۇڭگو تۈركىستانىدا ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تاپقان ماتېرىياللاردىكى ئىككى خىل ھىندى - ياۋروپا تىلىنىڭ قايسىسىغا مەنسۇپلۇقى، يەنى خوتەندىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلىغىمۇ ياكى كۇچادىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلىغىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشتۇر . بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدا پەرق بار[2] .

تۈركلەر بىر ئىنسان سۈپىتىدە بۇرۇندىنلا بىز «تۈركىي تىل» دەپ ئاتاۋاتقان تىلدا سۆزلىشىپ كەلگەن . بۇنىڭدا ھېچقانداق گەپ يوق . ئەمما ھازىرچە مىلادىيە 6 - ئەسىردىن بۇرۇنمۇ «تۈرك» دېگەن ئاتالغۇ بار ئىدى، دەپ ئېيتىشقا ئاساسىمىز يوق . بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا پەقەت بەزى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن . تومسېن ئۆزىنىڭ كېيىنكى بىر ئەسىرىدە : «تۈرك» دېگەن سۆز مۇستەقىل بىر قەبىلە ياكى قاغان باشچىلىقىدىكى سۇلالىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى[3] . تومسېن «Türk» ياكى «Türük» سۆ-

① بارتولد : «توخارىستان»
② بارتولد : «تىل مەسىلىلىرى» ، «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 - توم، 2 - قىسىم، 461 - بەت .
③ تومسېن : «قەدىمكى تۈرك مەڭگۈتاشلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ، 122 - بەت .



زىنىڭ مەنىسى دەسلەپتە «كۈچ» ، «قۇدرەتلىك» دېگەن مەنىدىكى سۆز دەپ چۈشەنگەن بولسا كېرەك . بىراق بۇنداق تەخمىنگە ئورخۇن ئابىدىسىدىكى «تۈرك» سۆزى ئىشلىتىلگەن جۈملىنىڭ مەزمۇنى ماس كەلمەيدۇ، بۇ ئورۇندا كەلگەن «تۈرك» سۆزى ئېتنىك نام ئەمەس . خان، تۈركەشلەرنىڭ قاغانىنى «مېنىڭ تۈركلىرىم» (تۈركۈم بۇدۇنۇم) دەپ ئاتىغان . تومسېن بۇ سۆزنى «ماڭا مەنسۇپ تۈركلەر، مېنىڭ خەلقىم» («geh örte ze menen Turkem menem Volk») دەپ تەرجىمە قىلغان . ئەگەر «تۈرك» دېگەن سۆز بۇ يەردە سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسىدى، ئۇ چاغدا بۇ سۆزنى «بۇ مەلئۇننى» ، «بۇ مەخلۇقنى» دېگەن مەنىدە دەپ مۆلچەرلەشكە بولاتتى . بۇ يەردە خان ئۆزىگە قارشى چىققان تۈركەش خانى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن خانلىق ئورنىغا مىننەتدار بولۇشى كېرەك ئىدى، دېمەكچى . يەنە مۇنداق مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ : «Türk» سۆزى مەڭگۈتاشلاردا دائىم يولۇقۇپ تۇرىدىغان قانۇن، يوسۇن، ئادەت مەنىسىدىكى «Türü» سۆزى بىلەن باغلىنىشلىق، يەنە بۇنى «قانۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن خەلق ئاممىسى» دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ[1] .

ئورخۇن تېكىستلىرىدە ئەينى ۋاقىتتا قايسى خەلقلەرنىڭ تۈرك دەپ ئاتالغانلىقى ئۈستىدە ئېنىق جاۋاب يوق . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تۈرك» دېگەن نامنىڭ ھەرقايسى خەلقلەرگە قانداق تارقالغانلىقى ۋە بۇ سۆزنىڭ بۈگۈنكى مەنىگە قانداق ئىگە بولغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچ نەرسە مەلۇم ئەمەس . خان ئۆزىنىڭ ئەسلىي خەلقىنى «تۈرك» دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنى — گەرچە ئابىدىدىكى بەزى جۈملىلەردە ئوغۇزلار ياكى

① ئەبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە»نىڭ كونونوف تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسى، 81 - بەت، 21 - ئىزاھقا قارالسۇن . بۇ يەردە «تۈرك» ئاتالغۇسى بىلەن «تۈرۈ»نىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىدۇ .

توققۇز ئوغۇزلار خانىنىڭ دۈشمەنلىرى دېيىلگەن بولسىمۇ — «ئوغۇزلار» ، «توققۇز ئوغۇزلار» دەپمۇ ئاتىغان . ئورخۇن تېكىستلىرىنى ئوقۇشنىڭ ئاچقۇچى تېخى تېپىلمىغان چاغلاردىلا رادلوف 6 — 8 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدىكى تۈركلەر ، ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان خەلققە مەنسۇپ ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن ئىدى[1] . مەڭگۈتاشلار ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى[2] . ئوغۇزلار ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، تۈركلەر ئۆز نۆۋىتىدە بىر قانچە تائىپىلەرگە بۆلۈنگەنىدى . شەرق تەرەپتىكىلەر تۆلۆسلەر ، تاردۇشلار (Tarduš) ئىدى ؛ غەرب تەرەپتىكىلەر بولسا تۈركەشلەر ئىدى[3] . ئوغۇزلاردىن باشقا ، بىز ھازىر ئادەتلەنگەن مەنىدىكى يەنە بىر قانچە تۈركىي قەبىلىلەر تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ خەلقلەر ئىچىدە نامى بەك مەشھۇرلىرى قارلۇقلار ، ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلاردۇر . بۇ كېيىنكى (ئۈچ) خەلقنىڭ ئەينى چاغدىلا ئۆزلىرىنى تۈركىي خەلق دەپ ئاتىغانلىقى توغرىسىدا ئىسپات يوق . «تۈرك» دېگەن بۇ سۆزگە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن[4] مەنە بەرسەك ، ئۇ ھازىرقى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق نامى دەيدىغان چۈشەنچە ئېھتىمال ، مۇسۇلمانلاردىن كەلگەن بولسا كېرەك . گەرچە ھازىرقى كۈنگىچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان تۈركلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرىنى تۈركلەر ۋە تىللىرىنى تۈركىي تىل دەپ قارىمىسىمۇ ، ئەرەبلەر 7 — 8 ـ ئەسىرلەردە ئۆزلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ تۈركلەرگە ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى بايقىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىلا تۈركىي خەلقلەر دەپ ئاتىغان ، تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد

① «قۇتادغۇ بىلىك» ، رادلوف نەشرى ، 1 ـ توم XXVII — I ـ بەت .
② پوللىي بلاك ۋە خامىلتوننىڭ «توققۇز ئوغۇزلار» ھەققىدە يازغانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ .
③ كلىيوكىننىڭ «يېڭى ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىدىكى تېلېلار ۋە تاردۇشلار ھەققىدىكى بايانلىرىغا قارالسۇن .
④ تۈزىتىش : «تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن» دېگەن بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن ئۇيغۇن ئەمەس ، تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك — shaeder. h. h



قىلغاندىن كېيىن ، تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن . «تۈرك» دېگەن بۇ سۆز ئىسلامىيەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئانچە كەڭ تارقالمىغان . ئەمما بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر يادىكارلىقنىڭ تىلى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالغان ، ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بۇ ئەھۋال يۇقىرىقى بايانلارنىڭ سىرتىدا[1] . رۇسلار ۋە غەربىي ياۋروپالىقلارنىڭ ھېچقايسىسى پەچەنەكلەرنى ، پولوۋېتسلارنى تۈركىي خەلقلەر دەپ ئاتىمايدۇ . ياۋروپالىقلار ئەسلىي ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان ، كېيىنرەك ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلغان سالجۇقلارنى ۋە ئورخۇن تۈركلىرىنىلا تۈرك دەپ ئاتايدۇ . رۇس سالنامىلىرىدە Torki (تۈركىي) دېگەن نام ئۇچرايدۇ . بۇ ئېھتىمال تۈرك سۆزىنىڭ بۇزۇپ يېزىلىشى بولسا كېرەك . ئەمما بۇ سۆز ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىكى ئۇز (uz) ، يەنى ئوغۇز نامى بىلەن ئاتالغان كۆچمەن خەلقنى ئىپادىلەيدۇ .

ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىدا ئۇچرايدىغان خەلق ناملىرىدىن جۇڭگو مەنبەلىرىدە بۇرۇنراق (مەڭگۈتاشلار پۈتۈلۈشتىن بۇرۇنراق) دەۋرلەردىكى «قىرغىز» دېگەن بىر نام ئۇچرايدۇ[2] . قىرغىزلار ھۇن دەۋرىدىكى ، يەنى مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بايانلاردا ئۇچرايدۇ . «قىرغىز» دېگەن بۇ ئاتالغۇ خەنزۇچە خاتىرىلەردە ئەڭ دەسلەپ «گەنگۈن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنىغانىكەن[3] . پروفېسسور پېللىئوت بۇنىڭ سەۋەبىنى قىرغىزلار دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى موڭغۇل تىلىدا «قىرقۇن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ، بۇ شۇ سۆزدىن ئېلىنغانمىكىن ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ . بۇنىڭدىن خەنزۇلار قىرغىزلار توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئەڭ ئاۋۋال قانداقتۇر بىر

① «ئالتۇن يارۇق» ، سانكت پېتېربۇرگ ، 1913 ـ يىل ، 5 ـ بەت .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، 475 — 543 ـ بەتلەر .
③ ھازىرقى ترانسكرىپسىيىسى «جيەنكۈن» .

موغۇل قەبىلىسىدىن ئالغان ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ[1] . خەن-
زۇلارنىڭ قىرغىزلار ۋە قىرغىز دۆلىتى (يەنى يېنسەي دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلار ) توغرىسىدىكى بىرقەدەر ئېنىق مەلۇماتلىرى
پەقەت تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگىلا توغرا كېلىدۇ . بۇ دەۋردە «شىياج-
ياسى» دېگەن ئاتچە توغرا بولمىغان ترانسكرىپسىيىسىمۇ پەيدا بولغان .
«شىياجياسى» ئاتالغۇسى بولسا ، «جىلىجىسى» (قىرغىز ) دېگەن بىر قەدەر
توغرا بولغان ترانسكرىپسىيىسىنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر . يېنى-
سەي ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئاۋۋال
مىنوسىن ناھىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن . بۇ يەردە تۈركىي خەلقلەر ۋە
كېيىن كېلىپ ئورۇنلاشقان رۇسلار ۋە باشقا خەلقلەرمۇ بار ئىدى . ئۆكتە-
بىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ، روسىيىدىكى مىللىي رايونلاردا ئاپتونومىيە تۈ-
زۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغاندا ، بۇ يەرگىمۇ شۇ ئاپتونومىيە نامى بېرىل-
گەن مىللەتنىڭ نامىنى ئاتاش توغرا كەلدى . بۇ چاغدا بۇ يەردىكى زىيالىي-
لار مىللەتنىڭ نامىنى نېمە دەپ ئاتاش ئۈستىدە ئىزدىنىپ ، سۈرۈشتۈرۈپ
يۈرۈپ ئاخىرى خەنزۇ مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «خاكاس» (شىياجياسى )
ئاتالغۇسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ، بۇرۇن بۇ يەردە مۇشۇ نامدىكى خەلق
ياشىغانىدى ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان . شۇ ۋاقىتتا بۇ خىزمەتنى
باشقۇرغۇچىلار يۇقىرىقى تەكلىپ بويىچە بۇ يەرنىڭ نامىنى مىنوسىن خا-
كاس ئوبلاستى دەپ قويىدى . قىرغىز ئوبلاستى دەپ نام قويايلى دېسە ،
دەرۋەقە ، ئۇ چاغلاردا ئۇ يەردە قىرغىزلار يوق ئىدى .

جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلىرىدە قىرغىزچە بەزى
سۆزلەر ئۇچرايدۇ . بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا ، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇلار-
نىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن : شۇنداق
تۈركىي سۆزلەر ئىچىدە «ئاي» دېگەن سۆز بار . خەنزۇلارنىڭ قىرغىزلار-
نىڭ تاشقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن بايانلىرىدىن قىرغىزلارنىڭ

① پېللىئوتنىڭ «كۇمانلار توغرىسىدا» 137 ـ بەت ؛ زويېفنىڭ «قىرغىز ئاتالغۇسىنىڭ
خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى توغرىسىدا» ؛ ل . پېتروفنىڭ «قىرغىز ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيە-
سى» ؛ باسكاكوفنىڭ «قىرغىز ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» دېگەن ئەمگەكلىرىگە
قارالسۇن .



ئانتروپولوگىيە جەھەتتە باشقا تۈركىي خەلقلەردىن سەل پەرقلىنىدىغانلىقى
مەلۇم بولىدۇ . بۇ قىرغىزلارنىڭ چاچلىرى سېرىق ، كۆزلىرى كۆك كەل-
گەن . جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى بۇ بايانلارنى 11 ـ ئەسىردىكى مۇسۇلمان
ئاپتورلاردىن گەردىزىنىڭ يازغانلىرىمۇ قۇۋۋەتلەپ تۇرىدۇ . بۇنىڭدىن بۇ-
رۇن يېزىلغان مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ مەلۇماتلىرى بىزگە يېتىپ كەلمە-
گەن . بۇ خىل ئالامەتلەرگە قاراپ بەزىلەر قىرغىزلارنىڭ سلاۋيانلار بىلەن
يېقىنچىلىقى بارمۇ ـ قانداق ، دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى[1] .
بۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر خەلقنىڭ ھەرىكىتى ياۋروپادىن تا مۇشۇ يەرلەرگىچە
سوزۇلغانمۇ ـ يا ؟ دېگەن پەرەزلەر چىققان . ماركۋارتمۇ شۇنداق پەرەزدە
بولغان[2] . بىراق بۇ پەرەزلەر ئىسپاتلانغان ئەمەس . بۇ تاشقى ئالاھىدىلىك-
لەرنىڭ قانداقچە تەدرىجىي يوقالغانلىقىنى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە «قارا
قىرغىزلار» دەپ ئاتالغان قىرغىزلارنىڭ ئىرقىي تىپىنىڭ قانداق شەكىل-
لەنگەنلىكىنى قىرغىزلار ھەققىدىكى كېيىنكى مەلۇماتلارمۇ ئېچىپ بېرەل-
مىدى .

جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى ، ئۇلارنىڭ
ياشىغان يەرلىرى خەلقئارا سودا دائىرىسىگە بالدۇرلا كىرگەن . مىنوسىن
رايونىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . مىنوسىن
رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ ئومۇ-
مىي سانى سىبىرىيىنىڭ باشقا يەرلىرىدىن تېپىلغان ماتېرىياللارنىڭ ئومۇ-
مىي سانىنى بېسىپ چۈشىدۇ[3] . بۇ تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ قايسى
دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ، قايسىلىرىنىڭ قىرغىزلارغا ، قايسىلىرىنىڭ
باشقا تۈركىي خەلقلەرگە تەۋە ئىكەنلىكى شۇنداقلا بۇ ماتېرىياللارنىڭ قاي-
سىلىرىنىڭ تېخىمۇ قەدىمىي دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەسىلىلىرى
قىيىنچىلىق ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . قىرغىزلار
ئېلىگە جاي ـ جايلاردىن كارۋانلار كېلىپ تۇرغان ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە

① بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان سەپەردىن دوكلات» ، 85 ـ بەت .
② «شەرق تۈركىي تىل دىئالېكتلىرى تەتقىقاتى» ، 67 ـ بەت .
③ كىسېلېف : «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» ، 559 — 636 ـ بەتلەر .

مۇسۇلمانلار ئېلىدىن كەلگۈچىلەرمۇ بولغان ، ئۇلار بۇ يەردىن شۇ چاغلاردا ھەممىنى قىزىقتۇرىدىغان ئەتىۋارلىق مال ـ ئېپارنى سېتىۋالغان . مۇسۇلمان جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى قىرغىزلار ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىنى ئۇلارنىڭ كېيىنكى مەلۇماتلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق ، شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى ، بۇ دەۋردىكى قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيىتى تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانىدى . مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇماتلىرىدا خەنزۇچە مەلۇماتلارغا ئوخشاش قىرغىزلارنىڭ قاغانى تۇرىدىغان بىرلا شەھەر تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، قىرغىزلار ئېلىدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر رايونى بولمىغان ، خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرسە ، يەنە بىر قىسمى ئوۋچىلىق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئىپتىدائىي باسقۇچتا ياشىغان . يەنە بىر تەرەپتىن ، راشىدىددىننىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، موڭغۇللار دەۋرىگە كەلگەندە قىرغىزلار ئېلىدە خېلى نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى مەلۇم[1] . سودا ئامىللىرىدىن باشقا ، يەنە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مىنۇسىنسكى يەرلىرىنىڭ مۇنبەتلىكىمۇ سەۋەب بولغان بولسا كېرەك .

ئومۇمەن ئالغاندا ، قىرغىزلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا تۈركىي خەلقلەر تەركىبىدە بولمىغان ، كېيىن تۈركلىشىپ كەتكەن خەلقلەرنىڭ ئەڭ بالدۇرقىلىرىنىڭ بىرسى بولسا كېرەك . بۇنداق مىساللارنى كۆچمەن خەلقلەر ئىچىدىنلا ئەمەس ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ئىچىدىنمۇ كۆپلەپ كەلتۈرگىلى بولىدۇ . بۇرۇن ، ئادەتتە ئورال ـ ئالتايلىقلار دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدىغان بەش قەبىلە (ئۆزىنىڭ جايلىشىش ئورنى جەھەتتىن غەربتىن شەرققە قاراپ فىنلار ، سامويېدلار ، تۈركلەر ، موڭغۇللار ، تۇنگۇسلار ) ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال تۈركلەشكىنى سامويېدلار ، بولۇپمۇ سامويېدلارنىڭ

① راشىدىددىن : «جامىئۇتتەۋارىخ» بېرېزىنا نەشرى ، 1 ـ توم ، 168 ـ بەت .



جەنۇبىي قىسىم يەرلىرىدىكى قەبىلىلەر بولدى[1] . ئۇلاردىكى تۈركلىشىش تا ھازىرغىچە تۈگىمىدى . نىسبەتەن يېقىنراقتا تۈركلەشكەن قەبىلىلەر دەپ قاراغاسلارغا ئېيتىلىدۇ . سىبىرىيىنىڭ شەرقىي تەرىپى (كاما دەرياسى ۋادىسى — تەرجىماندىن )گە جايلاشقان كامالىقلار تۈركلىشىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىدۇ ، بۇ جەريان تېخى ئاخىرلاشمىدى . 1848 ـ يىلى ، كاسترېن ئۇ يەرلەرگە بارغاندا ، بۇ يەرلەردىن سامويېد تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنى ئۇچراتقان . 1863 ـ يىلى ، رادلوف ئۇ يەرلەرگە بارغاندا بۇ خەلقلەرنىڭ تامام تۈركلىشىپ بولغانلىقىنى ، ئەمما گەپ ـ سۆزلىرىدە سامويېد تىللىرىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى ئېيتقان . فىنلاندىيە ئالىمى كاي دونىېر يۇقىرىقىلاردىن خېلى كېيىن ئۇ يەرلەرگە بارغاندا ، كامالىقلارنىڭ تۈركلىشىشىنىڭ رادلوف ئېيتقاندەك دەرىجىدە ئەمەسلىكىنى بايقىغان ، چۈنكى ئۇ ، ئۇ يەردە سامويېد تىلىنى بىلىدىغان بىر بوۋاينى ئۇچراتقان[2] . سامويېدلار تۈركىيچە توبا دەپ ئاتىلىدىكەن . بۇ نام ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ ، ئەمما شۇ چاغلاردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە يولۇقىدۇ .

ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان ، كېلىپ چىقىشى تۈركىي خەلقلەردىن بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە «ئاز» نامىدىكى بىر خەلق پات ـ پاتلا قىرغىز دېگەن خەلق نامى بىلەن بىرگە يولۇقىدۇ . بۇرۇن كىشىلەر مۇشۇ «ئاز» دېگەن سۆزنى خەلق نامى مەنىسىدە چۈشىنىشكە بولامدۇ ـ يوق دەپ شۈبھىلەنگەنىدى . مەن

① ئۇرال ـ ئالتاي تىلشۇناسلىقىنىڭ پەرەزلىرى بويىچە ئورال تىلى (فىن ـ ئوغۇر تىللىرى ، سامويېد تىللىرى ) بىلەن ئالتاي تىللىرى (تۈركىي تىللار ، موڭغۇل تىلى ، تۇنگۇس ـ مانجۇ تىللىرى ) كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن يېقىن مۇناسىۋەتلىك . بۇ ھەقتە پوپپېنىڭ Introduction ، 125—129 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن . گەرچە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئورال ، ئالتاي تىللىرى قېرىنداش تىللار ئىدى ، دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇلارنى بىر تىل گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش بۈگۈنكى كۈندىمۇ تولۇق ئېتىراپ قىلىنمىدى . شېرباكنىڭ «لېكسىكىلىق مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە» دېگەن ئەمگىكىگە قارالسۇن .

② جەنۇبىي سىبىرىيە قەبىلىلىرىنىڭ دەسلەپتە سامويېد تىلىدا سۆزلەشكەنلىكى ۋە كېيىن تۈركىي تىللىق قوشنىلىرى (كاماسىنلار ، ماتورلار ، كويباللار ، كاتوتىنلار ، تايغىلار ، قاراغاسلار ) نىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەسلىي تىل ئالاھىدىلىكىنى يوقاتقانلىقىدەك ئەھۋاللار شۇنداقلا سامويېد تىلى توغرىسىدا تېرېشچېنكونىڭ «سامويېد تىلى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن .

باشتىلا بۇنى خەلق نامى دەپ چۈشەنگەنىدىم . بۇ قاراشقا تومسېنمۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى بىر تەرجىمىسىدە قوشۇلغانىدى . تومسېن ئازلارنى «كېلىپ چىقىشى نامەلۇم خەلق» دەپ يازدى . يېنىسەي دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ، يەنى تۇرۇخان ئۆلكىسىدە ھازىرمۇ بۇ خەلقنىڭ ئەۋلادلىرى ياشايدۇ . بۇ يەردىكى رۇسلار ئۇلارنى خاتا ھالدا «يېنىسەي ئوستياكلىرى» دەپ ئاتايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ خەلقنىڭ ئوب دەرياسى ۋادىسىدىكى فىن قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ ئوستياكلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ، شۇنداقلا ئورال - ئالتاي خەلقلىرى بىلەنمۇ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . يېنىسەي دەرياسى بويىدىكى بۇ «ئوستياكلار» ئۆزلىرىنى «كوت» ياكى «ئاسسىن» دەپ ئاتايدۇ . 1848 - يىلى كاسترېن بۇ خەلقلەرنىڭ تىلىغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى مەلۇماتلارنى يىغدى . كېيىن ئانۇچىن دېگەن ئادەم ئۇلارنىڭ تىلى ۋە تۇرمۇشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى① . شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى ، «يېنىسەي ئوستياكلىرى» خۇددى سامويېدلارغا ئوخشاش ، ئۆز ۋاقتىدا ھازىرقىدىن ناھايىتى كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىگەن بولسا كېرەك ، شۇ چاغلاردا بۇ قەبىلە ئىچىگە ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا يولۇقىدىغان «ئاز»لارمۇ كىرگەن . ئازلاردىن باشقا ، ئورخۇن ئابىدىلىرىدە قىرغىزلار بىلەن بىر قاتاردا «چىك» دېگەن خەلقمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ ، ئەمما كېيىن ئۇلارنىڭ نامى مەلۇماتلاردا يولۇقمايدۇ .

قىرغىزلار ئەينى ۋاقىتلاردا سىياسىي جەھەتتىن خېلى مۇھىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك ، گەرچە ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلار نىسبەتەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە تۈرك - ئوغۇزلارنىڭ

① كاسترېن : «تەتقىقات» ؛ ئانۇچىننىڭ روسىيە ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن 1904 - 1908 - يىللىرى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىدە توپلانغان ماتېرىياللىرى ئېلان قىلىنمىدى . يېنىسەي قەبىلىلىرى گۇرۇپپىسى دەپ ئاتىلىۋاتقان قەبىلىلەر (كېتلار ، كوتلار ، ئاسسىنلار ، ئارىنلار ) 19 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆز ئارا قېرىنداش تىللىرىنى يوقاتقان . بۇ «يېنىسەي» تىل گۇرۇپپىسى بەزىدە ئەڭ قەدىمكى ئاسىيا تىل گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ ، بەزىدە بۇ تىللار باشقا قەدىمكى ئاسىيا تىللىرى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس ، دەپ قارىلىدۇ ؛ كارگىرنىڭ «كېت تىللىرى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .



ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئورخۇن ئابىدىلىرىدە شەرقتىكى ئۇيغۇرلارغا ، غەربتىكى قارلۇقلارغا قارىغاندا قىرغىز قاغانىغا كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن . بۇ خەلقنىڭ ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ، قارىغاندا تېز بولغان بولسا كېرەك . ئۇيغۇر دېگەن نام يادىكارلىقتا پەقەت بىرلا ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ . ئەسلىي تېكىستتە بۇ ناھايىتى ئېنىق . بۇ يەردە بۇ سۆز باشقىچە ئوقۇلۇپ قالغانمىدۇ ياكى ئوغۇز دېگەن نام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان يەنە بىر ئۇيغۇر دېگەن نامدىكى خەلق بارمىدى - يا؟ دەيدىغان شۈبھىلىنىشلەرگە ھېچقانداق ئاساس يوق . ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئۇنۋانى ، قىرغىزلارنىڭ قاغان ئۇنۋانىغا قارىغاندا كەمتەررەك مەنىدە ئىپادىلىنىدىغان ئېلتەبىر ئۇنۋانىدا بولغان (بۇ ئۇنۋاننى تومسېن ئورخۇن يادىكارلىقىدىن شۇنداق ئوقۇغان ) . تومسېن بۇ سۆز تۈركچە نائىب (ھازىرقى ۋالىي مەنىسىدە — تەرجىماندىن ) دەپ چۈشەندۈرگەن . تومسېن ئېلتەبىر دېگەن ئۇنۋاننىڭ قانداقتۇر بىرەر قاغان تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ . ئېلتەبىر رەھبەرلىكىدىكى خەلق ، دېگەن سۆز قاغان رەھبەرلىكىدىكى خەلق ، دېگەن سۆزگە قارىغاندا كەمتەرلىك بىلەن ئېيتىلغاندەك ئاڭلىنىدۇ . قارلۇقلارنىڭمۇ «قاغان»ى بولمىغانغۇ !

موڭغۇللار ئۆزلىرىنى بىر چاغلاردا تاتارلار دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى . شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك ، تۈركىي بولمىغان خەلقلەر ئىچىدە تاتارلارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . مەڭگۈتاشلاردا «توققۇز تاتار» ۋە «ئوتتۇز تاتار» دېگەن ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ . بۇنىڭغا قارىغاندا ، تاتار خەلقى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنسە كېرەك . بۇلارنىڭ بىرسى توققۇز ئورۇق ، يەنە بىرسىدە ئوتتۇز ئورۇق بولسا كېرەك .①

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق مەدەنىيىتى مۇرەككەپ بىر

① تاتار ئېتنونىمىنىڭ قوللىنىلىشى توغرىسىدا ، «قاراتاتارلار توغرىسىدا مەلۇمات» دېگەن كىتابقا قارالسۇن ، 133 - بەت .

مەسىلە . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسى
ياكى ئۇلارنىڭ زور قىسمى بۇ ۋاقىتلاردا (مەھمۇتقەشقىرىلار ئورنىتىل-
غان ۋاقىتتا — تەھرىردىن ) كۆچمەن ھايات كەچۈرگەن بولسا
كېرەك . ئەمما ئۇلار ئولتۇراق مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە بولۇپ
كەلگەن . بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقىنى ئولتۇراق خەنزۇ مەدەنى-
يىتى ئەمەس ، بەلكى غەربتىكى ئولتۇراق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ،
بولۇپمۇ سوغدى مەدەنىيىتىدۇر . تۈركىي خەلقلەر ۋە موڭغۇللار
ئىچىدە كەڭ تارقالغان ، ئەسلىي سوغدىلاردىن كېلىپ چىققان
«قاتۇن » سۆزى خانىش ، ئېسىلزادە خانىم دېگەن مەنىلەردە بو-
لۇپ ، مەھمۇتقەشقىرىلار يادىكارلىقلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ . سوغدىلار ۋە
سوغدى ئېلى مەھمۇتقەشقىرىلاردا سوغدى ۋە سوغداق دېگەن ناملاردا
ئۇچرايدۇ . بۇ ناملار بىزگە كېيىنرەك مۇسۇلمانلاردىن يېتىپ
كەلگەن مەلۇماتلار ئىچىدىن ئايان بولغان . بىر يەردە سوغدى
سۆزى تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن بىللە كەلگەن : «Berčeker
Boqaraq ulus » (بۇ سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىدا گۇمان بار ) . مارك-
ۋارت بۇ سۆزلەرنى «پارس ۋە بۇخارا خەلقى (ئۇلۇسى )» دەپ
تەرجىمە قىلىدۇ① . «ئۇلۇس» دېگەن سۆز «خەلق» مەنىسىدە
گەرچە قەدىمكى دىنىي تېكىستلەردە ئۇچرىسىمۇ ، ئەمما مەھمۇت-
قەشقىرىلاردا «خەلق» مەنىسىدە ئۇچرىمايدۇ . بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىل-
ىشى مۇشۇ يەردە بىر قەدەر توغرا بولغاندەكمۇ قىلىدۇ . چۈنكى
مۇشۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدىلا «بۇدۇن» سۆزىمۇ كەلگەن . ئەمما بۇ
يەردە «ئۇلۇس» ۋە «بۇدۇن» سۆزلىرىنىڭ بىرگە كېلىشى تازا
ئورنىغا چۈشمىگەن . چۈنكى بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئاساسەن
ئوخشاش ئىدى . pārsi سۆزىنىڭ Berčeker غا ئۆزگىرىپ قېلى-
شىمۇ تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس .
گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ، تومسېن كېيىنكى تەرجىمىسىدە

① ماركۋارت : «خرونولوگىيە» ، 32 ـ بەتلەر .



ماركۋارتنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى سوئال بەلگىسى (؟) بىلەن قوبۇل
قىلدى① .

كۆچمەن خەلقنىڭ ئولتۇراق ھاياتقا ئۆتۈشى ھەممىلا يەردە
ئىقتىسادىي ئېھتىياجنىڭ بېسىمى بىلەن بولغان . بۇنداق زۆرۈر-
يەت ھەممىدىن كۆپرەك تۈركىستاننىڭ شەرقىي رايونىدا (شىن-
جاڭدا — تەھرىردىن ) كۆرۈلدى . بۇ يەردە مال بېقىشقا لايىق
كېلىدىغان يايلاقلار بەك ئاز ، كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق قىلىشمۇ
بەك تەس ، مال بېقىلىدۇ دېيىلگەن يەرلەرمۇ قۇملۇق ـ چۆللۈكتىن
ئىبارەت ئىدى . ئەڭ كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار تۈر-
كىستاننىڭ غەربىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا ئەسلىدە تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ بولمىغانلىقىنى ، بۇ رايوندىكى تۈركلىشىشنىڭ تەدرىجىي
روياپقا چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ يەرلەردىكى ئەسلىي ئولتۇ-
راقلاشقان ئاھالىنىڭ تۈركلىشىشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئولتۇراق
تۇرمۇشقا كۆچۈشى بىلەن بىرگە يۈز بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ،
ئولتۇراقلىشىش جەريانى ۋە تۈركلىشىش جەريانى شەرقتىن غەرب-
كە قاراپ يۈز بەردى . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، موڭغۇللىيىدە
تەشكىل قىلىنغان دۆلەتلەر چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەندىن كېيىن ،
تۈركىي خەلقلەر تۈركىستاننىڭ شەرقىگە كۆپلەپ كېلىشكە باشلىدى ،
ئاۋۋال تۈرك ـ ئوغۇزلار ، كېيىن ئۇيغۇرلار كەلدى . ئەمما ، مەھ-
مۇتقەشقىرىلاردا «بالىق» (شەھەر ) ، «بەشبالىق» (بەش شەھەر )
ئاتالغۇلىرى ئۇچرايدۇ . بەشبالىق شەھىرى بولسا ، جۇڭگو تۈر-
كىستاننىڭ شەرقىگە جايلاشقان شەھەرنىڭ نامى بولۇپ ، بۇ ھا-
زىرقى گۇچۇڭ شەھىرىدىن يىراق بولمىغان بىر يەردە② . 11 ـ
ئەسىردىكى ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىدىن «بالىق» دې-

① «قەدىمكى تۈركچە مەھمۇتقەشقىرىلار» ، 156 ـ بەت . بۇ سۆزلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ھەققىدە كلياشتورنىينىڭ بايانلىرىغا قاراڭ .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 374 ـ 377 ـ بەتلەر (بەشبالىق گۇچۇڭ ئەتراپىدا ئەمەس ، جىمسارنىڭ شىمالىدىدۇر — تەھرىردىن ) .

گەن سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ تۈركچە «پاتقاق». (لاي)① دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. دېمەك، «شەھەر» دېگەن سۆز شۇ شەھەر بىنا قىلىنغان ماتېرىيال بىلەن ئاتالغانلىقى ئېنىق. بۇ ئەھۋال ئەرەبلەرنىڭ كۆچمەن خەلقلەرنى ۋە ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللانغان «wabar» (تېرىلىك - كىگىزلىك ئادەملەر)، «madar» (سېغىز لايلىق ئادەملەر) ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىش ئۇسۇللىرىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ.

شۇ دەۋردە بەشبالىق شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان تۈركىي خەلق باسمىللار ئىكەن. بۇ خەنزۇچە خاتىرىلەردىمۇ ئەسكەرتىلىدۇ. دۆكەنج تۈزگەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى لاتىن يازغۇچىلىرىغا ئائىت لۇغەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، «باسمىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «شالغۇت» مەنىسىدە ئىكەن. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، شالغۇت قاندىن كېلىپ چىققان ئادەملەر، دېگەندىن ئىبارەت②. شۇنىسى تەبىئىيكى، دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان تۈركىي خەلق قان جەھەتتىن ئېيتقاندا، ساپ تۈرك قېنىدىن بولمىغان، بەلكى يەرلىك خەلق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىيمۇ باسمىللارنى ساپ تۈركىي خەلق قاتارىغا قوشمىغان. تۈركىستاننىڭ شەرقىي رايونىدىكى خەلقنىڭ زور دەرىجىدە تۈركلىشىشى ئالدى بىلەن تۈرك - ئوغۇز دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى، ئاندىن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ھالسىراپ كېتىش مەسىلىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە بىز كېيىنكى لېكسىيىمىزدە توختىلىمىز.

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم.

② مەزكۇر لېكسىيىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىدىكى Schaeder h. h. نىڭ بەرگەن تۈزىتىشىگە ئاساسلانغاندا، بارتولد بۇ يەردە دۆكەنجنىڭ «يۇنان يازغۇچىلىرى لۇغىتى»نى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ لۇغەتنىڭ 1 - توم، 181 - بېتىدە «basmoijloi» (gasmojloi) دېگەن سۆز بار ئىكەن، لېكىن Schaeder نىڭ قارىشىچە بۇ سۆزنىڭ تۈركچىدىن كەلگەنلىكى ۋە Basmyl سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى گۇمانلىق — تەھرىردىن.



# ئۈچىنچى لېكسىيە

تۈرك — ئوغۇز قاغانىنىڭ نامىغا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشتا قاغاننىڭ ھاكىمىيىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن، ئەمەلىيەتتە، قاغان ئۆلۈپ، ئارىدىن ئارانلا 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى، 745 - يىلى موڭغۇلىيىدە ئۈستۈنلۈك ئىككىنچى بىر تۈركىي خەلق — ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن تۈرك — ئوغۇزلارنىڭ غەربىي تارمىقىمۇ ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي بىرلىكى ۋە قاغانىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي تۈرك — ئوغۇزلار ئون ئۇرۇققا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەش ئۇرۇق ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، قالغان بەش ئۇرۇق ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئىكەن①. بۇ ئون ئۇرۇق تومسېن تەرجىمە قىلغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا «ئون ئوق» دەپ ئاتالغان②. مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە بۇ ئۇرۇقلار ئىچىدىكى تۈركەش ئۇرۇقى باش كۆتۈرۈپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇق ئىچىدىن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانى مەيدانغا كەلگەن. ئۇ چاغلاردا ئەرەبلەر پەقەت تۈركلەرنىڭ مەدەنىي رايونلار (ئولتۇراق رايونلار — تەرجىماندىن)غا قىلغان ھۇجۇملىرىنىلا قايتۇرۇپ، يايلاقنىڭ ئىچكى قىسمىغا ۋە قاغانلار جايلاشقان چۇ دەرياسى بويلىرىغا يۈرۈش قىلمىغان. ۋەھالەنكى، غەربىي تۈرك

① چاۋاننېس: «ماتېرىياللار»، 27 — 28 - بەتلەر.

② Thomsen، Türcica، 17—4pp.

قاغانى سىر دەرياسى بويىدا ئەرەبلەر بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ
بولغان ۋە جېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ دۆلىتىمۇ يىمى-
رىلدى . ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار بىرقانچە يىللار داۋام قىلدى ،
پەقەت 766 ـ يىلىغا كەلگەندىلا تۈركىي خەلق — قارلۇقلار چۇ
دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلەپ تۇرغان تۈرك — ئوغۇزلارنىڭ ئورنىنى ئال-
دى . بۇ ئىشلارنىڭ ئەرەبلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق
ئىدى .

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى
705 — 715 ـ يىللار ئارىلىقىغا ، يەنى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم
خۇراساننىڭ نائىبى بولۇپ تۇرغان چاغلارغا توغرا كېلىدۇ . ئور-
خۇن يادىكارلىقلىرىدىن بىزگە شۇ مەلۇم بولىدىكى ، شۇ دەۋرنىڭ
ئىككىنچى يېرىمىدا شەرقىي تۈركلەر قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە
تۈركەشلەر دۆلىتىنى ئىگىلىۋېلىپ تۆمۈر قاپۇغىچە ، يەنى شۇ
چاغلاردا سوغدىلار بىلەن توخارىستاننى ئايرىپ تۇرغان چېگرا
بوزغال ئېغىزىغا ، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، زەرەپشان ۋە
قاشقا دەريالىرى ۋادىسىدىكى مەدەنىي رايونلارغىچە يېتىپ كەلگەن
ئىدى . بۇ جايلار ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تارماقلىرى
ئەتراپىغا جايلاشقان يەرلەر ئىدى . تومسىن بۇ ئۆتكەلنىڭ ئورنىنى
سەمەرقەنت بىلەن بەلخنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دەپ توغرا
كۆرسىتىدۇ① ، لېكىن يەنە شۇ يەردىلا بۇ (بوزغال ئۆتكىلى )
«سوغدىيانا بىلەن پەرغانە ئوتتۇرىسىدا» دەپ خاتا ئىزاھلايدۇ .
كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، سوغدىيانا ياكى سوغدىيانىدىن پەرغانىگە
بارىدىغان يول شەرقىي ـ شىمال يۆنىلىشتە ، بەلخكە بارىدىغان
يول جەنۇب يۆنىلىشتىدۇر .

ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئەرەبلەر غەربىي تۈركلەر بىلەنلا ئە-
مەس ، بەلكى شەرقىي تۈركلەر بىلەنمۇ توقۇنۇشقانلىقى ئېھتىمالغا

① ‹Inscriptions de l'orkhon. pp. 137—138.›



بەك يېقىن . يادىكارلىقلاردىكى بەزى مەزمۇنلار بۇ نۇقتىنى ئىپا-
دىلەيدۇ . لېكىن بەزى ئالىملار بۇ خىل چۈشەندۈرۈشتىن شۈبھى-
لىنىدۇ . ئەمما ياش ئىنگلىز ئالىمى گىبىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇ-
را ئاسىياغا قىلغان ھۇجۇمىغا بېغىشلانغان ، ۋاقىت جەھەتتىن
ئەڭ كېيىنكى ئەمگىكىدە يۇقىرىقى گۇمان رەت قىلىنىدۇ① .
«ئەرەب» دېگەن سۆز ئابىدىلەردە كۆرۈلمەيدۇ ، پارسلار ، خەنزۇ-
لار ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخىي بايانلىرىدىمۇ ئۇچرىمايدۇ② . ئالدى
بىلەن پارسلار ئاندىن جۇڭگولۇقلار شۇنداقلا نۇرغۇن تۈركىي
خەلقلەر «tâzik» سۆزى ياكى تۈركچە تەلەپپۇزغا ماسلاش-
قان «tezik» ( «täzik» ) ، «tecik» سۆزلىرى بىلەن ئەرەبلەرنى
ئىپادىلىگەن .

كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، ھازىر بۇ سۆز تامامەن باشقىچە مەنى-
گە ئىگە . 11 ـ ئەسىردىلا بۇ سۆز ئەرەبلەرنى ئەمەس ، ئىرانلىقلا-
رنى كۆرسىتەتتى . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، كىشىلەر ئاۋۋال ئەرەب-
لەرنى ، كېيىنرەك ئومۇمەن مۇسۇلمان مەدەنىيىتىدىكى كىشى-
لەرنى ، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك شۇ چاغلاردا تۈركلەرگە مەلۇم
بولغان مۇسۇلمانلار ئىچىدە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان ئىراز-
لىقلارنى ئىپادىلىگەن بولسا كېرەك③ .

تۈركلەرنىڭ ئىرانلىقلاردىن پەرقى شۇكى ، ئۇلار مۇسۇلمان-
لارنىڭ قوراللىق ئىستېلاسىغا ئۇچرىمىغان . ئەرەبلەر ئامۇ دەريا-
سى ، زەرەپشان دەرياسى ۋە سىر دەرياسى بويلىرىدىكى مەدەنىي
رايونلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىلا مۇداپى-

① (بۇ يەردە ئاپتور گىبنىڭ «ئەرەبلەر ئىستىلاسى» ناملىق ئەسىرنى دېمەكچى — تەھرىردىن ) شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يادىكارلىقلىرى توغرىلىق كلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 144 ـ ، 166 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

② نۆۋەتتە «Täzik» ئاتالغۇسى ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ قارىلىدۇ . بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپتە تونيۇقۇق ئابىدىسىدە ۋە 8 ـ ئەسىرگە ئائىت باشقا ئابىدىلەردە ئۇچرايدۇ . ساموپلوۋىچنىڭ «ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەر» ، مالوفنىڭ «يادىكارلىقلار» 429 ـ بېتى قاتارلىقلارغا قاراڭ .

③ تاجىك دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا Schaeder نىڭ «Türkische Nameh» نىڭ 16 — 33 ـ بەتلىرىگە ، لېۋشىننىڭ «سوغدى ھۆججەتلىرى» نىڭ 87 — 88 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

ئەلىنىش سىياسىتىنى قوللانغان . ئەرەبلەر ئىلگىرىكى خەلقلەرگە ئوخشاش ، بۇ رايونلارنى كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن سېپىل ۋە توپا توساقلارنى قۇرغان[1] . كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، بۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلار ئىلگىرى ۋارۋارلار (كۆچمەن خەلقلەر — تەھرىردىن )نىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۈيۈك بىرىتانىيىدىن باشلاپ تاكى جۇڭگو ۋە مانجۇرىيىگىچە بولغان كەڭ مەدەنىي رايونلاردا قۇرۇلغانىدى . ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇنداق قۇرۇلۇشلار ئىسلام دىنى بۇ يەرگە تارقىلىپ كىرىشتىن كۆپ بۇرۇنلا — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردىلا مەرۋىنىڭ مەدەنىي رايونلىرىنى تۈركىي خەلقلەردىن بولمىغان كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى[2] . سوغداقلار ئەرەبلەر كېلىشتىن بۇرۇنلا سوغدىيانىنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، سېپىل - توساقلارنى ياسىغانىدى . بۇ سېپىل - توساقلارنىڭ قالدۇقلىرى خۇددى بۇخارا ، تاشكەنت شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىغا سوقۇلغان سېپىللارنىڭ ئىزلىرىدەك تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا . ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن ، يەنى ئىران سامانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن باشلاپ بۇنداق سېپىل - توساقلار سېلىنمايدىغان ھەم بۇرۇنقىلىرى رېمونتمۇ قىلىنمايدىغان بولغان . چۈنكى سامانىيلار خانلىقى ھۇجۇمغا ئۆتۈش سىياسىتىنى قوللانغانىدى . لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرى كۆپىنچە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرىدە ئىدى ، يەنە كېلىپ سامانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام ئىستېلاسى ئارقىلىق بېسىۋېلىنغان زېمىنمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . پەقەت چىرچىق دەرياسى ۋادىسىدىن تالاسقىچە بولغان يەرلەرلا مۇسۇلمانلار تېررىتورىيىسىگە قوشۇلدى .

① «بارتولد ئەسەرلىرى» 1 - توم ، 128 - بەت .
② سترابوننىڭ كىتابى ، 516 - بەت .



تۈركلەر گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ قورال كۈچى تەھدىتىگە ئاز ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن غەربنىڭ تۈركلەرگە كۆرسەتكەن مەدەنىيەت تەسىرى خېلىلا كۆرۈنەرلىك بولدى . ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىدە پېرسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى تەدرىجىي كۈچىيىپ ، ھىندىستاننىڭ ئورنىنى ئالدى . ساسانىيلار خانلىقى دەۋرىدە قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن ئۆتىدىغان دۇنيا سودا يولى ھوقۇقى پېرسىيىگە مەنسۇپ بولدى ، ساسانىيلار دۆلىتى ھەرقايسى جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرىگە كىرگەنىدى . ساسانىيلار دەۋرىدىكى پېرسىيىدە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئوخشاش ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ، تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى . خۇددى يېقىنقى زاماندىكى گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ، ساسانىيلار ناھايىتى زور كۈچ - قۇۋۋەت بەدىلىگە ئېرىشكەن تاشقى جەھەتتىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەردىن كېيىن بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن تۇساتتىنلا زاۋال تاپتى . بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر غەرب تەرەپتە ئاساسەن ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى — تەرجىماندىن ) بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا قولغا كەلگەنىدى . شەرق تەرەپتە قازانغان ئۇتۇقلىرى بولسا ، تۈركلەر بىلەن بولغان قىسقا ۋاقىتلىق ھەمكارلىق نەتىجىسىدە بولغانىدى . لېكىن كېيىن تۈركلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق بۇزۇلدى . بۇنىڭدىن باشقا ، خۇددى ئەخمەنىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ، غەرب تەرەپتە ئۇرۇش قىلىپ ، شەرق تەرەپتىكى چېگرىلارنى ساقلاپ قىلىشقا ئىمكانىيىتى بولمىدى . نەتىجىدە تۈركلەر پارسلارنى كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان گۇرگېن دەرياسى ۋادىسىدىكى ۋىلايەتلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇ يەرلەرنى تارتىۋالدى . تۈركلەر بۇ يەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن ، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە

چوڭقۇر ئۆچرىدى ۋە زوروئاستىر دىنىنى قوبۇل قىلدى[1] .

بۇ مىسال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، ساسانىيلار پېرسىيىسى ئۆز قوشنىلىرىغا ھەربىي كۈچ ئىشلەتمەي تۇرۇپمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەن . مۇشۇ پاكىت بىلەن سوغدىيانىدا بۇددىزمنىڭ سىقىپ چىقىرىلىپ ، زوروئاستىرىزمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن . 630 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى كەزگەن راھىب شۈەنزاڭنىڭ[2] خاتىرىلىرىدىن بىز شۇنى مۇقىملاشتۇرالايمىزكى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا زوروئاستىرىزمنىڭ بۇددىزم ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ، ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە مەنسۇپ . شۈەنزاڭ كەلگەن ۋاقىتلاردا سوغدىيانىدا بۇددىزم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . شۈەنزاڭ بۇددىزم راسا گۈللەپ ياشناپ تۇرغان جۇڭگو تۈركىستانىدىن چىقىپ سوغدى زېمىنىنىڭ جەنۇبىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ توخارىستانغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ئۇچراتقان . سوغدىيانىنىڭ مەركىزى سەمەرقەنت شەھىرىدە قۇرۇق تۇرغان ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسىنى كۆرگەن . زوروئاستىرىزم مۇرىتلىرى بۇددىزم مۇخلىسلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئىبادەت قىلىشىغا يول قويماي ، قوللىرىغا ئوتلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقارغان . پەقەت شۈەنزاڭنىڭ كېلىشى بىلەنلا بۇ ئىبادەتخانىلارغا بۇددا ئېتىقادچىلىرى قىسقا ۋاقىت كېلىپ تۇرغان . شۈەنزاڭنىڭ سەمەرقەنت توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ، سوغدىيانىدا بۇددا دىنىنىڭ شۈەنزاڭ بۇ يەرگە كېلىشتىن سەل بۇرۇنلا سىقىپ چىقىرىلغانلىقى مەلۇم .

تۈركىستاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىلەر

① «كىتابۇل سۈننى» IX ، 21 .

② شۈەنزاڭنىڭ ئەسىرىنىڭ ژۇلىيەن قىلغان تەرجىمىسىگە قارالسۇن ، پارىژ ، 1857 — 1858 ـ يىللىرى .



سوغدىيانىدا سوغدى تىلىدىكى بۇددا ئەدەبىياتىنىڭ بولغانلىقىنى ، بۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ تۈركلەرگىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى . بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچى چوڭ تەتقىقاتچى مەرھۇم ئىرانشۇناس ئالىم گوتىئوت (Gauthiot) بۇ ھۆججەتلەر مىلادىيە 7 ـ ئەسىرلەردىن بالدۇر بولمىسا كېرەك ، دەپ ھېسابلىغان . ئەگەردە بۇ شۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇ ئەسەرلەر سوغدىيانىدا يېزىلمىغان بولۇپ چىقىدۇ . ئەمما بۇنداق دېيىش ئارقىلىق گوتىئوتنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ . سوغدىيانىلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە قۇرغان ئاساسلىق بېكەتلىرى (ئولتۇراق رايونلىرى ) دە بۇددا دىنى ئېھتىمال يەنە مەلۇم مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك .

تۈركلەر بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەۋرلەردە تۈركلەرنىڭ قېشىغا ھىندى راھىبلىرىلا ئەمەس ، بەلكى ھىندى سودىگەرلىرىمۇ كېلىپ تۇرغان . بۇ دەۋردىكى ئەھۋالنى ئىسپاتلايدىغان بىر سۆز «سارت» ئاتالغۇسىدۇر . بۇ ئاتالغۇنى تۈركىي خەلقلەر دەسلەپتە «تىجارەتچى» مەنىسىدە قوللانغان . 11 ـ ئەسىردىمۇ يەنە شۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن . ھازىرقى كۈندە بۇ ئاتالغۇ (سۆز )نىڭ ھىندىستانلىقلار ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرگە تارالغانلىقى ئىسپاتلاندى[1] . شۇنىسى روشەنكى ، ئۇ چاغلاردا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ھىندىلار ئىكەن[2] . تۈركلەر بىلەن بولىدىغان سودا كېيىن تەدرىجىي ھالدا ھىندىلاردىن پارسلارغا ئۆتكەن . ئىسلامىيەت دەۋرىگە كەل-

① مەزكۇر لېكسىكىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىدىكى Schaeder نىڭ بەرگەن تۈزىتىشىگە ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت شىمالىي ئىران تىلىدىكى پۈتۈكلەردە sartvā (سودا ئەترىتى ) دېگەن سۆز بار بولۇپ ، سانسكرىت تىلىدىكى Sârthavâha دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنىكەن . شۇڭا Schaeder نىڭ قارىشىچە تۈرك تىلىدىكى Sart سۆزى بىۋاسىتە ھىندىستاندىن كىرمىگەن ، بەلكى ئىرانلىقلار ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان — تەھرىردىن .

② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 529 — 727 ـ بەتلەر .

گەندە ، يەنى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىن كېيىن «سارت» دېگەن
بۇ سۆز تۈركلەردە ۋە موڭغۇللاردا ئېتنوگرافىيىلىك مەنىگە ئىگە
بولۇپ (مىللەت مەنىسىنى ئېلىپ — تەرجىماندىن ) ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى پارسلار مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان . ئۇ
يەردىكى تۈركلەر ئۇلارنى ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، تىجارەتچى خەلق
دەپ قارىغان .

پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىرى ئىسلامىيەت
دەۋرىگە كەلگەندە ناھايىتى كۈچەيدى . ھازىر پارسلارنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىياغا بولغان تەسىرى پەقەت مەدەنىيەت جەھەتتىلا ئىپادىلەنمەي-
دۇ . ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ۋە سېلېۋىك خانلىقىدىن كېيىن ،
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسلار بىلەن پېرسىيىدىكى پارسلار قوشۇ-
لۇپ بىرىنچى قېتىم دۆلەت ھاسىل قىلدى . تۈركىستانغا ئەرەبلەر
بىلەن بىرگە ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، نۇرغۇن ساندا پارسلارمۇ
كەلگەن ھەمدە بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان . بۇ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى پارسلار قەدىمكى پارس شاھلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت-
لەرنىمۇ ساقلاپ قالغانىدى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسلارنىڭ شې-
ۋىسى پارس تىلى تەرىپىدىن تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىلىپ ، ئى-
راندىكى ۋە تۈركىستاندىكى پارسلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىر-
خىل پارس ئەدەبىي تىلى شەكىللەندى . ئوتتۇرا ئاسىيا پارسلىرى-
نىڭ بۇرۇنقى تىلى ، شۇ قاتاردا سوغدى ئەدەبىي تىلىمۇ تاجىك
تىلىغا ئورۇن بوشاتتى ، بۇ تىل پارس تىلىدىن ئانچە پەرقلىنىپ
كەتمەيدۇ . پارس تىلىنىڭ بىردىنبىر رىقابەتچىسى تۈركىي تىل
بولۇپ ، پارس تىلى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ رىقابەتچى تىل بىلەن
بولغان كۈرەش ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىدى . ئىسلام دىنى تارقالغان
دەسلەپكى ئەسىرلەردە باشلانغان بۇ كۈرەش تا ھازىرغىچە داۋام
قىلماقتا : بىرىنچى جەريان ، پارس ئەدەبىي تىلىنىڭ تەدرىجىي
ھالدا ئىران تىلى شېۋىسىنى سىقىپ چىقىرىش جەريانى بولدى ؛
ئىككىنچى جەريان ، تۈركىي تىلىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىران تىلى



شېۋىلىرىنى ۋە شۇ قاتاردا پارس ئەدەبىي تىلىنى سىقىپ چىقى-
رىش جەريانى بولدى . شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى ،
تۈركىي تىلىنىڭ پارسلارغا تارقىلىش دائىرىسى كۈنسايىن زوراي-
غان . ئالايلۇق ، ئەگەر بىر يېزىدا پارسلار بىلەن تۈركلەر بىللە
ياشىغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئورتاق تىلى بارا ـ بارا تۈركىي تىلى
بولۇپ قالغان[1] .

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ كىرىپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا مۇسۇلمانلار كونا سودا يوللىرىدىن پايدىلىنىشقا باشلى-
دى . بىز جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مۇسۇلمان سودا ئەترەتلىرىنىڭ
مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىلا قارلۇقلار ئېلى ئارقىلىق يېنىسەي دەريا-
سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار رايونىغا كەلگەنلىكلىرىنى
بىلىپ يېتىمىز . ئىسلام ھۆججەتلىرىدىنمۇ قىرغىزلار ئېلىگە
كېلىدىغان بۇ يول توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كۆرىمىز . بۇ مەلۇ-
ماتلارنىڭ بىر قىسمى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى مەلۇماتلار
بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . سايان تاغ تىزمىسى مەڭگۈ
تاشلاردىمۇ ، ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ كۆگمەن (kögmen) دەپ
ئاتالغان . ئېرتىش دەرياسىغا كېلىدىغان ئىككى يول ئۈستىدىمۇ
مەلۇماتلار بار . ئېرتىش دەرياسىمۇ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچراي-
دۇ . ئابىدىدە شەرقىي تۈرك قاغانلىرىنىڭ بۇ يەرلەرگە قىلغان
بىر قانچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلىرى بايان قىلىنىدۇ . بىراق
ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا بولسۇن ياكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە بول-
سۇن ، ئېرتىش دەرياسى بويىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەر تىلغا
ئېلىنمايدۇ . بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ نامى بىرىنچى قېتىم
ئىسلام ھۆججەتلىرىدىلا كۆرسىتىلىدۇ . ئەرەبلەرنىڭ ھەممىدىن
كۆپ قىزىقىدىغىنى جۇڭگوغا بارىدىغان يول ئىدى . ئىسلام مەنبە-
لىرىدە بۇ يول توغرىسىدا ھەمدە بۇ يول بويىدا ئولتۇراقلاشقان

[1] ئىۋانوفنىڭ ھەمەدان ئەتراپىدىكى يېزىلار توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىگە قارالسۇن ، «جۇغراپىيە ژۇرنىلى»نىڭ 1926 ـ يىلى ، 2 ـ ئايدىكى سانى ، 143 ـ بەت .

تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە ھەممىدىن كۆپ مەلۇماتلار بار. گەرچە جۇڭگو مەنبەلىرىدە مىلادىيە 924 - يىلىدىلا مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ موڭغۇلىيە زېمىنىغا كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بولسىمۇ، موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چىڭگىزخان مەيدانغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردە ئوينىغان رولى توغرىسىدا موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىسلام مەنبەلىرىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق[1]. مۇسۇلمانلارنىڭ مەلۇماتلىرى پەقەت قىرغىزلار ئېلى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ ئاپتورلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى تەسەۋۋۇرى بويىچە، بۇ ئەل شەرقىي ئوكيانغىچە (تىنچ ئوكيانغىچە — تەرجىماندىن) سوزۇلغان ئىكەن. مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ سودا - تىجارەتكە خېلىلا ئېپى بار ئىدى. مۇسۇلمان مۇئەللىپلەرنىڭ جۇغراپىيىگە دائىر بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس، تۇتۇقراق. شۇڭلاشقا بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش خېلىلا قىيىنغا توختايدۇ، نەتىجىدە ئانچە توغرا بولمىغان خۇلاسىلەر چىقىرىلىدۇ. ھەممىدىن قىيىن بولغىنى ئىسلام مەنبەلىرىدە بېرىلگەن ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى ئېنىق بېكىتىش مەسىلىسىدۇر. ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيە كىتابلىرى ئەرەب يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا ئوخشاش، ئاساسەن كونكرېت ئەھۋالدىن ئايرىلغان كىتابىي مەلۇماتلار بولۇپ قالغان، ھېچبولمىغاندىمۇ بىزگە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلار ساياھەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماڭغان يوللىرىنىڭ، كۆرگەنلىرىنىڭ بايانلىرى بولماستىن، بەلكى يازما مەنبەلەردىنلا كۆچۈرۈپ قويۇلغان نەرسىلەر بولغان. بىرەر ۋەقە توغرىسىدىكى بايان كۆپ ھاللاردا ھەرقايسى دەۋرلەردە ياشىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن تەكرارلىنىۋەر-

① بىرتشنېيدېر: «تەتقىقاتلار»، 1 - توم، 265 - بەت.



گەن. بايان قىلىنغان بۇ ۋەقە ئاپتور ئۆزى ياشىغان دەۋرگە ئەمەس، 100 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىل بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت بولسىمۇ، شۇ ۋاقىت كۆرسىتىلمەي بايان قىلىنغان. بەزىدە ئاپتورلار ئۆزى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى توپلىغان ماتېرىياللارنى كىتابلاردىن ئالغان مەلۇماتلار بىلەن ۋە ئايرىم - ئايرىم ساھەلەرگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن پەرقلەندۈرمەيلا ئارىلاشتۇرۇپ يازغان. ئۇلارنىڭ بۇ يازغانلىرىنى ئوقۇغان ئادەملەر بىر خاتا تەسەۋۋۇرغا — مۇشۇ يېزىلغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاپتور يېزىۋاتقان دەۋردە يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، دېگەن خاتا تەسەۋۋۇرغا كېلىپ قالىدۇ. ناھايىتى مەشھۇر ئالىملارمۇ كۆپىنچە ھېچقانداق زۆرۈرىيەت بولمىغان چاغلاردىمۇ مۇشۇ كىتاب نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن چىقىرىلغان يەكۈنلەر قانداق قىلىپ مەلۇم دەۋردىكى ئۇ ئاپتورنىڭ كىتابىغا كىرىپ قالغاندۇ؟ دېگەن تەۋەككۇلانە پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يېقىندىلا 13 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىمى ياقۇتنىڭ يازغان كىتابى توغرىسىدا ئەنە شۇنداق بىر ئۇقۇشماسلىق يۈز بەردى. ئۇ كىتابتا ئىسلامىيەتكە كۆپ زىيان سالغان ۋىزانتىيىلىكلەر بىلەن بىر قاتاردا تۈركلەرمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئەسەر 13 - ئەسىرگە مەنسۇپتۇر. بۇ چاغلاردىكى مۇسۇلمان ئەللىرى ئىچىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭلاشقا، تۈركلەرگە دائىر يۇقىرىقى بايانلار ئوقۇرمەنلەرگە ئاجايىپ تۇيۇلدى. كۆپچىلىك مەزكۇر ئەسەردىكى تۈركلەر ئىچىدە شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ۋە باشقا بىدئەتچىلەرنىڭ خېلىلا كۆپلىكىگە ئائىت بايانلار ئارقىلىق بۇنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، ياقۇتنىڭ بۇ سۆزلىرى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مەقدىسى دېگەن ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغانىكەن. بۇ ئاپتورمۇ ئېھتىمال باشقا يازما

مەنبەلەردىن ئالغان بولسا كېرەك[1] . تۈركلەرگە پايدىسىز يۇقىرىقى سۆزلەر مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىكى ئاپتورلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان . چۈنكى شۇ چاغلاردا خەلىپە ( ئەرەبلەر — ئابباسىيلار خەلىپىلىكى — تەرجىماندىن ) ۋە مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنىدىكى تۈركلەردىن باشقا ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر تېخى يوق ئىدى ، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر بىلەن ۋىزانتىيىلىكلەر ئوخشاشلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدىكى دۈشمەنلەر دەپ قارالغانىدى .

ئەگەردە ئىسلام مەنبەلىرىدە بېرىلگەن ھەربىر مەلۇماتقا ، بۇ مەلۇمات قايسى دەۋرگە مەنسۇپتۇ ؟ دەپ سوئال قويۇلىدىغان بولسا ، مۇسۇلمانلار خاتىرىلىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ يايلاق ھاياتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كەملىكى تۈپەيلى ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ناھايىتى قىيىنلىشىدۇ . ئەرەبلەر بەزى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆرۈشلىرىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن ، بىر كۆچمەن دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر كۆچمەن دۆلەتنىڭ ئورنىغا دەسسىگەنلىكىگە ئانچە كارى بولمىغان . ئەگەردە خەنزۇچە ۋە قىسمەن گرېكچە مەنبەلەردە بۇ ۋەقەلەر يېزىلمىغان بولسا ، بۇ ۋەقەلەرنىڭ جەريانىدىن بىز ھېچقانداق بىر تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولالمىغان بولار ئىدۇق . شۇنداق بولغاچقا ، بىزگە شەرقتە ، يەنى موڭغۇلىيە رايونى ۋە جۇڭگو تۈركىستانىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن تېخىمۇ ئايدىڭ .

بىز پەقەت جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايىنىپلا موڭغۇلىيىدىكى تۈرك ـ ئوغۇز دۆلىتىنىڭ مىلادىيە 745 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىگە «ئالماشقان»لىقىنى بىلىپ يېتىمىز . ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ باش قارارگاھى ئورخۇن دەرياسى بويىدا ، يەنى كېيىن موڭغۇللار

① Nöldeke, zur Ausbreitung. barthold. zu Islam, XIII, s74.



تەرىپىدىن سېلىنغان قاراقۇرۇم شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بولغان . ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قارارگاھىنىڭ يېنىغىمۇ موڭغۇللار سالغان شەھەردىن زور ۋە كاتتا بىر شەھەر بىنا قىلىنغان[1] ، بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئۇيغۇر دۆلىتى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت دەۋر سۈرۈپ ، كېيىن 840 ـ يىلى شىمال تەرەپتىكى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن ھالاكەتكە يولۇققان . جۇڭگو مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، موڭغۇلىيىدىكى كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان كۈرەش ناھايىتى كەسكىن بولغان ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە (زەربىگە ئۇچرىغان — تەرجىماندىن ) كۆچمەنلەر موڭغۇلىيىدىن جۇڭگو تۈركىستانىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تەدرىجىي ھالدا شەھەر ھاياتىغا ئۆتكەن . بۇ رايونلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا گەرچە قوۋملار ئالماشقان بولسىمۇ ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇ يەرلەرگە ئەڭ باشتا كەلگەن تۈركىي قوۋم — باسمىللارنىڭ ئورناتقان ئەنئەنىسى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان .

ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا باسمىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنۋانىنىڭ Iduq qut (ئىدۇققۇت ) ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ . بۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس بەخت» ياكى «ئۇلۇغۋارلىق» دېگەنلىكتۇر . تۈركىي تىللاردا بۇ سۆز دۆلەت باشلىقىغا قارىتىلغان بولسا ، خۇددى ياۋروپالىقلارنىڭ «جانابىي ئالىيلىرى» دېگىنىگە ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ . 13 ـ ئەسىردە ئاشۇ يەردە (شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ، ئېنىقراقى تۇرپاندا — تەھرىردىن ) تۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانى بۇ ئۇنۋانى ئىدىقۇت شەكلىدە قوللانغان .

موڭغۇللار رايونىدىكى تۈرك ـ ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى جۇڭگو تۈركىستانىغا كەلگەندىن كېيىن ، جۇڭگو مەنبەلىرى ئۇ-

① موڭغۇلىيىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپىدىكى شەھەرلەر توغرىسىدا كىسېلېفنىڭ «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .

لارنى شاتولار دەپ ئاتىغان، بۇنىڭ مەنىسى يايلاقتا، دالىدا ياشىغۇچىلار دېگەندىن ئىبارەت. بۇ تۈركۈم تۈركلەر مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بەشبالىقنى ئىگىلەپ تۇرغان، كېيىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ بېسىمى بىلەن غەربتىن شەرق تەرەپكە يۆتكىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كۆچۈپ كەتتى. بۇ يەردە ئۇلار 9 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا جۇڭگودا يۈز بەرگەن ئىچكى مالىمانچىلىققا ئارىلاشتى (بۇ يەردە ئەن لۇشەن - شى سىمىڭ توپىلىڭى نەزەردە تۇتۇلىدۇ — تەرجىماندىن) ۋە جۇڭگو ئىمپېراتورىنىڭ تەختىنى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈچىلەردىن ساقلاپ قالدى. مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال تەرەپلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان كىچىكرەك سۇلالىلەر ئىچىدە شاتو تۈركلىرى سۇلالىسىمۇ بار ئىدى[1].

9 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى موڭغۇلىيىدە قىرغىزلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالغان ئۇيغۇرلار باشقۇرۇپ تۇردى. بۇ ۋەقە (ئۇيغۇرلارنىڭ بەشبالىقنى ئىگىلىشى — تەھرىردىن) 866 - يىلى يۈز بەرگەنىدى. بۇ يەردە 14 - ئەسىرگىچە (موڭغۇللار بۇ يەرلەرگە كەلگۈچە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر قاغانلىقى قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەنە بىر خانلىق گەنجۇ شەھىرىدە قۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە كېلىپ خانلىق تىكلىگەنگىچە بۇ يەرنى تىبەتلەر بىلەن خەنزۇلار تالىشىپ، ھاكىمىيەت ئاساسەن تىبەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. 11 - ئەسىردە، تىبەتلەرنىڭ بىر تارمىقى بولغان تاڭغۇتلار بۇ يەرلەرنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇردى. كېيىن بۇ يەرلەرنى موڭغۇللار بويسۇندۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر تاڭغۇت

① شاتو تۈركلىرىنىڭ ئۈچ خانلىقى توغرىسىدا چاۋاننېسنىڭ «ھۆججەتلەر» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 272 - بېتىگە قارالسۇن.



نامىدا ئاتىلىدىغان بولدى. تاڭغۇتتا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي رولىنى ساقلاپ قالالمىدى. ئەمما، ئۇلار يەنىلا شۇ رايوندا ياشاپ قېلىۋەردى، ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنى ساقلاپ قالدى، بۇ تىل قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ بىر شېۋىسىدۇر. بىزگە ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن ۋە ئۇيغۇرچە قەدىمكى تېكىستلەردىن مەلۇم بولغان بەزى سۆزلەر مۇشۇ خەلقلەردە ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، bir jigirmi سۆزى 21نى بىلدۈرمەي، بەلكى 11 (ئون بىر) مەنىسىنى بىلدۈرگەن (يەنى، يىگىرمىگە قاراپ ماڭغان بىر مەنىسىدە)، بىر ئوتتۇز سۆزى 31 دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەي 21 دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن ۋەھاكازالار[1].

ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى تۈرك - ئوغۇزلارغا ئوخشاش، بىرمۇنچە تارىخىي پۈتۈكلەرنى قالدۇرغان، ئەمما ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ قىممەتلىك مەڭگۈتاش خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان[2]. بۇ مەڭگۈتاش خەنزۇچە خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلارنى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك - ئوغۇزلارغا ئوخشاش شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، بۇددا دىنى تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ كەتمىگەنلىكىنى، غەرب دىنلىرىنىڭ بىرسى بولغان مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[3]. مانى دىنى مۇرىتلىرى ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى بۇددىستلار ۋە ئۆزلىرى بىلەن دەۋرداش خرىستىئان مۇرىتلىرىغا ئوخشاش، سوغدىيانىلىقلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە كېيىن سوغدىلارنىڭ سودا يوللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز دىنلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تارقاتقان[4]. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئورخۇن

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 364 — 363 - بەتلەر.
② مالوف: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، 30 — 44- بەتلەر.
③ مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى مانى دىنى ئېتىقادچىلىرى ھەققىدە Pestalozza نىڭ «مانىزم» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.
④ مانى دىنىنىڭ سوغدىلار ئارىسىغا تارقالغانلىقى توغرىسىدا Asmussen نىڭ «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋىنامىسى» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 130 — 150 - بەتلىرىگە قاراڭ.

دەرياسى ئەتراپىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل
قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەنزۇچە ئۈزۈن مەڭگۈتاش بىلەن بىرگە ،
يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى مىسسىئونېرلىرى ئارقىلىق مانى دىنى-
نى قوبۇل قىلغانلىقى بايان قىلىنغان سوغدىچە كىچىكرەك بىر
مەڭگۈتاشمۇ ساقلىنىپ قالغان[1] . جۇڭگو مەنبەلىرىدىن شۇ مەلۇم
بولىدۇكى ، سوغدىيانىلىق دىن تارقاتقۇچىلار سوغدىيانىدىن بىۋا-
ستە كۆچمەن خەلق ئىچىگە ، يەنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەلمىگەن ،
بەلكى مىلادىيە 762 - يىلى ئۇيغۇرلار قاغانى جۇڭگوغا قىلغان بىر
ھەربىي يۈرۈشتە ئۇلار بىلەن ئۇچراشقانىكەن . مۇشۇ مەلۇماتلار-
دىن كىشىلەر شۇنى كۆرۈۋالالايدۇكى ، غەربتىكى خەلقلەر ئۈچۈن
جۇڭگو بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا كۆچمەنلەر بىلەن ئېلىپ
بېرىلىدىغان سودىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرغان . سوغدىلار جۇڭگو-
دا سودا بېكەتلىرى ۋە ئۇ يەرگە بارىدىغان يول بەرپا قىلىۋالغاندىن
كېيىن ، ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرگە زور تەسىر پەيدا قىلىشقا
باشلىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دەل شۇ چاغلاردا تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ جۇڭگوغا ۋە بۈگۈنكى جۇڭگو تۈركىستانىغا بولغا ھەربىي
ھۇجۇملىرى پات - پاتلا بولۇپ تۇرغانىدى[2] . دىنىي تەرغىبات جە-
ھەتتە ، سوغدىيانىلىقلارنىڭ دىنىي تەشۋىقاتىنىڭ تۈركىي خەلق-
لەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ھىندى -
ياۋروپا خەلقلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ
تەرەپلىمىلىك بولغان . كۇچا ۋە خوتەندىن تېپىلغان ئىككى خىل
ھىندى - ياۋروپا تىلى (كۇسەن تىلى ۋە ئۇدۇن تىلى )دا پەقەت
بۇددا ئەدەبىياتىغا دائىر مىراسلار ساقلىنىپ قالغان . ئاتالمىش
سوغدى تىلى (بۇ تىلنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش چېگرىسى

① مەڭگۈ تاشلاردىكى مانى دىنىغا ئائىت تېكىستلەرنىڭ تەرجىمىسىنى «ئاسىيا ئاخباراتى» نىڭ 11 - توپلامى 5 - تومىنىڭ 190 — 199 - بەتلىرىدىن كۆرۈڭ .
② جۇڭگو ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈرك ۋە سوغدىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە كلياش-تورنىينىڭ «قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابىنىڭ 114 — 122 - بەتلىرىگە قارال-سۇن .



بېكىتىلمىگەن . ئېھتىمال قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا قوشنا يەردىكىلەرمۇ
مۇشۇ تىلدا سۆزلەشكەن بولۇشى مۇمكىن )دا بولسا ، بۇددا ئەدەبى-
ياتىغا دائىر ئەسەرلەردىن باشقا ، مانى ۋە خرىستىئان دىنىغا
ئائىت ئەسەرلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان . بۇ ئۈچ خىل دىنىنىڭ
ئوخشاشلا تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە ھۆججەتلىرى
ساقلىنىپ قالغان[1] .

مانى دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقى-
يەتلىرى ، مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 8 - ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا ، يەنى غەربىي ئاسىيادا ئىسلامىيەتنىڭ سىياسىي ھۆ-
كۈمرانلىقى تىكلەنگەن مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن . ئىسلام دىنى
ئەسلىدە ، ئايرىم دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن تارالمى-
غان ، بەلكى كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتى ۋە بۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك
قىلىدىغان ھەربىي ۋە مۈلكىي خادىملارنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان
باشقا دۆلەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋاستى-
سى (ئۇرۇش ياكى تىنچ يول ) ئارقىلىق تارقالغان . مۇسۇلمانلار-
نىڭ ئىستېلاسى بىلەن تۇغۇلغان ئىمكانىيەتلەردىن باشقا دىنلار-
نىڭ ئىسلام دىنىدىن بالدۇرراق پايدىلانغانلىقى ناھايىتى تەبىئىي
ئەھۋال بولسا كېرەك .

ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى ، تۈركىي خەلقلەر
تارىخىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىشتۇر . لېكىن بۇددا
ۋە خرىستىئان دىنلىرى تەشۋىقاتىنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ، بىزدە بىرەر تۈركىي خەلقنىڭ مىلا-
دىيە 8 - ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇددا دىنىنى ياكى
خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا ماتېرىيال يوق .
تۈركىي خەلقلەرنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارنىڭ تۇنجى

① مالوف : «يادىكارلىقلار» ، 95 — 198 - بەتلەر ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 272 - بەت .

قبتىم شامانىزمدىن ۋاز كېچىپ ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئاساسغا
قۇرۇلغان بىر دىننى قوبۇل قىلىشى ھېسابلىنىدۇ . شامان دىنىد-
نىڭ ئەقىدىسى بويىچە ، ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ ئىنسانلار ئۇچۇن ئۇ
دۇنيادا پايدىلىق بولارمىش . مانى دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە ،
ئادەم ئۆلتۈرۈشنىلا ئەمەس ، بەلكى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە
ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىشمۇ مەنئىي قىلىنغان . كونا دىنىي ئەقىد-
دىلەر بىلەن يېڭى دىنىي ئەقىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىد-
لىقلارنى تۈركلەر بىلىپ يەتكەندى . ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىدا
يېزىلغىنىدەك : «بۇرۇن گۆش بىلەن ئوزۇقلانغان خەلق ھازىر
گۈرۈچنى يېمەكلىك قىلىدىغان ، بۇرۇن قاتىللىق يۈز بەرگەن
ئەللەردە ھازىر ياخشىلىق تەرغىب قىلىنىدىغان بولغان» .
ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ سوغدچە پۈتۈك ، ئۇيغۇر
قاغانى نامىدىكى خەنزۇچە پۈتۈك ۋە بىرقانچە قۇر رۇنىك يېزىقىدا
پۈتۈلگەن تۈركچە پۈتۈك بىلەن بىرگە تېپىلغان . خرونولوگىيە
جەھەتتىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن بۇ مەڭگۈتاش 9 ـ ئەسىرنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇ ئورخۇن يېزىقىدا ئەمەس ،
بەلكى يېڭى بىر خىل يېزىقتا ، يەنى تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە
تارقالغان ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان . مانى دىنى مۇخلىسلىرى
بابىلۇن (بۈگۈنكى ئىراق )دىن ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنىمۇ بىللە
ئېلىپ كەلگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوغدى يېزىقىنىمۇ
ئىشلەتكەن . ئۇيغۇر قاغانىنىڭ شەرىپىگە تىكلەنگەن مەڭگۈتاش
مانا مۇشۇ سوغدى يېزىقىدا پۈتۈلگەن ئىدى . بۇ سوغدىيانىلىقلار —
ئىرانلىقلار ئېلىپ كەلگەن يېزىق ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ، ئەرەب
يېزىقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى . بۇ سوغدى يېزىقى بىر
چاغلاردا ئىسلام دەستۇرلىرىنى يېزىشقا ئىشلىتىلگەنمۇ ـ يوق ،
بۇنىسى نامەلۇم . بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ،



«ئۇيغۇر يېزىقى» نامى بىلەن ئىلىم ساھەسىگە تونۇلدى① . بىزگە
يەنە شۇمۇ مەلۇمكى ، تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن
كېيىنمۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئەرەب يېزىقى تەرىپىدىن دەرھاللا سىقىپ
چىقىرىلمىغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى
موڭغۇللارغا تارقاتقان ، كېيىن بۇ يېزىق موڭغۇللار ئارقىلىق
يېڭىباشتىن غەربكە تارقالغان . مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن
بۇ يېزىق يەنە موڭغۇللاردىن مانجۇلارغا تارالغان② . شۇنداق قىد-
لىپ ، ئەسلىي ساملاردىن كېلىپ چىققان بۇ يېزىق سوغدىيانىد-
لىقلار ، ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللارنىڭ قوللىنىشى ئارقىلىق تىنچ
ئوكيان قىرغاقلىرىغا قەدەر تارقالغان . بۇ يېزىقنىڭ سوغدىيانىد-
لىقلار ئارقىلىق تارقالغانلىقى ئىسلام دۇنياسىغىمۇ ئايان . بۇ
ھەقتە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن مۇسۇلمان ئاپتور پەخرىد-
دىن مۇبارەكشاھ مەرۋىررۇدىمۇ ئېنىق توختىلىپ ئۆتكەن③ .
تۈركلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئورخۇن يېزىقىنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن
ئالماشتۇرۇش ، كەينىگە بىرقەدەر چېكىنىش بولدى . چۈنكى ئور-
خۇن يېزىقىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۇيغۇر يېزىقى تۈركچە تاۋۇشلارنى
ئىپادىلەشكە تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ .
ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ،
مانى دىنىنى جۇڭگو تۈركىستانى ۋە گەنجۇدا تەشكىل قىلغان

① سوغدى يېزىقى ۋە بۇ يېزىقنىڭ تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش ۋاقتى
ھەققىدە Henningنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىران تىلى» ناملىق ئەسىرى ۋە لېكوكنىڭ «قىسقىچە
كىرىش سۆز» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن .
② يېنسېننىڭ «يېزىقلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ 382 — 395 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .
③ (Ross, The genealogies. P. 405.)

خانلىقلارغا ئېلىپ كەلدى[1] . مانى دىنى جۇڭگو تۈركىستانىغا بالدۇرراق تارقالغان بولۇشى مۇمكىن ، يەنى توققۇز ئوغۇزلار دەۋرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە ، بۇ يەرلەرگە ئۇيغۇرلار كېلىشتىن ئاۋۋال تارقالغان بولسا كېرەك . ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ بايانلىرى بىزگە ئەنە شۇلاردىن بېشارەت بېرىدۇ .

ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرىنىڭ كلاسسىك دەۋرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ . بىزگە ئاشۇ دەۋر جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىرقاتار ئەسەرلىرى يېتىپ كەلگەن . بۇ ئەسەرلەردە ھەم مۇسۇلمان ئەللىرىدىن چىقىپ ، تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئارقىلىق جۇڭگوغا بارىدىغان يوللار توغرىسىدىمۇ قىسقا ۋە ئوبدان مەلۇماتلار بار . ئەرەب ئالىملىرىنىڭ يازغان بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ جۇڭگوغىچە بولغان يەرلەر ئۈچ تۈركىي قوۋمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان :

(1 ) غۇزلار ، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، ئوغۇزلار كاسپىي دېڭىزىدىن تاكى سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغىچە بولغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن ؛

(2 ) قارلۇقلار پەرغانىدىن چىقىپ شەرققە قاراپ ئاتلىق 20 كۈن يۈرۈپ يېتىدىغان جايلارغىچە بولغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن ؛

(3 ) توغۇز غۇزلار يەنى ، توققۇز ئوغۇزلار (Toghuzghuz)

---

① 840 — 845 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۇيغۇرلار قىرغىزلار تەرىپىدىن بۇرۇنقى تۇرغان يەرلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ رايونىغا (گەنسۇغا ) ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى . گەنجۇدا قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى 1028 — 1038ـ يىللار ئارىلىقىدا تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى . تۇرپان ئويمانلىقىدا تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇر دۆلىتى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا موڭغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقىنى يوقاتتى . بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى كىچانوفنىڭ «توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىن قىسسىلەر» ؛ مالىيافكىننىڭ «تۇرپان خانلىقى» ؛ تىخونوفنىڭ «10 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى» ؛ گاباينىڭ «Dac uigurische königreich» ؛ خامىلتوننىڭ «Les Oui ghours» قاتارلىق كىتابلىرىغا قارالسۇن .



قارلۇقلارنىڭ يېرىنىڭ شەرقىدىن جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىغىچە بولغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن[1] .

بۇ بايانلار جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا ، جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۇيغۇرلار ئىدارە قىلىپ تۇرغان چاغلاردا يېزىلغان بولۇپ ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان . مۇشۇ بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن بايانلارنى ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئاپتورى ئىبنى خورداديبھ (Ibn khordādzbeh ) يازغان . كىشىلەر ئىچىدە ، مەزكۇر ئاپتورنىڭ بۇ بايانلىرى مىلادىيە 860 ـ يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان ، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان دەيدىغان ئىككى خىل كۆزقاراش بار[2] . بۇنىڭدىن كىشىلەر جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى «ئۇيغۇرلار» دېگەن خەلق بىلەن ئەرەب مەنبەلىرىدىكى «توغۇز غۇز» دېگەن خەلق بىر خەلقتۇر دېگەن يەكۈننى چىقارغان . بىر چاغلاردا «توغۇزغۇز» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «توققۇز ئۇيغۇر» سۆزىنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلغۇچىلارمۇ بولدى ، ئەمما شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بۇنداق تەشەببۇسنى قوللىمىغۇچىلارمۇ بولدى[3] . «توغۇز غۇزلار»نى ئۇيغۇرلار بىلەن بىر خەلق دەپ ئېيتىشقا بەزى ئەرەب مەنبەلىرى ماس كەلمىدى . ئىبنۇل ئەسىرنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، غەربتىكى غۇزلار توغۇز غۇزلاردىن كېلىپ چىققان[4] . تەبەرى بىزگە مىلادىيە 820 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، توغۇز غۇزلارنىڭ ھازىرقى جىزراق شە-

---

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 280 — 284 ـ بەتلەر .

② ئىبنى خورداديبھنىڭ ئەسىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىككى قولىيازمىسى 880 ـ يىللارغا ئائىت ئەسەرلەر ؛ بۇ ھەقتە بولگاكوفنىڭ «قاتناش يوللىرى ۋە دۆلەتلەر توغرىسىدا» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن .

③ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 568 ـ بەت . موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى تېكىستلەر توققۇز ئوغۇز ئېتنونىمىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . مۇشۇ قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قەبىلە ئۇيغۇرلار ئىدى . ئەرەب ۋە پارس تىلى مەنبەلىرىدىكى «توققۇز ئوغۇز» ئاتالغۇسى پەقەتلا جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان . بۇ ئىككى ئېتنونىمنىڭ (يەنى توققۇز ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنىڭ ) ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا خامىلتوننىڭ «توققۇز ئوغۇزلار» دېگەن ئەسىرىگە ۋە مىنورسكىنىڭ «تەمىم ئىبنى بەھر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 285 — 290 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

④ «ئىبنۇل ئەسىر» ، تورنبېرگ نەشرى ، 117 ـ بەت .

ھېرى بىلەن خوجەند شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان ئۇسرۇشان
ئۆلكىسىگە تۇيۇقسىز زەربە بەرگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرى-
دۇ[1] . بۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ شۇ چاغلاردا جۇڭگو تۈركىستانىدى-
كى ئاھالىلەرنىلا ئەمەس ، بەلكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بىۋاستە
چېگرىداش قوۋملارنىمۇ توغۇز غۇزلار دەپ ھېسابلىغانلىقىنى
كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ نۇقتىنى يەنە مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىق
قىلغان يەرلەردە توغۇز غۇزلار ئەسىر ئېلىندى ، دېگەن پاكىتلار-
مۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . مىسىردىكى تۇلۇنىيلار خانلىقىنىڭ ئاسا-
چىسى ئەھمەد بىننى تۇلۇننىڭ ئاتىسى تۇلۇن دېگەن مەشھۇر
شەخس توغۇز غۇزلاردىن كېلىپ چىققان ئىكەن[2] .

ئىبن خورداد‌بېھ ئەرەب ئاپتورلىرى ئىچىدە قۇرۇقلۇق ئار-
قىلىق جۇڭگوغا بارىدىغان يولنى ئەڭ بۇرۇن بايان قىلغۇچىدۇر .
بىراق بۇ ئاپتور جۇڭگوغا ساياھەت قىلمىغان ، بەلكى بۇ ھەقتىكى
خاتىرىلەردىن پايدىلانغان . ئىبن خورداد‌بېھنىڭ يول توغرۇلۇق
يازغانلىرىغا ئوخشاش بايانلارنى بىز ياقۇت (1229 — 1179 )
نىڭ يازغانلىرىدىنمۇ كۆرىمىز . بۇ ئاپتور مەلۇماتنى مۇشۇ يول
بىلەن ساياھەت قىلغان تەمىم ئىبن بەھرنىڭ بايانلىرىدىن ئالغان ئى-
كەن . ئەپسۇسكى ياقۇت بۇ ساياھەتنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا قىلىن-
غانلىقى ئۈستىدە توختالمايدۇ[3] . بۇ قىممەتلىك ساياھەتكە دائىر
خاتىرىلەنگەن پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ، بۇ سەپەر 760 ـ يىلدىن
كېيىنرەك ، يەنى قارلۇقلار يەتتەسۇ ۋە جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ
شىمالىدا ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن ، 9 ـ ئەسىردىن
بۇرۇنراق ، يەنى ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈركلەر
يەنى توغۇز غۇزلاردىن كېلىپ چىققان شاتو تۈركلىرى بەشبالىق
رايونىدىن شەرققە — جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كۆچۈپ كەت-

① «تارىخىي تەبەرى» ، 3 ـ توم ، 1044 ـ بەت .
② مەقدىزى : «مىسىر تەزكىرىسى» 1 ـ توم ، 313 ـ بەت .
③ ياقۇت : «مۇجەم» ، («جۇغراپىيە لۇغىتى») 1 ـ توم ، 840 ـ بەت .



كەن ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغان دېگەن پەرەزگە كېلىمىز[1] . قارى-
غاندا ، ئەرەبلەر بۇ يەرلەر بىلەن (بەشبالىق بىلەن ) توغۇز غۇزلار
ياشاپ تۇرغان چاغلاردا تونۇشقان ۋە بۇ نامنى كېيىن شۇ يەرلەردە
ياشىغان خەلقلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن . توغۇز غۇز-
لارنىڭ بۇ يەردىن كېتىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا تۈركىي
خەلقلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇلار بىلمىگەن بولسا كېرەك .

توغۇز غۇز دېگەن نامنىڭ دەسلەپ ئۇيغۇرلارنى ئەمەس ،
بەلكى شاتو تۈركلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىنى مەسئۇدىنىڭ 9 ـ
ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا جۇڭگودا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلار-
نى بېسىقتۇرۇشتا جۇڭگو ئىمپېراتورىنىڭ تەكلىپى بىلەن توغۇز
غۇزلارنىڭ قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ[2] . بۇ ئاز كۆرۈلىدىغان ۋەقەنى بىز يالغۇز جۇڭگو مەنبەلىرى-
دىنلا ئەمەس ، بەلكى ئەرەبچە مەنبەلەردىنمۇ پايدىلىنىپ بىلدۇق .
خەنزۇلار شاتو تۈركلىرىگە بەرگەن رولنى ئەرەبلەر توغۇز غۇزلار-
غا بېرىۋاتىدۇ[3] .

تەمىم ئىبن بەھرۇل مۇتتەۋى توغۇز غۇزلار ئېلىگە بارغان
چاغلاردا ئۇ يەرلەردە زوروئاستىرىزم ۋە مانى دىنى ئېتىقادچىلى-
رى بار ئىكەن . زوروئاستىرىزمچىلار كۆپرەك بولۇپ ، ئاسا-
سەن ، يېزا ـ كەنتلەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ؛ مانىزمچىلار
بولسا پايتەخت شەھەردە كۆپ بولغان ئىكەن . مانى دىنى ئېھتىمال
زوروئاستىر دىنىنى يوقىتىش ھېسابىغا كۈچەيگەن بولسا كېرەك ؛

① شاتو تۈركلىرىنىڭ كۆچۈشى مىلادىيە 808 ـ يىلى يۈز بەرگەن . بۇ توغرىلىق بىچۇرىن-
نىڭ «ماتېرىياللار توپلىمى»نىڭ 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم 359 ـ 360 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن ؛
يەنە مىنورسكىنىڭ «تەمىم ئىبن بەھر» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن .
② مەسئۇدى : «ئالتۇن يايلاق» 1 ـ توم ، 305 ـ بەتتىن كېيىنكى بەتلەر . شۇ كىتابنىڭ
288 ـ بېتىدە توغۇز غۇزلارنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇرخان دەپ كۆرسىتىلگەن .
③ بۇ ئەرەب مەنبەلىرىدىكى تېرمىنالوگىيىلىك خاتالىق بولۇپ ، «توغۇز ـ غۇز» ئاتالغۇ-
سى شاتو تۈركلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ . بۇ ھەقتە مىنورسكىنىڭ
«تەمىم ئىبن بەھر» دېگەن ئەسىرىنىڭ 288 ـ ، 289 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

ئەرەبلەر كېيىن پۈتۈن توغۇز غۇز خەلقىنى مانىزمچىلار دەپ ھېسابلىغان[1] . مانى دىنى خۇددى بۇددا دىنىغا ئوخشاشلا خەلقنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى بوشاشتۇرۇۋەتتى ، يەنى توغۇز غۇزلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى جەڭگىۋارلىق سۈپىتىگە تەسىر كۆرسەتتى دەپ قارىغان . ئەرەب ئاپتورى جاھىزى (869 - يىلى ۋاپات بولغان ) توغۇز غۇزلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر ، جەڭگىۋار ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر خەلق ئىدى ، گەرچە سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ ، قارلۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا دائىم غالىب كېلەتتى . مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ تۇرىدىغان بولدى ، دەيدۇ . ماركۋارت جاھىزىنىڭ بۇ سۆزلىرى كۆچمەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سۆزلەردۇر ۋە بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى ھەققىدىكى ئەرەبلەرگە يەتكەن مەلۇماتتۇر دەپ قارايدۇ[2] . ماركۋارت نەقىل كەلتۈرگەن جاھىزىنىڭ يازغانلىرى ، روشەنكى ، كۈرەشنىڭ قىرغىزلار بىلەن ئەمەس ، بەلكى قارلۇقلار بىلەن بولغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن بۇ ئۇرۇشنىڭ موڭغۇلىيە تېررىتورىيىسىدە ئەمەس ، بەلكى جۇڭگو تۈركىستانى تەۋەسىدە بولغانلىقىنى ، ئەرەب مەنبەلىرىدىكى توغۇز غۇزلارنىڭ ئۇيغۇرلار جۇڭگو تۈركىستانىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ ۋەقەلەر جاھىزى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولغان ۋەقەلەر ئىكەن . جاھىزىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن شۇ چىقىپ تۇرىدۇكى ، توغۇز غۇزلار ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇ يەرلەردە ئۇزۇندىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ، ئەرەبلەرنىڭ بۇ يەرلەردە كۆرگىنى مانا شۇ خەلق بولۇپ ، ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ غەرب

① تەمىم ئىبن بەھرنىڭ «توغۇزغۇز»لارنىڭ دىنى ھەققىدىكى ئانالىزلىرى خۇسۇسىدا مىنورسكىنىڭ «تەمىم ئىبن بەھر» ناملىق ئەمگىكىنىڭ 296 - بېتىگە قارالسۇن . ۋ.پ. مىنورسكى شۇ چاغدىكى ساياھەتچى خاتا ھالدا بۇددىزمنى ياكى تۈركلەرنىڭ قەدىمكى دىنىنى زوروئاستىرىزم دەپ قالغان ، دەيدۇ .

② Marquart ,streijzuge. s. 92. 95.



تەرەپتىكى قوشنىسى قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كەلگەن . ئەرەبلەر مانا بۇ كىتابلاردىكى يازما مەلۇماتلارنىڭ تەسىرى بىلەن توغۇز غۇزلار جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغان دەپ سۆزلەپ كەلگەن . ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردە ئۇيغۇرلار ياشىغانىدى . بۇ خەلق (ئۇيغۇرلار — تەرجىماندىن )قە ئائىت ئەرەب مەنبەلىرىدە ساقلانغان ئازغىنە تارىخىي مەلۇماتلاردىن 10 - ئەسىرنىڭ ئاپتورلىرى مەسئۇدى ۋە نەدىمنىڭ خاتىرىلىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . مەسئۇدى ۋە ئەن نەدىمنىڭ كۆرسىتىشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى جۇڭگو ئىمپېراتورى ۋە سامانىيلار خانى ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ دىنداشلىرىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلانغان . ئەن نەدىمنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا ، توغۇز غۇزلار خانىغا سامانىيلار ھۆكۈمرانىنىڭ سەمەرقەنتتە ياشىغۇچى مانى مۇرتلىرى جامائەسىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرى كەلگەن . توغۇزغۇز قاغانى : سامانىيلار ئەمىرىگە شۇنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلاركى ، توغۇز غۇزلار دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى سامانىيلار يېرىدىكى مانى مۇرتلىرىنىڭ سانىدىن كۆپ ، ئەگەردە ئۇ مانى مۇرتلىرىغا تەھدىت سېلىپ ، زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا ، توغۇزغۇز قاغانىمۇ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلىۋېتىدۇ ! دېگەن . توغۇز غۇز قاغانىنىڭ مانا مۇشۇ قاتتىق تەھدىتىدىن كېيىن ، سامانىيلار خانى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نىيىتىدىن يانغان[1] .

بۇ بايانلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى ، جاھىزىنىڭ تۈركىي خەلقلەر مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويدى ، دېگەنلىرى خۇددى موڭغۇللار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ

① «فىھرىست» ( «كاتالوگ» ) ، 1 - توم ، 337 - بەت ؛ ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرىدىكى توغۇز غۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ياكوبوۋسكىنىڭ «تۇرپان خانلىقى» دېگەن ئەسىرىگىمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ .

جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ قويدى ، دېگەنگە ئوخشاش مۇبالىغىدۇر . موڭغۇللارنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن خەنزۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى موڭغۇللارنىڭ بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ، تىبەتلەرمۇ مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە بۇددىزمنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، يەنە باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلغۇچىلار سۈپىتىدە مەيدانغا چىقمىدىمۇ . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تىبەتتە بۇددىزم شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردىمۇ ئىنگلىزلار تىبەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قارشىلىقىنى يېڭەلمىدىغۇ . خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى كۆرسەتتىكى ، جەڭگىۋار خەلقلەر مېھرى ـ شەپقەت بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى تەرغىپ قىلغان دىننى ئۇرۇش ـ سوقۇش قىلىدىغان دىنغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىكەن . شۇنداق قىلىپ ، كۆچمەن ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە قارشى تەرەپنىڭ بۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى . جۇڭگولۇقلار باشقا دىندىكىلەرگە قوللانغان سىياسىتىدە ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مانى دىنىنى قوغداپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئويلىشىدىغان بولدى . پەقەت ئۇيغۇر دۆلىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا جۇڭگودا باشقا دىنلارنى ، جۈملىدىن مانى دىنىنى چەتكە قېقىش باشلاندى[1] . جۇڭگو تۇركىستانىدىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىن مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى تەھدىت سۆزلىرى ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيىدىكى بۇرۇنقى قۇدرەتلىك قاغان بولۇپ تۇرغان ۋاقىتىدىكىدەك رول ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالدى . ئەمما شۇنداق بولسىمۇ مەسئۇدى[2] ۋە ئەن نەدىمنىڭ

[1] چاۋاننېس ۋە پېللىئوتلارنىڭ «ئاسىيا ئاخباراتى»نىڭ 2 ـ تومىدىكى ماقالىلىرىغا قارالسۇن .
[2] «ئالتۇن يايلاق» ، 1 ـ توم ، 360 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر .



يازغانلىرى جۇڭگو تۇركىستانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئەللەردىكى دىنداشلىرىنى قوغداپ كەلگەنلىكىنى ، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىنمۇ ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ، ھەربىي جەھەتتىكى باتۇرلۇقلىرىنىمۇ يوقىتىپ قويمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان پارس ، سوغدى ۋە تۈرك تىللىرىدىكى مانى دىنىغا دائىر پۈتۈكلەر ، ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ مانى دىنىدىكىلەرنىڭ ئۆز تىللىرىدا يېزىلغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ مانى دىنىنى تەتقىق قىلىشىغا تۇنجى ئىمكانىيەتنى ياراتتى . ئۇنىڭدىن بۇرۇن ، كىشىلەر خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا مانى دىنىدىن خەۋەردار بولغانىدى ، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى بولسا كۆپىنچە مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئىدى[1] . مانى دىنى بۇددا دىنىغا ئوخشاش كەڭ خەلق ئىچىدە تارقىتىلغان بولۇپ ، زوروئاستىر دىنى مۇقەددەسلەشتۈرۈۋەتكەن تەبىقە تۈزۈمىگە ، بولۇپمۇ پېرسىيىگە ساسانىيلار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى تەبىقە تۈزۈمىگە قارشى ئوتتۇرىغا چىققان . شۇڭلاشقا مانى دىنىنى تەرغىب قىلىدىغان ئەسەرلەر ئاددىي خەلققە چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلاتتى . شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان پارسچە قول يازمىلار ئىچىدە پەقەت مانى دىنى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەرلا ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك ئىدى . مۇنداق ئەسەرلەر سامىلار ئىشلىتىدىغان چۈشىنىكسىز سۆزلەردىن (ئىدىئوگراممىلاردىن ) خالىي ئىدى . بۇنداق چۈشىنىكسىز سۆزلەرنى بولسا ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پارسلار شۇ چاغلاردا پەھلىۋىچە دەپ ئاتىلىدىغان قول يازمىلاردا كۆپ ئىشلىتەتتى . نۇرغۇن سۆزلەر پارسچە يېزىلسىمۇ ، سامچە ئوقۇلاتتى . مانىچىلار تۈركچە يازغاندىمۇ ناھايىتى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى ئىشلىتەتتى .

[1] 〈cp. puech. Le Mani cheisme. 〉

مانى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى «تۇۋا دۇئاسى» («مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋىنامىسى» — تەھرىردىن) (chuastuanift) مۇ ساپ تۈرك تىلىدا يېزىلغانىدى. رادلوف «تۇۋا دۇئاسى» بىزگە يېتىپ كەلگەن تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، دەپ ئېيتقان[①].

مانى دىنىنىڭ بۇددا دىنىغا بەك يېقىنلىقى يۇقىرىقى ھۆججەتتىنمۇ ئوبدان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە بۇددا دىنىدىكى مۇقەددەس ھېسابلانغان نەرسىلەرنى ھاقارەتلەش مانى دىنىنى ھاقارەتلەشكە ئوخشاشلا بىر ئىش دەپ قارالغان. بۇ ئىككى دىنىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى بۇ ئىككى دىنىنىڭ ئىشلەتكەن تېرمىنلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ تېرمىنلار بۇ ئىككى دىنىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەسىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلارغا قاراپ بۇ دىنلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە قايسىسى بالدۇر تارقالغاندۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىشمۇ تەسكە توختايدۇ. تۈركلەر بۇددا ۋە بۇددا ھەيكىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «بۇرخان» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن، بۇ ئاتالغۇنى مانى دىنىدىكىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن؛ ئىككىنچى تەرەپتىن، بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مانى دىنىنىڭ ئاتالغۇسى «نوم» سۆزىنى ئىشلەتكەن. مەزكۇر ئاتالغۇ تا ھازىرغا قەدەر موڭغۇل تىلىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانى دىنىدىكىلەر، بۇددا دىنىدىكىلەر ۋە كېيىنرەك خرىستىئانلار ھەمدە مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىنى تۈركلەر ئارىسىغا تارقاتقاندا، تۈركچە ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشقان، ئەمما بۇ ئىش ھەممىلا چاغدا ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمىگەن. شامانىزمغا ئائىت ئاتالغۇلاردىن «خۇدا»، «ئالۋاستى»

① مەزكۇر يادىكارلىقنىڭ تۈركچە تېكىستى ۋە نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا رادلوفنىڭ «Chuastuanift»، مالوفنىڭ «يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 108 — 129 - بەتلىرىگە قارالسۇن. يەنە دمىترىيېفنىڭ «Chuastuanift» ھەققىدە يازغانلىرىغا قارالسۇن.



(جىن - شەيتان) دېگەن ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تېرمىن - ئاتالغۇ تېپىشقا ئىمكان بولغان، ئەمما «پەرىشتە» دېگەن سۆزگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئاتالغۇلار شامان دىنىدا يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى مانى دىنىدىكىلەر، خرىستىئانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان پارسچە «پەرىشتە» دېگەن ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە «پەرىشتە» دېگەن ئۇقۇمنىڭ يوقلۇقىنى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[①]. ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنى ئېنىق پەرق ئېتىپ كېتەلمىگەن چاغلىرىمۇ بار. شۇ سەۋەبتىن، مەسىلەن: ئەل بىرۇنىغا ئوخشاش ئاپتورلار مانى دىنى ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى دېگەن بولسا، ئەرەب ئاپتورى مەسئۇدى: مانى دىنى پەقەت توغۇز غۇزلار ئىچىدىلا تارقالغان، پۈتكۈل تۈركلەر ئىچىدە تارقالمىغان، دەپ جەزملەشتۈرىدۇ. مەسئۇدى بۇ يەردە توغۇز غۇزلارنى ئۇيغۇرلار دەپلا مۇقىملاشتۇرىدۇ. كېيىنرەك، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، 10 - ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىكى مانى دىنىنىڭ ئورنىنى بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ئىگىلىگەن، ئەمما مەنبەلەردە بۇ ئىشنىڭ قاچان ۋە قانداق يۈز بەرگەنلىكى ئۈستىدە گەپ يوق. ھەتتا ئۇيغۇر ئېلىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدىغان مەھمۇد كاشغەرىيمۇ 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يازغان ئەسىرىدە مانى دىنى ھەققىدە ھېچنېمە دېمەيدۇ. شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا توغرۇلۇق ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى بايانلارنى يازما مەنبەلەر ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى بۇ ئەلدىكى بىۋاستە تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە «توغۇز

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 9 - بەت.

غۇز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەستىن، پەقەت «ئۇيغۇر» دەپلا ئالغان. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مۇشۇنداق قويۇلۇشى جۇڭگو تۈركىستانىدا شۇ چاغلاردا ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كەلگەن تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكىنى، «توغۇز غۇز» ئاتالغۇسىنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن مەنىدە پەقەت كىتابىي ئەنئەنىلەر بويىچىلا ئېيتىلىپ كەلگەنلىكىنى ھەممىدىن ئوبدان ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا ئۇيغۇرلار مانى دىنىدا ئەمەس، بۇددا ۋە خرىستىئان دىنىدا ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ غەربىتىكى قوشنىلىرى بولسا، شۇ چاغدا ئىسلام دىنىغا ئۆتكەنىدى. كېيىنكى لېكسىيەمدە مۇشۇ مەسىلىنى، يەنى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىكى بۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ ئۆتۈشكە تىرىشىمەن.



# تۆتىنچى لېكسىيە

ئىسلام دىنى تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە، سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشى بىلەن تارقالغان. سامانىيلار خانلىقى 9 ـ ۋە 10 ـ ئەسىرلەردە (تەخمىنەن 820 — 1000 ـ يىللاردا) بۈگۈنكى روسىيە تۈركىستانىنىڭ مەدەنىي رايونلىرى (دېھقانچىلىق رايونلىرى — تەرجىماندىن)نىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغانىدى. ئەرەبلەر بۇ يەرلەرنى — ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى «ماۋەرائۇننەھر» دەپ ئاتىغان. بۇ «ئىككى دەريا ئارىلىقى» دېگەن مەنىدىكى گەپتۇر. ئىسلامىيەتنىڭ ئىستېلا تارىخىدا ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ئاھالىلىرىنى تۈركىيلەر دەپ ئاتىغان. بۇ ئېھتىمال، بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەر قۇرغان سۇلالىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. ئۇمەييەلەردىن بولغان قۇسەيىر ئەمرانىڭ سارىيىغا سامانىيلار پادىشاھىنىڭ، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ، ئىسپانىيە ۋېسگوت كارولىنىڭ، ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھلىرىنىڭ رەسىملىرى بىلەن بىر قاتاردا، بۇخارادىكى تۈرك ئايال ھۆكۈمرانىنىڭ رەسىمى قويۇلغان، دېگەن گەپلەر بار①. بىراق ئۇ چاغلاردا تۈرك تىلى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ئانچە ئومۇملاشمىغانىدى. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئەرەبلەر ئۇ چاغلاردا يەرلىك ئىران ئاھالىلىرىنىڭ تىلىنى بەزىدە خاتا ھالدا تۈركىي تىل دەپ

① P. ۋىتېك: «ئىسلام ژۇرنىلى» 14 ـ توم، 402 ـ بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر. P. ۋىتېكنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدە «بىر تۈرك ئايال شاھ» دېيىلگەن. بىراق خېرزفېلد (Herzfeld) ۋىتېكنىڭ بۇ بايانىدىن گۇمانلىنىدۇ، چۈنكى بۇنى ئىسپاتلىغۇدەك مەخسۇس پۈتۈكلەر يوق.

Herzfeld, Archaologis che Mettei lungen, v149, 152.

قارىغان . جاھىزى ئىران تىلى بىلەن تۈرك تىلى ئوتتۇرىسىدا
پەقەت خۇددى مەككە بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك
پەرققە ئوخشاش پەرق بار دەيدۇ[①] .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام رايونلىرى ۋە ئەرەب خەلىپىلى-
كىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ، ئېھتىمال مەلۇم دەۋرلەردە يەرلىك
ئىران قەبىلىلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنوگرا-
فىيىلىك چېگرا (مىللەت چېگرىسى ) بىلەن بىردەك بولغان بولسا
كېرەك ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە چارۋى-
چىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت چېگرىسى بىلەنمۇ بىردەك بول-
غان بولسا كېرەك . بۇ چېگرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە نۇرغۇن
شەھەرلەر بولغان ، ئەمما بۇ شەھەرلەر مەدەنىي رايونلارنىڭ ئاھا-
لىلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانىدى . 10 - ئەسىردىكى ئەرەب
جۇغراپىيە ئالىملىرى تۈركىي خەلقلەرنى ، ئىسلام دىنىنىڭ سىر-
تىدىكى خەلقلەر ، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئەپ ئەمەس ئىدى ،
دەپ كۆرسەتكەن ، گەرچە بۇ خىل ۋەزىيەت شۇ چاغلاردا ئۆزگە-
رىشكە باشلىغان بولسىمۇ .

خۇددى ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (قارا يەكتەكلىك ئەرەبلەر
خانلىقى — تەرجىماندىن )نىڭ ۋەزىرى بەرمەكىگە ئوخشاش ، سا-
مانىيلارمۇ بەلىخ تە مەيدانغا كەلگەنىدى . بۇ جاي ئىسلام دىنى
تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن بۇددىزم ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن
يەر ئىدى[②] . بىراق بۇددا دىنى ئۇچۇن ئىسلامىيەت بىلەن بولغان
رىقابەتتە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن تەس ئىش بولۇپ
قالدى . مۇسۇلمانلار بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى نۇرغۇن ھەيكەل -
سۈرەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن ، بۇددا دىنى ئاساسەن ھەيكەل -
سۈرەتلەرگە چوقۇنىدىغان دىن ئىكەنغۇ ، دەيدىغان قاراشقا كەل-

① جاھىزى : «مەناقىبۇل ئەملاك» ۋان فلوتېن نەشرى ، 5 - توم ؛ ماندېلشتامنىڭ تۈركلەر ھەققىدىكى باياني قاتارلىقلارغا قارالسۇن .
② سامانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە سېمېنوفنىڭ «سامانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر» دېگەن ئەمگىكىگە قاراڭ .



گەن . مانا بۇ ھىندىستاندا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇننى
ئىگىلىگەن چاغدا ، بۇ يەردىكى بىراھمان دىنى (بىراھمانىزم )نىڭ
ساقلىنىپ قالغانلىقىنىڭ ، ئەكسىچە بۇددا دىنىنىڭ تېزلا يوقال-
غانلىقىنىڭ سەۋەبى ئىدى . بۇددىزم خۇددى مۇشۇ تەرىقىدە بەلىخ
ۋە ئومۇمەن توخارىستاندا يوقالغان . بۇنىڭ ئەكسىچە ، زوروئاست-
رىزم بولسا ، ماۋەرائۇننەھىردە يەنە بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە مانى دىنى ، خرىستىئان دىنى ،
يەھۇدىي دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ مەۋجۇت ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە
پەقەت ئاخىرقى ئىككى دىنلا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالدى[①] .
لېكىن بۇددىزم ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدە ئىزسىز يوقاپ كەتكى-
نى يوق . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىي دىنىي
مەكتىپىنىڭ بىر تۈرى بولغان مەدرىسە ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى
(vihâra )غا تەقلىد قىلىنغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن بولسا
كېرەك . ھۆججەتلەردە بۇ مەدرىسىلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان
دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى تىلغا ئېلىنى-
دۇ ، يەنى مىلادىيە 11 - ئەسىردە غەربىي ئىراندا ۋە خەلىپىلىك-
نىڭ مەركىزى بولغان باغداتتا مەيدانغا كەلگەن . بۇددىزمنىڭ
تەسىرىنىڭ خېلىلا دەرىجىدە كۈچلۈك بولغانلىقىنى بەلىخ شەھى-
رىدە ۋە شۇ نامدىكى ۋىلايەتتە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇن ساندىكى
مەدرىسىلەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[②] .

10 - ئەسىردە خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىردە مەۋجۇت بو-
لۇپ تۇرغان مەدرىسىلەر ، مەلۇم بولۇشىچە ، ئىسلام دىنىنى تار-

① ئەرەب ئىستېلاسىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددىزم ، خرىستىئان ۋە مانى دىنلىرى-
نىڭ تارقالغانلىقى توغرىلىق بېلېنىتسكىنىڭ «مەسىلىلەر» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 36 — 52 -
بەتلىرىگە قارالسۇن ؛ ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغانغا قەدەر ، بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ دىنىي
تۇرمۇشىدا ئوتنى ئۇلۇغلاش ۋە يەرلىك ئىلاھلارغا تېۋىنىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانىدى . بارتولد
بۇ خىل ئېتىقادنى زوروئاستىرىزم دەپ ئېيتقان . لېكىن ، ئۇ ئىراندا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان
زوروئاستىرىزم بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زوروئاستىرىزمنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ قارىغان . سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تارىخ - ئەدەبىيات ئىلمىدا بۇ خىل دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسى شەرتلىك ھالدا مازداك
دىنى دەپ ئاتىلىدۇ . «تاجىك تارىخى» ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 87 — 88 - بەتلەرگە قارالسۇن .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 431 — 432 - بەتلەر ؛ ھارتماننىڭ
«بەلىخ»قاتارلىق ئەمگەكلىرىگە قارالسۇن .

قىتىشتىكى كۈچلۈك قورال بولغان. شۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام خەلىپىلىكى دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ۋە مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا ھەرقانداق جايلىرىدا كۆرۈلمىگەنلىكى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن. سامانىيلار خانلىقى خۇراسان ۋە ماۋەرائۈننەھىردىكى ئىلگىرىكى ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچكەن، ئۇلار كۆچمەن خەلقلەرنىڭ مەدەنىي رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسىغان قورۇلۇشلاردىن ۋاز كېچىپ، يايلاقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كىرىشكەن. بىر نەچچە قېتىم جەڭگە ئاتلىنىپ، بەزى شەھەرلەرنى ئالغان، مەسىلەن، 893 - يىلى تاراز شەھىرى (تالاس شەھىرى)نى ھۇجۇم بىلەن ئالغان. بۇ شەھەر ھازىرقى ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىنىڭ ئورنىدا[①]. مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ يەردىكى خرىستىئانلارنىڭ چوڭ چېركاۋى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ يەردە ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇن خرىستىئان دىنى تارقالغان، دېگەن يەكۈن چىقىدۇ[②]. سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىستېلاچىلىق ھەرىكەتلىرى پەقەت چېگرىغا تۇتىشىدىغان ۋىلايەتلەر بىلەنلا چەكلەنگەن. ماۋەرائۈننەھىردىكى كۆچمەنلەر بەرپا قىلغان شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشى بولسا، سامانىيلارنىڭ ھەربىي ھۇجۇملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. ئىسلام دىنى ماۋەرائۈننەھىرگە تېخى تارقالمىغان چاغلاردا سوغدىلار تۈركلەر ياشايدىغان يايلاقلارغا كەلگەن ۋە ئۇ يەرلەردە دېھقانچىلىق قىلغان؛ ئىسلام دىنى ماۋەرائۈننەھىردە زور كۆپچىلىك خەلق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغاندا بۇ يەرلەرگە مۇسۇلمانلار داۋاملىق كېلىپ تۇرغان. شۇنداق قىلىپ،

① ھازىرقى جامبۇل شەھىرى (بۇ شەھەر ھازىر يەنە شۇ بۇرۇنقى نامىدا ئاتىلىدىغان بولدى — تەرجىماندىن).
② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 340 - بەت.



سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا جېند، خۇۋارا (Huvara) ۋە يېڭى كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ مۇسۇلمان شەھىرى قۇرۇلغان (يېڭى كەنت، ئەرەبچە ئەلقەرىيە ئەل ھەدىستە، پارسچە «دىھى نەۋ»، تۈركچە «يېڭى كەنت» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى «كەنت» سۆزى تۈركلەرگە سوغدىلاردىن سىڭگەن)[①]. بۇ شەھەرلەردىن پەقەت «يېڭى كەنت»نىڭ ئورنىنىلا مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى «ياڭى كەنت» دەپ ئاتىلىدىغان خارابىدۇر. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، بۇ شەھەرلەردە مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، بىراق بۇ شەھەرلەر تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن تۈرك - ئوغۇزلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەن. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، بۇ شەھەرلەر سامانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان يەرلەرگە قۇرۇلغان شەھەرلەر بولماستىن، بەلكى شۇ يەردىكى تۈركلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ماۋەرائۈننەھىردىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەھەرلەر ئىكەن. يېڭى كەنت خۇددى سامانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان تالاس شەھىرىگە ئوخشاش.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تالاس شەھىرى ۋە يېڭى كەنت شەھەرلىرى سودا تىجارىتى بىلەن بەك مەشھۇر شەھەرلەر ئىدى. بۇ شەھەرلەردىن جۇڭگولۇقلار بىلمەيدىغان ئېرتىش بويىدىكى تۈركىي خەلق كىماكلارغا بارىدىغان يوللار بار ئىدى. «كىماك» — ئەسلىي تۈرك تىلى تەلەپپۇزى بويىچە «kimäk-كىمەك» بولسا كېرەك. بۇ خەلقتىن كېيىنچە ناھايىتى نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىگەن قىپچاق قوۋمى كېلىپ چىققان[②].

① سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى شەھەرلەر ۋە بۇ شەھەرلەرنى بەرپا قىلغۇچىلار توغرىسىدا تولستوفنىڭ «غۇزلارنىڭ شەھەرلىرى» ناملىق كىتابىغا ۋە «قەدىمكى دېلتا بويلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 273 — 294 - بەتلىرىگە قارالسۇن.
② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 549 — 551 - بەتلەر. شۇ يەرلەردە «كىماك»، «قىپچاق» ۋە «ئىدىز» قەبىلىلىرى توغرىسىدا توختىلىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى تارقالغان چەت رايونلار قاتارىغا ئۈچ تەرىپى يايلاقلار بىلەن ئورالغان خارەزىممۇ كىرىدۇ. خارەزىم ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق سودا ئالاقىسىدە بولغان. بۇ سودا ئىسلامىيەت دەۋرىدە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەن. خارەزىملىكلەر ئەھۋاللارغا قارىغاندا، سىر دەرياسى بويىدىكى شەھەرلەرنى بەرپا قىلىشقا قاتناشقان بولسا كېرەك. بىراق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى غەربكە، غەربىي شىمال تەرەپكە، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا قارىتىلغان. ئۇ چاغلاردا ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا بۇلغارلار ۋە ھازارلار ياشىغان. خارەزىملىكلەرنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيىتى ئىسلام دىنى بۇ يەرلەرگە تارقىلىشتىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. مىلادىيە 764 - يىلى، خارەزىملىكلەرنىڭ قوشۇنى كافكازدىكى مۇسۇلمان رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلغان[①]. لېكىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، مۇسۇلمان خارەزىملىكلەر كېيىنرەك ھازارلارغا خىزمەت قىلغان، ئەمما خارەزىملىكلەر ھازارلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا ئۇرۇشقا قاتناشماسلىقنى شەرت قىلغان، ھازارلار بۇنىڭغا ماقۇل بولغان[②]. بۇنىڭدىن باشقا، ھازارلار ئېلىگە ۋە ئۇلارنىڭ پايتەختى — ئىتىل شەھىرى (ۋولگا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىغا جايلاشقان )گىمۇ نۇرغۇن مۇسۇلمان سودىگەرلەر توپلانغاندى .بۇ يەردە سودا مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بىر شەھەرنىڭ بەرپا قىلىنىشى مۇمكىن ئىدى، ئەرەبلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ شەھەر ئۆزى ھېچنېمە ئىشلەپچىقارماي كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ سودا - تىجارەت قىلىدىغان شەھىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ھازار دۆلىتى غەربىي جەنۇبتا داغىستان ئىسلام خەلىپىلىكى بىلەن بىۋاسىتە چېگرىداش ئىدى. بۇ يەرلەر-

① «تارىخىي تەبەرى»، 3 - توم، 328 - بەت.

② ۋولگا بويىدىكى دۆلەتلەر، ھازار ۋە بۇلغارلار بىلەن خارەزىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا تولىستوفنىڭ « قەدىمكى ئىزلارنى بويلاپ» دېگەن كىتابىنىڭ 223 — 265 - بەتلىرىگە قارالسۇن.



دە پات - پاتلا ھەربىي توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇنداق توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن ھازار قاغانلىرى داغىستاندىكى ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختىنى تاشلاپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا يېڭى بىر شەھەر بەرپا قىلدى. ئەرەبلەر كېيىن خۇددى تۈركىستاندىكىگە ئوخشاش، كافكازغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىدىن ۋاز كەچتى، شۇنىڭ بىلەن دەربەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن باشقا، داغىستان يەنىلا ھازارلارنىڭ قولىدا قېلىۋەردى[①]. شەرق تەرەپتە ھازار دۆلىتى بىلەن مۇسۇلمانلار باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر ئىككىلا تەرەپكە تەۋە ئەمەس مەلۇم بوش يەرلەر بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى ئەرەب مەنبەلىرىگە قارىغاندا، خارەزىم قوشۇنلىرى مۇشۇ بوش يەرلەردىن پايدىلىنىپ ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ۋەقەلەرگە قاتناشقان. 10 - ئەسىردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر چوڭراقى رۇسلارنىڭ ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا قىلغان ھۇجۇمى بولدى[②].

رۇسلار ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ھازارلار شەرقىي سلاۋيان زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلغانىدى. رۇس يىلنامىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 9 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە سلاۋيان خەلقلىرىنىڭ بەزىلىرى ھازار خانلىقىغا ئولپان تۆلەپ تۇرغان. ھازارلارنىڭ تەسىرىنىڭ شىمالغا قانچىلىك كېڭەيگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئەھۋالمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: خېلىلا يىراق شىمال تەرەپتە نوۋوگراد شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رۇس كىنەزىنىڭ ئۇنۋانى «قاغان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا رۇسلار، نورمانلار شىۋېت تىلىدا سۆزلىشەتتى، «قا-

① دەربەند توغرىسىدا «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 419 — 430 - بەتلەرگە؛ مىنورىسكىنىڭ «شىرۋان» ۋە «دەربەند» دېگەن ئەمگەكلىرىگە قارالسۇن.

② ۋولگا بويى ۋە كافكازدىكى رۇسلار ۋە ھارازلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا بارتولدنىڭ «رۇسلار ھەققىدە ئەرەبلەرنىڭ يازغانلىرى» دېگەن ئەمگىكىگە، ياكۇبوۋىسكىنىڭ «رۇس ۋە ھازار مۇناسىۋەتلىرى»؛ زاخادېرنىڭ «كاسپىي توپلاملىرى»؛ ئارتامونوفنىڭ «ھازار تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

غان » ئۇنۋانى كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن رۇسلارنىڭ «كىنەز»
دېگەن ئۇنۋانىغا ئالماشقان . بۇ ئۇنۋاننى سلاۋيان خەلقلىرىنىڭ
ھەممىسىلا قوللانغان . «كىنەز» دېگەن ئۇنۋان ئەسلىي گېرمان-
لاردىن كېلىپ چىققان① .

9 - ئەسىردە بالتىق دېڭىزى بىلەن قارا دېڭىز ئارىلىقىدا
رۇسلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت هازار خانلىقىغا قاقشاتقۇچ
زەربە بەردى . رۇسلار ئۆز ھۇجۇملىرىنى ۋولگا دەرياسى بويلاپ
كاسپىي دېڭىزىغىچە كېڭەيتكەن چاغدا ، بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇر-
سىدا توقۇنۇش مۇقەررەر بولۇپ قالدى . كۆپچىلىككە مەلۇم بول-
غىنىدەك بۇ ھۇجۇملار توغرىسىدا رۇس سالنامىلىرى ھېچقانداق
مەلۇمات بەرمەيدۇ ، پەقەت رۇسلارنىڭ كىنەزى سىۋيەتوسلافنىڭ
هازارلارغا قىلغان ئاخىرقى ھۇجۇمى توغرىسىدا بىر نەچچە قۇرلا
خاتىرە ساقلىنىپ قالغان . بىزدىكى رۇسلارنىڭ ھۇجۇملىرى توغ-
رىسىدىكى مەلۇماتلار ئەرەب مەنبەلىرىدىن كەلگەن . ئۇنىڭ ئىچى-
دە بۇ ۋەقەلەرنى ئەڭ تەپسىلىي يازغان ئەرەب ئاپتورى مەسئۇدى-
دۇر . مەسئۇدى مىلادىيە 910 — 915 - يىللار ئارىلىقىدا ،
ئېنىقراقى 913 - يىللىرىدا يۈز بەرگەن 1 - قېتىملىق ھۇجۇم
توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ . رۇسلارنىڭ بۇ قېتىمقى
تالان - تاراج خاراكتېرلىك ھۇجۇمى هازار قاغانىنىڭ رۇخسىتى
بىلەن قىلىنغان . رۇسلار ئىشتىن بۇرۇن هازار قاغانىغا ئۇرۇشتا
قولغا چۈشكەن ئولجىلارنىڭ بىر قىسمىنى بېرىشكە كېلىشكەن .
بىراق كېيىن هازار قاغانى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرىغا
رۇسلار قايتىۋاتقان يولدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا رۇخسەت قىل-
غان . ئۇلار رۇسلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىغان .
بۇ چاغدا ئېتىل بويىدا ياشاۋاتقان خرىستىئان سودىگەرلىرىمۇ

① رۇس ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شۋېتلارنىڭ لادوژىيە (كۆلى) بويلىرىغا كېلىپ ئورۇنلىشىشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ هازىرقى ئەھۋالى خۇسۇسىدا شاشكولىسكىنىڭ «نورمان نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 50 — 54 - ۋە 203 — 206 - بەتلىرىگە قارالسۇن .



مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاتناشقان . چۈنكى ئۇلار سودا -
تىجارىتى ئۈچۈن بۇ خىل تالان - تاراجلاردىن خالىي بولۇشنى
ئارزۇ قىلاتتى .

مۇسۇلمانلارنىڭ خاتىرىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، رۇسلار-
نىڭ مۇسۇلمانلارغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشى 943 - ،
944 - يىللاردا يۈز بەرگەن . بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنىڭ هازارلارنىڭ
رۇخسىتى بىلەن ياكى رۇخسەتسىز قىلىنغانلىقى ۋە ئەينى چاغ-
لاردا كافكاز رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بېردائا (با-
دائا ) شەھىرىنىڭ تالان - تاراج قىلىنىپ ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن-
لىكى شۇنداقلا مۇسۇلمان رايونلىرىدىن باشقا هازارلارغا تەۋە
يەرلەرنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقى ھەققىدىمۇ
ھېچقانداق مەلۇمات يوق① .

سىۋيەتوسلافنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ھۇجۇمى مىلادىيە
965 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، بۇ ھۇجۇم هازارلارغىلا
قارىتىلغانىكەن . ئۇرۇش نەتىجىسىدە هازارلار رۇس ھاكىمىيىتى
تەۋەسىگە ئۆتكەن . رۇسلار ئىگىلىگەن يەرلەر تەركىبىگە داغىس-
تان ۋە خەلپىلىك زېمىنىغا بىۋاستە چېگرىداش جايلارمۇ كىر-
گەن . ئەمما ئۇلار هازار پادىشاھلىقىنىڭ باشقا يەرلىرىگە تەگمى-
گەن ، مۇسۇلمانلار ياشىغان جايلارغىمۇ چېقىلمىغان . بۇ ئۇرۇش-
تىن قېچىپ هازار پادىشاھلىقى تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكەن پۇقرا-
لارنىڭ كەينىدىنمۇ قوغلىمىغان ، باكۇنىڭ يېنىدىكى ئاپشىرۇن
يېرىم ئارىلىغا بېرىپ پاناھلانغان خەلقلەرگىمۇ تېگىش قىلمىغان .
شۇ چاغلاردا كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولغان ئىبن
ھەۋقەل (Ibn hauqal) نىڭ بايانلىرىدىن شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ
بۇ قېتىمقى ھۇجۇم هازار پادىشاھلىقىغا قىلىنغان قاتتىق ھۇجۇم
بولۇپ ، هازارلارنى ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتتى دەپ

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 - توم ، 472 — 473 - بەتلەر ؛ ياكۇبوۋسكى : «ئىبن مىسكەۋەيھ» قاتارلىق ئەمگەكلەرگە قارالسۇن .

قارىغانلىقى ، بۇ يەرلەردىن قېچىپ كەتكەنلەر رۇسلار بىلەن سۆھ-
بەت ئۆتكۈزۈپ ، يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلسەك ، رۇسلارنىڭ ها-
كىمىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋەرسەك دېيىشكەنلىكلىرى مەلۇم بولى-
دۇ[1] . ئىبن ھەۋقەلنىڭ كېيىن رۇسلارنىڭ بۇ بېسىۋالغان يەر-
لىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە بۇ يەردە هازار پادىشاھلىقى-
نىڭ قايتا تىكلەنگەنلىكىدىن خەۋىرى يوقكەن .
بۇ ۋەقەلەرنىڭ جەريانىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنىلا شۇ كىنەز
سىۋيەتوسلاۋنىڭ باشقا يەرلەرگە قىلغان ھۇجۇملىرىغىمۇ نەزەر
تاشلاپ بېقىش كېرەك . نورمانلارنىڭ روسىيىگە ۋە غەربىي ياۋرو-
پاغا قىلغان ھۇجۇملىرى رۇسلار خۇددى غەربىي ياۋروپاغا تاجاۋۇز
قىلغانغا ئوخشاش دەسلەپتە پەقەت بۇ يەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى ، رۇسلارنىڭ دەسلەپ كاسپىي دېڭى-
زىغا يۈرۈش قىلىشىنىڭ خاراكتېرىمۇ خۇددى شۇنداق ئىدى .
بىراق ، كېيىن تالان - تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش
بويسۇندۇرۇش خاراكتېردىكى ئۇرۇشقا ئايلاندى . بۇ ئىستېلاچى-
لىقنىڭ مەقسىتى ئىستېلاچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي تېررىتورى-
يىسىگە بويسۇندۇرۇۋالغان زېمىنلارنى قوشۇۋېلىش بولماستىن ،
مۇنبەت زېمىنلارنى ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئېلىپ ، شۇ
يەرلەردە ئولتۇراقلىشىش ئىدى . سىۋيەتوسلاۋ كېيىن دوناي
دەرياسى بويىدىكى بۇلغارلارنىڭ يەرلىرىگە كەلگەندە ، ئۇ شۇ يەردە
تۇرۇپ قېلىشنى نىيەت قىلغان . چۈنكى شۇ چاغلاردا بۇلغارىيە
ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە روسىيىدىن خېلىلا يۇقىرى
سەۋىيىدە تۇراتتى ۋە ئۇ يەر سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەركىزى
ئىدى . سىۋيەتوسلاۋ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ يۇرتى كىيېۋقا
قايتىش ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى . ئېھتىمال ،
ئېتىل شەھىرىنىڭ سودا جەھەتتىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقى دوناي

[1] «ئىبن ھەۋقەل» ، 286 - بەت .



دەرياسى بويىدىكى بۇلغار شەھىرىدىن قېلىشمىسىمۇ ، سىۋيەتوس-
لاۋقا كېيىنكى شەھەر يېقىپ قالغان بولسا كېرەك . ئۇ بۇ شەھەر-
نى قۇدرەت تاپقان كىنەز ئۈچۈن مەركىزىي شەھەر بولۇشقا باپ
كېلىدىكەن ، دەپ قارىغان . ئەگەردە سىۋيەتوسلاۋ ئېتىل شەھى-
رىدە تۇرۇپ قالسا ، رۇسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىشى ئېنىق ئىدى . سىۋيەتوسلاۋنىڭ هازار ئېلىدىن چېكى-
نىپ چىقىشى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى
ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنىڭ دوناي بۇلغارلىرىغا قارشى كۈرىشىگە
ياردەم قىلىش تەلىپى بىلەن بولغان ئىدى . مۇشۇ مەقسەت بىلەن
سىۋيەتوسلاۋقا ئەۋەتىلگەن ۋىزانتىيە ئەلچىلىرى ئۇنى ئۇ تۇرغان
كىيېۋ شەھىرىدىن ئەمەس ، هازار يېرىدىن تاپقان بولسا كېرەك .
سىۋيەتوسلاۋ بېسىۋالغان هازارلارنىڭ يەرلىرىدىن پەقەت ئۆز
ئىختىيارى بىلەن چېكىنىپ كەتتىمۇ ياكى ۋىزانتىيىنىڭ تەكلىپى
بىلەن يېڭى يەرلەرنى بويسۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەتتىمۇ ياكى
بۇ چېكىنىپ كېتىشكە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى قانداقتۇر بىرەر
ئوڭۇشسىزلىق سەۋەب بولدىمۇ ۋە ياكى قانداقتۇر بىرەر يېڭى
دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش تەھدىتى بىلەن كەتتىمۇ ، بۇلار توغ-
رۇلۇق رۇس مەنبەلىرىدىمۇ ياكى ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدىمۇ ھېچ-
قانداق مەلۇمات يوق . بۇ سوئالغا شۇ چاغلاردا باغدادقا تارقىلىپ
بارغان بىر خەۋەر جاۋاب بېرىشى مۇمكىن . بۇ خەۋەرچە ، 965-
يىلى يەنى ، سىۋيەتوسلاۋ هازارلارغا ھۇجۇم قىلغان يىلى قانداق-
تۇر بىر «تۈركىي خەلق» هازارلارغا ھۇجۇم قىلغانىكەن[1] . شۇ
چاغدا هازارلار خارەزىملىكلەردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ، خارەزىم-
لىكلەر هازارلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى شەرت قى-
لىپ ، بۇ شەرتكە ماقۇل بولسا ، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ،

[1] ئىبن مىسكەۋەيهنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ . بۇ ئەسەردىكى مەزكۇر مەزمۇنلار ئامېدروز ۋە مارگولىسا تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ، 2 - توم ، 209 - بەت . تەرجىمىسى 2 - توم ، 223 - بەت .

هازارلار بۇ شەرتكە ماقۇل بولغان . شۇنىڭ بىلەن خارەزىملىكلەر
ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالغان .

يەنە بىر دەۋرگە ئائىت ئىسلام مەنبەلىرىدە ھازارلارنىڭ
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا باشقا ئىشلارنىڭ سەۋەب بول-
غانلىقى سۆزلىنىدۇ . ئاشۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ئۆرگەنچ
(ھازىرقى ئۆرگەنچ كونا شەھىرى ) شەھىرىدىكى مەئمۇن دېگەن
ئادەم ئۇلار ئۇستىگە جازا يۈرۈشى قىلغانلىقتىن ، ھازارلار ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان . بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇلۇ-
ۋاتقان كىشى ماركۋارت خاتا مۆلچەرلىگەن خەلىپە مەئمۇن بول-
ماستىن ، بەلكى ئۆرگەنچ شەھىرىنىڭ ئەمىرى مەئمۇن ئىبن
مۇھەممەدتۇر[①] .

شەكسىزكى ، ھازارلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى
توغرىسىدىكى بۇ ئىككى مەلۇمات خاتا خەۋەرلەرگە ئاساسلانغان .
چۈنكى ھازارلارنىڭ قاغانى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى مىلادىيە 8 ـ ئە-
سىرنىڭ ئاخىرىدا ، يەنى ھارۇن رەشىد زامانىسىدا قوبۇل قىلغان
ۋە دۆلەت دىنى دەپ ئېتىراپ قىلغان دىن يەھۇدىي دىنى ئىدى .
بۇ ۋەقە يەھۇدىي دىنى تەشۋىقاتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەكس ساداسى
ئىدى . بۇ توغرۇلۇق «ئىنجىل»دا ۋە باشقا قەدىمكى تارىخچىلار-
نىڭ كىتابلىرىدا مەلۇماتلار بار . يەھۇدىي دىنىنىڭ خەلقئارالىق
دىن سۈپىتىدىكى تەشۋىقاتى تەدرىجىي ھالدا ئۆز ئورنىنى خرىستى-
ئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا «بوشىتىپ بەردى» . ئاخىرىدا بۇ
دىن يەھۇدىيلاردىن باشقىلارغا غەيرىي تونۇلىدىغان دىنغا ئايلىنىپ
قالدى . مۇسۇلمانلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ، يەھۇدىي دىنى
پۈتۈن ھازار خەلقىنىڭ دىنى بولماستىن ، پەقەت ھازار ھۆكۈمدا-
رىنىڭلا دىنى بولغان ، ھازار ھۆكۈمىتى يەھۇدىي دىنىنىڭ مەنپە-
ئەتىنى قوللاپ كەلگەن . مىلادىيە 922 ـ يىلى ، مۇسۇلمان

① «شەرقىي ياۋروپا ساياھەت خاتىرىسى» ، 3 ـ بەت .



دۆلەتلىرىنىڭ بىرىدە يەھۇدىيلارنىڭ بىر چىركاۋى بۇزۇۋېتىلگەن-
لىكى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندا ، بۇ ۋەقەگە جاۋابەن ، ئې-
تىل شەھىرىدىكى بىر مەسچىتنىڭ مۇنارى بۇزۇۋېتىلگەن . ئەم-
ما ، ئەرەبلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا ، ئاھالىلەر ئىچىدە يەھۇ-
دىي دىنى تەرەپدارلىرىغا قارىغاندا ، مۇسۇلمانلار ۋە خرىستىئانلار
كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىكەن[①] . شۇڭلاشقا قىرىم يېرىم ئارى-
لىدىكى قارايىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەسىلە ئې-
نىق بولماي كەلمەكتە . ئىبراي تىلىدىكى «قارايىم» ئاتالغۇسى
ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بىر خەلق نامى بولماستىن ، يەھۇدىي دىنىدى-
كى مەزھەپلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ، ئۇلار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى
قارايىملارغا ئوخشاش «تەۋرات» (تالمۇد )نى ئېتىراپ قىلماسلى-
قى بىلەن يەھۇدىي دىنىدىكىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدىن پەرقلىق
بولغان . قارايىملار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ قولىدا
ئىنجىلنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىمۇ بار ، شۇ سەۋەبلىك ، ئۇلارنىڭ
تىللىرىنىڭ ساپلىقى ساقلىنىپ قالغان . قىرىم يېرىم ئارىلىنىڭ
بىر قىسمى ھازارلارغا تەۋە ئىدى . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، مىلادىيە
11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ھازارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى
مۇشۇ يەردە تۇرغان ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسا
كېرەك ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى گىئورگىي دەپ خاتىرىلەنگەن .
ھازارلارنىڭ قارايىملارغىلا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەنبەلەردە
ئېنىق ئىسپات يوق . ھازارلار بىلەن قارايىملارنىڭ ئوخشاش
ئەمەسلىكىنى ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق پاكىتلى-
رىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ھازارلارنىڭ تىلى خۇددى بۇلغارلارنىڭ
تىلىغا ئوخشاش ، باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىغا ئانچە چۈ-
شىنىشلىك ئەمەس ، بۇ تىلنىڭ قالدۇقى بۈگۈنكى چۇۋاش تىلىدا
ساقلىنىپ قالغان . قىرىمدىكى قارايىملارنىڭ تىلى ھەمدە ئۇلار-

① ھازارىيىدىكى دىنىي ئەھۋاللار توغرىسىدا زاخادىرنىڭ «كاسپىي توپلاملىرى» دېگەن
كىتابىنىڭ 145 — 160 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

نىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل»نىڭ قارايىمچە تەرجىمە تىلى كۆپچىلىك تۈركىي خەلقلەر تىلىدىن ئازلا پەرقلىنىدۇ ۋە چۇۋاش تىلى بىلەن ھېچقانداق يېقىنچىلىقى يوق[1] . بۇنداق ئەھۋالدا ، يەھۇدىي دىنى ۋە قارايىملارنىڭ تۈركىي تىلى قاتارلىق پاكىتلار ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھازارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاشقا يېتەرلىك ئەمەس .

شۇنداق قىلىپ ، ئىسلام دىنى ھازار ئىمپېرىيىسىدە دۆلەت دىنىغا ئايلىنالمىدى . خارەزىملىكلەرنىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، خارەزىملىكلەرنىڭ ھازارلارنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم قىلىشقا سەۋەبلىرى كۆپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھازار قاغانلىقىدا ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان خارەزىملىكلەرنىڭ تاللانغان ئەسكەرلىرى بار ئىدى . بۇ ئەسكەرلەر رۇسلار ھازار قاغانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغىنىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر زىيانمۇ تارتقانىدى . دېمەك ، بۇنىڭدىن شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى ، سىۋىيە توسلافنىڭ ھازار يەرلىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشىگە ، ھېچبولمىغاندا قىسمەن بولسىمۇ خارەزىملىكلەرنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلىرى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك .

ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇلغارلار خارەزىم دۆلىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولغان ھازارلارغا قارىغاندا ، قويۇقراق مۇناسىۋەتتە ئىدى . مۇسۇلمان مەنبەلىرى بۇ توغرۇلۇق ئازراق مەلۇمات بېرىدۇ . ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بۇلغارلارنىڭ مىلادىيە 921 ـ يىلى خەلىپە مۇقتەدىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ، ھەربىي ئىشلارغا پىششىق ئادەملەرنى كېلىپ ۋولگا بۇلغارلىرى ئۈچۈن سېپىل ـ قورغانلار سېلىپ بېرىشنى ، يەنە شۇنىڭدەك ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل بىلىدىغان

① قارايىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تىلى ھەققىدە باسكاكوفنىڭ «كىرىش سۆز» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 233 — 235 ـ بەتلىرىگە ، پرىتساكنىڭ «قارايىملار» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .



ئۆلىمالارنىڭ كېلىپ يېڭى دىنىنى — ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا تەلىم ـ تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىرى بايان قىلىنغان . باغداد خەلىپىسى ئۇلارغا جاۋابەن بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن . بۇ ئۆمەك ئىچىدە ئىبىن فەزلانمۇ بار ئىدى . ئۇ بۇ ئۆمەكنىڭ ساياھەت جەريانى ھەققىدە بىر ئەسەر يازغان . ئۆمەك باغدادتىن چىقىپ بۇلغارلارغا كەلگەن ، قايتىشتا ھازارلار ئېلى ئارقىلىق قايتقان . كېيىنكى چاغلاردا ئىبىن فەزلاننىڭ ئەسىرىنىڭ بەزى پارچىلىرى بىزگە مەلۇم بولدى . 13 ـ ئەسىردە ياشىغان جۇغراپىيە ئالىمى ياقۇت بۇ ئەسەرنىڭ بەزى پارچىلىرىدىن پايدىلانغان ، بىزگە مەلۇم بولغىنى ئەنە شۇ پارچىلىرىدۇر . تېخى يېقىندىلا ئىبىن فەزلاننىڭ ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسى تېپىلدى . بۇ ئەسەر ياقۇت پايدىلانغان مەتىن مەزمۇنى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش (پەقەت ئاخىرقى بېتىلا يوقىلىپ كەتكەن)[1] .

روشەنكى ، ئىبىن فەزلانغا بۇلغارلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ئەركان ـ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنىدى . ئۇ ئەلچىلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىپىلىرىگە ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن . «سۇلتان» ، يەنى باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەلچىسى باشقا ئادەم ئىدى . ئىبىن فەزلاننىڭ ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان مەلۇماتلىرىدا ، باغداد ئەلچىسىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى قانداق ئۆتىگەنلىكى ، بۇلغارلار تەلەپ قىلغان سېپىل ـ قەلئەلەرنىڭ ياسالغان ـ ياسالمىغانلىقى ھەمدە بۇلغارلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن دەسلەپتە قانداق تونۇشقانلىقى قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ يوق . بۇ مەسىلىلەرگە پەقەت ئەلچىلەرنىڭ كېزىپ ئۆتكەن يوللىرىدىنلا بەزى جاۋابلارنى تاپقىلى بولىدۇ . ئەلچىلەر ئۆمىكى باغدادتىن چىقىپ بۇخاراغا كەلگەن . ئۇ يەردىن خارەزىمگە ، خارەزىمدىن چىققاندىن كېيىن بۇلغارلارغا كەلگەن . ئۆمەكنىڭ مۇ-

① ۋەلىدوف ۋە مىشخادىسكايالارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىگە قارالسۇن .

شۇنداق يوللارنى تاللىشى بۇلغارلارنىڭ خارەزىم ۋە سامانىيلارغا قاراشلىق يەرلەر ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرالىغانلىقى ئۈچۈنلا بولسا كېرەك. باغدادتىن چىقىپ ۋولگا دەرياسى بويىغا كېلىش ئۈچۈن كافكاز ئارقىلىق يۈرگەندە مۇساپە كۆپ يېقىن بولغان بولاتتى. بۇلغارلار بىلەن خارەزىملىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەت بەك يېقىن ئىدى. بۇ يېقىنلىقنى رۇس سالنامىچىلىرى بۇ ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدا يېقىن قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. سامانىيلار دۆلىتىنىڭ بۇلغارلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مىلادىيە 10 - ئەسىردە قۇيۇلغان مۇسۇلمان بۇلغارلارنىڭ تەڭگىلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنداق بىر دەۋر بولدىكى، سامانىيلار باغداد تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان يېڭى خەلىپە (مۇتىئى)نى ئېتىراپ قىلمىدى ۋە تەڭگىلەرنى بۇرۇنقى خەلىپە مۇستەكپىنىڭ نامىدا قۇيدۇردى. بىز ئاشۇ يىللاردا بۇلغارلار ئېلىدە قۇيۇلغان تەڭگىلەردىمۇ مۇشۇ ئىسمىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

خارەزىملىكلەر بىلەن بۇلغارلار ئوتتۇرىسىدا تىنچ بېرىش - كېلىش مۇناسىۋەتلىرىدىن باشقا، ھەربىي توقۇنۇشلار يۈز بەرگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال[1]. خارەزىملىكلەرنىڭ «سلاۋيان»لارغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەربىي ھۇجۇملىرى توغرىلىقمۇ مەلۇماتلار بار. بۇ يەردە گەپ ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدە ياشىغان ھەقىقىي سلاۋيانلار ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ناتايىن. ئىبن فەزلان ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بۇلغارلارنىڭ ھۆكۈمرانىنى سلاۋيانلارنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ يازىدۇ[2]. بۇرۇن بۇ ئىبارىنى ياقۇتنىڭ سەۋەنلىكى بولسا كېرەك، دەپ چۈشىنىشكە بولاتتى، ئەمما ھازىر بۇ ئىبارە ئىبن فەزلاننىڭ ئەسىرىدىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەھۋاللارغا قا-

① «ئىبن ھەۋقەل»، 231 - بەت.
② ۋەلىدوف: «ئەرەب جۇغراپىيە مەجمۇئەسى»، 2 - توم، 244 - بەت.



رىغاندا، ۋولگا بۇلغارلىرى بىلەن دوناي بۇلغارلىرى تۈرك - چۇۋاش تائىپىلىرىنىڭ سلاۋيانلار بىلەن بولغان ئارىلاشمىسىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كېيىنچە دوناي بۇلغارلىرى ئىچىدە سلاۋيان تىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان؛ ۋولگا بۇلغارلىرىدا بولسا، تۈرك - چۇۋاش تىلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان.

خارەزىملىكلەرنىڭ ھازارلارغا قىلغان ياردىمى ھازارلارنى ئازلا ۋاقىت رۇسلارنىڭ بالاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان بولسىمۇ، ھازارلار دۆلىتى ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك يېڭى بىر ھاياتقا سەۋەبچى بولالمىغان. مىلادىيە 11 - ئەسىردىن كېيىن، ھازارلارنىڭ نامى خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدىغان بولدى. 13 - ئەسىردە ھازارلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان موڭغۇللار بۇ يەرلەردە ھازارلارنى ئۇچرىتالمىغان[1]. ئىككىنچى بىر تەرەپتىن قارىغاندا، رۇسلارنىڭ ھازار پادىشاھلىقىنىڭ تارمار قىلىنغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن پايدىسى بۇلغارلارنىڭكىدىن كۆپ ئاز بولغان. ئىبن ھەۋقەلنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، رۇسلار ھازار پادىشاھلىقىنى تارمار قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇلغارلار دۆلىتىنىمۇ تارمار قىلغان. ئەمما رۇس سالناملىرىدا بۇنداق گەپلەر يوق. كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىبن ھەۋقەل بەرگەن بۇ مەلۇماتلارغا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى 11 — 13 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا بۇلغارلار «ئۇلۇغ ئۈستيۇگ»تىن تاكى ساراتوف شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە ۋە مۇروم شەھىرىدىن ئۇفا ئۆلكىسىگىچە بولغان ناھايىتى كەڭرى يەرلەرنى ئىگىلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇلغارلار يەرلىرىمۇ رۇسلارنىڭكىگە ئوخشاش، بىر - بىرىگە بويسۇنمايدىغان بىر پارچىلىنىش

① مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ھازارلار ئۈستىدە توختالمايدۇ.

جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسا كېرەك . ئىبن فەزلان
بۇلغارلارنىڭ بىر ئالىي ھۆكۈمرانى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇ
ھۆكۈمرانىنىڭ «خان» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ، ھا-
زار ھۆكۈمرانىنىڭ «خان» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى
تىلغا ئالىدۇ . كېيىنرەك رۇس سالنامىچىلىرى بۇلغارلارنىڭ
كىنەزلىرى (بەگلىرى ) ئۈستىدە كۆپ توختىلىدۇ ، بۇنىڭدىن بۇ
كىنەزلەرنىڭ خېلىلا ساندا بولغانلىقى مەلۇم . يەنە بىر جەھەت-
تىن ، 13 ـ ئەسىردىكى بۇلغار خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى 10 ـ
ئەسىردىكىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان . ئەرەب جۇغراپىيە ئالىم-
لىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا ، 10 ـ ئەسىردە بۇلغار
شەھىرى (شۇ چاغدىكى بۇلغارلارنىڭ مەركىزىي شەھىرى —
ۋولگا شەھىرى ) ۋە بۇ شەھەردىن 50 چاقىرىم يىراقلىقتىكى
سۇۋار شەھىرى (ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇ نام بۇرۇن قەبىلە نامى
بولغان بولسا كېرەك ) ، ئەمەلىيەتتە ، كۆچمەن خەلقلەرنىڭ قا-
رارگاھى بولغان . بۇ شەھەرلەردە سېلىنغان ئۆيلەرمۇ ، چېدىرلار-
مۇ بولغان ؛ يازدا كۆچمەنلەر بۇ يەرلەردىن كۆچۈپ كېتەتتى .
بۇلغار شەھىرى موڭغۇللار دەۋرىدە تاشتىن ياسالغان پۇختا شەھەر
بولغانىكەن (بۇنى بۇ شەھەرنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان
خارابىلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ) . بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى 50
مىڭدىن كەم ئەمەسكەن . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە بۇلغار ئېلىدىن
ئوۋ مەھسۇلاتلىرىدىن ئېسىل مويلار ۋە ھەسەل مەھسۇلاتلىرى
سىرتقا چىقىرىلىپ تۇرغان . كېيىنچىرەك بۇلغارلاردا كۆن -
خۇرۇم مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بەك تەرەققىي قىلغان ،
كېيىن رۇسلار بۇلغارلاردىن ئۆتۈك تىكىش ، كۆن - خۇرۇم
ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن . بۇلغار ئۆتۈكلىرى مۇ-
سۇلمان ئەللىرىگە كۆپلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلات بولغان ۋە
بۇ خىل ئۆتۈكلەرگە ئەرەب ئەللىرىنىڭ ئېھتىياجى بەك كۈچلۈك
بولغان . يېزا ئىگىلىكىمۇ خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان .



رۇسلار ھوسۇل ئالالمىغان يىللاردا بۇلغار دۆلىتىدىن بۇغداي
كىرگۈزگەن . رۇسلار بىلەن بولغان ھەربىي توقۇنۇشلاردا تەلەيگە
قاراپ بىردە ئۇ ، بىردە بۇ يېڭىپ تۇرغان . رۇسلارنىڭ ۋولگا
دەرياسى ئېقىنىنى بويلاپ سىلجىشىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا
بولغان . پەقەت 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، موڭغۇللار بۇ يەرلەرگە
ھۇجۇم قىلىشتىن سەل ئىلگىرىلا ، ئاندىن ئۇلار ئوكا دەرياسى
(ئاق ئېدىل دەرياسى )نىڭ ۋولگا دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغىچە
بولغان يەرلەرگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ يەردە «نىژنى نوۋوگ-
راد» (تۆۋەنكى يېڭى شەھەر — تەرجىماندىن ) دېگەن شەھەرنى
بەرپا قىلغان . باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا ، بۇ يەردىكى بۇلغار-
لارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرى ھەق-
قىدە ھېچ مەلۇمات يوق . ئۇلارنىڭ ئەينى يىللاردا ئۆز تىللىرىدا
ياراتقان ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرمۇ تېپىلمىدى . گەرچە ئۇلار-
نىڭ ئۆز تىلىدا ئەرەب يېزىقىدا يازغان يادىكارلىقلىرى تېپىلغان
بولسىمۇ ، ئۇ يادىكارلىقلار موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقى دەۋ-
رىگە ، يەنى 14 ـ ئەسىرگە مەنسۇپتۇر[1] . كېيىن ئارىدىن ئۇزۇن
ئۆتمەي ، بۇرۇنقى بۇلغارلار ئېلىدە تۈركىي تىل ھۆكۈمران ئو-
رۇنغا چىقتى ، بۇ تىل ئالتۇن ئوردا خانلىقى دائىرىسىدە تېخىمۇ
مۇقىملاشتى . بۇرۇنقى بۇلغار تىلى ھازىرقى چۇۋاش تىلىدا ساق-
لىنىپ قالدى ، چۇۋاشلار ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇلغار تائىپەسى-
نىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى ئاز ئۇچرىغان
قىسمىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك . بۇ چۇۋاشلار ئىسلام
دىنىدىن تامامەن خەۋەرسىز ، ئەرەب ئېلىپبەسىنىمۇ بىلمەيدۇ ھەم
رۇس ئېلىپبەسىنى قوبۇل قىلغۇچە ھېچقانداق يېزىقىمۇ ئىگە
بولماي كەلگەن[2] .

[1] يۈسۈپوفنىڭ «كىرىش سۆز» ناملىق ئەمگىكىگە قارالسۇن .
[2] قەدىمكى بۇلغار تىلى ۋە بۇ تىلنىڭ چۇۋاش تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە باسكاكوفنىڭ «كىرىش سۆز»نىڭ 192 — 200 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

ئىبن فەزلاننىڭ بىزگە مەلۇم بولغان سەپەر يولى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى، بەزىدە مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىن خېلىلا يىراق ئەللەرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنراق قوشنىلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئۆتكەن. ئىبن فەزلاننىڭ كۆزىگە، خارەزىم بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بۇلغارلارغا مەنسۇپ يەرلەر ئارىلىقىدا ھېلىغىچە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرغان تۈركلەر چېلىققان. بۇ تۈركلەر جەڭدە قۇربان بولغان جەڭچىلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە تاش تىكلەپ قويىدىكەن، ئۇنىڭ سانى مەرھۇم جەڭچىنىڭ ھايات چېغىدا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ سانىغا باراۋەر بولىدىكەن[1].

بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىردەك بولمىغان. بۇ خەلقلەر ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان ئۇرۇش قورالى بولمىغان، ھەتتا ئوقيا ئوقىنىڭ ئۇچىنى تېخىچە ئۇستىخاندىن ياسايدىغانلارنىڭ بارلىقىمۇ سۆزلىنىدۇ[2]. بۇلغارلارنىڭ مىسالى شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرىراق خەلقلەرگە بالدۇرراق ئۆتكەن[3]. ياقۇتنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر بايانىدا خەلىپە ھىشام (724 — 743) تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرغانلىقى ئېيتىلغان (ئەپسۇسكى، بۇ ئەلچىلەرنىڭ ماڭغان يولى ۋە قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يېرىگە بارغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن، ئەلچىلەرنىڭ باسقان مۇساپىسىمۇ كۆرسىتىلمىگەن). قاغان ئەلچىلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى نامايىش قىلىپ كۆرسىتىپ بولۇپ، ئەلچىلەرگە: «مانا مۇشۇنداق بىرەر-

[1] ۋەلىدوۋ، مىشخادىسكايالارنىڭ قولىيازمىسى، 45 ـ بەت.
[2] ياقۇبىنىڭ «كىتابۇل بۇلدان» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ توم، 295 ـ بېتىگە قارالسۇن، (11).
[3] ياقۇتنىڭ ئاخباراتى، ھازىر ئېنىقلىنىشىچە، ئىبنۇل فەقىھتىن ئېلىنغان ئىكەن. بۇ ھەقتە ۋەلىدوۋ ۋە مىشخادىسكايانىڭ قولىيازمىسىنىڭ 241 ـ بېتىگە قارالسۇن.



سىنىڭمۇ ھۈنىرى ساتىراش، تېۋىپ، تۆمۈرچى، كىيىم تىككۈچىمۇ بولمىغان خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا ۋە ئۇنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئىجرا قىلسا، ئۇلار كۈندىلىك ھاياتىغا لازىم نەرسىلەرنى نەدىن تاپسۇن» دېگەنىكەن[1].

ئەھۋاللارغا قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، تۈركلەر غازات ئۇرۇشلىرىغا بېرىلسە ۋە بۇنداق ئۇرۇشلاردا قۇربان بولسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كىرىپ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىدۇ، دېگەن ئەقىدىگە ناھايىتى قىزىقىدۇ، دەيدىغان پەرەزلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسى بولمىسا كېرەك. مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسۇن ياكى تاشقى قىسمىدا بولسۇن، شەخسلەرنىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ، يەنى تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسلام دىنىدىكى سوپىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەشھۇر سوپىلارنىڭ تەرجىمىھالىدا، ئادەتتە ئۇلارنىڭ بۇرۇن دىنغا ئىشەنمەيدىغان (ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان — تەرجىماندىن) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلىكى ھەققىدە بايانلار بار. بۇ سوپىلار ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يايلاقلارنى ئارىلاپ تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا زور ئۇتۇق قازانغان. ئۇلارنىڭ دىن تەشۋىقاتى كىتابقا قاراپ دىن تەرغىب قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئوڭۇشلۇق بولغان. تەرغىباتچى سوپىلار يايلاقلارنى ئارىلىغاندا غازات ۋە جەننەتنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرى ئۈستىدە گەپ ـ سۆز قىلماي، بەلكى گۇناھلار ۋە گۇناھلار ئۈچۈن دوزاختا بېرىلىدىغان ئازابلار ھەققىدە توختالغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئافرىقىغا بارغان ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر-

[1] تەپسىلاتى ھەققىدە ماركۋارتنىڭ «خاتىرە» ناملىق ئەمگىكىنىڭ 290 ـ، 291 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

نىڭ ھەممىسى ئوخشاش ھالدا، ئەمما بىر ـ بىرىدىن مۇستەقىل ھالدا مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرغا كەلگەن، يەنى، دوزاختا مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقاتلار ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ھەممىدىن كۆپ سەۋەب بولىدىكەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى تۈركلەرگە ھېچقانداق يېڭى نەرسە بېرەلمىگەن. چۈنكى تۈركلەر بۇرۇن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنى تەشۋىقاتچىلىرىدىن بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى بۇرۇن شۇ يۇقىرىقى دىنلارنىڭ بىرەرسىدىنلا خەۋىرى بولغانلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

باشقا بىر مۇنچە دىنلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى مەدەنىي ئەللەر ئىچىدە ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىدۇر، ئەلۋەتتە. كۆچمەن خەلقلەر مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىغا، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. ئومۇمەن، مەدەنىي خەلقلەر بىلەن كۆچمەن خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا سودا ـ تىجارەت بولۇپ تۇرىدىغان ھەممىلا يەرلەردە (جۇڭگودا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا، كېيىنچە روسىيەدە) كۆچمەنلەرنىڭ ھەممىدىن كۆپ ئېھتىياجى ئالدى بىلەن توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى — رەختلەرگە چۈشتى. كۆچمەن خەلقلەر بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان سودا، ئولتۇراق ئاھالىلەرگە — مەدەنىي خەلقلەرگە پايدىلىق ئىدى. ئولتۇراق ئاھالىلەر كۆچمەن خەلقلەرنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا، بولۇپمۇ گۆشكە بەك ئېھتىياجلىق ئىدى. گۆشنى باشقا ئورۇنلاردىن ئالغانغا قارىغاندا، كۆچمەن خەلقلەردىن ئەرزان ئالاتتى. سودا ـ تىجارەتكە ھەممىدىن كۆپرەك كۆچمەن خەلقنىڭ ئېھتىياجى چۈشەتتى. سودا ـ تىجارەتچىلەر يايلاقلارغا كېلىشتىن



بۇرۇن كۆچمەنلەر كېلەتتى. كۆچمەنلەر، ئومۇمەن، ئۆزلىرىنىڭ چارۋىلىرىنى مەدەنىي ئەللەرنىڭ چېگرىسى ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەرگە ھەيدەپ كېلەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ چېگرىلىرىدا كۆچمەنلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سودا بەك چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خارەزىمدە مەخسۇس يايلاقلارغا ئېلىپ بېرىشقا رەختلەر توقۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ كۆچمەنلەر تاۋار ماللار بىلەن، ئومۇمەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە قارىغاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىدى. كۆچمەنلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسلام مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىش ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىنى شەرت قىلدى.

ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا قارىغاندا، ئۆزى تارقالغان خەلقلەر ئىچىدە، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، قۇدرەتلىكرەك كۈچ پەيدا قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە چوڭقۇر تارقىلىشى بىلەن مانا شۇ كۈچ مەيدانغا كەلگەن. گەرچە ئىسلام دىنىغا ئەگەشكۈچىلەر سان جەھەتتىن بۇددىستلار ۋە خرىستىئانلاردەك كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ھازىر شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى بىر دۇنياۋى دىن بولۇپ قالدى، يەنى مەزكۇر دىن كېلىپ چىقىشى، تارقىلىشى بىر بولغان خەلقلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى ياكى بىرخىل مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئاھالىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. باشقا دىنلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەزىدە ئىسلام دىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىغاندا چوڭراق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ نەتىجىلەر مۇستەھكەم بولمىدى، يەنى ۋاقىتىنچىلا بولدى. مانى دىنى بىر چاغلاردا بىر خىل دۇنياۋى دىن دەپ قارالغانىدى، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىن تاكى جۇڭگوغىچە تارقالغانىدى، ئەمما بۇ ئەھۋال كېيىن بۇ دىنىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىدى. بۇددىزم دەسلەپتە ئۆزىنىڭ دۇنياۋى پائالىيىتىنى غەرب تەرەپكە كەڭ

تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن باشلىغانىدى . ئەمما پەقەت شەرقىي ئاسىيا مەدەنىي دۇنياسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى . خرىستىئان دىنى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنى بۇ خەلقلەر ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلىرىگە ئىگە بولغانىدى . كېيىن خرىستىئان دىنىنى موڭغۇلىيىنىڭ غەربى ، شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى خەلقلەر قوبۇل قىلغانىدى . بىراق بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر پەقەت ۋاقىتلىقلا بولۇپ قالدى . بۈگۈنكى كۈندە بولسا ، خرىستىئان دىنى ، ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنىڭ دىنى بولۇپ قالدى . ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى يەرلەردە ياشىغۇچى خرىستىئانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياۋروپادىكى خرىستىئانلارغا سېلىشتۇرغاندا ۋە ئۇلارنىڭ نوپۇسى شۇنداقلا مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق دېيەرلىك . ئىسلام دىنى ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئالدىنقى ئاسىيا مەدەنىي دۇنياسىنىڭ دىنىدۇر . ئەمما بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي ئاسىيادىكى ، بولۇپمۇ ھىندىستان ۋە زوند ئاراللىرى (ھازىرقى ھىندونېزىيە — تەرجىماندىن )دىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئالدىنقى ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىدىن جىقتۇر . جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىلىدىكى دىنىي ئەسەرلىرى بار ، ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر خىل مۇستەقىل كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن ، سىرتنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئەمەس . خرىستىئان دىنىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋلىرىنى سېلىپ ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشى ئانچە نەتىجىلىك بولمىدى . ئافرىقىدىكى خرىستىئان دىنىمۇ ئافرىقىدا ئىسلامىيەت روياپقا چىقارغاندەك بىرەر تىلغا ئالغۇدەك ئىش قىلالمىدى . ئافرىقا خەلقلىرى ئىچىدە ، ئۆزلىرىنىڭ خرىستىئان چېركاۋى بار دەپ كۆرسىتىلىدىغان بىردىنبىر ئافرىقىلىق خەلق ـ ھەبەشىستانلىقلار ئىچىدىمۇ 19 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولغان . ئومۇمەن ئالغاندا ، تارىختىن شۇنىسى مەلۇم-



كى ، بۇرۇن بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان نۇرغۇنلىغان خەلقلەر كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ، ئەمما ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، كېيىن ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىپ بۇددا دىنىنى ياكى خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان بىرمۇ خەلق بولمىغان .

تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان خەلق ۋولگا بۇلغارلىرىدۇر . ئىسلامىيەتنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئىككىنچى چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى ، ۋولگا بۇلغارلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، باغدادقا ئەلچى ئەۋەتىشىدىن 40 يىل كېيىن ، 200 مىڭ چېدىر (ئۆيلۈك ـ ئائىلە — تەرجىماندىن ) تۈركىي خەلقنىڭ بىردىنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر . ئەپسۇسكى ، مۇشۇنداق زور ۋەقە توغرىسىدىكى مەلۇمات پەقەت باغدادتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىلا ساقلىنىپ قالغان[1] . سامانىيلار دۆلىتىدە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ ، ئەرەب ، پارس ، جۇغراپىيە ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەردىمۇ بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە ئۇچرىمايدۇ . مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلاردا ئېنىقسىزلىق بەك كۆپ . ئۇ كىتابلار ئۇ دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ناملىرىنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ، ئۇ خەلقلەرنىڭ قەيەرلەردە ياشىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىمايدۇ . پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلىرىدىنلا ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسىلەرنى ئۇقالايمىز . بۇ رىۋايەتلەر ھەققىدىكى ئەڭ بالدۇرقى مەلۇمات 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان[2] . بۇ ئەسەردە 11 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن بىر ئەسەر تىلغا ئېلىنغان : شۇ چاغدا ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ تۈركىي

① ئىبن مىسكەۋەيھنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ .

② جامال قارشىنىڭ يازغانلىرىغا قارالسۇن . بارتولد بۇ تېكىستنى «تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ قىسىم 130 ـ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلىرىدە كەلتۈرىدۇ .

خەلقلىرى ئىچىدە باش بولۇپ قوبۇل قىلغان ساتۇق بۇغراخان
ئابدۇلكېرىمدۇر[1] ، دېگەن مەلۇمات بېرىلگەن . بۇ خان ، سۇلتان
ساتۇق بۇغراخان بولۇپ ، ئۇ تەخمىنەن 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
سامانىيلار دۆلىتىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا (ماۋەرائۇننەھىر )نى بوي-
سۇندۇرۇپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى تۈرك — مۇسۇلمان دۆلىتى-
نىڭ ئاساسىنى سالغان ئادەمدۇر .

بۇغراخان (سۇلتان ساتۇق بۇغراخان — تەرجىماندىن ) ۋە
ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا دائىر بايانلارنىڭ يۇقى-
رىدا زىكرى قىلىنغان ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسىمۇ ئەپسانىۋى خا-
راكتېرگە ئىگە . هازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان «تەزكى-
رەئىي بۇغراخان »نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرى تېخىمۇ ئەپسانىۋى
ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

تارىخىي مەنبەلەر ۋە جۇغراپىيىگە ئائىت ماتېرىياللار بۇغرا-
خانلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى قايسى تائىپىگە مەنسۇپ
ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ بىزلەرگە ئېنىق مەلۇمات بەرمەيدۇ . پرو-
فېسسور گرىگورىيېفتىن باشلاپ مەزكۇر سۇلالىنى رۇس تارىخ
پېنىدە «قاراخانىيلار » دەپ ئاتاپ كەلمەكتىمىز . بۇ نام شۇ بۇغ-
راخاننىڭ ئىككىنچى ئۇنۋانىدىن كېلىپ چىققاندۇر . غەرب تارىخ
پېنىدە تولاراق «ئىلىكخانلار » دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ . بۇ
نام ئانچە جايىغا چۈشمىگەن . چۈنكى «ئىلىك » ئۇنۋانى «خان »
دېگەن ئۇنۋان بىلەن دائىم بىللە كېلىۋەرمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ،
بۇ سۇلالىدىن چىققان خانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىنى «ئىلىك »
دەپ ئاتىمىغان[2] .

قاراخانىيلار خانلىقى قاچان مەيدانغا كەلگەن ؟ بۇ سۇلالىنىڭ
مەيدانغا كېلىشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت ـ پائالى-

[1] ئورىگىنالدا خاتا هالدا ئابدۇل مەلىك دەپ يېزىلىپ قالغان ئىكەن . بۇنى بارتولدنىڭ «تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 254 ـ بېتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ .
[2] بارتولد : «ئىلىكخان» ، «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 519 — 520ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .



يەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ؟ خانلار ئەسلىي قايسى قەبىلە —
تائىپىگە مەنسۇپ ؟ بۇ مەسىلىلەر ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئە-
سىرى تېپىلغان ۋە ئۇ نەشر قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئېنىق
بولماي تۇرماقتا . مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار خانلىقى ئاللىقا-
چان تىكلىنىپ بولغان ۋە ھاكىمىيىتىنى يۇرگۈزۈپ تۇرغان مەز-
گىلدە قەلەم تەۋرەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدا بۇرۇنقى مەسىلى-
لەر توغرىسىدا بەك ئاز توختالغان . ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىگە
ئائىت ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ، ھەتتا مىلادىيە 960 ـ يىلىدىن كېيىن
يېزىلغانلىرىمۇ سامانىيلارنىڭ چېگرىلىرىدا تۈركىي خەلقلەر تەش-
كىل قىلغان مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ بارلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقاندا-
داق مەلۇمات بەرمەيدۇ . ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرى كىتابىي مەلۇمات-
لاردىنلا ئېلىنغان ، يەنە كېلىپ بۇ مەلۇماتلار خېلىلا بۇرۇنقى
دەۋرىدىكى كونا مەلۇماتلاردىن ئىبارەت ئىدى . 9 ـ ۋە 10 ـ
ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئىشلىگەن ئاددىي
سخېمىسىغا ئاساسلانغاندا ، ئوغۇزلار ئىگىلىگەن يەرلەر بىلەن
توغۇز غۇزلار ئىگىلىگەن يەرلەرنىڭ ئارىلىقىدا قارلۇقلار[1] ياشى-
غان ئىكەن . بىزگە پارس تىلىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ئەسەر
يېتىپ كەلدى ، ئۇنىڭ بىرسى 1892 ـ يىلى بۇخارادىن تېپىلغان
قولىيازما . بۇ قولىيازما ئۇنى تاپقان ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن «تۇما-
نىسكى قولىيازمىسى » دەپ ئاتىلىدۇ[2] .قولىيازما ھىجرىيە 372 ـ
يىلى ، مىلادىيە 982 — 983 ـ يىللىرى يېزىلغان جۇغراپىيە ئەسى-
رى بولۇپ ، ئاپتورنىڭ ئىسمى نامەلۇم . ئىككىنچىسى ، گەردىزى-
نىڭ تارىخىي ئەسىرى بولۇپ ، 11 ـ ئەسىردە — 1040 ـ يىلىدىن
كېيىن يېزىلغان[3] . بۇ مەلۇماتلار 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرى-
نىڭ بۇرۇنقى سخېمىلىرىدىن خېلىلا كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت بولسىمۇ ،

[1] «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى» ، 2 ـ توم ، 11 — 14 ـ بەتلەر .
[2] «ھۇدۇدۇلئالەم »گە قارالسۇن .
[3] بارتولد ، گەردىزى ، 137.S

ئەمما شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى يەنىلا ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ
مەلۇماتلار، قارىغاندا، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرگە ئائىت بولسا كېرەك،
چۈنكى بۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىمۇ، مەھمۇد كاشغەري كۆرسىتىپ
ئۆتكەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ
ئۆزئارا بىردەكلىككە كەلتۈرمەك بەك تەس.

تۇمانىسكى قولىيازمىسىدىمۇ ۋە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىمۇ 10 ـ ئە-
سىردىكى ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى قارلۇقلار ياشىغان، دەپ
كۆرسەتكەن يەرلەرنىڭ بىر قىسمىدا ياغمىلارنىڭ ياشىغانلىقى
قەيت قىلىنغان. ياغمىلار بولسا توغۇز غۇزلاردىن كېلىپ چىققان
خەلقتۇر. ياغمىلار پۈتكۈل قەشقەرىيىنى ۋە نارىننىڭ جەنۇبىدىكى
يەتتەسۇنى ئىگىلەپ تۇرغان. ئەگەردە ياغما خەلقىنىڭ بۇ يەرلەرگە
ئورۇنلىشىشى ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ بۇ يەرلەر توغرۇ-
لۇق يازغانلىرىدىن كېيىن بولغان ئىدى دېيىلسە، ياكى بۇ توغۇز
غۇزلار شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن خەلقلەر ئىدى دېيىلسە، ئۇ
چاغدا جاھىزنىڭ ئېيتقانلىرى ئىنكار قىلىنغان بولاتتى. جاھى-
زى بولسا، توغۇز غۇزلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن،
ئۇلار قارلۇقلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا، كۈچ سېلىشتۇر-
مىسى جەھەتتىن قارلۇقلار بېسىپ چۈشتى دېگەنىكەن[1]. قاراخانىيلار
خانلىقى قەشقەر بىلەن بەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. قەشقەر
خان ۋە خان ئوردىسى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. بۇ يەر يەنە «ئوردۇ
كەنت» دەپ ئاتالغان، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا: ئوردا جاي-
لاشقان شەھەر، دېمەكتۇر. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىيمۇ توختى-
لىپ ئۆتىدۇ[2]. بۇنىڭدىن تەبىئىي شۇنداق بىر پەرەز ئوتتۇرىغا
چىقىدۇكى، قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان خەلق، قاراخانىيلار سۇ-
لالىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا،
قاراخانىيلار خانلىقى ياغمىلاردىن كېلىپ چىققان. ياغمىلار بول-

① ماركۋارت: «شەرقىي ياۋروپا ساياھەت خاتىرىسى»، 1903 ـ يىل، 91 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 288 ـ بەت.



سا، توغۇز غۇزلارنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقىدۇر.
مەھمۇد كاشغەري بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالمايدۇ. مەھمۇد
كاشغەري «ياغما» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بىر خەلقنىڭ نامى ئىكەنلى-
كىنى ۋە بۇ خەلقنىڭ مەھمۇد كاشغەري ياشىغان دەۋرلەردە ئىلى
دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان خەلق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.
مەھمۇد كاشغەري يەنە ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا تۇخسى ۋە چىگىل-
دىن ئىبارەت بەزى خەلقلەر جايلاشقان، دەپ كۆرسىتىدۇ[1].
تۇمانىسكى قولىيازمىسى ۋە گەردىزىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا،
تۇخسىلار ۋە چىگىللەر ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىرەك ياشىغان
ئىكەن. پارس ئاپتورلىرى بولسا، تۇخسىلارنى چۇ دەرياسىنىڭ
شىمالىي تەرىپىگە؛ چىگىللەرنى بولسا، ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىي
قىرغىقىغا جايلاشقان، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنتۇ-
لۇپ كەتكەن «چىگىل» نامى 11 ـ ئەسىردە خېلىلا نۇرغۇن
تۈركىي خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خەلق سۈپىتىدە كۆر-
سىتىلىدۇ. سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قىلغان ھۇ-
جۇملىرى توغرىسىدىكى بايانلاردا، قاراخانىيلارنىڭ ئەسكىرىي
كۈچىنىڭ چىگىللەردىن تەشكىللەنگەنلىكى ئېيتىلىدۇ. مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە، ئوغۇزلار ئامۇ دەرياسىدىن تا جۇڭ-
گوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى
چىگىللەر دەپ ئاتىغان. بۇ پاكىتلار قارىماققا چىگىللەرنىڭ ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى شۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈردى-
مىكىن؟ دېگەن پەرەزلەرگە كەلتۈرىدۇ، ۋەھالەنكى، بۇنداق پە-
رەزلەر ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن قولغا چىققۇ-
دەك ھېچقانداق بىر ماتېرىيال تاپقىلى بولمايدۇ. مەھمۇد كاشغە-
ري «چىگىل» سۆزىنىڭ ئوغۇزلار ئىشلەتكەن مەنىسىنى تۆۋەندى-

① مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 330 ـ بەت.

كىچە چۈشەندۈرىدۇ : چىگىل شەھىرى تاراز شەھىرى[1] (ئەۋلىيا
ئاتا شەھىرى )نىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ ، شەرقتىكى تۈركلەر-
نىڭ ئەڭ غەربتىكى بىر شەھىرى ، بۇ شەھەردە شۇ نامدىكى
خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى ياشايدۇ ، دەپ كۆرسىتىدۇ . چىگىللەر-
نىڭ قالغان ئىككى تارمىقىنىڭ بىرسى قەشقەرنىڭ يېنىدىكى بىر
كەنتتە ياشىغان ، يەنە بىر تارمىقى بولسا ، ئىلى دەرياسىنىڭ
ۋادىسىدىكى قۇياس شەھىرى[2]نىڭ يېنىدا ياشىغان . موڭغۇللار
دەۋرىدە بۇ شەھەر چاغاتاينىڭ قارارگاھى سۈپىتىدە بەك نامى
چىققان ، چاغاتاي بولسا چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ئىدى ، چىڭگىز-
خاننىڭ بىرقانچە ئەۋلادلىرىمۇ مۇشۇ يەردە تۇرغانلىقى مەلۇم[3] .
مەھمۇد كاشغەري قارلۇقلار ئۈستىدە توختىلىپ ، قارلۇقلار
كۆچمەن خەلق ئىدى ، ئوغۇزلار بولسا «تۈركمەن»[4] دەپ ئاتالغان
خەلق ئىدى ، بەزىدە قارلۇقلارمۇ شۇ نامدا ئاتىلىپ كەتكەن ،
دەيدۇ . تۇمانىسكى قولىيازمىسى ۋە گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە بولسا ،
قارلۇقلار مۇسۇلمانلار جايلاشقان يەرلەرگە قوشنا بولغان تاراز
شەھىرىنىڭ شەرقىگە يېقىن بىر يەرگە جايلاشقان ، دەپ كۆرسى-
تىلىدۇ . پارس ئاپتورلىرى «قارلۇق» سۆزىنى «خاللۇخ» دەپ
يازىدۇ . قارلۇقلارغا جۇڭگو تۈركىستانىدىكى بىرقانچە شەھەر-
لەر ، جۈملىدىن بۈگۈنكى ئۈچتۇرپان يېنىدىكى penčul (ۋېنسۇ
-ئاقسۇ كوناشەھەر ) شەھەرلىرى ئىتائەت قىلغانىكەن . تۇمانىسكى
قولىيازمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ شەھەرلەر قارلۇقلار باشقۇ-
رۇشىدىكى يەرلەردە بولغىنى بىلەن ، بۇلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان
قارلۇقلار توغۇز غۇزلارغا ئىتائەت قىلىدىكەن . كېيىن قىرغىزلار

---

① هازىرقى جامبۇل (بۈگۈنكى كۈندە بۇ شەھەر بۇرۇنقى نامى بىلەن «تاراز» دەپ ئاتالماقتا — تەرجىماندىن ) .
② ئىلى توغرۇلۇق «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 433 — 434 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .
③ چاغاتاي خان توغرۇلۇق «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 543 — 544 ـ بەتلەرگە قارالسۇن ؛ چىگىللەر توغرۇلۇق «ھۇدۇدۇلئالەم» (مىنورىسكى تەرجىمىسى ) ، 297 — 300 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .
④ مەھمۇد كاشغەري : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 393 ـ بەت .



بۇ شەھەرلەرنى ئىگىلىگەن[1] . تۇمانىسكى قولىيازمىسىدا كۆرسى-
تىلىشىچە ، توغۇز غۇزلار ۋە قارلۇقلار باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەر
بىلەن قىرغىزلار باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەرنىڭ ئارىلىقىغا قەشقەر
شەھىرى جايلاشقان . تۇمانىسكى قولىيازمىسىدىكى قىرغىزلارغا
ئائىت خەۋەرلەر بەك قىزىقارلىقتۇر . بۇ خەۋەرلەرگە ئاساسلان-
غاندا ، قىرغىزلارنىڭ جەنۇبقا — ھازىرقى ماكانلاشقان يەرلىرىگە
سىلجىپ بېرىشى 10 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ-
دىن بالدۇرراق بولغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن يەكۈنگە كېلىش
مۇمكىن . ئەمما بۇ مەسىلە توغرىسىدا گەردىزىنىڭ ئەسىرىدىمۇ ،
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىمۇ ۋە ياكى باشقا مەنبەلەردىمۇ
ھېچبىر مەلۇمات يوق . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن چى-
گىل ۋە ياغمىلارنىڭ شىمالغا كۆچۈش پائالىيەتلىرى ھەققىدە
ماتېرىيال تاپقىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش ، قارلۇقلارنىڭ شىمالغا
سىلجىشلىرى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىتالمايمىز .
ئەمما كېيىنچە ، چىڭگىزخان دەۋرىگە كەلگەندە ، قارلۇقلارنىڭ
ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز[2] .
شۇنداق قىلىپ ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدا قاراخا-
نىيلار خانلىقىنىڭ قورغۇچىلىرى بولۇش ئېھتىمالى بار ، دەپ
مۆلچەرلەنگەن قارلۇق ، ياغما ، چىگىلدىن ئىبارەت ئۈچ خەلقنىڭ
ھەممىسىلا بايان قىلىنغان . ئەمما بۇ ئۈچ خەلقنىڭ قايسىسىنىڭ
بۇ سۇلالە بىلەن بەكرەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا
ھېچقانداق بېشارەت يوق . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قارلۇقلارنى
خۇددى ئوغۇزلارغا ئوخشاش «تۈركمەن» دەپ ئاتىغان سۆزلىرى
تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق . بىرىنچى قېتىم 10 ـ ئەسىردە[3] ئۇچرى-

---

① مىنورىسكى تەرجىمە قىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم»نىڭ 98 ـ ، 283 ـ بەتلىرىگە قاراڭ ؛ قارلۇقلار توغرىسىدا يەنە شۇ ئەسەرنىڭ 286 ـ ، 297 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .
② بۇ بايانلار «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا خاتىرىلەنگەن — تەھرىردىن .
③ مەقدىسىنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ ، «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى» ، 3 ـ توم ، 274 ـ بەتلەر . يەنە ئاغاجانوفنىڭ «يېڭى ماتېرىياللار» دېگەن ئەسەرلىرىگە قاراڭ .

غان بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى تا ھازىرغىچە بىر تېپىشماق
پېتى تۇرماقتا . بۇ ئاتالـغۇنىڭ پارسـچە ئېتىـمولوگىيىسى «
Türk mănend » يەنى «تۈركلەرگە ئوخشىغان» دېگەن سۆز بو-
لۇپ ، بۇ سۆزنى بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىنمۇ كۆرى-
مىز① . ئەمما بۇ خىل قاراشمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس . لېكىن شۇ
نەرسە ئېنىقكى ، تۈركمەنلەرنىڭ تىپ ـ بەدەن قىياپىتى ئادەتتى-
كى تۈركىي خەلقلەر تىپىدىن پەرقلىق بولۇپ ، ئىرانلىقلارنىڭ
تىپىغا يېقىن كېلىدۇ . قارلۇقلار ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئىران
تىپى ئامىللىرىغا ، يەنە شۇنىڭدەك ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلىشتىن ئاۋۋاللا باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئىسلام
مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئوغۇزلاردىنمۇ كۆپ ئۇچرىغان . كىشى-
لەر 12 ـ ئەسىردە يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى② بالاساغۇننىڭ ھۆكۈمرا-
نى قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېلىپ چىققان تۈركمەن ئىدى ،
دەيدۇ . بۇ پاكىت ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قارلۇقلار قۇرغان ،
دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ③ .

بالاساغۇن شەھىرى توغرۇلۇق مەھمۇد كاشغەرىيگە زامانداش
بولغان پارسلارنىڭ بىر ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك تۆۋەندىكىدەك
خاتىرە قالدۇرغان : «بۇ شەھەر 940 ـ يىلى ئەتراپىدا مۇسۇلمان
شەھىرى بولغانىدى ، كېيىن ئىمانسىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ
كەتكەنلىكتىن ، غازات ئۇرۇشلىرىنىڭ باشلىنىپ كېتىشىگە سە-
ۋەب بولغان »④ . شۇنىسى ئېھتىمالكى ، قارلۇقلار ئىسلام دىنىغا
ياغمىلاردىن بۇرۇن كىرگەن بولسا كېرەك . ياغمىلار قارلۇقلار-
نىڭ بۇرۇنقى يەرلىرىنى (بۇ يەرلەر ئىچىدە چۇ دەرياسى ۋادىسىمۇ

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 307 ـ بەت .
② «تارىخى جاھانكۇشاي»نىڭ 2 ـ توم 88 ـ بېتىدىكى «Turkmān» دەپ ئېلىنغان سۆزنى «Turkān» (بويسۇندۇرغۇچى ) دەپ ئوقۇش لازىم . چۈنكى ، بالاساغۇننىڭ خاننى تۈرك دەپ ئاتاشقا ئاساس يوق . بۇنىڭ تەپسىلاتىنى «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، 549 — 552 ـ بەتلەردىن كۆرۈڭ .
③ قاراخانىيلار خانلىقىنى قارلۇقلار قۇرغان ، دېگەن مەسىلىنى ئو .پرىتساكنىڭ Die Kara chaniden; idem von den KarLuk ناملىق ئەسەرلىرىدىن كۆرۈڭ .
④ نىزامۇل مۇلك ئەسىرىنىڭ شېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى ، 189 ـ بەت .



بولۇپ ، بالاساغۇن شەھىرى مۇشۇ دەريا بويىغا جايلاشقان بولسا
كېرەك ) ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ، ياغمىلارنىڭ خانى قارلۇقلار-
دىن ئۆلگە ئېلىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . ۋەھالەنكى ،
بۇ ئېيتقانلىرىمىز بىر پەرەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، تېخى
ئىسپاتلانمىدى .

تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى قاغانى
ساتۇق بۇغراخان قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر . ئۇنىڭ قەبرىسى
بۈگۈنكى قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئارتىشتىدۇر (بۇرۇنقىراق مەن-
بەلەردە بۇ يېزا Artuč دەپ يېزىلغان )① . بۇغراخانغا دائىر ئەڭ
قەدىمكى بىر رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ، مەزكۇر خان ھىجرىيە
344 ـ يىلى يەنى ، مىلادىيە 955 — 956 ـ يىللىرى ئالەمدىن
ئۆتكەن . ئەمما بۇ تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى 960 ـ يىلى
قوبۇل قىلغان ، دېگەن مەلۇماتلار بىلەن زىت . تۈركىي خەلقلەر-
نىڭ بىر قىسمى 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا
دائىر بۇ بايان باغداد تارىخچىسى سابىت ئىبن سىناننىڭ ئەسىرى-
دىن ئېلىنغان بولسا كېرەك . مەزكۇر ئاپتور كىتابىنى شۇ يىللار
ئەتراپىدا يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن يىلى بىرقەدەر ئى-
شەنچلىكرەك بولسا كېرەك ، چۈنكى ساتۇق بۇغراخان توغرىسىدى-
كى بايانلار ئەسلىدىلا قويۇق ئەپسانىلەر ۋە خاتا يىلنامىلەر بىلەن
تولغان .

يەنىلا شۇ 10 ـ ئەسىردە سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ياشاپ
كەلگەن ئوغۇز خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . ئوغۇزلار-
نىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان باشلىقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلمىغان خەلقلەردىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىقنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇشقا ئاتلاندى . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئىككى تۈرك
خەلقىنىڭ — قاراخانىيلارنىڭ ۋە ئوغۇزلارنىڭ ئىسلام دىنىنى ئۆز

① بارتولد : «بۇغراخان» ، 803 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 506 ـ بەت .

ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلىشى ئىسلامىيەت ئۈچۈن چوڭ بىر تەنتەنە بولغان بولسا كېرەك. بۇ غەلىبە سەۋەبىدىن بۇرۇنقى مۇسۇلمان چېگرا رايونلىرى ئەمدىلىكتە شىمال ۋە شەرق تەرەپلەردە مۇسۇلمان قوشنىلارغا ئىگە بولدى. ئىسلامىيەت مۇسۇلمان بولمىغان دۇنيا بىلەن بولغان كۈرەشتە يېڭى ئىتتىپاقچىلارغا ئىگە بولغاندەك كۆرۈندى. ئەمەلىيەتتە بولسا، شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلدىكى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەر ئىككى خەلق ئۆز قوراللىرىنى ئۆزلىرىگە ئىسلام دىنىنى ئېلىپ كەلگەن دۆلەتلەرگە قاراتتى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى مەن كېيىنكى لېكسىيەمدە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.



# بەشىنچى لېكسىيە

قەشقەردىكى بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇسۇلمان تارىخچىلىرى بىزگە ھېچقانداق ئىشەنچلىك مەلۇماتلار قالدۇرمىغان. مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ رىۋايەتلىرىدە دىنىي ئۆلىما كەلىماتىنىڭلا نامى ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئۆلىما شۇ چاغلاردا، 960 - يىللاردا[1] تۈرك خانىنىڭ ئوردىسىدا تۇرغانىكەن. باغداد سالنامىچىلىرىنىڭ تارىخىي بايانلىرىدا، دەل شۇ يىلى نۇرغۇنلىغان تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما بۇغراخان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۇ ئۆلىمانىڭ ئىسمى ئۇچرىمايدۇ. قەدىمكى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىسىدە بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى قانداقتۇر بىرەر دۇنياۋى دىن تارقاتقۇچىنىڭ تەسىرىدىن بولماستىن، بەلكى بۇغراخاننىڭ چۈشىدە ئايان بولغان ۋەھىي تەسىرىدىن بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ[2]. ئىككىنچى بىر رىۋايەت بويىچە، تۈرك خانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەن سامانىيلار خانلىقىنىڭ بىر شاھزادىسىنىڭ دىنىي ئۆلىمانىڭ رولىنى ئوينىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ رىۋايەتتە ئوچۇق - ئاشكارا خىيالىي توقۇلمىلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ئىسىم ۋە يىل، ئايلار تارىخىي ئەمەلىيەتكە زادىلا يېقىن كەلمەيدۇ. گەرچە بۇ رىۋايەتنىكى بايانلار 10 - ئەسىردە ئۆتكەن قەشقەرلىك بىر تارىخچىنىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، ۋەھالەنكى بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. بۇ رىۋايەتنىكى تۆۋەندىكى تەپسىلىي ئەھۋال، يەنى مەزكۇر

[1] سەمئانى، مارگولىسا نەشرى، 486 - بەت.
[2] ئىبنۇل ئەسىرنىڭ ئەسىرى، 11 - توم، 54 - بەت.

تۈرك خانىغا مۇسۇلمان يەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن تاۋار ماللارنىڭ، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ يېقىپ قالغانلىقى، كېيىن بۇ بۇيۇملارنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشلىرىنى كۆرۈپ، بۇ نېمە ئىش؟ دەپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلغانلىقى، مۇسۇلمانلاردىن دىنىي ئېتىقادى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇ توغرۇلۇق مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىدەك ئەھۋال[1] كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاننىڭ تۇرىدىغان يېرىنىڭ قەشقەر ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم[2]. ئۇنىڭ نەۋرىسى بۇغراخان ھارۇن بىننى مۇسا بالاساغۇن شەھىرىدە تۇرغان ۋە بۇ يەردىن ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان[3]. كېيىنچە قەشقەر ۋە بالاساغۇن[4] شەھەرلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا تەۋە شەھەرلەر سۈپىتىدە دائىم تىلغا ئېلىنغان. شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلار خانلىقى ئۈچۈن شۇنچە ئەھمىيەتكە ئىگە شەھەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەر ئىسلام مەنبەلىرىدە ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە بۇ شەھەرگە بارىدىغان يوللارنىڭ قەيەردىن ئۆتۈپ قەيەرگە بارىدىغانلىقى كۆرسىتىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس. 10 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىمى مەقدىسىنىڭ يازغانلىرىدىلا بالاساغۇن شەھىرى تىلغا ئېلىنىدۇ (مەزكۇر ئەسەردە «walâsakun» دەپ يېزىلغان)، لېكىن بۇ شەھەرنىڭ قەيەردىلىكى كۆرسىتىلمەيدۇ[5]. مەيلى تۇمانسكى قولىيازمىسىدا

① بارتولد: «تۈركىستان»، 1 - قىسىم، 134 - بەت.

② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 450 — 457 - بەتلەر. بۇ يەردە قەشقەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

③ «بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 2 - قىسىم، 506 — 507 - بەتلەر. بۇ يەردە بۇغراخان ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

④ «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 - توم، 355 — 357 - بەتلەر. بۇ يەردە بالاساغۇن ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

⑤ «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى»، 3 - توم، 275 - ۋە 17 - بەتلەر. بۇ يەردە بالاساغۇن ھەققىدە بايانلار بار.



بولسۇن ياكى گەردىزىنىڭ يازغانلىرىدا بولسۇن، بۇ شەھەرنىڭ نامى زادى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئېھتىمال، بالاساغۇن شەھىرىنىڭ نامى بۇرۇن باشقىچە ئاتالغان ۋە 9 - ، 10 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇ نامدا خاتىرىلەنگەن بولسا كېرەك. ئەرەب ۋە جۇڭگو مەنبەلىرىدە، چۇ دەرياسى بويىدىكى چوڭ بىر شەھەر سۈپىتىدە سۇياب دېگەن شەھەر تىلغا ئېلىنىدۇ. خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىدە بۇ شەھەر سۇيې دەپ يېزىلىدۇ[1]. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا بۇ نام يوق[2]. مەھمۇد كاشغەرىي بالاساغۇن يېنىدا «شۇ» ناملىق بىر قەلئەنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ قەلئە «شۇ» ئىسىملىك بىر پادىشاھ تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانىكەن. ئېيتىلىشىچە، مەزكۇر پادىشاھ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) بىلەن زاماندىش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە قوشۇمچە قىلىنىپ ئۇ چاغلاردا ئىسفىجاپ ياكى سايرام، تاراز ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرى تېخى مەيدانغا كەلمىگەن دېيىلىدۇ. كىشىلەرگە شۇنىسى مەلۇمكى، بۈگۈنكى كۈندە قىرغىزلاردا «چ» تاۋۇشى «ش» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا، چۇ دەرياسىنىڭ نامى «شۇ» دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ دەريانىڭ نامىنىڭ قىرغىزچە «شۇ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىغا رادلوفمۇ دىققەت قىلغانىكەن[3]. ئېھتىمال، چۇ دەرياسى بويىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرمۇ بۇ دەريانىڭ نامىنى «شۇ» دەپ ئاتىغان بولۇشى، كېيىنچە بۇ «شۇ» دېگەن نام يالغۇز مۇشۇ دەريانىلا ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردىكى شەھەر خارابىلىرىنىمۇ كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. بەلكىم شۇ شەھەرلەرنىڭ ھازىرقى قالدۇقى ئىچىدىكى بۇرانا ناملىق مۇنار شۇ خارابىلەرنىڭ ئىزى بولۇشى مۇمكىن.

① زۇيېۋ: «جۇڭگونىڭ مەلۇماتلىرى».

② مەھمۇد كاشغەرىينىڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 306 - بەت؛ ئەھۋاللارغا قارىغاندا، سۇياب دېگەن نام ئۇنىڭ قولىيازمىسىدا بولغان بولسا كېرەك (يەنە كىتابنىڭ 305 - بېتىگە قارالسۇن)، ئەمما نەشر قىلغۇچى تەرىپىدىن كۆرسىتىلمىگەن.

③ Aus Sibirien, Bd, 1, sn.

بۇ نام قارىغاندا ، ئەرەبچە «مۇنارا» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بۇزۇپ
ئېيتىلىشى بولسا كېرەك (يەنى مەسچىت مۇنارىسى)[1] . مەھمۇد
كاشغەرىي بالاساغۇن شەھرىگە زانبى[2] نامىدىكى داۋان ئارقىلىق
بارىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ . بۇ داۋان «قوچقار بېشى»[3] (ئەس-
لىي باسمىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە «قچنكار» دەپ يېزىلىپ ،
ئۇنىڭغا ئەل كابىش — قوي مەنىسىنى بەرگەن ) بىلەن بالاساغۇن
ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . «قوچقار بېشى» دېگەن شەھەر نامى ئەڭ
دەسلەپ پارس مەنبەلىرىدە ئۇچرايدۇ[4] . بۇ شەھەر تارازنىڭ شەر-
قىدە دەپ مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇ شەھەرنىڭ نامىغا
ئاساسلانغاندا ، ئۇنى قوچقار دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاش-
قان دەپ قاراشقا بولىدۇ . چۈنكى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى
شۇ نامدا ئاتالغانىكەن . زانبى دېگەن داۋان نامى ئەسلىي تۈركچە
سۆز بولمىغانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى .
بۇنداق ئەھۋالدا بۇ داۋان شەمسىي نامىدىكى داۋانغا توغرا كېلىپ
قالىدۇ . شەمسىي داۋىنى توغرىسىدا يەرلىك تۈرك خەلقلىرىنىڭ
تۈرلۈك - تۈرلۈك رىۋايەتلىرى بار[5] .

بالاساغۇن دېگەن بۇ نام ھازىرغىچە تېخى بېكىتىلمىدى .
بۇرۇن بۇ شەھەر نامىنى موڭغۇلچە «بالغاسۇن» — شەھەر دېگەن
سۆزدىن كەلگەن ، دېگەن پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بولغا-
نىدى . ئەمما ئەمەلىيەتتە بۇ پىكىرنى قوللىغۇچىلار ئاساسەن يوق .
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدا «ئاتاساغۇن» سۆزى ئۇچراي-
دۇ . مەنىسى «تېۋىپ» دېگەنلىك بولىدۇ . قارىغاندا بۇ سۆز ئاتا ،
دادا سۆزىدىن كەلگەن بولسا كېرەك[6] . خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخ-

---

① بېرنشتام : «قىرغىزىستاندىكى بىناكارلىق يادىكارلىقلىرى» ، 40 — 45 - بەتلەر .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 - توم ، 325 - بەت .
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 - توم ، 282 - بەت .
④ Tomaschek, Wzkm, Bd Ⅲ <s103—108.>
⑤ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 4 -توم ، 57 - بەت ؛ «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات» .
⑥ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 81 - بەت ؛ 60 - ، 112 - بەتلەر .



شاش ، بالاساغۇن سۆزى «بالا» سۆزىدىن شۇ تەرىقىدە شۇ مەنىدە
تۈزۈلگەنمۇ - قانداق ؟ بۇ مەسىلىنى ئوچۇق تاشلاپ كېتىمىز .
بالاساغۇن شەھىرىنى تۈركلەر يەنە قۇز ئۇلۇش ، قۇز ئوردا دەپمۇ
ئاتىغان (ئۇلۇش دېگەن سۆز شەھەر ياكى يېزا دېگەن مەنىنى
بىلدۈرىدۇ ) . بالاساغۇنىنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر شەھەر قۇز ئوردۇ
دەپ ئاتالغانىكەن . بۇ 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن جۇغراپى-
يە ئالىمى مەقدىسىنىڭ يازغانلىرىدا ئۇچرايدۇ ۋە ئۇنى ، يەرلىك
تۈرك ھاكىمىنىڭ جايلاشقان ئورنى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . «قۇز»
سۆزىگە مەھمۇد كاشغەرىي ئىزاھات بەرمەيدۇ .

بالاساغۇن شەھىرى سوغدىلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شە-
ھەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ . سوغدىلار مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدا
ئۆزلىرىنىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى تېخى تاماملىمىغانىدى .
ئىسفىجاب ، تاراز ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىلىرى سوغ-
دى تىلىدا ۋە ياكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى . سوغدىلار ئور-
خۇن ئابىدىلىرىدە سوغداق دەپ ئاتالغان . مەڭگۈ تاش ئاپتورلىرى
سوغدىيانىدىن كەلگەن خەلقلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىغان . بۇ شەھەر
سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان . سوغداقلار
تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىيىم - كېچەك كىيىنىشلىرىنى ، زىبۇ
زىننەتلىرىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغان[1] . ئىسفى-
جاپ (باشقا بىر يەردە تارازدىن دېيىلىدۇ )تىن تارتىپ بالاساغۇن-
غىچە بولغان يەرلەر ئارغۇ [19] دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ، بۇ نامنى
بىز باشقا مەنبەلەردە ئۇچراتمىدۇق . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ياز-
غانلىرىغا قارىغاندا ، ئارغۇ دېگەن يەر ئىككى تاغ ئارىسىدىكى
ئېغىز ، دېگەن مەنىدە ئىكەن[2] . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئارغۇ

---

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 391 - ؛ 31 - ؛ 114 - بەتلەر .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 114 - بەت (ئارغۇ ئېلى توغرىسىدا كلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 122 — 135 - بەتلىرىگە تەپسىلىيرەك قارالسۇن ) .

رايونى ئالېكساندىروۋسكى تاغ تىزمىسى (چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسى ئارىلىقىدىكى تاغ تىزمىسى ) بىلەن چۇ - ئىلى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يەرلەرنى كۆرسەتسە كېرەك . مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا ئارغۇ نامىدىكى سوغدى رايونلىرىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن. بۇ يەردىكى سوغدىلارنىڭ تۈركلەرگە بويسۇنۇشتىن ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان - قىلمىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق ، ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ، تىل ۋە كېيىنىش جەھەتلەردە تۈركلىشىپ كېتىشتىن ئاۋۋال تۈركىي خەلقلەرگە كۆرسەتكەن مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق[1] .

جۇڭگو تۈركىستانىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان قەدىمكى غەيرىي تۈركىي خەلقلەر خۇسۇسىدىمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن بىز بۇ خەلقنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا باشقىچە بىر خەلق ھېسابلانغانلىقىنى ۋە كەنجەك دەپ[2] ئاتالغانلىقىنى بىلدۇق . بۇ نام بىزگە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمىدى . كەنچەكلەر مەھمۇت كاشغەرىي دەۋرىدە تۈركلىشىپ بولغان ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىي تىلىنىڭ قالدۇقلىرى ۋە بەزى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ساقلىنىپ قالغان .

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ، بالاساغۇنغا چېگرىداش سامانىيلار دۆلىتىنىڭ تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى قەشقەردىن ئەمەس ، بالاساغۇندىن باشلانغان . ئىسفىجاپ ۋە سايرامنى ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھارۇن بويسۇندۇرغان . بۇ يەرلەر قارىغاندا ، تۈركلەرگە قاراشلىق كىچىكرەك بىر رايون بولۇپ ، تۈرك خانلىقى باشقۇرۇ-

① كلياشتورنىي : «يەتتەسۇدىكى سوغدىلار» .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 114 - بەت .



شىدا بولغان بولسا كېرەك . 992 - يىلى ھارۇن بۇغراخان سەمەرقەنت (سېمىزكەنت — تەرجىماندىن ) ۋە بۇخاراغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن . گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، شۇ ۋاقىتتا شەكىللەنگەن ۋەزىيەت ھارۇن بۇغراخاننى بېسىۋالغان يەرلىرىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ ، بالاساغۇنغا قايتىشقا مەجبۇر قىلغان . ئۇ بالاساغۇنغا قايتىپ كېلىپ ، شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، تۈزۈلگەن كېلىشىم بويىچە زەرەپشان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى سامانىيلار خانلىقىنىڭ ھەممىلا يەرلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىغا ئۆتۈپ كەتكەن . يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ، يەنى 999 - يىلى قاراخانىيلار خانلىقى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى قايتا ئىگىلىگەن . سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھۆكۈمرانى ئۆز خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى (11 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ) ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، ھېچقانداق نەتىجە بەرمىگەن . تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا بۇ يەردە تىكلەنگەن[1] .

ئومۇمەن ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ خەلق ئاممىسىنى سىرتتىن كەلگەن دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇپ ئىران دۆلىتىنى قۇتقۇزۇپ قىلىشقا چاقىرىق قىلىشلىرى ھېچقانداق نەتىجە بەرمىگەن . ھەتتا بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ، پەقەت كاپىرلار مۇسۇلمان ئەللىرىگە ھۇجۇم قىلغان چاغدىلا خەلق قوزغىلىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئېلىنى ساقلاپ قالسا بولىدۇ ، دېگەن پەتىۋالارنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ پەتىۋا بويىچە بولغاندا ، قاراخانىيلار مۇسۇلمان بولغاچقا ، ئۇلار كېلىپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزسە ، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى سامانىيلار خانلىقى ھۆكۈمراملىق قىلغان دەۋردىكىدىن يامانلىشىپ كېتىدۇ ، دېيىشكە ۋە مۇسۇلمانلار

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 - توم ، 315 — 320 - بەتلەر ؛ يەنە غافۇروفنىڭ «سەمەرقەنتنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى» قاتارلىقلارغا قارالسۇن .

قاراپ تۇرۇپ «ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش»كە ھېچقانداق ئاساس بولمايدۇ .

باشقا جەھەتلەردىمۇ ئىران ئاھالىلىرىنى تۈرك ئىستېلاچىلىرىغا زەربە بېرىشكە بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە تەشكىللەشكە بەزى ئەھۋاللار پايدىلىق بولمىغان . ئىرانغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ، بۇ يەرلەر ئىسلاملىشىشتىن ئاۋۋالقى زامانلاردىلا كۈچلۈك مونارخىيىلىك ھاكىمىيەت ، يوق ئىدى ؛ ھاكىمىيەت ، يەرلەرگە ئىگە بولۇۋالغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدا ئىدى . پۈتۈن دۆلەت نۇرغۇن كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگلەر ئۆز يەرلىرىدە بىرىنچى دەرىجىلىك يەر ئىگىلىرى ئىدى . يەر ئىگىسى بولغان ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ، ئۇلارمۇ «دېھقانلار» دەپ ئاتالغانىدى . بەزىدە بەگلەرنىڭ ھاكىمىيىتى يوقاپ كېتەتتى . ئىراندىكى «دېھقان»دىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي تەبىقە ، تۈركلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاش رول ئوينىغان . چۈنكى كىشىلەر ماۋەرائۇننەھىردىكى تۈركچە ناملار ئىچىدە «دېھقان» (چوڭ يەر ئىگىلىرى ) نامىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان . ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ، مەيلى ماۋەرائۇننەھىردە ياكى پېرسىيىدە بولسۇن ، ئاقسۆڭەك سىنىپى شەكىللىنىشتەك يۈزلىنىش روياپقا چىقتى . شەھەر ھاياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، كۈچلۈك مونارخىيەلىك ھاكىمىيەت ۋە بيۇروكراتىك مەركەزلىشىش تەدرىجىي يىمىرىلىشكە باشلىدى . پارس تىلى يەرلىك ئىران شېۋىلىرىنى تەدرىجىي سىقىپ چىقىرىش بىلەن بىللە ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەنئەنىۋى ساسانىي دۆلەتچىلىكى ئەنئەنىلىرى يېتىپ كەلدى . سامانىيلار ئۆزلىرىنى ساسانىيلاردىن كېلىپ چىققانمىز ، دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . سامانىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىشقا بولغان ئۇرۇنۇشلىرى ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە قارشىلىق كەيپىيات تۇغدۇرماي قالمىدى . بەزى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، بۇغراخاننى ماۋەرائۇننەھىرگە «دېھقانلار» تەك-



لىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن[①] . تۈركلەر بۇ يەرلەرنى بېسىۋالغان چاغلاردا «دېھقانلار» ھەقىقەتەن چوڭ پايدىغا ئىگە بولغان دەپ ئويلاشقا ئاساسلار بار . جۇغراپىيە ئالىمى مەقدىسىنىڭ بايانلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولىدۇكى ، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «دېھقانلار تەبىقىسى»نىڭ ئەنئەنىسى تاشكەنتنىڭ جەنۇبىدىكى ئانگرېن دەرياسى ۋادىسىدىكى «ئىلاق» رايونىدا تولۇق ساقلىنىپ قالغان . لېكىن «ئىلاق دېھقانلىرى»نىڭ سىياسىي جەھەتتىكى رولى قالمىغان . قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئىلاق دېھقانلىرى» تەرىپىدىن تەڭگىلەر قۇيۇلغانلىقى مەلۇم . مانا بۇنىڭ ئۆزى «دېھقانلار»نىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

قاراخانىيلار خانلىقى ماۋەرائۇننەھىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ، قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى دەسلەپتە بۇ يەردىكى چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇرمىدى ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان بۇخارا شەھىرىدىمۇ تۇرمىدى ، سەمەرقەنت شەھىرىدىمۇ تۇرمىدى . قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ماۋەرائۇننەھىردىكى دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرى ، بۇرۇن ئانچە چوڭ ئەھمىيىتى بولمىغان شەرقىي چېگرا تەرەپتىكى شەھەر ، پەرغانىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ئۆزكەنت شەھىرىدە تۇردى . قاراخانىيلار ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە قوشنا بولۇپ تۇرغان بۇ شەھەردە ئۆزلىرىنى خاتىرجەمرەك ھېس قىلغان بولسا كېرەك . چۈنكى قاراخانىيلار بېسىۋالغان رايونلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن سامانىيلار سۇلالىسىغا پايدىلىق ھەرىكەتلەر بولدى . ئۆزكەنتتىن ئىبارەت بۇ شەھەر تۈركلەر بويسۇندۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇنلا شۇ نامدا بار ئىدى . ئۆزكەنتنى ئۆزىمىزنىڭ شەھىرى دەپ بۇ شەھەرنىڭ نامىنىڭ ئانچە جايىغا چۈشمىگەن تۈركچە ئېتىمولو-

① ئۇتبى ، 1 ـ توم ، 163 ـ بەت (قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «دېھقانلار»نىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق «تاجىك تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ توم ، 3 ـ قىسىم ، 247 — 253 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

گېيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى[1] . ماۋەرائۇننەھىرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر چوڭ شەھەرمۇ تۈركچە نام بىلەن ئاتىلىپ كەتكەنىدى . ماۋەرائۇننەھىردىكى تۈرك ئاھالىلىرى جەنۇبتىقا قارىغاندا شىمال تەرەپتە كۆپ ئىدى . مەسىلەن ، چاچ رايونىنىڭ باش شەھىرى بىنكەنت بولغىنىغا ئوخشاش . بۇ شەھەر كېيىنچە ئىرانچە تەلەپپۇز بىلەن يەرلىك ۋەسىقىلەردە «شاش» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن . بىرۇنىنىڭ ئەسىرىدىن كۆرۈشىمىزچە ، 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ، تۈركچە «تاشكەنت» دېگەن نام پەيدا بولغان . «تاشكەنت» دېگەن : «تاشتىن ياسالغان شەھەر» دېمەكتۇر[2] . گەرچە بۇ يەردە تاشتىن ياسالغان شەھەر يوق دېگۈدەك بولسىمۇ ، بۇ شەھەرنىڭ مۇشۇنداق ئاتىلىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلار ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدۇ ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئاپتورلارنىڭ ئاساسسىز پەرەزلىرىدىنلا ئىبارەتتۇر . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدا تاشكەنت دېگەن تۈركچە نامنىڭ قىسقارتىلغان شەكلى بولغان تەركەند (Terkend) دېگەن نام ئۇچرايدۇ[3] . يەنە شۇ ئەسەردە سەمەرقەنت — ئەسلىدە سېمىز شەھەر ، يەنى باي شەھەر دەپ ئىزاھلانغان[4] .

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغا ئورۇنلىشىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى ، قاراخانىيلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەربتىكى رايونلارنى بويسۇندۇرۇۋېلىشتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ . چۈنكى ئۇلار غەرب تەرەپتىن يالغۇز دىنلا ئەمەس ، بەلكى ماددىي مەدەنىيەت ۋە ماددىي بايلىقلارغىمۇ ئىگە بولغانىدى . غەربكە قاراپ ھەرىكەت قىلىش شەرق ۋە شىمال تەرەپتىكى تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن تۈركلەرگە

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 288 ـ بەت .
② بىرۇنى : «ھىندىستان تەزكىرىسى» ، زاخاۋ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسى ، 149 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 499 — 502 ـ بەتلەر .
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 369 ـ بەت .
④ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 288 ـ بەت ؛ يەنە ماركۋارتنىڭ «Analekten» نىڭ 94 ـ بېتى .



قارشى تۇرۇشقا قارىغاندا تۈركلەرگە كۆپرەك پايدا كەلتۈرەتتى . مۇنداق شارائىتتا ، دىن تۈركلەرنىڭ زېمىن ئىگىلەشكە بولغان ئومۇمىي يۈنىلىشىنى ئۆزگەرتەلمىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بۇ ئەللەردىكى ئايرىم گۇرۇھ ۋە گۇرۇپپىلار تۈركلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىتتىپاقچىسى دەپ قارشى ئالدى . گەرچە تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىسلام دىنىنى ئالدىنقى ئاسىيادىكى رايونلارغا قارىغاندا كېيىنرەك قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار باشقىلارغا ئۆزلىرىنى ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغۇچىلار سۈپىتىدە كۆرسەتتى . 10 ـ ئەسىردىلا دىنىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ، شەرق تەرەپتىن ئىستېلا قىلىپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى . ئۇلار باغداد ھاكىمىيىتىنى قانۇنسىز تارتىۋېلىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى[1] ئورناتقان بۇۋەيھى باشچىلىقىدىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەر ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتسىدى ، دەپ ئۈمىد قىلىشاتتى . شەرق تەرەپتىكى تۈركلەر خۇددى غەربتىكى بەربەرلەرگە ئوخشاش ، ئۆز يەرلىرىدىكى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان دىندارلارنىڭ قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى . مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرىدە بىر ھەدىسنى مىسال كەلتۈرىدۇ . بۇ ھەدىسكە قارىغاندا ، ئاللاھ مۇنداق ئېيتقانىكەن : «شەرق تەرەپتە مېنىڭ تۈرك نامىدا قوشۇنۇم بار ، بىرەر خەلققە غەزەپلەنسەم شۇ قوشۇنۇمنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن»[2] .

قاراخانىيلار خانلىقى دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان ھۆكۈمرانلار ، دەپ قارالدى . ئۇلار ھاراق ـ شارابقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئاغزىغا ئالماسلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى . غەزنەۋىلەر خانلىقى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن تۈركلەردىن بولسىمۇ ،

① «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى» ، 3 ـ توم ، 472 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 294 ـ بەت .

ئەمما ئۇلار كۆچمەن تۈركلەردىن پەرقلىق ئىدى . سامانىيلارنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىرىگە مانا مۇشۇ غەزنەۋىلەر خانلىقى ۋارىسلىق قىلغانىدى . غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇدمۇ دىنىي قائىدىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان شەخس دەپ قارالغان . ئۇلار ھىندىستانغا غازات ئۇرۇشى قوزغىغان ، ئۆز دۆلىتىدە ئىسلامدىن يۇز ئۆرۈگەنلەرنى قاتتىق جازالىغان . ئەمما ئۆزى دىنىي قائىدىلەر تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلەرنى تەرك ئەتمىگەن .

قاراخانىيلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ يەردە توختاپ قالماستىن ، دەريادىن ئۆتۈپ مەھمۇدنىڭ دۆلىتىگە (غەزنەۋىلەر سۇلالىسىغا ) ھۇجۇم قىلدى . مەھمۇدنىڭ سالنامىچىلىرى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى بايان قىلىپ كېلىپ مۇنداق بىر نەقىلنى كەلتۈرىدۇ ، نەقىلدە كۆرسىتىلىشىچە ، تۈركلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى كۆزى كىچىك ، بۇرنى پاناق كېلىدىكەن[1] .بۇ نەقىل تۈركىي خەلقلەر ئەسلىي كېلىپ چىقىش جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەس ، دېگەن پىكىرگە قارشى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ . بۇنىڭدا ئىران دائىرىسىدە تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش پارس مىللىي نۇقتىئىنەزىرىدىن قارالغان بولۇشى مۇمكىن . دەل مۇشۇ چاغلاردا فىردەۋسىينىڭ سامانىيلار دەۋرىدە يېزىلىشقا باشلاپ ، مەھمۇد دەۋرىدە پۈتكەن «شاھنامە» دېگەن ئەسىرى مەيدانغا كەلگەن . بۇ ئەسەردە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارغا كەڭ ئورۇن بېرىلگەن . ئۇنىڭدا 6 ـ ئەسىردە تۈركلەر مەيدانغا چىققاندىن باشلاپ «تۇران» دېگەن بۇ نام «تۈركىستان» يەنى تۈركلەر ئېلى ، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن . بۇ ئۇرۇشلاردا تۇران تەرەپ قەھرىمانلىرىنىڭ ناملىرى ساپ ئىرانچە سۆز بولغانلىقىغا قارىماستىن ،

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 335 ـ بەت .



ئۇلار تۈركلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ . مانا مۇشۇ ئەنئەنىلەر قاراخانىيلار سۇلالىسىغىمۇ سىڭىپ كىرگەن . قاراخانىيلار ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماي ، بەلكى پارسلارنىڭ داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان . ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇرانلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى بىر پادىشاھىنىڭ نامى بىلەن (گەرچە ئۇ غەيرىي تۈركچە نام بولسىمۇ ) «ئافراسىياب ئەۋلادىدىنمىز» دەپ ئاتاشقان . بىز پەقەت مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغان كىتابىدىنلا تۈركلەرنىڭ قوشاقلىرىدىكى قەھرىمان ئالىپ ئەر توڭانىڭ ئافراسىياب بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق قوشاقلاردىن بىرمۇنچىسىنى نەقىل كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنى بېرىدۇ . بۇ تەرجىمىلەردە ئالىپ ئەرتوڭا ئاتالغۇسى يەنە ئافراسىياب ئاتالغۇسى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ[1] . ئافراسىياب ھەققىدىكى پارس رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنغان بەزى ۋەقەلەر تۈركىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا يۈز بەرگەن قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ . قەشقەر ئافراسىياپ تۇرغان شەھەر ، دەپ بايان قىلىنىدۇ[2] . بۈگۈنكى مارالبېشىدىكى بارچۇق شەھىرىنىمۇ ئافراسىياب تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ، دېيىلىدۇ ۋە بارچۇق شەھىرىگە بەتزەن دېگەن بىر قەھرىمان سولانغان قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ[3] . پارسچە داستاندا كۆرسىتىلىشىچە ، بۇ قەھرىمان قۇدۇققا تاشلانغان . ئافراسىيابنىڭ قىزى بىلەن خۇپىيانە نىكاھلىنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئافراسىياب تەرىپىدىن بۇيرۇق بويىچە قۇدۇققا تاشلانغان ، كېيىن رۇستەم ئۇنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزۇۋالغان . فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەنى ، سامانىيلار بىلەن زاماندىش دەقىقى كېيىنچە تۇرانلار ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتلەرگە ئۆز زامانىدىكى تۈركلەرنىڭ ھاياتىدىكى بەزى ۋەقە ـ كۆرۈنۈشلەرنى

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 44 ـ بەت ؛ بۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردىمۇ بار .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 288 ـ بەت .
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 318 ـ ، 388 ـ بەتلەر .

كىرگۈزگەن . ئۇنىڭ ئىچىدە ، بەزى شەھەرلەر ۋە خەلق ناملىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىملا قائىدىلىرى بىلەن يېزىلغان . پايغۇ ئاتالغۇسى دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىن . بۇ ئاتالغۇ ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى «يابغۇ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ بۇزۇپ يېزىلىشىدۇر . شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇنۋانىمۇ «يابغۇ» ئىدى .

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ غەزنەۋىلەر خانلىقى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمىدى ، ئۇلارنىڭ قىلغان ھەممە ھۇجۇملىرى مەغلۇپ بولدى ۋە نۇرغۇن چىقىم تارتتى ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بەزى يەرلەرمۇ مەھمۇدنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . مەھمۇد كىشىلەردىن ، مېنى شەرقتىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ تونۇڭلار ، خەلىپىمۇ قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى مەن ئارقىلىق ئېلىپ بارسۇن ، دېگەن ئارزۇ - تەلەپلەردە بولۇپ يۈردى . دەرۋەقە ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەھمۇد قاراخانىيلارنىڭ خانى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مۇئامىلىدە بولغان . بۇ ئەھۋالنى تارىخچى گەردىزىنىڭ 1025 - يىلى سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى بىر يەردە مەھمۇدنىڭ قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى يۈسۈپ قادىرخان (بۇغراخان ھارۇننىڭ ئوغلى) بىلەن ئۇچراشقانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلىي بايانلىرى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ[1] .

يۈسۈپ قادىرخان 1032 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە ، جۇڭگو تۈركىستانىدا خوتەننىڭ قاراخانىيلار خانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان . مەلۇم بولۇشىچە ، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ يەردىكى غەلىبىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق بولغان . بۇددا تەلىماتى كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 - توم ، 344 — 346 - بەتلەر .



بۇ شەھەر ، مۇسۇلمان تۈركلەر تەرىپىدىن ئىگىلەندى . گەردىزىنىڭ خوتەن توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ، قاراخانىيلار خوتەننى ئىگىلەشتىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قىسمىدىمۇ ، خوتەندە خرىستىئان چېركاۋلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىنىڭ بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ . مانا بۇنىڭدىن بۇ يەرگە بۇددا دىنى ئۇستۈنلۈكتە تۇرغان چاغلاردىلا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ[1] .

شۇنىسى قىزىقكى ، مەھمۇد بىلەن قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىلا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ قالماستىن ، تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىمۇ مۇناسىۋەت ئورناتقان . گەردىزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، 1026 - يىلى ئىككى تۈرك خانىنىڭ ئەلچىلىرى مەھمۇدنىڭ يېنىغا غەزنەۋىلەر خانلىقى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەقسىتىدە كەلگەن (بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئۇنۋانلىرىمۇ كۆرسىتىلگەن ، بۇ ئۇنۋانلار گەردىزىنىڭ بىردىنبىر قوليازمىسىنىڭ كامبرىجدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ئاساسىدا ئوقۇلغان ، ئەمما بۇنى پۈتۈنلەي مۇقىملاشقان تەلەپپۇز دەپ بېكىتىش قىيىن) . مەھمۇد ئەلچىلەرگە : «مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ياتلىق قىلمايدۇ ؛ ئەگەردە ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[2] . ئەپسۇسكى ، بۇ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغۇچى ئەلچىلەر خانلىرىنىڭ قەيەرلەرنىڭ خانلىرى ئىكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىغا مەنسۇپلۇقى ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن . ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، شۇ دەۋردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان خانلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلمىگەن . بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار گەردىزىدىن باشقا ، يەنە ئەينى دەۋردىكى بىردىنبىر تارىخىي ماتېرىيال

① بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات» ، 94 - بەت .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 - توم ، 347 — 348 - بەتلەر .

بولغان جامالىددىن ئىبن مۇقەننانىڭ ئەسىرىدىمۇ كۆرستىلمەگەن. بۇ ئەسەرلەر 14 ـ ئەسىردىلا پارس، تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. جامالىددىننىڭ بۇ ئەمگىكىنىڭ ئاخىرقى ئىككى قىسمى روسىيە شەرقشۇناسى مېلىئورانسكىي تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئەسلىي مەتىن بىلەن كىرىش سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 1900 — 1903 ـ يىللاردا نەشر قىلىنغان[1]. تولۇق كىتاب ھىجرىيە 1330 — 1340 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1912 — 1922 ـ يىللىرى) كونىستانتىنوپول (بۈگۈنكى ئىستانبۇل) شەھىرىدە نەشر قىلىنغان[2]. كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ تۈركچە نەشردە، رۇسچە نەشرىدە ئىشلىتىلمىگەن بىرمۇنچە يېڭى ماتېرىياللار قوشۇلغان ھەم ئاپتورنىڭ ئىسمى مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش شۇكى، بىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىرمۇنچە پىكىر ـ بايانلار تۈركچە نەشرىدە قىسقارتىلىپ كۆپ چېكىتلەر بىلەنلا ئىپادىلەنگەن. بۇ كەمتۈك يەرلەرنى بىز بۇ ئەسەرنىڭ رۇسچە تەرجىمە نەشرىدىن تولۇقلاشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئىبن مۇقەننا، تېۋىپ شەرەفۇززامان مەرۋەزىنىڭ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن «ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى» («تابائىئول ھايۋانى»)[3] ناملىق كىتابىغا ئاساسەن ئۇن ئىككى مۆچەل توغرىسىدا بىر ئەسەر يازغان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھىجرىيە 418 ـ، مىلادىيە 1027 ـ يىلى «چىن ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى» نامىدىن يېزىلغان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى، بۇ مەكتۇپنىڭ چاشقان يىلىنىڭ بەشىنچى ئېيىدا يېزىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ («ساھىبۇل سىن ۋە ساھىبۇل تۈرك»). يەنە باشقا يىللارنىڭمۇ نامىلىرى كەلتۈرۈلگەن. بارس يىلىنى قاپلان يىلى

① مېلىئورانسكىي: «ئەرەب تىلشۇناسلىرىنىڭ موڭغۇل تىلى ھەققىدىكى قاراشلىرى».
② مالوفنىڭ «ئىبن مۇقەننا» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.
③ خراكوۋسكىنىڭ «شەرەفۇززامان» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.



ياكى ئارسلان يىلى دەپ ئالغان (ئەمما ئارسلان سۆزى سالان دەپ يېزىلغان، كېيىنكى سۆزنى مېلىئورانسكىي چۈشىنەلمىگەن). شۇڭا، بۇ ئىككى خاننىڭ ئەلچىلىكى ھەققىدە بۇ مەنبەدە ھېچقانداق يېڭى مەلۇمات يوق، يىل جەھەتتە ئېنىقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ خالاس. گەردىزى ئەلچىلەرنىڭ كەلگەن ۋاقتىنى ھىجرىيە 417 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1026 ـ يىلى دەپ، تېۋىپ مەرۋەزى بولسا ھىجرىيە 418 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1027 ـ يىلى دەپ كۆرسىتىدۇ. مۆچەل كالېندارى بويىچە بولغاندا چاشقان يىلى مىلادىيە 1024 ـ ياكى 1036 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىكەن.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى جۇڭگو تۈركىستانىدىكى مۇسۇلمانلار يەرلىرىنىڭ چېگرىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگۈچى پەقەتلا مەھمۇد كاشغەرىيدۇر. شۇنىسى كۆپچىلىككە مەلۇمكى، جۇڭگو تۈركىستانىدىكى مەدەنىي رايونلار ئاساسەن ئىككى چوڭ قاتناش يولى ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرسى شىمالىي يول تەرەپتە كۇچا ۋە تۇرپانغا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان؛ ئىككىنچىسى، جەنۇبىي يول بولۇپ، خوتەن، تارىم دەرياسى قۇيۇلىدىغان لوپنۇرغا بارىدىغان يول ئۈستىگە جايلاشقان. تارىم دەرياسىنى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆسمى تارىم دەپ ئېلىپ، بۇنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: «بۇ ئىسلام رايونلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئېلىگە بارىدىغان ۋە شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كېتىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ نامىدۇر»[1]. 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى تېخى تۇرپانغا ۋە لوپنۇرغا تارقالمىغانىدى. شىمال تەرەپتىكى چېگرا كۇچا[2] ۋە بۈگۈر[3] لەر ئىدى. جەنۇبتىكى چېگرا چەرچەن ئىدى. قەشقەردىن تا بۇ يەرلەرگىچە بولغان مۇشۇ كەڭ دائىرىدە قەشقەرنى سوراپ تۇرغان خانلاردىن باشقا خانلارنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 116 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 229 ـ بەت.
③ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 301 ـ، 364 ـ، 358 ـ، 99 ـ بەتلەر.

مەلۇماتلار يوق . يەنىمۇ شەرقتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلى بولغان ،
مۇئەللىپ ئۇلارنىڭ قاغانىنى كۈل بىلگە خان ئۇنۋانىدا ئاتىغان .
بۇ ئۇنۋان ئۆتكەن زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنۋانى بىلەن باغلىنى-
دۇ . ئۇيغۇر ھۆكۈمرانىنىڭ مۇئەللىپ ياشىغان زامانلاردا قانداق
ئۇنۋان بىلەن ئاتالغانلىقى ھەققىدە بايان يوق . بىزگە ئورخۇن
ئابىدىلىرىدىكى باش قەھرىمان كۈل تېكىن نامى بىلەن مەلۇم-
دۇر . بۇ سۆز يەنە قارلۇق ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىدا كۈل
ئېركىن نامىدىمۇ[1] ئۇچرايدۇ . ئۇ (مەھمۇد كاشغەرىي ) «كۈل»
سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە «كۈل» ( kül) سۆزى بى-
لەن «كۆل» ( köl) سۆزىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن . نەتىجىدە ئۇ
يۈزەكى ئىزاھلار بىلەن بۇ ئۇنۋاننى چۈشەندۈرگەن . ئۇنىڭچە
مۇشۇ ئۇنۋان بېرىلگەن خان ياكى بىرەر ئەمەلدارنىڭ ئەقلى خۇد-
دى كۆلدەك چوڭ ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىكەن . گەردىزى
«كۈل تېگىن» دېگەن ئۇنۋاننى «كۈر تېگىن» ( kür—Tegin )
شەكلىدە يازىدۇ[2] . شەكسىزكى ، بۇ بىزگە دائىم يولۇقۇپ تۇرى-
دىغان «ل» تاۋۇشى بىلەن «ر» تاۋۇشىنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى-
دىنلا ئىبارەت ، خالاس . مەھمۇد كاشغەرىيگە «كۈر» سۆزى مە-
لۇم ئىدى . ئۇ «كۈر ئەر» دەپ كەلگەن بىر ئىبارىنى چۈشەندۈ-
رۈش ئۈچۈن «كۈر» سۆزىنى «قەيسەر ، ئىگىلمەس» مەنىسىدە
چۈشەندۈرىدۇ ، ئەمما شۇ «كۈر» سۆزىنىڭ يەنە «كۈل» ئۇنۋانىدا
كەلگەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ[3] .

ئاپتورنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خوتەننى بويسۇندۇرغانلىقى ھەق-
قىدىكى قانداقتۇر بىر مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ ،
ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا بۇ ھەقتە پەقەت پۈرتىپلا ئۆتۈپ

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 301 ـ ، 364 ـ ، 358 ـ ، 99 ـ بەتلەر .
② بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات» ، 90 ـ بەت .
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 273 ـ ، 3 ـ توم ، 279 ـ بەتلەر .



كېتىدۇ . ئۇ ئەسىردە چەڭشى ( Genkši/Gengši ) دېگەن بىر
ئىسىمنى تىلغا ئالىدۇ . بۇ نام موڭغۇللار دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ
ئەۋلادلىرى ئىچىدە ئۇچرايدۇ . ئاپتور بۇ ئىسىمنى خوتەن ئەمىر-
لىرىنىڭ بىرسىنىڭ ئېتى ، دەپ قوشۇمچە قىلىپ ئۆتىدۇ ھەمدە
تۈركلەرنىڭ خوتەننى بېسىۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغانلارنىڭ بىرسى
دەپ كۆرسىتىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا نۇرغۇن قو-
شاقلار كۆرسىتىلگەن . بۇ قوشاقلار مۇسۇلمانلار بىلەن تېخى
ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭلەر-
گە مۇناسىۋەتلىك[1] . ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختالغاندا ، ئۇيغۇرلار-
نى بۇددا دىنى ، يەنى بۇددىزم بىلەن باغلاپ كۆرسىتىدۇ . بۇرخان
(ئىلاھ ) ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى مۇشۇ دىندىكى «تويىن»لار
بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ . تويىن ئاتالغۇسى موڭغۇللاردا ھا-
زىرغا قەدەر بۇددا دىندىكىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىپادىلەشكە
قوللىنىلىدۇ . بۇ نام خەنزۇ تىلىدىن كەلگەنمىكىن ؟ دەپ قارىلى-
دۇ . بۇ ئاتالغۇ نوم سۆزى بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇللار-
غا تارالغان (مەھمۇد كاشغەرىي ، نوم دېگەن ئاتالغۇ ھەرقانداق
دىنىي قانۇن ، جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ كىتابلىرىنى ئىپادىلەش
ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ ، دەپ كۆرسىتىدۇ[2] ) . 13 ـ ئەسىردىكى
پارس ئاپتورى جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، بۇ ئاتالغۇ
خېلىلا بالدۇر مەلۇم بولغان ئىكەن . ئۇيغۇرلار ئىچىدە خرىس-
تىئان دىنىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
«bačaq» ( «باچاق» يەنى «قىرىق كۈنلۈك روزا» ) سۆزىگە بەر-
گەن ئىزاھاتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ[3] . بۇ سۆز خرىستىئان
دىندىكىلەرنىڭ مەلۇم ۋاقىت روزا تۇتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .
لېكىن شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى ، دەل مۇشۇ سۆزنىڭ

① بروككلېمان : «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ خەلق داستانلىرى» ، 1 ـ توم ، 1 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 100 ـ بەت .
③ يۇقىرىقى ئەسەر ، 1 ـ توم ، 345 ـ بەت .

ئۆزى مانى دىنى تېكىستلىرىدىمۇ، مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى مەلۇم ۋاقىت تاماقتىن تارتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن[①].

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، قاراخانىيلار دۆلىتىدە «Tat» («تات») دېگەن سۆزنى مۇسۇلمان بولغان ئىرانلىقلارغا ۋە ئۇيغۇرلارغا (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارغا — تەرجىماندىن) قوللانغان[②]. بۇ «تات» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. بۇ ئاتالغۇ ئېتنوگرافىيىلىك مەنىدە بۈگۈنكى كۈندە ئاساسەن كافكازدا قوللىنىلىدۇ. كافكازدا قوللىنىلىدىغان بۇ ئاتالغۇ يەھۇدىيلارنى كۆرسىتىدۇ. كافكازدىكى بۇ يەھۇدىيلار ئىران تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا «تات» ئاتالغۇسى بىلەن ئولتۇراق مەدەنىيەتتىكى ئاھالىلەرنى، جۈملىدىن خىۋالىقلارنى ئىپادىلەيدۇ[③]. «تات» سۆزى 11 - ئەسىردىمۇ يەنىلا شۇ مەنىدە قوللىنىلغان بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ئوخشاش بىر ئاتالغۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىرانلىقلارنى ۋە مەدەنىي تۈركىي خەلق بولغان ئۇيغۇرلارنى ئاتاشقا قوللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش تەسكە توختايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر شەھەرلىرى توغرىسىدا بەك ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان. ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ۋە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە قوچۇ دېگەن بىر شەھەر مەلۇم. بۇ يەر تۇرپاننىڭ يېنىدىكى قاراقوچۇ ۋە ئىدىقۇت شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان خارابىلىكتۇر. قوچۇ شەھىرى ئۇيغۇر يەرلىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان پايتەخت شەھەردۇر. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «قجو // قوچۇ» شەھىرى دەپ شۇ مەركىزىي

① لېكوك: «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۇۋنامىسى»، 20 - بەت.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 - توم، 224 - بەت.
③ مىنورىسكىنىڭ «تات»، ئەبۇلغازىنىڭ «شەجەرەئىي تۈرك»، كلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىللار يادىكارلىقلىرى»نىڭ 122 — 123 - بەتلىرىدىكى «تات» ئاتالغۇسى ھەققىدە يېزىلغانلارغا قارالسۇن.



شەھەرنىڭ ئۆزى ۋە شۇ پۈتۈن رايون ئاتالغان. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ شىمالىدىكى باش شەھەر ئەلۋەتتە بەشبالىقتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇلمى، خانبالىق ۋە ياڭى بالىق دېگەن ئۈچ شەھەر كۆرسىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئارىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ماھىر جەڭگىۋارلىق سۈپىتىنى يوقاتمىغان خەلق دەپ قارىلىدۇ، ئوقيا ئېتىشتىكى ماھارىتى - ئۈستىلىقى غەيرىي دىن مۇرىتلىرىنى بېسىپ چۈشەتتى[①].

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن بىز يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتتۇق. «چۇماق» سۆزى دەل شۇ مەنىدە ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، جەنۇبىي روسىيىدىكى ھارۋىلىق مال توشۇيدىغان سودىگەرلەرمۇ شۇ نامدا ئاتالغان. بۇ سۆزنىڭ تاۋۇش تەركىبىگە، يەنى تەلەپپۇز قىلىنىشىغا قاراپلا بەزىلەر ئۇنى «تۈركچە سۆز» دەپ ھېسابلايدۇ. مۇسۇلمانلار ئەھۋاللارغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ خۇددى باشقا نۇرغۇن ئەللەردىكىگە ئوخشاش، ئاساسلىق تىجارەت قىلغۇچى سودا ۋەكىللىرىدىن بولغان بولسا كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شىمالىدا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى ئانچە تەپسىلىي ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتلىرىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ شەرق تەرەپكە تارقىلىپ بارغان يەرلىرىنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق بېكىتكەنلىكىنى كۆردۇق، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ شەرقىي - شىمال تەرەپكە تارقالغان چېگرىلىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس. قارىغاندا، 10 - ئەسىردىكى جۇغراپىيە ئالىملىرى ھازىرقى يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىدىكى قىسمىنى — چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپ چېگرىسىدىكى تاغلارغىچە بولغان

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 103 -، 60 -، 319 - بەتلەر.

يەرلەرنى ئوبدان بىلگەن بولسا كېرەك. تۇمانسكىنىڭ قولىيازمىسىدا ئىلى دەرياسى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما ئاپتور بۇ دەريا توغرىسىدا بەكلا غۇۋا چۈشەنچىگە ئىگە بولسا كېرەك. ئاپتور بۇ دەريانى ئىسسىق كۆلگە قۇيۇلىدىغان دەريا قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئىلى دەرياسىنىڭ قالتىس مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئون ئىككى مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىنىمۇ مۇشۇ دەرياغا باغلايدۇ. شۇنداق بىر ئەھۋالنى رىۋايەت قىلىدۇكى، قانداقتۇر بىر پادىشاھ ئوۋغا چىقىپ، ھايۋانلارنى دەريا تەرەپكە قاراپ قورشىغاندا، بۇ ھايۋانلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئىلى دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. شۇ ئۈزۈپ ئۆتكەن ھايۋانلارنىڭ تەرتىپى بويىچە ئون ئىككى مۈچەل كالېندارى بەلگىلەنگەن①.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنى باغداد شەھىرىدە يازغانلىقىنى، بۇ ئەسىرىنى ھىجرىيە 464 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (مىلادىيە 1073 - يىلى 9 - ئايدا) يېزىشقا باشلىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىت تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەبتىن سەل گۇمان پەيدا قىلىدۇ: بىرىنچى، بۇ يەردە خەلىپە مۇقتەدى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ خەلىپە ھىجرىيە 467 - يىلى (مىلادىيە 1075 - يىلى) تەختكە ئولتۇرغان؛ ئىككىنچى، مۈچەل يىلى ھېسابىدا يىلان يىلى دېيىلگەن، ئۇ يىل بولسا مىلادىيە 1077 - يىلىغا توغرا كېلىدىكەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا يېزىلغان بايانلارغا قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەر ھىجرىيە 464 - يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا (مىلادىيە 1072 - يىل 1 -، 2 - ئايلارغا توغرا كېلىدۇ) يېزىشقا باشلىنىپ، ھىجرىيە 466 - يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 10 - كۈنى دۈشەنبە (1074 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) تاماملانغانىكەن. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر ئەسەر بېغىشلانغان خەلىپە تېخى تەختكە

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 280 - ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر.



چىقمىغان چاغدا يېزىلغان بولىدۇ. گەرچە مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى قەدىمىي ھەم مۇكەممەل ساقلانغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەسكەرتىلگەن، يەنى ھىجرىيە 664 - يىلى شەۋۋالنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە (مىلادىيە 1266 - يىلى 1 - ئاۋغۇست) دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، خرونولوگىيە جەھەتتىكى بۇ قارىمۇقارشىلىقلارنى چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر تەس. كۆچۈرگۈچىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ بۇ ئەسەرنى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىدىن كۆچۈرگەن. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ ئەسەرنى 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يازغانلىقىغا گۇمانلىنىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق①.

مەھمۇد كاشغەرىي قانداق سەۋەبلەر بىلەن باغدادقا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە ئېيتمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بايانلىرىدىن، ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرى، داللىرى ۋە يايلاقلىرىنى كېزىپ چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ تۈركىي تىللارغا پىششىق ئادەم ئىكەنلىكىنى، تۈركىي تىللاردىن تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما ۋە قىرغىز تىللىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ بايانلاردىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنىڭ تۈركىي تىل ياكى ئەرەب تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ كىتابى شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەب تىلىنى تولۇق ئىگىلىگەندى. لېكىن ئۇنىڭ كىتابىدىكى بەزى ماتېرىياللار مۇئەللىپنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاپتور، ئومۇمەن ئالغاندا، ئۆزىنى ئۈچىنچى شەخس قىلىپ كۆرسىتىدۇ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىسمىغا «مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويىدۇ، بەزىدە ئۆزىنى مەھمۇد دەپلا ئاتاپ، باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە سۆزلەرنى

① ل. بازىن: lesdates deredaction.

يازمايدۇ . شۇڭا ، تېكىستتىكى مەھمۇد دەپ ئېلىنغان سۆزنىڭ
ئاپتورنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان يوق . دېمەك ،
مەھمۇدنىڭ ئاتىسى بارسغان (Barsghan ) شەھىرىدىن بولۇپ ،
ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدىكى بىر يەردە تۇغۇلغان ، دېگەن سۆز مەھ-
مۇد كاشغەرىيگە قارىتىلغاندۇر[①] . بارسغان (بارسقان دەپمۇ يې-
زىلىدۇ ) شەھىرىنىڭ قەيەرگە جايلاشقانلىقى ئالىملاچان ئېنىقلان-
دى . گەردىزى بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۇرۇپ مۇنداق بايان
قىلىدۇ : ئىسكەندەر زۇلقەرنەين جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلماقچى بول-
غاندا پىرسىيلىك ئەسكەرلەرنى ، بىز يۇرتىمىزغا قايتىش ۋاقتىدا
سىلەرنى ئالغاچ كېتىمىز دەپ ۋەدە قىلىپ ، ئۇ ئەسكەرلەرنى بۇ
يەرگە (بارسغان شەھىرىگە — تەھرىردىن ) ئورۇنلاشتۇرغان ئى-
كەن ، ئەمما كېيىن يۇرتىغا ھىندىستان ئارقىلىق قايتقان ، بۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان . گەردىزىنىڭ
چۈشەندۈرۈشىچە ، بارسغان دېگەن ، پارسلارنىڭ ئەمىرى ، دېگەن-
لىك بولىدىكەن . ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، شەھەرنىڭ ئىس-
مى «پارس» ۋە «خان» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ
چىققان ئىكەن[②] . مەھمۇد كاشغەري بولسا ، بۇ شەھەرنى ئىككى
خىل چۈشەندۈرىدۇ . بىرىنچى خىل چۈشەندۈرۈشچە ، بارسغان
ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىكەن ؛ ئىككىنچى خىل چۈ-
شەندۈرۈشچە ، ئۇيغۇرلار پادىشاھىنىڭ بىر يىلقا باققۇچىسىنىڭ
ئىسمى شۇنداق ئىكەن . كېيىنكى چۈشەندۈرۈش كىشىنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىدۇ . چۈنكى ، بۇ گەپچە بولغاندا ، ئۇيغۇرلار بىر زاماند-
لاردا غەربتە تاكى ئىسسىقكۆلگە قەدەر كەلگەن ، بۇ ئىش 11 –
ئەسىرگىچە كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ساقلىنىپ قالغان .
ئەسەرنىڭ 1 – تومى (102 – بەت )دىكى مەلۇماتتىن ئاپ-
تورنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈركىي خەلقلەردىنلا بولۇپ قالماي ،

① مەھمۇد كاشغەري : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 – توم ، 308 – بەت .
② بارتولد : «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات» ، 89 – بەت .



بەلكى يەنە شۇ خەلقلەر قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىغا تەۋە
ئىكەنلىكىدەك خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ . ئاپتور كىتابىدا مۇن-
داق دەيدۇ : «بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئەمىرلەرنى «خەمىر» دەپ
ئاتايدۇ . چۈنكى غۇزلار «ئەمىر» سۆزىنى توغرا تەلەپپۇز قىلال-
مايدىكەن» ، كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە : «بىزنىڭ
بوۋىلىرىمىز تۈركلەرنىڭ يەرلىرىنى ئۇ يەرلەرنى بېسىۋالغان سا-
مانىيلار ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىكەن» دەيدۇ . ئاپتور
بۇ يەردە بۇ گەپلەرنى ئۆزىنىڭ شەخسىي گېپى سۈپىتىدە ئەمەس ،
بەلكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان سۆز سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ . بۇ
مەنبەدە : «نىزامىدىن ئىسرائىل توغان تېگىن بىننى مۇھەممەد
چاقىر توڭا خان ئۆزىنىڭ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا ئېيتىپ
بەردى» دېيىلگەن. بۇ يەردە يەنە « قىمق » (قۇمۇق — تەرجىماندىن )
دېگەن بىر ئەمىرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ، بۇ نامنى بىرىنەچچە
يەردە ئەسلەپ ئۆتىدۇ[①] .
يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ، ئىلى دەرياسى بويىدا ياشاپ
كەلگەن خەلقلەر ، ئېنىقراق ئېيتقاندا تۇخسىلار ، ياغمىلار ۋە
چىگىللەر قارىغاندا ، مۇسۇلمانلاردىن بولسا كېرەك . ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى چېگرىلىرى ئىلى دەرياسى-
نىڭ شىمالى ، بالقاش كۆلىگە تۇتىشىدىغان يەرلەر بولغان بولسا
كېرەك . بالقاش كۆلى تەرىڭكۆل (تېرەن كۆل ) نامىدىمۇ يولۇقى-
دۇ . بۇ سۆز ئوغۇز تىلىدا ئومۇمەن ، بىرەر نەرسىنىڭ موللۇقى-
نى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان[②] . قارىغاندا ، بالقاش كۆلى
مۇشۇ رايوندا ئەڭ چوڭ كۆل بولغاچقا شۇ نام قوللىنىلغان بولسا
كېرەك[③] . ئىلى دەرياسى بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ دەيدىغان

① مەھمۇد كاشغەري : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 – توم ، 321 – بەت (مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ ئۆزى ۋە ئەسىرى توغرىسىدا ماتېرىيال «يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 314 – ،
315 – بەتلىرىگە قاراڭ ) .
② مەھمۇد كاشغەري : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 – توم ، 99 – ، 273 – بەتلەر .
③ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 – توم ، 380 — 384 – بەتلەر .

سۆز ، خاتىرىلەردە ئۇچرىمايدۇ . كۆلدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە «ئىككى ئۆگۈز» (ئىككى دەريا ) نامىدا بىر شەھەر بولغان . بۇ شەھەر ئىلى دەرياسى بىلەن يەنە بىر دەريا يافەنج[1] دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان بولغاچقا شۇ نام قويۇلغان ئىكەن . لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىغا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە يافەنج دەرياسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ، ئىككى ئۆگۈز شەھىرى بولسا ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا قىلىپ كۆرسىتىلگەن[2] . ياۋروپالىق ساياھەتچى رۇبرۇك 1253 ـ يىلى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئېكۋىس (Equius )[3] دېگەن شەھەردىن ئۆتكەن . ئېھتىمال ، رۇبرۇك «ئىككى ئۆگۈز» دېگەن شەھەر نامىنى ئاڭلىغان بولۇشى ھەمدە ئۇنى «لاتىن پەدىسىدە» يازغاندا يۇقىرىقىدەك يېزىپ قويغان بولسا كېرەك . ئىككى ئۆگۈز شەھىرىنىڭ يېنىدا يەنە «قاملانچۇ» نامىدا[4] بىر شەھەر بولغان ئىكەن . قارىغاندا شۇ يەردە يەنە كۆمى تالاس دېگەن شەھەر بولغان بولسا كېرەك . بۇ ئىسلام تارقىلىپ بارغان چېگرا شەھەر بولسا كېرەك . بۇ شەھەر ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا — شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇشى مۇمكىن . باشقا بىر ئورۇندا بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار يەرلىرىنىڭ چېگرىسى[5] دەپ كۆرسىتىلگەن . ئۇ يەرنىڭ شىمالىدا يامار دەرياسى ئاقىدىكەن .[6] ئۇ ئېھتىمال ، ئېمىل دەرياسى بولسا كېرەك . بۇ يەر ھازىر چۆچەك شەھىرىگە قاراشلىق . «بۇ يەردە ياباقۇلار ئولتۇراقلاشقان» . ياباقۇ دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ كىچىك بىر دەريانىڭ ئىسمى بولۇپ قېلىشى تاسادىپەن توغرا كېلىپ قالغان بىر ئىش بولسا كېرەك . پەرغانە

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 58 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن خەرىتە ھەققىدە ئۇمنىياكوفنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى دۇنيا خەرىتىسى» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن .
③ مىشېل ۋە رايتلار تۈزگەن «رۇبرۇك» ناملىق ئەسەرگە قاراڭ ، 289 ـ بەت .
④ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 184 ـ بەت .
⑤ يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 177 ـ بەت .
⑥ يۇقىرىقى ئەسەر ، 1 ـ توم ، 75 ـ بەت ؛ 2 ـ توم ، 51 ـ بەت .



چېگرىسىدا ئۆزگەندگە يېقىن بىر جايدا ياباقۇ دېگەن نامدا كىچىكرەك بىر دەريا بولغان[1] .

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە بۇ خەلقنىڭ نامى (ياباقۇ ) بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ يات دىندىكىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان چوڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى باغلاپ كۆرسىتىدۇ . ئېيتىلىشىچە ، ئارسلان تېگىن قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك ئىسلام قوشۇنى بۇگە بۇدراچ[2] باشچىلىقىدىكى دىنسىزلارنىڭ 700 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان . بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشكە دائىر قوشاقلاردا ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى دەرياسى ۋە يامار دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلارغا قارشى تەرەپتە باسمىللارمۇ بولغان . بۇ ئۇرۇش مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتىن سەل بۇرۇنراق بولغاچقا ، ئۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان قارشى تەرەپتىكى بىرەر كىشى بىلەن بىۋاسىتە پاراڭلاشقان بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق بولسىمۇ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەققىدە ھەرخىل رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن . بۇ رىۋايەتلەر شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى ، جۈملىدىن يات دىندىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . يايلاقتىن شۇنچىۋالا نۇرغۇن ساندا قوشۇن چىقىش ، كۆچمەن تۇرمۇش شارائىتىدا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر ، ئەلۋەتتە . بۇنداق خىيالىي سانلار باشقىلارنىڭ كۆچمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىدە ، جۈملىدىن ، چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇملىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بىزگە ئومۇمەن يولۇقۇپ تۇرىدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىي ياباقۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىن باشقا تۈركىي تىلنىمۇ بىلەتتى ، دەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، ئۇلارنى

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 27 ـ بەت ؛ قارا دەريا دېگەنگە قارالسۇن .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 172 ـ بەت .

ساپ تۈركلەردىن دەپ قارىمىغان . ئۇ بۇ خىل (غەيرى تۈركىي )
خەلقلەر قاتارىغا يەنە باسمىللارنىمۇ كىرگۈزىدۇ . بىز يۇقىرىدا
كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئورخۇن مەڭگۈ تېشى يادىكارلىقلى-
رىدا ئۇچرايدىغان باسمىللار بەشبالىق شەھىرىگە جايلاشقان خەلق
ئىكەن . بەشبالىق رايونىنى كېيىن ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن .
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ باسما نۇسخىسىدا بۇ خەلق (
Jasmyl ) («ياسمىل» ) دەپ يېزىلغان ، ئەمما مەھمۇد كاشغەرىي-
نىڭ قولىيازمىسىدا بۇنداق خاتالىق يوق . «باسمىل» دېگەن
سۆز قولىيازمىدا 1 - توم 399 - بېتىدىكى «ب» ھەرپى
بىلەن باشلانغان سۆزلەر قاتارىدا «bäsbäl» سۆزىنىڭ كەينىگە ،
«bašghyl» سۆزىنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن .

كېلىپ چىقىشى جەھەتتە ساپ تۈركلەردىن بولمىغان خەلق-
لەر قاتارىدا تاتارلارمۇ كۆرسىتىلىدۇ . بىز ئورخۇن مەڭگۈ تاشلى-
رىدا تاتار ئاتالغۇسىنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتتۇق .
ئەمما كېيىنچە بۇ نام موڭغۇللارنى كۆرسەتكەن . مەھمۇد كاشغە-
رىي ئېھتىمال ياباقۇلار بىلەن بىللە موڭغۇللارنىمۇ غەيرى تۈركىي
مىللەتلەر قاتارىغا قوشقان بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر شۇنداق بول-
دىغان بولسا ، موڭغۇللار شۇ چاغلاردا غەرب تەرەپكە يەنى ، تۈر-
كىي خەلقلەر ياشىغان يەرلەرگە بېرىپ ئاشۇ تۈركىي قەبىلىلەر
ئارىسىدا ياشىغان بولىدۇ . بۇلاردىن باشقا يېنىسەي دەرياسىنىڭ
يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ، ساپ تۈركىي خەلق دەپ
قارالغان . قانداقلا بولمىسۇن ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرى-
دىن ، موڭغۇللارنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى موڭغۇلىيىدىن سىقىپ
چىقارغانلىق پاكىتى ئىسپاتلىنىدۇ . ئۆتۈكەن تاغلىرى ئورخۇن
مەڭگۈ تاشلىرى يېزىلغان ۋاقىتلاردا تۈرك خانلىقىنىڭ باش قا-
رارگاھى ئىدى . ئەمما ، مۇئەللىپنىڭ زامانىدا بۇ يەرنىڭ «كەڭ



دالىلىرىدا تاتارلار ياشايدۇ . ئۇلار ئۇيغۇر ئېلىگە چېگرىداش-
تۇر»① . جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا ، موڭغۇلىيىدە ھۆكۈم
سۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى خەلق قىرغىزلار ئىدى . ئۇلار 840 - يىلى
ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، بۇ يەرنى ئىگىلىگەن . قىرغىز-
لارنىڭ موڭغۇلىيىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان قىتان (Qytai, chitai, kitai) لارنىڭ
قۇدرەت تېپىپ شىمالىي جۇڭگودا دۆلەت قۇرغانلىقى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەتلىك . ئۇلار بۇ دۆلەتكە ئۆزلىرىنىڭ نامىنى قويغان .
ۋەھالەنكى بۇ نام ھازىرقى ۋاقىتتا ، موڭغۇللار ، رۇسلار ۋە
قىسمەن مۇسۇلمان ئاپتورلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىدۇ ، ئەمما
غەربىي ياۋروپالىقلار ئىشلەتمەيدىغان بولدى . تۈركلەر غەرب تە-
رەپتىن جۇڭگونىڭ ئەرەبچە نامى بولغان «سىن» ئاتالغۇسىنى
قوبۇل قىلىپ ، پارسچىدىكى «چىن» شەكلىدە قوللاندى . پارسلار
ئەرەبچىدىكى «س»نى كۆپىنچە «چ» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ .
بۇنىڭدىن باشقا ، شەرق تەرەپتىن ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچ-
رايدىغان «تابغاچ» ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلغان . مەھمۇد كاشغە-
رىي زامانىسىدا② سىن ۋە ماسىن (پارسچە چىن ۋە ماچىن ) نامل-
رى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىلغان ، يەنى ، ئالدىنقىسى شى-
مالىي جۇڭگونى ، كېيىنكىسى جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرسەتكەن .
تابغاچ (مەھمۇد كاشغەرىي «تاۋغاچ» دەپ ئالغان ) نامى بولسا ،
پەقەت كېيىنكىسىنى ، يەنى خەنزۇلار قۇرغان سۇڭ سۇلالىسىدى-
كىلەرنى كۆرسەتكەن . «تاۋغاچ» ياكى «ماچىن» يەنە «يۇقىرى
چىن» دەپمۇ ئاتالغان . ئەسلىي مەنىسىدىكى چىن ياكى «ئوتتۇرا
چىن» «خىتاي»نى كۆرسەتكەن . بۇ ئاتالغۇ شۇ چاغلاردا شۇ
يەرلەردە ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان خەلقنىڭ نامىدىن كەلگەن .

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 123 - بەت .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 1 - توم ، 378 - بەت .

قەشقەرىيە «تۆۋەن چىن» دەپ ئاتالغان[1] . ئەھۋاللارغا قارىغاندا
«تاۋغاچ» ئاتالغۇسى باشقا مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلگەن بولسا كې-
رەك . خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى
مەدەنىيەت بۇيۇملىرى چىنلىقلارغا مەنسۇپ دەپ قارالغان . مۇشۇ
مەنىدە مەھمۇد كاشغەرىي «قۇرئان كەرىم»دە زىكرى قىلىنىدىغان
ئەرەبچە «ئاد» دېگەن خەلق نامىنى «تاۋغاچ» ئاتالغۇسى بىلەن
سېلىشتۇرىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىي بۇ يەردە قاراخانىيلار خانلىقى
ئىشلەتكەن «تاۋغاچ خان» ئۇنۋانىنى خاتا ھالدا يۇقىرىدا ئېيتىل-
غانلار بىلەن باغلاپ ، ئۇنىڭ مەنىسىنى «ئۇلۇغ ۋە قەدىمكى پادى-
شاھ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ . شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى ، بۇ
ئۇنۋان بۇرۇن جۇڭگو بىلەن قوشنا خەلقلەردىن قالغان ۋە تۈرك-
لەرنىڭ جۇڭگودىكىدەك ئىمپېرىيىگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى تۈرتى-
كىسىدە روياپقا چىققان بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئۇنۋان يەنە قاراخا-
نىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىلىرىدىمۇ ئەرەبچە «مەلىكۇس-
سىن» («چىننىڭ شاھى») دەپ تەرجىمە قىلىنىپ يېزىلغان .
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا يەنە 1020 ـ يىلى ئەتراپىدا
گەنجۇدا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن تاڭغۇت-
لارمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇنىڭدا چىن بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا «قاتۇن سىنى» دەپ ئاتالغان غەلىتە تۈركچە نامدىكى بىر
شەھەر ئورۇنلاشقان دەپ بايان قىلىنىدۇ (بۇ «ئايالنىڭ ھەيكى-
لى» ، «خانىشىنىڭ ھەيكىلى» ياكى «خانىشىنىڭ قەبرىسى» دېگەن-
لىك بولىدۇ)[2] . بۇ نام چۈشەندۈرۈلمەيدۇ . بۇ شەھەرگە شۇنىڭ
نامى قويۇلغان دەپ كۆرسىتىلىدىغان بىرەر ھەيكەلمۇ تىلغا
ئېلىنمىغان . پەقەت بۇ يەردە «قاتۇن سىنى» نامىدىكى شە-
ھەر ئاھالىلىرى بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانداق-

---

① ئوتتۇرا ئەسىردىكى جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنىڭ نامى ھەققىدە ، پېلليئوت-
نىڭ ماركوپولو توغرىسىدىكى ئەسىرىنىڭ 264 — 278 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 101 ـ ، 240 ـ بەتلەر .
بىرۇنىنىڭ يازغانلىرىدىمۇ قاتۇن سىنى دېگەن ئاتالغۇ ئۇچرايدۇ .



تۈر بىر ئۇرۇش تىلغا ئېلىنىدۇ . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇ
ئۇرۇش تاڭغۇتلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان .
ئومۇمەن ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇ ياكى بۇ شەھەرلەر
توغرىسىدا بەرگەن قىسقا ئىزاھلىرىغا قارىغاندا ، بىزگە يېتىپ
كەلمىگەن بىر تارىخىي ماتېرىيالنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قولى-
دا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . ئەگەر شۇ ماتېرىيال قولىمىزدا
بولغان بولسا ، ئۇ بىزنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بىلەن
تەمىنلىگەن بولار ئىدى . مەسىلەن ، ئۇنىڭدا «سىغۇن سەمۇر»
دېگەن بىر يەر نامى كۆرسىتىلىدۇ . بۇ يەردە بۇغىراخانغا زەھ-
ەر بېرىلگەن ئىكەن . ئەمما ئۇ قايسى بۇغراخان ئىكەنلى-
كى ئۈستىدە توختالمايدۇ[1] . يەنە ئىنچكەنت دېگەن بىر شەھەرنى
تىلغا ئالىدۇ . بۇ مەشھۇر «مۇقەننا»لارغا قاراشلىق شەھەر ئى-
كەن ، ئەرەب قوشۇنلىرى كۆپپارلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ۋەي-
ران بولغانىكەن[2] . ھازىرچە مەلۇم بولغان مەنبەلەرگە قارىغاندا ،
مۇقەننا كۆپپارلىرى (8 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا) ۋە
ئۇلارنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقى ھەمدە خەلىپە قو-
شۇنلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى توغرىسىدا شۇنداقلا بۇ يەرنىڭ
جۇغراپىيىلىك ناملىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق .
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا تىل ئىلمىگە دائىر ماتېرى-
ياللار ناھايىتى كۆپ . بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ
نۇرغۇن نەمۇنىلىرى ، خەلق سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدى-
غان نۇرغۇنلىغان سۆزلەر بار . بۇلار 11 ـ ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ
ھاياتى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ ، تۈركلەرنىڭ
ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى مەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە
ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ . ئۇ چاغلاردا ئىسلام دىنى ، بولۇپمۇ ئىراننىڭ تەسىرى تۈرك-

---

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 343 ـ بەت .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 323 ـ بەت .

لەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرى ئۈستىدىن تېخى تولۇق غەلىبە قىلمىغان ئىدى. ئۇ ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى بۇ لېكسىيىلەردە تولۇق بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىش كېرەك①. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوغۇزلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتلىرى ئۈستىدە بىر قۇر توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ماتېرىياللارنىڭ بەزى تەرەپلىرى توغرىسىدا كېيىنكى لېكسىيىلىرىمدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تىرىشىمەن. تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋاللىرى توغرىسىدا ئومۇمىي باھا بېرىپ ئۆتۈش ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىي بىزگە قالدۇرغان شېئىرىي نەمۇنىلەرنى مۇئەييەن بىر ئورۇندا ياشىغان تۈركلەرگە مەنسۇپ دەيلى دېسەك، ئۇلارنىڭ تارقالغان يەرلىرى ۋولگا دەرياسى بويىدىن تاكى جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىغا قەدەر يېتىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى شېئىرلار قايسى رايوندا ياشىغان تۈركىي خەلقلەرگە — شەرقتىكىلەرگە ياكى غەربتىكىلەرگە ئائىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. مۇشۇ مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە مەنسۇپ بايانلار ۋە مەلۇماتلارنى — قاغان ئوردىسىنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالىدىن باشلاپ ئىدارە قىلىش قائىدە - تەرتىپلىرىگىچە، مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەممىلا تەرەپلىرى، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەرگىچە بولغان ئەھۋاللارنىڭ قايسى ئورۇن ۋە قايسى خەلقلەرگە مەنسۇپلۇقىنى ئېنىق مۇقىملاشتۇرۇشمۇ تەس.

① ئىبراگىموف ۋە خراكوۋسكىلارنىڭ «ماتېرىياللار توپلىمى»، ئاخالىنىڭ «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋانى» دېگەن ئەسەرلەرگە قارالسۇن.



# ئالتىنچى لېكسىيە

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كېلىشى 10 - ئەسىردە ئۇلارنىڭ باشقا يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش ھەرىكىتىدىن خېلىلا بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى. ئېھتىمال، ئاشۇ بۇرۇن كەلگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىمۇ شۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. 7 - ئەسىردە① ئەرەبلەر بۇ يەرلەرنى ئىگىلىۋالغاندا، بەدەخشاندا قارلۇقلارنى بايقىغان ئىكەن. ھازىر بەدەخشاندا ياشاۋاتقان ئۆزبېك قەبىلىلىرى ئىچىدە يەنىلا قارلۇق قەبىلىسى بار②. 16 - ئەسىردە ئۆزبېكلەر بەدەخشاننى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ قەبىلە نامىلىرىنىڭ بۇنداق ئوخشاش ئاتىلىپ كېتىشى بىزنى، بۇ ئۆزبېكلەر تەركىبىگە بۇرۇن شۇ يەرلەردە ياشىغان تۈركىي قەبىلىلەرمۇ سىڭىپ كىرگەنمىكىن؟ دېگەن پەرەزگە كەلتۈرىدۇ. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا خەلىپە قوشۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەرگە تەيىنلەنگەن ۋالىي (نائىپ)لىرىنىڭ تاللانغان ئەسكەرلىرى ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان تۈركلەردىن باشقا، خالاچ نامىدىكى بىر تۈركىي خەلقنىڭمۇ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ھازىرقى ۋاقىتتا، ئىراندا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەر③ ئىچىدىمۇ «خالاچ» نامىدىكى قوۋم بار. تۈركىي خەلقلەر بۇ خەلقنىڭ نامىنى ئەھۋاللارغا قارىغاندا «قالاچ» دەپ تەلەپپۇز قىلسا كېرەك. بۇ

① ياكى 8 - ئەسىردە، تەبەرىنىڭ كىتابىنىڭ 2-توم 12-بېتىگە قارالسۇن (ماندىلشتام: «ماتېرىياللار»، 159-بەت؛ كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، 148 - بەتلەرگە سېلىشتۇرۇلسۇن).
② شانىيازوفنىڭ «ئۆزبېك — قارلۇقلار» دېگەن كىتابى بىلەن سېلىشتۇرۇلسۇن.
③ «بارتولد ئەسەرلىرى»، 5 - توم، 603 - بەت؛ خالاچ ھەققىدە شۇ بەتكە قارالسۇن.

خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا راشىدىددىنمۇ توختىلىپ، بۇ ئاتالغۇ «قال ئاچ» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە مەھمۇد كاشغەرىيمۇ توختىلىپ[1] «خالاچ» دېسەكمۇ ياكى «قالاچ» دېسەكمۇ بۇ ئوغۇزلارغا مەنسۇپ خەلق دەيدۇ. راشىدىددىن ئوغۇزلارنىڭ 24 قەبىلىسى بار، دەپ كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بولسا 22 دەپ كۆرسىتىپ، بۇ ئەسلىدە 24 ئۇرۇق ئىدى، كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن خالاجلارنىڭ ئىككى قەبىلىسى ئايرىلىپ كەتكەن[2]، دەيدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر خالاجلارنىڭ بىرقىسمى ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىنى يوقىتىپ، ئافغان خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن، ئافغانلار ئىچىدىكى «گىلزەي» قەبىلىسى شۇ سىڭىپ كەتكەن خالاجلار، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما بۇنداق قاراشقا قارشى چىققۇچىلارمۇ بولۇپ، ئۇلار ئافغان تىلىنىڭ فونېتىك قانۇنىيەتلىرىگە قارىغاندا، يۇقىرىقى پەرەز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دەيدۇ. ھىندىستاننىڭ سىياسىي تارىخىدا بىر چاغلاردا خالاجلار چوڭ رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ نامى «خالج» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. ئىراندىكى خالاجلارنىڭ بىر قىسمى ھازىرغىچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىكەن. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، ئۇلارنىڭ شۇ يەرلەردە كۆپ سانلىق بولغان ئوغۇزلار[3] بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئوغۇزلارنىڭ ئىستېلا ھەرىكىتى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىستېلاسىدىن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. قاراخانىيلار خان-

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 306 ـ بەت؛ راشىدىددىننىڭ ئەسىرىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 85 ـ بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 155 ـ بەت؛ 3 ـ توم، 307 ـ بەت (تولىستوفنىڭ «غۇزلارنىڭ شەھەرلىرى» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 78 — 83 ـ بەتلىرىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن راشىدىددىننىڭ بايانلىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرما تەھلىلىگە قاراڭ).

[3] «بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 552 ـ بەتتىكى خالاچ ۋە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا، شۇنداقلا ۋ. ماسسون ۋە رومودىنلارنىڭ «ئافغانىستان تارىخى» دېگەن ئەمگىكىنىڭ 21 ـ، 271 ـ، 276 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.



لىقى سامانىيلار دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇۋېلىشتىن بۇرۇنلا ئۆز ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ بولغان، بويسۇندۇرۇۋالغان يەرلىرىنى بولسا ئىمپېرىيىنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋالغان خالاس. ئوغۇزلارنىڭ رەھبەرلىرى باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى بويسۇندۇرۇۋېلىپ، شۇ يەرلەردە ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان ئەلدىن ئايرىلغان، كېيىن ئۆزلىرى بويسۇندۇرۇۋالغان يەرلەرگە قۇرغان دۆلىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ بۇرۇن ئۆزلىرى ياشىغان ئەلنى بويسۇندۇرۇۋالغان.

ئوغۇز خەلقلىرىنىڭمۇ خۇددى قارلۇق خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشاش قاغانى يوق ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى ۋە باشقا مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئىراندا ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرغان ئوغۇزلارنىڭ باشچىسى «سۇ باشى» (sü bašy — لەشكەر بېشى) دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ ئىسمى بولسا، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە «سلجوق» دەپ يېزىلغان، ياۋروپا ئالىملىرى ئۇنى «سەلجۇق» دەپ تەلەپپۇز قىلغان. بۇ تەلەپپۇز تۈركىي تىل فونېتىكىسىدىكى ئاۋاز گارمونىيىسى قائىدىسىگە ماس كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ نام ياۋروپا ئىلىم ـ پېنىدە مۇقىملىشىپ قالغان. يېڭى زامان ئالىملىرى تۈركىي تىل فونېتىكىسىنىڭ قائىدىلىرى بىلەن ئوبدان تونۇشقاندىن كېيىن، يۇقىرىقى خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ بۇ ئاتالغۇنى سالجۇق دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئەمما تۈركچە تېكىستلەر بۇنىڭ توغرا تەلەپپۇزىنىڭ «Selǵük, Selčük»[1] ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇ خىل تەلەپپۇزنى بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىنمۇ كۆرىمىز[2]. قەدىمكى تۈركىي تىلدا يېزىلغان «كىتابى دەدە قورقۇت» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مەنبەلەردىمۇ، جۈملىدىن 16 ـ ئەسىردىكى ئوسمانىيلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 548 ـ بەت.

[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 397 ـ بەت.

سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان، ئاپتورى
نامەلۇم تارىخىي ئەسەردە يولۇقىدۇ (مەزكۇر ئەسەر ھىجرىيە
950-يىلى، مىلادىيە 1543 — 1544-يىللاردا يېزىلغان بولۇپ،
بۇ ئەسەرنىڭ ھىجرىيە 954 - يىلى، مىلادىيە 1547-، 1548-
يىللىرى يېزىلغان قولىيازمىسى «خالىس ئەپەندى، №7340» نو-
مۇر بىلەن كونستانتىنوپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا
ساقلانماقتا).

سالجۇقنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان پائالىيەتلىرى تۆۋەندىكى-
لەردىنلا ئىبارەت: ئۇنىڭ ئۆزى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان؛
سىر دەرياسى بويىدىكى مۇستەملىكە ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان
مۇسۇلمانلارنى ئوغۇزلارغا ئولپان تۆلەشتىن ئازاد قىلغان. بۇن-
داق ئەھۋالدا بۇ يەردىكى مۇستەملىكە ھالىتىدىكى مۇسۇلمان
ئاھالىلەر بىلەن سالجۇقنىڭ ئەۋلادلىرى يېقىن ئۆتۈشى لازىم
ئىدى. ئەمما بىزلەرگە 11 - ئەسىرگە كەلگەندە جەند شەھىرىنىڭ
شاھ مالىك ئىسىملىك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانىنىڭ سالجۇق خانلى-
قىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنلىكى مەلۇم.
ئوغۇزلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋاللارغا قارىغان-
دا، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن موڭغۇلىيىدە دۆلەت تۇتۇپ تۇرغاندەك
دۆلەت تۇتۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان بولسا كېرەك. ئۇلار
6 - ئەسىردە موڭغۇلىيىدە قۇرغان دۆلەت، كۆچمەن تۈركىي
خەلقلەر قۇرغان دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ كۈچلۈك
ئىمپېرىيە ئىدى (پەقەت كېيىن قۇرۇلغان موڭغۇل ئىمپېرىيە-
سىدىن قالسىلا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى). ئۇلار ئۇ يەردە
جۇڭگولۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بىرنەچچە قېتىم قۇتۇلۇپ،
خارابلاشقان دۆلىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. بۇ يەردە
شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خانلار شەرقتىكى بۇ دۆلەت-
نىڭ شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ يەردىكى خەلق
رايى بىلەن ھېسابلىشىشقا توغرا كەلگەن.



خان ئۆز نامىدىن قالدۇرغان يادىكارلىقلاردا توققۇز ئوغۇزلار
ياكى ئوغۇزلار توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى
ئۆز خەلقىم دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىگە قارشى چىققۇچى
ئىسيانچىلار دېگەن سەلبىي مەزمۇنلاردا بايان قىلغان. كاسپىي
دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ يايلاقلاردا مەيلى ئوغۇزلار بولسۇن
ياكى تۈركمەنلەر بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمى-
گەن، ئىچكى ئۇرۇشلار توختىمىغان. ئوغۇز خەلقىنىڭ ئايرىم
قىسىملىرى كەڭ كۆلەمدە يۈرۈش قىلغان ۋە يىراق ئەللەرگە
كۆچۈپ كەتكەن. ۋەھالەنكى بۇ ھەرىكەتلەر پۈتۈن ئوغۇزلارنىڭ
بىرلىكتە قىلغان ھەرىكىتى ئەمەس ئىدى. بىراق شۇنىسى كىشى-
نى ھەيران قالدۇرىدىكى، ھېچقاچاندا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ
ئۇيۇشالمىغان دەل مۇشۇ ئوغۇزلار ئەڭ كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ۋە
ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈركىي خەلقلەر دۆلىتىنى
قۇردى، جۈملىدىن بۇ بۈگۈنكى تۈركىيىنىمۇ (ئوسمان ئىمپېرى-
يىسىنىمۇ) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6 — 8 - ئەسىرلەردىكى تۈرك ئېمپېرىيىسىدىن كېيىن،
غەرب تامان كېڭەيگەن ئوغۇزلار تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇ-
مات 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پەچەنەكلەرنىڭ غەربكە سىلجىغان
پائالىيىتى ھەققىدىكى مەلۇمات بولدى. 10 - ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى
يېرىمىدا ئۆتكەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى كونستانتىن باگرا نا-
رودنېي، پەچەنەكلەرنىڭ بۇ ھەرىكىتى بۇنىڭدىن (بۇ ئېمپېراتور
ئۆزى ياشاپ تۇرغان ۋاقىتتىن) 50 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى،
دەپ كۆرسەتكەن. راشىدىددىن ۋە مەھمۇد كاشغەرىيمۇ پەچەنەكلەر
توغرىسىدا توختىلىدۇ ۋە پەچەنەكلەرنى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ
بىرسى ئىدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدىكى رۇس تارىخچىلى-
رى «پەچەنەك» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ يېزىلىشىنى گرېكلارنىڭ
يازغانلىرىدىن سەل باشقىچىرەك يازغان. گرېكلار شۇ چاغدا «
nalolváxoL» دەپ يازغان. ئەھۋالغا قارىغاندا، رۇسلار بۇ ئاتال-

غۇنىڭ تەلەپپۇزىنى شۇ ۋاقىتلاردا بىۋاستە ئاڭلىغانلىرى بويىچە
يازغان بولسا كېرەك ، بۇ يازغانلىرى توغرا بولۇپ چىققان .
بۇرۇن بۇ ئاتالغۇ توغرىسىدا : بۇرۇن تۈركچە «بىجەنەك»
(كۈيئوغۇل ) دېگەن بىر ئاتالغۇ بولغان ، پەچەنەك دېگەن بۇ
ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كەلدىمىكىن ؟ دېگەن پەرەزلەر بولغان . ئەمما
مەھمۇد كاشغەرىي يازغانلىرىدا ئېنىق قىلىپ «پەچەنەگ» دەپ
تەلەپپۇز قىلغان[①] .

قارىغاندا ، پەچەنەكلەر ئوغۇزلاردىن ناھايىتى بالدۇرلا ئايرى-
لىپ چىققان بولسا كېرەك . چۈنكى 9 ـ ئەسىردىكى ئەرەب
جۇغراپىيە ئالىملىرى پەچەنەكلەرنى يېڭى ماكانلىرىغا كۆچۈپ
كېلىشتىن بۇرۇنلا ئايرىم خەلق سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ . پەچە-
نەكلەر يېڭى يەرلەرگە كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن ھازار قەبىلىلە-
رىنىڭ شەرقىي قوشنىسى سۈپىتىدە يايىق دەرياسى (ئۇرال دەريا-
سى دەپمۇ ئاتىلىدۇ — تەرجىماندىن )نىڭ ئەتراپىدا ياشىغان .
ئىبن فەزلان 922 ـ يىلى بىر قىسىم پەچەنەكلەرنىڭ يايىق
دەرياسى بويىدا بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ[②] . پەچەنەكلەرنىڭ زور
كۆپچىلىكى ھازار قەبىلىلىرىنىڭ يەرلىرىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي
روسىيىگە كېلىپ جايلاشقان ۋە سىۋىيە توسلاف زامانىسىدىن
باشلاپ كىيېف شەھىرىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان . رۇس سالنا-
مىلىرىدا پەچەنەكلەرنىڭ رۇس يەرلىرىگە قىلغان ھۇجۇملىرى ۋە
رۇس كىنەزلىرىنىڭ پەچەنەكلەرگە قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرى
پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ . كونستانتىن باگرا نارودنېي (كونس-
تانتىن پورپۇروگېنىېتوس ) پەچەنەكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى توغ-
رىسىدا نۇرغۇن مەلۇمات بېرىدۇ ۋە پەچەنەكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى-

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 57 ـ بەت ، باشقا بەتلەردىمۇ بار . پەچەنەكلەرنىڭ ئەل دەسلەپكى تارىخى توغرىسىدا كلياشتورنىينىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىللار يادىكارلىقلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 163 — 167 ـ ؛ 177 — 179 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

② كوۋالوۋسكى نەشرگە تەييارلىغان «ئىبن فەزلان» (1956 ـ يىل ) ناملىق ئەسەرنىڭ 130 ـ بېتىگە قاراڭ .



مۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .

11 ـ ئەسىردە ھازار پادىشاھلىقى يوقالغاندىن كېيىن ، ئو-
غۇزلار ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي روسىيىگە كۆچۈشكە
باشلىغان . بۇ ۋاقىتتا ، ۋىزانتىيە مەنبەلىرىدە ئۇلار Uz (ئۇز )
شەكلىدە خاتىرىلەنگەن . رۇس يىلنامىلىرىدا بولسا بۇ خەلق
«Tork» — تۈركلەر دەپ ئاتالغان . بۇ ئوغۇزلار ئۆزلىرىنىڭ
يېقىن قېرىنداشلىرى بولغان پەچەنەكلەر بىلەن بىرلەشمەي ، ئەك-
سىچە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان . پەچەنەكلەر بولسا ئو-
غۇزلاردىن قېچىپ بالقان يېرىم ئارىلىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر
بولغان ، ئوغۇزلار پەچەنەكلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بالقانغىچە
كەلگەن . بۇ چاغلار ۋىزانتىيىگە قاراشلىق كىچىك ئاسىيا (ئاناتو-
لىيە يېرىم ئارىلى )غا باشقا ئوغۇزلار ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان
چاغلار ئىدى . بۇ ئوغۇزلار بۇ يەرگە سالجۇقنىڭ ئەۋلادلىرى
بىلەن بىللە كەلگەنىدى . ئەينى چاغدا ۋىزانتىيىگە قاراشلىق كى-
چىك ئاسىيا ۋە شۇنىڭدەك بالقان يېرىم ئارىلى تەرەپ ـ تەرەپتىن
كەلگەن تۈركىي خەلقلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ ، بۇنداق
ئەھۋال ئىلگىرى يۈز بېرىپ باقمىغانىدى . بىراق ، ۋىزانتىيە
ئىمپېرىيىسىنىڭ تەلىيىگە يارىشا ، بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن
تۈركىي خەلقلەر بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشالمىدى . 11 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، يەنى ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشى باشلى-
نىش ھارپىسىدا ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ئۆزىنى خەۋپسىز ھېس
قىلدى . تۈركلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي قورشىۋېلىپ تەھدىت
سالغاندا ، تۈركلەرگە قارشى غەرب تەرەپتىن ياردەم سورىمىغانلى-
قىغا پۇشايمان قىلدى ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئى-
دى .

قارىغاندا ، بۇ كۆچۈش ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغان ئو-
غۇزلار ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە زادى
ئۇچرىمىغاندەك قىلىدۇ . 13 ـ ئەسىردىكى ئەرەب ئاپتورلىرىنىڭ

يازغانلىرىدا ساقلىنىپ قالغان بىر باياندا ، ئۇنىڭدىن خېلىلا بالدۇر بولغان ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىپ ، ئوغۇزلار ئىچىدە خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بارلىقىمۇ سۆزلىنىدۇ[1] . ئوغۇزلار ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنى بىلەن جانلىق سودا - تىجارەت قىلالايدىغان مەدەنىي رايونلاردا ، ئېنىقراق ئېيتقاندا ، خارەزىمدە توقۇنۇشقان بولسا كېرەك . خارەزىملىكلەر ئىچىدە خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بارلىقىنى 11 - ئەسىردە خارەزىمدە ئۆتكەن ئالىم بىرۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ[2] . بۇ خرىستىئانلار پېرسىيە ۋە تۈركىستاندىكى كۆپ قىسىم خرىستىئانلارغا ئوخشاش ، نېستورىئان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلماستىن ، پراۋوسلاۋ مەزھىپىگە ئېتىقات قىلغان . قارىغاندا ، ئوغۇزلار خرىستىئان دىنىنىڭ مۇشۇ مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان[3] .

مۇسۇلمانلار سىر دەرياسى بويىغا كېلىپ جايلاشقاندىن كېيىن ، ئوغۇزلارنىڭ رەھبىرىنىڭ قارارگاھى بولغان يەر ۋە باشقا يەرلەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئورنى ئۈستۈن ۋە مۇستەھكەم بولدى . تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى سامانىيلار دۆلىتىگە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەپ بېرىش بەدىلىگە سامانىيلار خانلىقى قارمىقىدىكى كەڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئىختىيارىغا ئېلىپ ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ چېگرا رايونلىرىنى مۇسۇلمان بولمىغان قېرىنداشلىرىدىن ساقلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى . ئەينى ۋاقىتتا ، سامانىيلارنىڭ چېگرا ئۆلكە - ۋىلايەتلىرىدە ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇش بولغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى .

---

① زەكەرىيە قازۋىنى : «كائىناتنىڭ ئەھۋالى» ، 2 - توم ، 394 - بەت ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر . بۇ بايانلار بىرۇنى ئەمگەكلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ (بىرۇنى : «ئاسارۇل باقىيە» ناملىق ئەمگىكىنىڭ 264 - بېتى ) . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بىرۇنىنىڭ يازغانلىرىنى قازۋىنىنىڭ يازغانلىرىنىڭ مەنبەسى دېسە ، بولىدىغان ئوخشايدۇ .

② بىرۇنى : «ئاسارۇل باقىيە» ، زاخاۋ نەشرى ، 296 - بەتلەر (تولىستوفنىڭ «يېڭى يىل ئەمگىكى» دېگەن ئەمگىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ ) .

③ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 - توم ، 545 - بەت .



10 - ئەسىردىكى مەشھۇر ئەرەب پەيلاسوپى فارابى دەل تۈركىي خەلقتىن كېلىپ چىققان ئالىم ئىدى . سامانىيلار خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن چاغلاردا ، ئوغۇزلار بەزىدە ئۇ تەرەپتە ، بەزىدە بۇ تەرەپتە تۇرۇپ كەلدى . 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ، ئوغۇزلار غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد تەرەپكە ئۆتۈۋالدى . شۇ ۋاقىتتىكى پارس تارىخچىلىرى بۇ يەرلەرگە پۈتۈنلەي تەشكىلسىز كۆچۈپ كەلگەن ئوغۇزلار بىلەن سالجۇق ئەۋلادلىرىنىڭ تەشكىللەنگەن كۈچلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ قارىغان . سالجۇق ئەۋلادلىرى ئۇ چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش پادىچى - چارۋىچىلار بولماستىن ، بەلكى «بويسۇندۇرغۇچى ئەمىرلەر» ئىدى[1] . ئاۋۋالقىلىرى (يەنى تەشكىلسىز ئوغۇزلار ) غەزنەۋىلەر خانلىقى ۋە باشقا سۇلالىلەر ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ، ئۇلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان سالدى . بۇ بۇلاڭچىلىق ناھايىتى كەڭ رايونلارغا يېيىلغان بولسىمۇ ، بىراق ھېچقانداق سىياسىي ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ چىقىرالمىدى . كۆچمەنلەر بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچكەندە ، ھېچبىر يەردە مۇداپىئە ئەسكەرلىرى قويمىدى ، ۋەيران بولغان شەھەرلەرنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرمىدى ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكىمۇ ئۇرۇنمىدى . سالجۇق ئەۋلادلىرى بولسا خوراساننى دەسلەپتە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، يەنى غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ سۇلتانى مەسئۇد (مەھمۇدنىڭ ئوغلى ) ۋاقتىدا ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋېلىپ ، مەسچىتلەردە جۈمە كۈنى ئوقۇلىدىغان خۇتبىلەردە ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتتى ۋە ئۇ يەرلەردە چىقىرىلغان تەڭگىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپىنى ئويدۇردى . گەرچە ئۇلار دەسلەپكى

---

① مورلى : «بەيھاقى تارىخى» ، 584 - بەت .

چاغلاردا بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمە-
گەن بولسىمۇ، 6 ـ ئەسىردىكى تۈرك ئىمپېرىيىسىنى ئاكا ـ ئۇكا
ئىككىيلەن قۇرغىنىغا ئوخشاش، 11 ـ ئەسىردىكى سالجۇق ئەۋ-
لادلىرى دۆلىتىنىمۇ سالجۇقنىڭ ئىككى نەۋرىسى قۇرغانىدى.
ئەينى ۋاقىتتا، سالجۇقنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئىككى نەۋرىسىنىڭ
بىرسىنىڭ ئىسمى نىشاپۇر[1] دىكى مەسچىتتە ئوقۇلغان خۇتبىدە
تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇ يەردە قويۇلغان تەڭگىلەرگىمۇ ئويۇلغاند-
دى؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى مەرۋىدىكى[2] مەسچىتلەردە ئوقۇل-
غان خۇتبىلەردە تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇ يەردە قويۇلغان تەڭگىلەرگە
ئويۇلغانىدى. ئۇلاردا قەدەممۇقەددەم ھاكىمىيەت بىرلىكى چۇشەن-
چىسى پەيدا بولغانىدى. شۇنىسى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇكى،
سالجۇق تۈركلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، خۇراساننى
ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلار، خۇراساندا ئۆزلىرى قۇيدۇرغان تەڭگە-
لەرگە قەدىمكى ئىرانلىقلار قوللانغان ئەمەل ئۇنۋانى —
«شاھىنشاھ» ئاتالغۇسىنى تۇنجى قېتىم ئويدۇردى. مەيلى ساما-
نىيلار خانلىقى بولسۇن ياكى غەزنەۋىلەر خانلىقى بولسۇن ئۇلار
بۇ نامنى رەسمىي قوللانمىغانىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەرەب
خەلىپىلىكىنىڭ سادىق مۇسۇلمان ئەمىرلىرى دەپ ھېسابلاپ،
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى دۆلەت ئەنئەنىلىرىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتىدۇ، دېگەن گۇماندىن خالىي بولۇش ئۈچۈن
كونا ئەنئەنىلەردىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغانىدى. «شا-
ھىنشاھ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى پەقەت باغدادقا ۋە غەربىي پېرسى-
يىدىگە ھۆكۈمىران بولغان شىئە مەزھەپىدىكى بۇۋەيھىلەر
جەمەتىلا قوللانغان. سالجۇق ئەۋلادلىرى غەربكە قاراپ سىلجىغان-

① ھىجرىيە 428 ـ يىلى شەئبان ئېيى (مىلادىيە 1037ـ يىلى 5 — 6ـ ئايلار)دىن كېيىن؛ «ئىبنۇل ئەسىر»، تورنبېرگ نەشرى، 9ـتوم، 328ـبەت؛ «بەيھاقى تارىخى»، مورلې نەشرى، 676ـبەت (بۇ كىتابتا بۇ ۋەقە 1038ـيىلى بولغان دەپ يېزىلغان).

② يەنە شۇ يىلنىڭ رەجەپ ئېيىنىڭ 1 ـ ھەپتىسىدە (مىلادىيە 1037 ـ يىل، 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى).



دىن كېيىن، «شاھىنشاھ» دېگەن بۇ نام «ئىسلام سۇلتانى»
دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلدى. «سۇلتان» دېگەن بۇ نام ئۇلار ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەنىسىگە
نىسبەتەن تېخىمۇ ئېنىق مەنىگە ئىگە بولدى. سالجۇقىيلار سۇلا-
لىسىدىن باشلاپ «سۇلتان» دېگەن بۇ نام ئەڭ ئالىي، كۈچ ـ
قۇدرەتلىك ۋە مۇستەقىل ھۆكۈمرانلارنىڭلا خاس نامى بولۇپ
قالغان. بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىكى ۋە سۇيۇرغاللىق مۇناسىۋ-
تىدىكى شەخسلەرگە «مالىك» (ئەرەبچە «خان» مەنىسىدە —
تەرجىماندىن) ياكى «شاھ» (پارس تىلىدا «پادىشاھ» مەنىسىدە
)دېگەن ئۇنۋانلار ئىشلىتىلىدىغان بولغان. مۇسۇلمانلار دۇنياسى
بىر پۈتۈن بىرلىك دەپ تونۇلغان، مۇسۇلمان دۇنياسىنى باشقۇر-
غۇچى «خەلىپە» دەپ ئاتالغان، خەلىپە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئىس-
لام سۇلتانىغا تاپشۇرغان. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، سالجۇق
ئەۋلادلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئۆزلىرىدىن ئاۋۋال ئىرانغا
كەلگەن قېرىنداشلىرى ئوغۇزلارنىڭ ياردىمىگە ناھايىتى ئاز ئېھ-
رىشكەن. ئوغۇزلار سالجۇق ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىد-
راپ قىلىشنى رەت قىلغان، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى پەقەت
زورلۇق ئارقىلىقلا ئىتائەت قىلدۇرۇشقا توغرا كەلگەن[1].

سالجۇق ئەۋلادلىرى دۆلىتىدە ئۆزلىرى كېلىپ چىققان
خەلقنىڭ ۋەكىللىرىگە قانداق مۇناسىۋەت قىلىش مەسىلىسى قارا-
خانىيلار دۆلىتىدىكى شۇ خىلدىكى مەسىلىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ
مۇرەككەپ بولدى. قاراخانىيلار ئۆزلىرىنى «بىز تۈركىي خەلق-
لەرمىز»، «ئافراسىياب ئەۋلادىمىز» دەپ ئېيتىشىدۇ. بىراق
شۇ چاغلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرەر-
سىمۇ بۇ دۆلەتتە ئالاھىدىرەك ئورۇندا تۇرمىغانىدى. بىرەر مەنبە-
دە بۇ سۇلالىنىڭ قايسى تائىپىدىن چىققانلىقى كۆرسىتىلمەيدۇ.

① «ئىبنۇل ئەسىر»، 348 ـ بەت.

سالجۇقنىڭ ئەۋلادلىرى دەسلەپتە «شاھىنشاھلار» دەپ ئاتالغاندى ، كېيىنچە «ئىسلام سۇلتانلىرى» دەپ ئاتالدى . ئۇلار ئۇچۇنمۇ خۇددى قاراخانىيلاردىكىگە ئوخشاش ئافراسىيابتىن كېلىپ چىققانلار ، دېگەن رىۋايەتلەر توقۇلدى . ئۇلار بۇ رىۋايەتنى قوبۇل قىلدى . گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوغۇزلار ياكى تۈركمەنلەر ، دەپ ئاتاپ يۈردى . تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قىنىق ئۇرۇقىدىنمىز ، دەپ ئاتىغاندى . بۇ ئۇرۇق 24 ئۇرۇق ئىدى (مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە ، بۇ ئۇرۇق 22 ئۇرۇق ئىكەن . بۇ ئۇرۇقنىڭ مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىشىنى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ )[1] . بۇ ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرىنى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ۋە موڭغۇل دەۋرىدىكى راشىدىددىنمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ، بۇ ئىككىسىنىڭ مەلۇماتىنى سېلىشتۇرساق ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرسەتكەن ناملىرى بىرقەدەر قەدىمكى شەكىللەردىن ئىبارەت . ئالايلۇق ، كېيىن ئوسمانىيلار خانلىقى كېلىپ چىققان ئۇرۇق «قايى» ئەمەس «قايىغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان ؛ يەنە «يازىر» ئۇرۇقىنىڭ نامى «يازغىر» دەپ يېزىلىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانى ۋە تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا[2] ، ماركۋارتنىڭ تۆۋەندىكى قارىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق . ئۇ «قايى» دېگەن ئۇرۇق نامىنى بىر ۋىنىنىڭ ئەسىرى ۋە باشقا مەنبەلەرگە ئاساسەن ناھايىتى يىراق شەرق تەرەپتە ياشىغان «قاي» نامىدىكى خەلق بىلەن باغلاشقا ئۇرۇنىدۇ . ماركۋارت ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى پىكرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ، ئوسمانىيلار موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك ، دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى[3] . مەھمۇد كاشغەرىي «قاي» دې-

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 36 ـ بەت .
② «تۈركشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى» ، 1 ـ توم ، 187 ـ بەت .
③ ماركۋارت : «كۇمانلار» ، 88 ـ ، 187 ـ بەتلەر .



گەن خەلقنى ساپ تۈرك ئەمەس ، دەپ كۆرسىتىدۇ[1] . بۇ نامنىڭ «قايىغ» دېگەن ئۇرۇق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ، ئەلۋەتتە[2] .

ئەينى ۋاقىتتا ئوغۇزلار ئارىسىدا ئىلگىرى ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر ساقلىنىپ قالمىغان . تۈركىي خەلقلەرنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئەجدادى تۈرك (شەخسنىڭ نامى — تەرجىماندىن )نىڭ يۇرتى ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدىكى بىر يەر ، دەپ ھېسابلانغان . ئوغۇزلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر بۇ يەرنىڭ شەرقىگە تارقالمىغان[3] . ئوغۇزلار خەلقىنىڭ ئاقساقىلى ۋە قوشاقچىسى قورقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى سىر دەريا بويىدىن غەربكە ئېلىپ كەلگەن . مەزكۇر شەخس ئۆز خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ھەمدە ئۇنى ئىپادىلىگۈچى شەخس بولغان . كىشلەر ھازىرقى كۈندىمۇ سىر دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قۇرقۇتنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قورقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تۈركمەنلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا . ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ رىۋايەت كىچىك ئاسىيادىمۇ تارقالغان . ھەتتا ئوسمانىيلار دەۋرىدىمۇ تاكى 17 ـ ئەسىرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن[4] ، شۇنداقلا ئەزەربەيجاندىكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىمۇ ساقلانغان . ھەتتا 10 ـ ئەسىردە قۇرقۇتنىڭ نامى پەچەنەكلەر ئارىسىدىمۇ تارقالغان . مانا بۇ ئەھۋال قورقۇت توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئوغۇزلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن كۆپ بۇرۇنقى مىراسى ئىكەنلىكىنى ، ئوغۇزلار ئۇنى غەربكە ئېلىپ

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 301 ـ بەت .
② بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھازىرقى بايانلار خۇسۇسىدا ۋ .ف . مىنورسكىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە كۆپرۈلۈنىڭ «قاي قەبىلىسى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .
③ بۇ رىۋايەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى 12 ـ ئەسىردە يېزىلغان ، ئاپتورى نامەلۇم بولغان ئەسەر «مەجمۇئەت تاۋارىخ»تا بېرىلگەن . بارتولدنىڭ «تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىنىڭ 19 ـ بېتىگە قارالسۇن .
④ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 389 ـ بەت .

بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ[1] .
مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا ، ئوغۇزلارنىڭ مەدە-
نىيەت سەۋىيىسى ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ
مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرغان ، ئەمما تۇر-
مۇشتا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ناھايىتى
كۆپ ۋە ئوبدان ساقلاپ قالغان . ئوغۇزلارنىڭ سەردارلىرى ئىگد-
لىك يارىتىش ۋە شان - شەرەپتە پۈتكۈل خەلقى بىلەن ئورتاقلاش-
قان ، ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى باشلىقلىرىنىڭكىدىن
ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىگەن . 13 - ئەسىرنىڭ ئاپتورى ئەبۇل
فاراجىنىڭ سۇرىيە تىلىدا يازغان بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىر
ئەسىرىدە ، سۇلتان تۇغرۇلبەگ (سالجۇقنىڭ چوڭ نەۋرىسى )نىڭ
خەلىپەنىڭ قىزى بىلەن ئۆتكۈزگەن توي مۇراسىمى تەسۋىرلەن-
گەن[2] . ئۇنىڭدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇسسۇلى تەرىپلەنگەن بو-
لۇپ ، ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئوينىغاندا «ھەم تۇرۇپ ھەم ئولتۇ-
رۇپ ئوينايدىغانلىقى» يېزىلغان . قارىغاندا ، روسىيىدە كەڭ
تارقالغان «پلياسكا ۋ پرىسيەدكۇ» (يالغۇز كىشىلىك ، گاھ ئول-
تۇرۇپ ، گاھ قوپۇپ ، پۇتلىرىنى يەرگە بوشقىنا ئۇرۇپ ئوينايدى-
غان بىر خىل ئۇسسۇل — تەرجىماندىن ) ئۇسسۇلىنى روسىيىلىكلەر
تۈركلەردىن قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك .
ئوغۇزلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن خرىستى-
ئان دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار كېيىن ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغانغىچە بولغان
ئارىلىقتا ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى بولمىغانلى-
قى ئېھتىمال . قاراخانىيلار دۆلىتىدە بولسا ، ئۇيغۇر يېزىقى ئىش-
لىتىلگەنىدى . بۇ ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي ھالدا خېلى بىر مەز-
گىلدىن كېيىن ئەرەب يېزىقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى .

[1] «دەدە قورقۇت» (بارتولد تەرجىمىسى ) .
[2] ھۇسەينوفنىڭ : «سۇرىيە مەنبەلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 73 - بېتىگە قاراڭ .



قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىلىرىدە ئۇيغۇرچە يېزىلغان خەتلەر ئۇچراي-
دۇ . كېيىن موڭغۇل خانلىرىنىڭ تەڭگىلىرىگىمۇ ئۇيغۇرچە يې-
زىقلار ئويۇلىدىغان بولغان ، ھەتتا خانلارنىڭ ئىسىملىرى ئەرەبچە
بولغان چاغلاردىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان . ئوغۇزلا-
رنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تونۇشلۇقىنىڭ بولماسلىقىنى ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە ئالدىنقى ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئىملاسىنىڭ بىر -
بىرىگە ئوخشىماسلىقى بىلەنمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ . ئىملادى-
كى بۇ قائىدىلەرگە لېنىنگراد ئالىملىرى دىققەت قىلغان . ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى تۈركلەر ھەممە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئۇيغۇر ھەرپلىرى
بىلەن ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن . شۇڭا ئەرەب يېزىقىنى ئىشلەت-
كەندە بارلىق سوزۇق تاۋۇشلارنى ا ، و ، ى ھەرپلىرى بىلەن
ئىپادىلىگەن . ئالدىنقى ئاسىيادا يېزىلغان تۈركچە قوليازمىلاردا
سوزۇق تاۋۇشلار خېلىلا ئاز ئىشلىتىلگەن ، ھەتتا ئۇچىنچى
شەخسكە ئىشلىتىدىغان ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىنى ئىشلەتكەن-
دىمۇ «di » نىڭ ئورنىغا «d » ھەرپىنىلا قوللانغان . ئىملا قائىدى-
سىدىكى بۇ ئېنىقسىزلىقلار قولىيازمىلاردىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنى
سوزۇق تاۋۇشلارغا ئايلاندۇرۇپ ئوقۇشقا (يەنى ۋاكالىزاتسىيە-
لەشتۈرۈپ ئوقۇشقا — تەرجىماندىن ) مەجبۇرلايدۇ . ئالدىنقى
ئاسىيادىكى تۈركچە قولىيازمىلاردا ، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى سوزۇق
تاۋۇشلارغا ئايلاندۇرۇش ، ئەرەبچە ۋە پارسچە قولىيازمىلارغا قارى-
غاندا تۈركچە قولىيازمىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ .
سالجۇق ئەۋلادلىرى «ئىسلام سۇلتانلىرى» بولۇش سۈپىتى-
دە ، ھەق دىن دەپ قارالغان بۇ دىنىنىڭ كۈچلۈك قوغدىغۇچىلىرى
بولغانىدى . تارىختا ئوغۇزلار يالغۇز ئىسلام دىنىنىڭلا سادىق
قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ قالماستىن ، بەلكى شۇ چاغلاردا سامانىي-
لار دۆلىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن ۋە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن
قوبۇل قىلىنغان ھەنەفىي مەزھىپىنىڭمۇ كۈچلۈك قوللىغۇچىلى-
رى ئىدى . تۇغرۇلبەگ دەۋرىدە شاپى مەزھىپىدىكىلەر قاتتىق

تەقىپ ئاستىغا ئېلىندى. بۇنىڭدىكى قىسمەن سەۋەب، شاپچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ توغرا دەپ قارىغان بىر كالامى — دوگماتىك چۈشەنچىسى بولۇپ، دىندىن ئازغۇچىلار (باشقا دىندىكىلەر)غا قارشى تۇرۇش تەرەپدارى بولغانلىقى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار، دىننى مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ ھەتتا يۇنان پەنلىرىنىمۇ ئويلاپ كۆرۈشكە بولىدۇ، دېگەن قاراشلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنى كىشىلەر دىنىي ئەنئەنىلەرنى بۇزغانلىق دەپ قارىدى. شاپى مەزھىپىگە قارىتىلغان تەقىپ، تۇغرۇلبەگنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئالىپ ئارسلانخان ۋاقتىدا توختىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ۋەزىر بولغان نىزامۇل مۇلك شاپى مەزھىپىدىن ئىدى. ئەمما نىزامۇل مۇلكنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن شۇ نەرسە كۆرۈلىدۇكى، ئالىپ ئارسلانخان ھەنەفىي مەزھىپىنى قوغدىغۇچىلاردىن بولۇپ، شاپى مەزھىپىدىكىلەرگە ئۆچ ئىكەن. ئۇ، شاپى مەزھىپىدىكى ۋەزىرنى ئىشلەتكەنلىكىمدىن ئېچىنىمەن، دېگەن ئىكەن①.

سالجۇقنىڭ نەۋرىلىرى «ئىسلام سۇلتانى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دۆلىتىدە ھەق دەپ تونۇغان بۇ دىننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ دۆلەتلىرىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كېڭىيىشىگە كۈچ چىقاردى. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەردىكى غەلىبىسى شۇ يەرلەردىن كېلىدىغان چوڭ ئىقتىسادىي پايدا بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ كۈرەشلەر ئىچىگە ئۇلارنىڭ كىچىك ئاسىيا ۋە كافكازدا خرىستىئانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، سۈرىيە ۋە مىسىردا شىئە مەزھىپىدىكىلەرگە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى كىرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ۋىزانتىيە بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلىشى خەلىپىلىكتە تۈركلەر ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن مۇناسى-

① نىزامۇل مۇلك: «سىياسەتنامە»، شېفېر نەشرى، 88 - تېكست.



ۋەتلىك. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋىزانتىيىلىكلەر ئىرانلىقلار خانلىقى بۇۋەيھىلەر دەۋرىدە، يەنى، 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 11 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرىشىنىڭ جىددىي بولۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سۈرىيە ۋە مىسسوپوتامىيىدە ئۆزلىرىنىڭ چېگرىلىرىنى ناھايىتى كۆپ كېڭەيتىۋالغانىدى. تۈركلەر خەلىپىلىك زېمىنى دائىرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىۋالغاندىن كېيىن، ۋىزانتىيە ئىگىلەپ تۇرغان يەرلىرىنى قولدىن بېرىپ قويدى ھەتتا ئىسلام دىنى كىچىك ئاسىيا (ئاناتولىيە — تەرجىماندىن)غا تارقىلىپ كىردى. نەتىجىدە بۇ يەردە مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتى مەيدانغا كەلدى①. سالجۇق ئەۋلادلىرى چېگرا رايونلىرىدىكى بۇ كۈرەشكە ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەردى. بۇنى سالجۇقلارنىڭ بۇ يەرلەرنىڭ چېگرىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قېرىنداش بولغان ئوغۇزلارنى ئەۋەتكەنلىكىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر، جۇغراپىيىلىك جەھەتتە، ئوغۇزلارنىڭ ئەسلىي كەلگەن يەرلىرىگە يېقىن ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇرۇنقى مىللىي تەركىب ساقلىنىپ قالدى. پېرسىيىنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرى، ئەزەربەيجان ۋە ئاناتولىيە تىل جەھەتتە پۈتۈنلەي تۈركىي تىللىق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاناتولىيىدە كۆپ سانلىق ئاھالىنىڭ دىنى ئىسلام دىنى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە، بىز بۇ جەرياننىڭ قەدەممۇقەدەم راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرەلەيمىز. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان خرىستىئان دىنىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ ئەلدە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنىڭ سۈرئەت جەھەتتىن ئاستىراق بولۇشى چۈشىنىشلىك. 13 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يەرلىك مۇسۇلمان ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسىي باج كىرىمى

① گوردلېۋسكىي: «سالجۇقلار دۆلىتى».

مۇسۇلمان بولمىغان ئاھالىلەردىن ئېلىنىدىغان جىزيە بولغان. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىدۇكى، شۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى شۇ چاغلاردا تېخى مۇسۇلمان بولۇپ كەتمىگەن ئىكەن. بۇ يەرلەردىكى تۈركلىشىش جەريانى، ئىلگىرىكى ئەرەبلىشىش جەريانىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرمىگەن. بۇنىڭ بىلەن مەسىلە تېخىمۇ مۇرەككەپلەشكەن. كۆپچىلىككە ئايانكى، ئەرەب تىلى سۈرىيە ۋە مىسىر ئاھالىلىرى يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردا شۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانىدى؛ تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردىمۇ خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئاھالىلەر تۈركىي تىلنى قوبۇل قىلغان. يەنە شۇنداق ئەھۋالمۇ بولغانكى، بىر قىسىم ئاھالىلەر بۇرۇنقى تىللىرىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام دىنى ئۇ يەرلەردە يەرلىك خەلقنىڭ تىلىغا لايىقلاشقان. جالالىدىن رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلىد 13 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا پارس تىلىدا شېئىر يېزىپلا قالماستىن يەنە تۈرك ۋە گرېك تىللىرىدىمۇ شېئىر يازغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ گرېك تىلىدا ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يازغان شېئىرلىرى تىلشۇناسلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭدىكى تىل شېۋىسى، گرېك تىلىنىڭ كونيا① ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەر سۆزلىشىدىغان شېۋىسى بولۇپ، بۇ مەزكۇر شېۋە خۇسۇسىدىكى بىردىنبىر يادىكارلىقتۇر.

ئۇ چاغلاردا كافكازدا ئىسلام دىنى ۋە تۈرك تىلىنىڭ غەلىبىسى ئانچە روشەن ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. «ئازەرى» تىلى بۇرۇن ئەزەربەيجانلىقلار قوللانغان ئىران دىئالېكتى دەپ قارالغانىدى. ھازىر بولسا پۈتكۈل ئەزەربەيجان خەلقى سۆزلىشىدىغان

① Salemann, Die Seldschukischen, Verse, s240 cq.



تىل تۈركىي تىلىنىڭ دىئالېكتى دەپ قارالماقتا. بۇ تىل شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلەردە ئەزەربەيجان نامىنى ساقلاپ قالغان ھالدا پېرسىيە زېمىنلىرىغىچە تارقالغان. بۇ يەردىكى تۈركىي تىللار پەقەت موڭغۇللار دەۋرىدىن كېيىنلا تارقالغانىدى، دېگەن مەلۇماتقا كەلسەك، ئەگەردە بۇ يەردە بۇرۇن شۇ تۈركىي تىلىنىڭ ئاساسى بولمىغان بولسا، موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن كۆتۈرۈلگەن تۈركلىشىش دولقۇنى بۇنداق ئۇڭۇشلۇق بولارمىدى؟ دېگەن گۇمان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ كافكازدىكى غەلىبىسىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ يەردىكى سىياسىي ئۈستۈنلۈك خرىستىئانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. 12 ـ ئەسىر ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇدرەتلىك گرۇزىيە پادىشاھلىقى گۈللەپ ياشنىغان دەۋرلەر بولدى. ۋىزانتىيىنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە 11 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا كەمسىتىشكە يولۇققانىدەك، گرۇزىنلارنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرىمۇ بۇ چاغلاردا ئوخشاشلا كەمسىتىشكە ئۇچرىدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغانكى، گرۇزىن پادىشاھلىرى مۇسۇلمان مەدەنىيىتىگە يامان كۆز قاراشتا بولمىغان، ئۆزلىرىگە تەۋە مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رايونلاردا ئەرەبچە خەت يېزىلغان تەڭگىلەرنى قويدۇرغان①. ھەتتا بىر ئەرەب ئاپتورىنىڭ سۆزىچە، گرۇزىن پادىشاھلىرى ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى بولغان مۇسۇلمانلار بىلەن گرۇزىنلارنى پەرقلەندۈرمىگەن.

سالجۇق ئەۋلادلىرى «ئىسلام سۇلتانلىرى» بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەسلىي ئۆزلىرى كېلىپ چىققان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئالاھىدە

① «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى»، 2 ـ توم، 243 ـ بەتلەر.

نەزەر تاشلىدى . ئۇ يەرلەر ئۇ چاغدا قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلى-
كىگە ئۆتۈپ بولغان ئىدى . سۇلتان ئالىپ ئارسلان ۋاقتىدا تۈرك-
لەر ئاناتولىيىنى ئىگىلىۋېلىش كۈرەشلىرىنى باشلىدى . شۇ ۋا-
قىتنىڭ ئۆزىدە قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى سىر دەرياسى
بويلىرىغا ھۇجۇم قىلدى . ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى مەلىك شاھ
(مالىك شاھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ — تەرجىماندىن ) (1072 —
1092 ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلار سالجۇق ئىمپېرىيىسى ئىن-
تايىن قۇدرەت تاپقان ۋە تېررىتورىيىسى تازا كېڭەيگەن ۋاقىتلار
بولۇپ ، ئۇ قوماندانلىق قىلغان زور قوشۇن ، قاراخانىيلار تەۋە-
سىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ ، پەرغانىدىكى ئۆزكەنتكە
قەدەر يېتىپ كەلگەن . بۇ چاغدا قەشقەر خانىمۇ مەلىك شاھقا
ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام سۇلتا-
نى ئۇيغۇرلار دۆلىتى (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى — تەھرىردىن )
چېگرىسىدىن تاكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە بولغان پۈتكۈل مۇ-
سۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىسلام سۇلتانى بولۇپ قالدى . پەقەت ئافغا-
نىستان بىلەن ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار «ئىسلام سۇلتانلىقى»
نىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالدى . مەلىك شاھنىڭ ئوغلى —
سالجۇقىيلار خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەنجەرنىڭ دەۋرىگە كەلگەندىلا
بۇ يەردىكى خۇتبە ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇلىدىغان بولدى . سالجۇقىيلار
مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسۇن ياكى باشقا يەرلەردە بولسۇن ،
ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە پەقەت قورال كۈچى بىلەنلا يەتتى . سال-
جۇقىيلار ئىتائىتىدىكى تۈركىي خەلقلەر سالجۇق سۇلتانلىرىنى
بىزنىڭ ھەقلىق ھۆكۈمرانلىرىمىز ئىدى ، دەپ قارايتتى دەپ
ئېيتىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق ياكى بۇ سۇلتانلار تۈركىي
خەلقلەرنىڭ مىللىي قىزغىنلىقىغا تايىنىپ پائالىيەت ئېلىپ بار-
غاندى دەپ قاراشقىمۇ ھېچقانداق كونكرېت پاكىت يوق . سالجۇق
سۇلتانلىرى قاراخانىيلارنى ئۆزلىرىنىڭ ۋاسساللىرى (قارمىقى-
دىكى ئادەملىرى ) دەپ قايىل قىلدۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما بارلىق



مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەرنى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلاشقان ، بىر-
لىككە كەلگەن بىر دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالمىدى ، بۇنداق
ئىشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن غەربكە كەتكەن ئوغۇزلار ئوت-
تۇرىسىدىكى پەرق بەك چوڭ ئىدى ھەتتا ئوغۇزلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ
سالجۇق سۇلتانلىرىغا بەك سادىق پۇقرالاردىن ئەمەس ئىدى .
سالجۇقىيلارنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئەڭ قۇدرەتلىك ئاخىرقى
سۇلتان سەنجەر 8 ـ ئەسىردىكى تۈرك خانلىقىغا ئوخشاش «ئەس-
لىي ئۆز خەلقى بولغان ئوغۇزلار» بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر
بولدى . ئۇرۇشتا سۇلتان ئوغۇزلارغا بىر مەزگىللىك ئەسىرگە
چۈشتى . ئۇ بۇ ئەسىرلىكتىن پەقەت قېچىپلا قۇتۇلدى .
ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەسىرىنىڭ سىرتىدا تۇرغان شەرقتىكى
مەدەنىي تۈركلەر — ئۇيغۇرلار (ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرى-
سىدىكى ئۇيغۇرلار — تەھرىردىن )دىن باشقا ، يەنە غەربىي شى-
مالدا خېلىلا ساندىكى كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر بولۇپ ، ئۇلارنى
بۇ چاغلاردا تېخى ئىسلام مەدەنىيىتىگە قارشى دېمىگەن تەقدىردى-
مۇ ، ئىسلامىيەتنىڭ سىرتىدا ئىدى . 11 ـ ئەسىردە ئەسلىي
ئېرتىش دەرياسى بويىدىن ئاۋۇغان قىپچاق خەلقى ئەتراپقا ناھايى-
تى كەڭ تارقالدى . ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈركىي خەلق-
لەر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىز شۇ يەرلەردىكى
خەلقلەرنىڭ ناملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپلا تەسەۋۋۇر قىلالا-
يمىز . ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ نامى بىر-
نەچچە قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ ، ئەمما ئۇ يەردە ياشىغان قايسى خەلق
ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆز يوق . قارىغاندا ، غەربىي ئوغۇزلارنىڭ
ياكى تۈركەش قاغانلىقىنىڭ يەرلىرى ئېرتىش دەرياسىغا يەتكەن
بولسا كېرەك . گەرچە بىرقانچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چى-
قىشى مۇشۇ يەردە بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ دەريانىڭ ئېرتىش
دېگەن نامىنىڭ تۈركچە ئەمەسلىكى ئېنىق . ئەرەب جۇغراپىيە

ئالىملىرى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا كىماك دېگەن خەلق ياشىغان، دەپ كۆرسىتىدۇ. قىماقلار ئوغۇزلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كەڭ يەرلەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ — قىماقلارنىڭ غەربىي تەرىپى ۋولگا دەرياسى (كاما دەرياسى) غىچە سوزۇلغان (شۇ چاغلاردا ئېتىل دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى كاما دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى. كىماكلار بىرقانچە ئۇرۇقلارغا بۆلۈنگەن. ئاشۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە قىپچاق ۋە يەمەك ئۇرۇقلىرىمۇ بولغان. ماركۋارت «كىماك» ئاتالغۇسىنى خاتا چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىچە كىماك سۆزى «ئىككى يىمەك» (Iki Jimek) سۆزىدىن كېلىپ چىققان، يىمەك نامىدا ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، كېيىن ئىككى يىمەك ئۇرۇقى كىماك دەپ ئاتىلىپ كەتكەن[1] ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ لۇغىتىدە «كىماك» ئاتالغۇسى يوق. مەھمۇد كاشغەرىي ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا يەمەكلەر ياشىغان دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە يەمەكلەرنى قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ بىرسى، دەپ ئېيتىدۇ[2].

كېيىنچە قىپچاقلار بىلەن بىر قاتاردا قاڭلى دېگەن خەلقمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ لۇغىتىدە «قاڭلى» سۆزى بىر خەلقنىڭ نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمايدۇ، بەلكى قىپچاقلار ئىچىدىكى كاتتا بىر ئەرنىڭ ئىسمى دېيىلىدۇ[3]. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتور قاڭلى سۆزىنى «هارۋا» مەنىسىدىكى گەپ دەيدۇ. پارس تارىخچىسى بەيھاقىنىڭ ئەسىرىدە، قىپچاقلار جەنۇب تەرەپتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ يەرلىرىگىچە يېتىپ بارغان ۋە خارەزمگە قوشنا، دەپ كۆرسىتىلىدۇ[4]. بەيھاقىنىڭ يازغىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن بۇرۇن يېزىلغان. قىپچاقلارنىڭ جەنۇبقا سىلجىپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار،

[1] ماركۋارت: «كومانلار»، 96 - بەت.
[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 273 - بەت.
[3] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 280 - بەت.
[4] بەيھاقى، مورېل نەشرى، 91 - بەت.



مەھمۇد كاشغەرىينىڭ (ئەسلىي تېكىستتە «مەھمۇد» دەپلا ئېلىنغان بولۇپ، «كاشغەرىي» دېگەن سۆز يوق ئىكەن، بىز مەزكۇر تەرجىمىدە قوشۇپ قويدۇق — تەرجىماندىن) قانداقتۇر بىر بۇلاق ياكى ئەلكەبۇلاق دېگەن بىر تۈركىي خەلقنىڭ قىپچاقلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ كېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. تېكىستتە «سىباھم قىفجاق» دەپ يېزىلغانىكەن[1]. بۇ خەلق كېيىن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغان. بۇ يەردە بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىنىڭ باشقا يەرلىرىدە پۈرىتىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىز ئاشۇ تارىخىي ۋەقەلەرنى تەپسىلىيرەك بىلگەن بولساق، ئۇ ۋەقەلەرنىڭ قاچان يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن بولساق ياخشى بولاتتى.

11 - ئەسىردە ئوغۇزلارنىڭ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچۈشلىرى قىپچاقلارنىڭ شىمال تەرەپتىن بولغان بېسىمى بىلەن بولغان بولسا كېرەك. ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرىنىڭ، شۇ ۋاقىتلارغىچە ئادەملەر ياشىمىغان ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلىنى ئوغۇزلارنىڭ 10 - ئەسىردە ئىگىلىۋالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتىنى، قىپچاقلارنىڭ شىمالدىن قىستىشى بىلەن بولغان، دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ[2]. ماڭغىشلاق يېرىم ئارىلى ئەنە شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تا يېقىنقى بىرقانچە ئەسىرگىچە تۈركمەنلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى[3]، كېيىن تۈركمەنلەر قازاقلارنىڭ شىمالدىن قىستىشى بىلەن بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن ماڭغىشلاق قازاقىستان تەركىبىگە كىردى.

10 - ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى مۇشۇ كەڭ

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 317 - ۋە 116 - بەتلەر.
[2] «ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى»، 1 - توم، 219 - بەت.
[3] «بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 1 - قىسىم، 609 - بەت (16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈركمەنلەر ماڭغىشلاقتىن نوغايلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى؛ 1630 - يىللاردا قالماقلار تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى).

دالىنى بۇ يەرگە كەلگەن ئوغۇزلارنىڭ نامىغا ئاساسەن «ئوغۇز دالاسى» دەپ ئاتىغان ئىدى، هازىر بۇ يەر «دەشتى قىپچاق» (قىپچاق دالاسى) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئېتنوگرافىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قىپچاق دالاسى دېگەن بۇ نام تارىختىكى قىپچاق قەبىلىلىرى ئاللىقاچان يوقالغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە خۇددى كاسپىي دېڭىزى هازار دېڭىزى دەپ ئاتىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، تا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئوغۇزلارنىڭ سىر دەرياسى بويىدىكى بارلىق يەر - مۈلۈكلىرى قىپچاقلار ۋە قاڭلىلار (قىپچاقلارغا يېقىن خەلق)نىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئوغۇزلار تەرىپىدىن جەنۇبىي روسىيىگە قىستاپ چىقىرىلغان پەچەنەكلەرنىڭ يەرلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، قىپچاقلار شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كەڭ يەرلەرگە ئىگە بولغان. ھەتتا ئۇلارنىڭ قولىغا بۈگۈنكى كۈندىكى قازاق يەرلىرى ۋە شىمال تەرەپتىكى كەڭ يايلاقلارمۇ كىرگەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن شىمالدا، خەلقنىڭ كۆچۈش ھەرىكەتلىرىمۇ توختىدى. قىپچاقلار غەربتە رۇسلار ۋە غەربىي ياۋروپالىقلار بىلەن قوشنا بولۇپ قالدى. ئۇ چاغلاردا رۇسلارمۇ ۋە غەربىي ياۋروپالىقلارمۇ قىپچاق دېگەن سۆزنى بىلمەيتتى. رۇسلار قىپچاقلارنى پولوۋېتسلار (سارغۇچلار) دەپ، ياۋروپالىقلار كۇمانلار دەپ ئاتىشاتتى. مېنىڭ بىلىشىمچە «كۇمان» سۆزى 12-ئەسىردە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدرىسىنىڭ ئەسىرى ۋە بۇ ئەسەردىن پايدىلانغانلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا ئىسلام مەنبەلىرىدە ئۇچرىمايدۇ.

پولوۋېتسلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېقىنقى چاغلاردا ماركۋارتنىڭ ئوبدان بىر ئەسىرى نەشردىن چىقتى[1]. ماركۋارت

① «كۇمانلار».



بۇ ئەسىرىدە، كۇنى (cuni=Qun) ناملىق بىر خەلق بار ئىدى دەپ ئۇنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلىرىمۇ بۇ خەلق ئۈستىدە توختىلىدۇ. كۇنى دېگەن خەلق يىراق شەرق تەرەپتە ياشىغانمىش. بۇ خەلق Cuni دەپ يېزىلىدىكەن. كۇنى دېگەن بۇ نام غەربىي ياۋروپاغىمۇ تارقالغان. مېنىڭ قارىشىمچە، ماركۋارت بىرمۇنچە پەتىۋالارنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، بۇ خەلقنىڭ شەرقتىن غەربكە قاراپ سىلجىشلىرى ھەتتا بۇ خەلقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. گەردىزى ماركۋارت كۆرسەتكەن يەردە، يەنى قىرغىزلارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە فۇرى (Fûri) دېگەن خەلق بار، بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى قىرغىزلارنىڭكىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ يازغانىدى[1]. شۇنىسى ئېھتىمالغا بەك يېقىنكى، بۇ يەردە ئېيتىلغان ئاتالغۇ تۈركچە büri (بۆرە) ئاتالغۇسى بولسا كېرەك. بىر قاتار ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىلىرىدا (ماركۋارت ئەنە شۇ قولىيازمىلارغا ئاساسلانغان)، ئېنىقراق ئېيتقاندا، بىرۇنى ۋە ئەۋفىي ئەسەرلىرىدە كۇنى سۆزى فۇرى دەپ يېزىلغان. بۇ سۆزنىڭ كېيىنكى يېزىلغان ۋارىيانتىنىڭ توغرا بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن[2]. ماركۋارتنىڭ بەزى خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قىپچاقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر خانلىقى بولغانىكەن، بۇ سۇلالە كېيىنكى چاغلاردا يىراق شەرقتىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن 12-ئەسىردە قۇرۇلغان، دېگەنلەرنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشلىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. بىر سىياسىي مەقسەتتە بىرلىككە كېلەلمىگەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى قۇرالمىغان قىپچاق خەلقىنىڭ شۇنچىۋالا كەڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشى ئاز ئۇچرايدىغان بىر مىسالدۇر. قىپچاقلارنىڭ خانلىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھەم-

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات»، 86 - بەت.
② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 - توم، 1 - قىسىم، 497 - بەت؛ بارتولد بۇ يەردە قىرغىزلار ھەققىدە توختىلىدۇ.

ملا قىپچاقلار ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر خان زادىلا بولمىغان. قىپچاقلار ياشىغان كەڭ رايونلار شۇ چاغلاردا مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ سىرتىدا قالغانىدى. كافكازدىكى قىپچاقلار 12-ئەسىردە ئىسلام ئەللىرىگە قارىتىلغان ھۇجۇملارغا ئىشتىراك قىلدى. بەزىدە گرۇزىنلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى، بەزىدە بۇنىڭ ئەكسىچە گرۇزىنلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ شىمال تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇملارنى چېكىندۇردى. بۇ ھۇجۇملار پەقەت بۇلاڭچىلىقنىلا مەقسەت قىلغان ھۇجۇملار ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشتا دەربەند رايونىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى شابىران دېگەن چوڭ شەھەرنى قىسقا ۋاقىت قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلار بۇ جايلارنى گرۇزىنلارنىڭ ياردىمى بىلەن قايتۇرۇۋالدى. 1175-يىللىرى ئەتراپىدا مۇسۇلمانلار ئىگىلەپ تۇرغان رايونلارغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلەر ئىچىدە رۇسلارنىڭ بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ، ئەمما رۇسلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ ھەقتە مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ رۇسلار ئۆز ئىختىيارىچىلا تەشكىللەنگەن رۇس قوشۇنلىرى بولۇشى مۇمكىن، شۇ چاغلاردا روسىيىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن بۆلۈنگەن كىنەزلىكلىرىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا كېرەك[1].

قىپچاق خانلىرىنىڭ يېنىدا ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىلىملىك كىشىلەرمۇ خىزمەتتە بولغانىدى، بۇنداق خىزمەتچىلەر ئىچىدە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر كۆپ ئىدى. ھەتتا جەنۇبىي روسىيىدىكى قىپچاق خانلىرىدىمۇ بۇنداق ئادەملەر بار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئېلى بىلەن بىۋاستە قوشنا قىپچاق خانلىقلىرىنىڭ يەرلىرىدە خېلى نۇرغۇن شەھەرلەر بار ئىدى. قىپچاق خانلىقلىرى ئىچىدە 12-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا سوغناق

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3-توم، 425 — 426-بەتلەر.



(Sughnaq) شەھىرىنى ئۆزىگە مەركەز قىلغان بىر خانلىق بار ئىدى، بۇ خانلىق خارەزىملىكلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى، بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى «سوغناق قورغان» دەپ ئاتىلىدۇ، ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرماقتا. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۇنى ئوغۇزلارنىڭ بىر شەھىرى دەپ كۆرسىتىدۇ[1]. مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، بۇ يەردىكى قىپچاقلار ۋە قاڭلىلار (قىپچاقلار ۋە قاڭلىلار دائىم بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ، بۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۇرۇشمۇ تەس) پەقەت 12-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندىلا خارەزىم بىلەن باردى-كەلدى قىلىش نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا بۈگۈنكى قازاق يايلاقلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى روشەنكى ئىسلام دىنىنىڭ قىپچاق يايلاقلىرىغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تارقىلىشىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئەلۋەتتە. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ۋەقە (قازاق يايلاقلىرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىشى — تەھرىردىن) 435-ھىجرىيە سەپەر ئېيىدا، مىلادىيە 1043-يىلى 9 — 10-ئايلاردا يۈز بەرگەن ئىكەن[2]. 960-يىلدىكى ۋەقە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلاردىكىگە ئوخشاش ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خەلقلەرنىڭ كونكرېت نام ئىسىملىرى كۆرسىتىلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى كوللېكتىپ ھالدا قوبۇل قىلدى، دېگەن پاكىتنى تەكىتلەشنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى باردۇ؟ ھازىرچە ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئەھۋال بۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەنبەلەردە قەيت قىلىنمايدۇ، لېكىن بۇ خەلقلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرگەن ئورۇنلىرى — قىشتا بالاساغۇن ئەتراپى-

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم، 392-بەت.
② «ئىبنۇل ئەسىر»، تورنېبېرگ نەشرى، 9-توم، 355-ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر.

دا ، يازدا ئېتىل دەرياسى ۋادىلىرىدا پائالىيەت قىلغانلىقلىرى
بايان قىلىنىدۇ . بۇ خەلقنىڭ شۇنچە كەڭ رايونلاردا پائالىيەت
ئېلىپ بارغانلىرىدىن قارىغاندا ، بۇ خەلقلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ
بولمىسا كېرەك . بولۇپمۇ 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلغانلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولسا كېرەك . ئىبن
ئەسىر ، بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغانلار 10 مىڭ چېدىرلىق ئاھالە
ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ ، ئەبۇل فىدا بولسا ، پەقەت 5000 چېدىرلىق
كىشى ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ[1] .
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىن ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي
شىمال تەرەپتە قانچىلىك يەرلەرگە كېڭەيگەنلىكىنى بىلگىلى بول-
مايدۇ . ئومۇمەن مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسەتكەن تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ قوشاقلىرى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش-
تىكى كونكرېت نەرسىلەرنىڭ قايسى يەرلەرگە مەنسۇپلۇقى ئانچە
ئېنىق ئەمەس . ئاپتور نەقىل ئالغان قوشاقلار تۈرلۈك جايلارغا
مۇناسىۋەتلىك . بۇ قوشاقلار ئىچىدە قاتۇن سىنى شەھىرى ۋە
تاڭغۇت ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن قوشاقلار[2] ، شۇنىڭدەك يەنە
ۋولگا دەرياسىنى تەسۋىرلەيدىغان قوشاقلارمۇ بار[3] :

«ئېدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار ،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار .
بېلىق ، پاقا تولۇپ تۇرار ،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار .»

خەلق قوشاقلىرىدىن باشقا ، تۈرك شائىرلىرىنىڭ يازغان
شېئىرلىرى ۋە ئۇردا قوشاقلىرىمۇ بار . كىتابنىڭ بىر يېرىدە
بىر شائىر ئۆزىنى خانىش (قاتۇن )نىڭ خىزمەتچىسى ، دەپ ياز-

① ئەبۇل فىدا : «مۇختەسەر » ، 3 ـ توم ، 120 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ، 240 ـ بەت ،
Brockelmann, Alttürkestanische Volkspoesie Ⅱ. s29. 1. s9.
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ، 70 ـ بەت . بروككېلماننىڭ
يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 2 ـ توم ، 29 ـ بېتى .



غان ۋە يازغان يېڭى بىر شېئىرىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى
سۈپىتىدە خانىشقا تەقدىم قىلغان . شېئىرنى تۈركلەرقوشۇغ دەي-
دىكەن ۋە بۇ سۆزنى ئەرەبچە «قەسىدە » دەپ تەرجىمە قىلىدى-
كەن[1] . كېيىنرەك «قوشاق » بىلەن شېئىرنىڭ ئىككىنچى بىر
تۈرى «تۈيۈق »نى پەرقلەندۈرىدىغان بولغان . مەھمۇد كاشغەرىي
ئۆزىنىڭ كىتابىدا «تۈيۇق » ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمىگەن[2] . ئۇ چۇ-
چۇ دېگەن بىر شائىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ
ئادەمنى تۈرك شائىرى دەپ تەكىتلەپ ئۆتىدۇ . ئەمما بۇ شائىرنىڭ
قايسى تۈركىي خەلقتىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قەيەردە
ياشىغانلىقى ئۈستىدە سۆز قىلمايدۇ[3] .
خۇددى پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقى
تۈرك شېئىرىيىتىنى بىراقلا سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىگىنىدەك ،
ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ دىنىنى قوبۇل قىلغۇ-
چىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى دىنىي قاراشلىرىنى دەرھال ئۇنتۇپ
كەتمىگەن . ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۇماي » نامى-
دىكى ئىلاھقا چوقۇنۇشمۇ ساقلىنىپ قالغان . مەھمۇد كاشغەرىي-
نىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇماي ، ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى
بوۋاقنى ھىمايە قىلغۇچى ئىلاھ دەپ قارالغان ۋە «ئۇمايغا تېۋىن-
سا ، ئوغۇل تاپار » دېگەن ماقالمۇ بولغان ئىكەن[4] . مەزكۇر
ئەسەردە يەنە «يوغ » (jogh ) دېگەن بىر قەدىمىي ئاتالغۇمۇ تىلغا
ئېلىنغان . مەزكۇر ئاتالغۇ ئۆلگۈچىگە ئاتالغان نەزىرنىڭ نامى
ئىكەن[5] . ئادەتتە ئۇ ئۈچ — يەتتە كۈن ئارىلىقىدا بېرىلىدىكەن .
يەنە شۇنداق بىر ئېتىقاد بولغانكى ، مەزكۇر ئېتىقاد بويىچە ئىككى
يەرنىڭ ئادەملىرى بىرەر سەۋەبتىن ئۇرۇشماقچى بولۇپ قالسا ،

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ توم ، 314 ـ بەت .
② تۈيۈق توغرىسىدا كۆپرۈلۈنىڭ la metrique ، 257 — 258 ـ بەتلەر .
③ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 3 ـ توم ، 180 ـ بەت .
④ مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى » ، 1 ـ ، 3 ـ توملار .
⑤ يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 105 ـ بەت .

ئۇرۇشۇش هارپىسىدا ئالدى بىلەن شۇ يەرلەرنىڭ ئىلاھلىرى
ئۆزئارا ئۇرۇشىدىكەن . بۇ خىل ئېتىقاد تۇپەيلىدىن ، ئۇرۇشۇش-
نىڭ هارپا كېچىسى جەڭچىلەر ، سوقۇشىۋاتقان ئىلاھلارنىڭ ئوق-
لىرى تېگىپ كەتمىسۇن دەپ چېدىرلىرىدىن چىقىشتىن قورقىدى-
كەن . ئىلاھلارنىڭ ئوقلىرى «چەۋى» ( Cävi ) دەپ ئاتىلىدى-
كەن . هەرقايسى تەرەپ ئىلاھلارنىڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى
(غالىپ كېلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ) شۇ تەرەپ كىشىلىرىنىڭ
تەقدىرىنى بەلگىلەيدىكەن[①] . كىشىلەر ئىچىدە يەنە ، ئەگەردە بى-
رەر بوۋاق تۇغۇلسا ، ئۇنى ئوغۇلمۇ ياكى قىز دەپ سوراشنىڭ
ئورنىغا «بۆرە تۇغۇلدىمۇ ياكى تۈلكىمۇ» دەپ سوراش ئادەت
ئىكەن[②] . بىرەر دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئەھۋاللىرىنى بىلمەكچى
بولغاندا ، ئاۋۋال شۇ خان هاكىمىيىتىنىڭ تاشقى بەلگىلىرى سۈ-
رۈشتۈرۈلىدىكەن . ئەنە شۇنداق بەلگىلەرنىڭ بىرسى «تۇغ» (باي-
راق ) ئىدى . ئەگەر بىرەر خانغا تۇغ بېرىشكە توغرا كەلسە ، شۇ
خانغا بېرىلىدىغان تۇغلارنىڭ سانى توققۇزدىن ئاشماسلىقى كېرەك
ئىكەن . ئەگەر توققۇز بايراق تەقدىم قىلىنغان خان بولغان بولسا ،
ئۇ «توققۇز تۇغلۇق خان» دەپ ئاتىلىدىكەن ، بۇنىڭ مەنىسى
«ئەڭ قۇدرەتلىك ، ئەڭ چوڭ خان» دېگەنلىك بولىدىكەن[③] .
ماتېرىياللاردا يەنە مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنىڭ ئەھۋاللىرى ،
كونكرېت ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلار (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى —
تەھرىردىن )نىڭ بەزى تەپسىلىي ئەھۋاللىرىمۇ كۆرسىتىلىدۇ .
مەهمۇد كاشغەرىي «قامدۇ» ئاتالغۇسىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ ،
ئۇ ئۇزۇنلۇقى تۆت قېرىن (تىرسەك ، تەخمىنەن ئىككى مېتىرغا
تەڭ ) ، كەڭلىكى بىر غېرىچ كېلىدىغان ، ئۈستىگە ئۇيغۇر خاندى-
نىڭ تامغىسى بېسىلغان بىر پارچە پاختا رەختكە ئېيتىلىدۇ ، بۇ

① يۇقىرىقى ئەسەر ، 3 ـ توم ، 92 ـ بەت .
② يۇقىرىقى ئەسەر ، 1 ـ توم ، 359 ـ بەت .
③ مەهمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 92 ـ بەت .



سودا ـ تىجارەتتە پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ ، بۇ پۇل ئورنىدا
ئىشلىتىلگەن رەخت هەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇلۇپ ، چۆرى-
لىرىنى تىكىپ ، ئۈستىگە خانىنىڭ تامغىسى قايتىدىن بېسىلىدۇ ،
دەپ كۆرسىتىدۇ[①] . پاختا رەختنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىش كې-
يىنكى چاغلاردا جۇڭگو تۈركىستانىدا دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ
تۇرغان[②] . ماتېرىياللاردا بەزىدە قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئاتالغۇ-
لار بىلەن ئوغۇزلار ، يەنى سالجۇق ئەۋلادلىرى دۆلىتىدىكى بەزى
ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىمۇ بايان قىلىنىدۇ . مە-
سىلەن ، چىگىللەر ، يەنى شەرقتىكى تۈركلەر «يارلىغ»
دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ، بۇ ئاتالغۇ كېيىن موڭغۇل ئىمپېرى-
يىسىدىمۇ قوللىنىلغان . ئەمما ئوغۇزلار بولسا بۇ ئاتالغۇدىن
خەۋەرسىز ئىكەن[③] . ئوغۇزلار «تۇغراغ» دېگەن ئاتالغۇنى ئىش-
لەتكەن (هازىر بۇ ئاتالغۇ «تۇغرا» دەپ ئىشلىتىلىدۇ ) ، بۇ
ئاتالغۇنىڭ مەنىسى «تامغا ۋە تامغا باسقۇچى ئەمەلدار» دېگەن
مەنىدە ئىكەن . مۇشۇ مەلۇماتلارنى يازغان ئاپتور «تۈركىي خەلق-
لەر بۇ ئاتالغۇنى بىلمەيدۇ ، مەنمۇ بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى
بىلمەيمەن» دەپ ئېيتقان[④] . موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئاپتور ئىبن
مۇقەننا يازغان مەلۇماتلىرىنىڭ بىر بېتىدە «يارلىق» ۋە «تۇغرا»
ئاتالغۇلىرىنى بىللە تىلغا ئالىدۇ[⑤] . يەنە شۇ مەلۇمكى ، «تۇغرا»
سۆزى كېيىن سالجۇقىيلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان ، ئاندىن كې-
يىن ئوسمان تۈركلىرى ئىشلەتكەن . بۇ ئاتالغۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا
بولسا مەلۇم ئەمەس . ئوغۇزلار غەربىي ئاسىياغا ئېلىپ بارغان ،
ئەمما باشقا تۈركىي خەلقلەرگە مەلۇم بولمىغان بۇ مەدەنىيەت
ئاتالغۇسىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى تارىخچىلار ئۈچۈن ناھا-

① يۇقىرىقى ئەسەر ، 1 ـ توم ، 350 ـ بەت .
② بارتولد : 3BOPAO ، XVII ، 0191 ـ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەتلەر .
③ مەهمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 ـ توم ، 31 ـ بەت .
④ مەهمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 385 ـ بەت .
⑤ ئىبن مۇقەننا ، كىلىسلى رىفئات نەشرى ، 149 ـ بەت ؛ مېلىئورانسكى : «ئەرەب فىلولوگلىرى تۈركىي تىل توغرىسىدا» ، 51 ـ بەت .

يىتى قىزىقارلىق بىر ئىشتۇر .
كېيىنكى لېكسىيىمىزدە موڭغۇللار ئىستېلاسى باشلانغۇچە
بولغان دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن
بولغان مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز .



# يەتتىنچى لېكسىيە

مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار خانلىقى ھەققىدە توختالغان-
دا ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شىمالدا ياباقۇ ئىسىملىك بىر خەلق
(ياباقۇلار كېيىن تارىختا قايتا چېلىقمايدۇ ) بىلەن ، شەرقتە
ئۇيغۇرلار بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى
بېرىدۇ . ئەمما ئۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا يىراق
شەرقتە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان كىدانلار بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتلەر ئۈستىدە توختالمايدۇ . كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى ، يىراق
شەرقتىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىي دۆلەتنى رۇسلار ، موڭغۇللار ۋە
قىسمەن مۇسۇلمانلار ھازىرغىچە كىتاي (خىتاي ) دەپ ئاتاپ
كەلمەكتە . قىتانلارنىڭ بۇ دۆلىتى 12 ـ ئەسىردە يىمىرىلگەن ،
موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا ، قىتان خەلقى ۋە
ئۇلارنىڭ تىلى يوقالغان . قىتانلار جۇڭگودا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىنى ئورناتقاندا ئۆزلىرىنىڭ سۇلالىسىغا لياۋ دېگەن نامنى
بەرگەن . جۇڭگو تارىخىدا قىتانلار «لياۋ» نامىدا مەلۇمدۇر .
مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخىي مەلۇماتلىرىدا بۇ دۆلەتنىڭ نامى (لياۋ
ئاتالغۇسى — تەرجىماندىن ) ئۇچرىمايدۇ . مۇسۇلمان تارىخچىلى-
رى بۇ دۆلەتنى Chitai (خىتاي ) دەپ ئاتايدۇ . مەھمۇد كاشغەرىي-
مۇ بۇ ئىسىمنى «Chitai» ئىملاسى بىلەن يازىدۇ .
لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرى (ھۆكۈمرانلىرى ) شى-
مالىي جۇڭگونى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، ھاكىمىيىتىنى موڭ-
غۇلىيىدە تىكلىگەن . 924 ـ يىلى قىتان پادىشاھلىرى بۇ يەرلەر-
گە كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەر بىلەن ئۇچراشقان . بۇ مەلۇمات-
لارنى بىز مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىن ئەمەس ، جۇڭگو مەنبەلىرىدىن

كۆرمەكتىمىز[1] . قىرغىزلار قىتانلار تەرىپىدىن موڭغۇلىيىدىن
سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى تۇر-
غان يەرلىرى — يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ كەتكەن بولسا
كېرەك ، چۈنكى بىز قىرغىزلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى كېيىن مۇشۇ
رايوندا ئۇچرىتىمىز . قەدىمكى چاغلاردا موڭغۇلىيىگە ھۆكۈمران-
لىق قىلغان جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ قىتانلارغا بەي-
ئەت قىلغانىدى . قىتانلار ئۇيغۇرلارغا ، ئۇلار بۇرۇن ھۆكۈمران-
لىق قىلغان موڭغۇلىيىگە قايتىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن .
بىراق جۇڭگو تۈركىستانىدا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر تۇرمۇشىغا
كۆنۈپ قالغان ئۇيغۇرلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغان[2] .

مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن زاماندا بولغان ۋە ئەرەب تىلىدا
يېزىقچىلىق قىلغان تارىخچى ئۇتبى ، قاراخانىيلار دۆلىتىگە شەرق
تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇملار توغرىسىدا توختىلىپ ، بۇ ھۇجۇملار-
نىڭ قىتانلار تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ . ئەگەردە
بۇ ھۇجۇملار قىتانلارنىڭ چوڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى بولغان بول-
سا ، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» دېگەن كىتابتا بۇ خۇسۇستا جەز-
مەن توختالغان بولاتتى . مەزكۇر كىتابتا قىتانلارنىڭ غەربكە
قىلغان ھۇجۇملىرى توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپمۇ يوق . ئەھۋال-
لارغا قارىغاندا ، ئۇ چاغلاردا غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغانلار
قىتانلار بولماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى بىلەن ھەرى-
كەتلەندۈرۈلگەن موڭغۇللار بولسا كېرەك . بۇ خەلقلەر ، ئېھتى-
مال ، ئاۋۋال شەرقىي موڭغۇلىيىنى ، كېيىن غەربىي موڭغۇلى-
يىنى ئىگىلىگەن بولسا كېرەك . چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇ-
ۋاتقان بىر نېستورىئان ئېپىسكوپىنىڭ باغدادتا تۇرۇشلۇق نېستو-
رىئان باش ئېپىسكوپىغا يازغان بىر پارچە مەكتۇپىدىن بۇ ھەقتى-
كى ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . مەزكۇر مەكتۇپتا سەككىز

① برېتشنېيدېر : «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ، 1 ـ توم ، 265 ـ بەت .
② برېتشنېيدېر : «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» ، 1 ـ توم ، 214 ـ بەت .



ئۇرۇقلۇق بىر خەلقنىڭ ھۇجۇمى تىلغا ئېلىنغان[1] . بۇ سۆز
چىڭگىزخان زامانىسىدا غەربىي موڭغۇلىيىنى ئىگىلەپ تۇرغان
نايمانلار ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن . «نايمان»
دېگەن سۆز موڭغۇلچە «سەككىز» دېگەن سۆزدۇر . مانا بۇ نايمان-
لار سەككىز ئۇرۇققا بۆلۈنىدۇ ، دېگەنلىكتۇر .

جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان غەيرىي خەنزۇلار قۇرغان
سۇلالىلەر ئىچىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن كۆپ ئۆزلەش-
تۈرگەن سۇلالە لياۋ سۇلالىسى بولسا كېرەك . مانجۇرىيىدە تاڭ-
غۇتلاردىن كېلىپ چىققان جۇرجىتلار (مۇسۇلمان تارىخچىلىرى
ئۇلارنى «جۇرجى» دەپ ئاتايدۇ ) كۈچەيگەندىن كېيىن لياۋ سۇلا-
لىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرى جۇڭگودىن ئايرىلىشقا مەجبۇر
بولدى . 1125 ـ يىلى ، جۇرجىتلار لياۋ سۇلالىسىنى ئۆزىگە
بويسۇندۇردى ، شىمالىي ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ئورنىنى ئالدى ۋە
بۇ يەردە جىن ( 金 ) سۇلالىسى دەپ ئاتالغان ھاكىمىيەتنى
تىكلىدى (خەنزۇچە جىن نامىدىكى بۇ سۇلالىنى موڭغۇللار
«ئالتان خان» تۈركىي خەلقلەر «ئالتۇن خان» دەپ ئاتايدۇ ) .
بۇ چاغدا لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى غەربكە كەتكەن .
ئۇنىڭغا بىر قىسىم خەلق ئەگەشكەن . قالغان قىسمى جۇڭگودا
قېلىپ ، ئاۋۋال جۇرجىتلارغا بويسۇنغان ، كېيىن چىڭگىزخان
كۈچىيىپ ، جۇرجىتلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغلاردا ئۇلار
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن . مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە غەربكە كەتكەن
قىتانلارنى ۋە جۇڭگودا قالغان — جۇرجىتلار ھاكىمىيىتىگە بويسۇن-
غان قىتانلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ قارا خىتايلار دەپ ئورتاق
بىر نام بىلەن ئاتايدۇ[2] .

قىتانلارنىڭ غەربكە كۆچۈش پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار

① ئەبۇل فاراج ( Abul—Faraj) (1286 — 1226 )نىڭ «سۇرىيە سالنامىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان نەقىل ، ئوپپېرت ( Oppert) ، «ئاقساقال يوھان» ، 91 ـ ، 124 ـ بەتلەر .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 542 — 546 ـ بەتلەر .

جۇڭگو مەنبەلىرىگە قارىغاندا، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە كۆپ. جۇڭگو مەنبەلىرى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورىنىڭ بىر قېرىندىشىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىن ئۆتكەن چېغىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن ياردەملىرى ئۈستىدىلا مەلۇمات بېرىدۇ. مۇسۇلمان مەنبەلىرى بولسا، قىتانلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. قىتانلار قەشقەر خانى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي تارمار قىلىنغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەلىبىسىنى سالجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى سەنجەر باغدادتىكى خەلىپىگە مەكتۇپ ئارقىلىق خەۋەر قىلغان① . قارا خىتايلار②نىڭ يەنە بىر قىسمى — غەربىي موڭغۇلىيە ئارقىلىق شىمالىي تەرەپتىكى يولنى بويلاپ ماڭغانلار يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتكەن چاغدا قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرىغان، لېكىن ئۇلار بىر ئامالللار قىلىپ بۇ يەرلەردىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، چۆچەك رايونىدىكى ئېمىلغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ يەردە 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار بىلەن ياباقۇلارنىڭ ئۇرۇشلىرى يۈز بەرگەنىدى. قارىغاندا بۇ يەر 11 ـ ئەسىردىمۇ ھەتتا 12 ـ ئەسىردىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بولسا كېرەك، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەر، ئەڭ شىمالدىكى بالاساغۇن شەھىرى بولسا كېرەك. بۇ جايلار قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىدا ئىدى. بۇ قېتىم قاراخانىيلار خۇددى بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇنقىدەك بولغان ھۇجۇمنى قايتۇرالمىغان.

قىتانلارنىڭ غەلىبىسىگە بالاساغۇن خانى بىلەن خانلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىراالار پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ كۇرەشتە قىتانلار خان تەرەپتە تۇردى. لېكىن قىتانلار خاننى دۈشمەنىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇـ

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 48 — 56 ـ بەتلەر.
② جۇۋەينى: «تارىخى جاھانكۇشاي».



تۇلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. بۇ يەرلەر شۇنىڭدىن تارتىپ قارا خىتاي دۆلىتىنىڭ قارارگاھى بولۇپ قالدى. بۇ يەردىن قارا خىتايلار قەشقەر خانلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇلار قەشقەر خانلىقىنى شەرقتىن ھۇجۇم قىلىپ بويسۇندۇرالمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ ئۆزلىرىنىڭ كونا دۈشمەنلىرى قىرغىزلارنى جازالىماقچى بولدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالدى. 1137 ـ يىلى ئۇلار غەربىي تۈركىستاننىڭ ئىشلىرىغىمۇ قول تىقتى. بۇ يەرمۇ ئوخشاشلا خان بىلەن كۆچمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش سەھنىسى ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار بالاساغۇندا قىلغانلىرىنىڭ ئەكسىچە، خانغا قارشى تۇرغان كۆچمەنلەر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارغا ياردەم قىلدى. سەمەرقەنتنىڭ خانى خوجەندنىڭ يېنىدا مەغلۇپ قىلىندى.

1141 ـ يىلى سەمەرقەنتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كاتۋان يايلىقىدا سۇلتان سەنجەرنىڭ ئۆزىمۇ مەغلۇپ بولدى. قۇدرەتلىك سالجۇق سۇلتانىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان خەلقلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىشى ئۇلار بىلەن زامانداش كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. بۇ شۇم خەۋەر ئەھلىسەلىپچىلەرگىمۇ يېتىپ باردى. ئۇلار ئۇ چاغلاردا پەلەستىندىكى ۋە مىسوپوتامىيىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. قارىغاندا، 1141 ـ يىلىدىكى بۇ ۋەقە ياۋروپادا مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بولسا كېرەك. بۇ گەپلەرچە شەرقتىن غەربتىكى — پەلەستىندىكى دىنداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يوھان ئىسىملىك دىندار پادىشاھ مۇسۇلمان دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلغانمىش. ئەمەلىيەتتە بولسا، قارا خىتايلار ئامۇ دەرياسى بويىغا كېلىپ توختاپ قالغاندى. كېيىن دەريادىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بەلخ شەھىرىنى بويسۇندۇردى. بۇخارا ۋە خارەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مۇسۇلمانلار تۈركىستانى قارا خىتايلارنىڭ ئالىي

هاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتتى . قارا خىتاي ئىمپېراتورلىرى ئۆزلى-
رى بېسىۋالغان يەرلەردە «گۆرخان» ئۇنۋانىدا (مەيلى مۇسۇلمان-
لاردا بولسۇن ياكى موڭغۇللار ئىچىدە بولسۇن ) ئاتالدى . مەزكۇر
ئۇنۋان يا بۇرۇن ياكى كېيىن تارىختا ئۇچرىمايدۇ ۋە بۇ ئۇنۋاننىڭ
كېلىپ چىقىشى بىر سىر بولۇپ تۇرماقتا . مۇسۇلمان ئاپتورلى-
رى بۇ ئۇنۋاننى «شاھىنشاھ» دېگەن مەنىدە ئىزاھلايدۇ[①] .
«كۆر» (گۆر — تەرجىماندىن ) ئاتالغۇسى ئېھتىمال ، قەدىمكى
تۈركچىدىكى «كۈر» ياكى «كۈل» دېگەن سۆز بولۇشى مۇم-
كىن . بۇ سۆز ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ، گەردىزى ۋە مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ . گۆرخان ھاكىمىيىتى ئاس-
تىدىكى يەرلەر ناھايىتى كەڭ بولۇپ ، خارەزىمدىن تاكى ئۇيغۇر
ئېلىگە قەدەر سوزۇلغان ئىدى . ئەمما جۇڭگودا ئۇلارنىڭ ئىگىلى-
گەن يېرى يوق ئىدى . گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ ، جۇڭگو
تارىخچىلىرى غەربىي لياۋنى خەنزۇ ئىمپېراتورلىرىنىڭ خانلىقى
قاتارىدا يازىدۇ . جۇڭگونىڭ قوللىنىۋاتقان ئادىتى بويىچە ئىمپېرا-
تورلارنىڭ ناملىرى «سۇلالە يىلناملىرى»غا كىرگۈزۈپ يېزىلات-
تى . ئەمما قارا خىتايلارغا كەلگەندە بولسا ، ئۇلارنىڭ يىلنامىلى-
رى باشقا مۇھىم راق بىرەر ۋەقەگە توغرىلىنىپ يېزىلىپ ، ئۇلار-
نىڭ ئىمپېراتورلىرىنىڭ ئىسىملىرى كۆرسىتىلمەيدۇ . بۇنىڭ
نەتىجىسىدە چەت ئەللىكلەر جۇملىدىن ياۋروپالىقلار ئىمپېراتور-
لارنىڭ نامى ئورنىغا يېزىلغان ئۇلارنىڭ «ئىدارە قىلغان يىللى-
رى»نى كۆپىنچە ئىمپېراتورىنىڭ ئىسمى دەپ چۈشىنىدۇ . جۇڭ-
گو تارىخىدا جۇڭگودىكى يەرلىرىدىن مەھرۇم بولغان يات ئۇرۇق-
نىڭ سۇلالىسىنى يەنىلا جۇڭگو ئىمپېراتورلىرىنىڭ خانلىقى قاتا-
رىدا تىلغا ئېلىشىنىڭ بىردىنبىر ئەمەلىي مىسالى دەل مانا مۇشۇ
قارا خىتايلاردۇر . 14 ـ ئەسىردە موڭغۇللار جۇڭگودىن قوغلىۋې-

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 528 ـ بەت ؛ يەنە Menges, Der Titel



تىلدى . بۇنىڭ بىلەن يۇەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ جۇڭگودىكى مەۋ-
جۇتلۇقىدىن قېلىپ قالدى . چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ موڭغۇ-
لىيىدە «ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللىرى» ئۈستىدە گەپ ـ سۆز
بولۇنمىدى . پەقەت لياۋ سۇلالىسىلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى .
بۇ خىل ئەھۋال قارا خىتايلارنىڭ جۇڭگو (بارتولد كىتابىدا 天
下 دەپ ئالغان ) مەدەنىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرۈ-
ۋالغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ . قارىغاندا ، كى-
شىلەر قارا خىتايـلارنى باشـقا ئۇرۇقـتىن بولغان دەپ قارىمىسا
كېرەك .
بىزگە مۇسۇلمان مەنبەلىرىگە يېزىلغان گۆرخانلارنىڭ ئىدا-
رە قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى ئازغىنا بىر قىسىم مەلۇمات-
لار يېتىپ كەلدى . ئۇلارغا ئاساسەن قارا خىتايلارنىڭ غەربكە
كەلگەندىن كېيىن قوللانغان تىلى خەنزۇ تىلى ، ئىدارە قىلىش
ئۇسۇللىرىمۇ جۇڭگوچە ، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولى-
دۇ . مەسىلەن ، كۇيئوغۇل دېگەن سۆزنى خەنزۇچە «فۇما» (附
马 سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن . يەنە «پەيزى» (牌子) دېگەن
سۆزنى ۋەزىپە بەلگىسى ۋە ھۆججەتلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىش-
لەتكەن . بۇ ئاتالغۇنى كېيىنرەك موڭغۇللارمۇ ئىشلەتكەن . قارا-
خىتايلار سۇلالىسىنىڭ ئادەتتىكى كۆچمەنلەر دۆلىتىدىن پەرقى
شۇ بولدىكى ، بۇ دۆلەتتە يەرلەر سويۇرغاللىقا بېرىلمىدى . بى-
رىنچى گۆرخان توغرۇلۇق توختالغاندا ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئادەمگە
100 نەپەردىن ئارتۇق ئەسكەر تۇتۇشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقى
ئېيتىلىدۇ ، ئەمما ئۆزلىرىگە بېقىنغان ئەللەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش پرىنسىپىنى كەڭ قوللانغان . قارا
خىتايلار بالاساغۇندىلا قاراخانىيلارنىڭ بۇرۇنقى ئىدارە قىلىش
ئۇسۇللىرىنى بىكار قىلغان . چۈنكى ، بۇ يەر گۆرخاننىڭ قارارگا-
ھى بولۇپ قالغاچقا ، بۇ يەرلەرنى گۆرخان ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇر-
غان . ئەمما بۇ شەھەردىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىسلام دىنىغا

ئېتىقاد قىلاتتى، كېيىنمۇ شۇ پېتىچە قېلىۋەردى. بويسۇندۇرۇۋالغان باشقا يەرلەردىكى خانلار، مەسىلەن، قەشقەر ۋە ماۋەرائۇننەھىردە قاراخانىيلار ۋاقتىدىكى خانلار ئۆز ئورنىدا قېلىۋەرگەن. غەربتە خارەزىم، شەرقتە ئۇيغۇر ئېلىدىمۇ شۇنداق بولدى. گۆرخانغا ئىتائەت قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئۇنىڭغا ئولپان تۆلەش بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى خانلارنىڭ يېنىدا گۆرخانلارنىڭ ۋەكىللىرى تۇردى. ئىتائەتمەنلىكنى ئىپادىلەشنىڭ بۇ شەكلى بەزىدە تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇلدى. گۆرخانغا ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشى ئۆزلىرىگە بېقىنغان ھۆكۈمراننىڭ سارىيىغا يىلدا بىرەر قېتىم ئولپان ئېلىشقىلا كېلىپ كېتەتتى. بۇنداق ئۇسۇل كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىمۇ قوللىنىلدى. بېقىندى ھۆكۈمران تېگىشلىك ئولپانىنى گۆرخانغا ئۆزى تاپشۇرۇپ بېرىش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە ئىدى. قارا خىتايلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەربىر ئائىلىگە سېلىق سېلىش سىستېمىسىمۇ بولغان. بىر ئائىلىدىن بىر دىنار، يەنى بىر ئالتۇن تەڭگە سېلىق ئېلىپ تۇرغان. بىراق بۇ سىستېما مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئەنئەنىسىگە، كۆچمەنلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە زىت كېلىپ قالغان. كېيىن موڭغۇللار جۇڭگونىڭ ئۆزىدىمۇ ھەر بىر جانغا سېلىق سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئىنتىلگەن، ئەمما بۇ جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. لېكىن بىز قارا خىتايلارنىڭ يېڭى چارىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىز قالدۇرماي قالمىغانلىقىنى، يەنى 19 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىمۇ ئۆي بېشىغا سېلىق سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. قوقان خانلىقى دەۋرىدە تاشكەنتتىكى ھەربىر ئائىلىدىن سېلىق ئېلىنغان. بۇ سېلىق بۇرۇنقى چاغدا تۈزۈلگەن بىر جەدۋەل بويىچە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ چاغدىكى سېلىق ئېلىنغان ئائىلە سانى شۇ چاغدىكى ئائىلە سانىدىن ئاز بولغان. قوقان خانلىرى ۋاقتىدىمۇ 12 - ئەسىردىكى گۆرخانلار ۋاقتىدىكىدەك بىر ئائىلىدىن بىر دىنار، يەنى بىر



ئالتۇن تەڭگە سېلىق ئېلىنغان[1]. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش شۇكى، 12 — 19 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا خەلقتىن ئېلىنىدىغان سېلىقلار تۈزۈمى توغرىسىدا مەلۇماتلار بەك ئاز. بىزگە شۇنىسى بەك غۇۋاكى، گۆرخان دۆلىتى — قاراخىتايلارنىڭ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى بىلەن قوقان خانلىرىنىڭ تۈزۈملىرى ئوتتۇرىسىدا تارىخىي باغلىنىش بارمۇ ياكى يوقمۇ، ياكى بۇلار تاسادىپەن توغرا كېلىپ قالغانمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئېنىقسىز.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەر تارىختا يىراق شەرق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان خەلقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقانلىق ئەمەلىيىتى قانداق تەسىر پەيدا قىلغاندۇ؟ دېگەن مەسىلە ھازىرغىچە تالاش - تارتىش ئىچىدە تۇرماقتا. ماركۋارتنىڭ «پولوۋېتسلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»[2] دېگەن ئەمگىكى باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر قاتارىدا مۇشۇ مەسىلىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ماركۋارت بۇ ئەسىردە گۆرخانلار دۆلىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدى. ماركۋارت 12 — 13 - ئەسىرلەر[3] نىڭ سەلتەنەتسىز تارىخىدا قارا خىتاي دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، دەيدۇ. بىراق ماركۋارت ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى بىرەر پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەيدۇ. قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئۇنىڭ ئىسلامىيەت ۋە تۈركىي خەلقلەرنى ئىنكار قىلىدىغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىسە كېرەك.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كۈنلىرى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتمىدى. بۇ دۆلەتتە مۇسۇلمانلار ۋە كۆچمەنلەر دۆلىتىدىكىدەك ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى ۋە سۇيۇرغاللىق سىستېمىسىغا مۇناسىۋەتلىك

① ماللىيىتسكى: «بىرنەچچە بەت»، 176 - بەت.
② ماركۋارت: «كومانلار»، 25 - بەت.
③ ماركۋارت: «كومانلار»، 209 - بەت.

جېدەل - ماجىرالار بولمىدى. لېكىن دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى نەچچە قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئاشنىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنداق ئايال ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرسى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاشنىسىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلى خەلق ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولدى. بۇ جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن بۇ ئايال ھۆكۈمران ھېلىقى ئاشنىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. گۆرخانلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ چوڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن بىرەر چارە قوللانغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەگەردە گەپكە كىرمەيدىغان، تىنچ يۈرمەيدىغان ئەمەلدارلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلار بولدى دېيىلىدىغان بولسا، بۇ يەردە قاراخانىيلار قوشۇنلىرىدا خىزمەت ئۆتەۋاتقان قارلۇقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. قارا خىتايلار ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىققا سالماقچى بولغان، ئەمما بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان. قارا خىتايلار ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، قارلۇق سەركەردىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى بېسىقتۇردى. ئومۇمەن ئالغاندا، گۆرخانلار دۆلىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردە بىرەر مەزگىل تىنچ ئۆتكەن ۋاقتى بولغانمۇ - يوق، بۇنىسى نامەلۇم. خارەزىم گۆرخانلارغا ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇبىيەتتىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان سۇلتان سەنجەر خارەزىمگە ھۇجۇم قىلغاندا، گۆرخانلار خارەزىمگە ھېچقانداق ياردەم بەرمىدى. گۆرخانلارنىڭ تۈركىستاندا يۈز بەرگەن توپىلاڭلارغا ئارىلاشقانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. قارا خىتايلارنىڭ ۋەكىللىرى تۈركىستاندا ئالىي مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلدى دېگۈدەك بىرەر ئالامەتنىمۇ تاپماق تەس. يەنى ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تۈركىستاندا يۇقىرى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغان دەپ، بىرەر ۋەكىلىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەڭ ئاخىرقى گۆرخانغا



ۋەزىر بولغان ئادەم، مەھمۇد باي دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان سودىگەر ئىدى. دېمەك، ئۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

قارا خىتايلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بۇ ئىمپېرىيە ئىگىلەپ تۇرغان تېررىتورىيە دائىرىسىدە بىرنەچچە خىل مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئامىللارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئەگەردە قارا خىتايلار دۆلىتى بۇلارغا مەدەنىيەت جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتتى دەيدىغان بولساق، بۇ تەسىر پەقەت شۇ بىرنەچچە خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىنلا ئىبارەت بولدى. غەرب تەرەپتىكى مۇسۇلمانلار ياشايدىغان رايونلارنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتى قارا خىتايلار ھاكىمىيىتىگە ئىتائەت قىلىدىغان بولغاچقا، غەرب تەرەپكە غەيرىي ئىسلام مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تارقىلىشى مۇقەررەر ئىدى. يەتتەسۇ رايونى ۋە چۇ دەرياسى ۋادىسىدا ساقلىنىپ قالغان سۈرىيە تىلى ۋە تۈركىي تىلدا يېزىلغان خرىستىيان دىنى يادىكارلىقلىرى تا ھازىرغىچە تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىلمىدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا ئىسسىقكۆل ھەمدە چۇ دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى 14 - ئەسىرگە، يەنى موڭغۇللار دەۋرىگە ئائىتتۇر. ئەمما چۇ دەرياسى ۋادىسىدىن بايقالغان بەزى يادىكارلىقلار 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا، يەنى قارا خىتايلار دۆلىتى دەۋرىگە مەنسۇپتۇر. رۇس ئاكادېمىكى كوكوۋسوۋ يەتتەسۇ رايونىدىن تېپىلغان خرىستىيان دىنى يادىكارلىقلىرىنى تۇرپاندىن تېپىلغان خرىستىيان دىنى يادىكارلىقلىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تۇرپاندىن تېپىلغان خرىستىيان دىنى يادىكارلىقلىرى، يەتتەسۇدىن تېپىلغان خرىستىيان دىنى يادىكارلىقلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن خرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرى غەربتىن شەرققە قاراپ تارقالغان بولماستىن، بەلكى

بەزى جايلاردا شەرقتىن غەربكە تارقالغان[1] دېگەن پەرەزگە كېلە-
مىز . ئۇيغۇر خرىستىئانلىرىدىن باشقا ، يەنە ئۇيغۇر بۇددىستلى-
رىمۇ غەربتىكى رايونلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن . قارا خى-
تايلار دەۋرىدە بۇنداق مەلۇماتلار ئۇچرىمىدى . ئەمما موڭغۇللار
هۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە ، 1253 ـ يىلى سەي-
ياھ رۇبرۇك ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قايالىقتا ئۇيغۇر
بۇددا راھىبلىرىنى ئۇچراتقان . بۇ ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بۇ يەر-
لەرگە بەلكىم قارا خىتايلار دەۋرىدە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ،
ئەمما بۇ تەخمىننى ئىسپاتلاپ بەرگۈدەك پاكىت يوق .11 — 12 ـ
ئەسىرلەر خرىستىئان دىنىنىڭ تەشۋىقاتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇ-
ۋاتقان چاغلار ئىدى . بىز نۇرغۇنلىغان موڭغۇللارنىڭ شۇ دەۋر-
لەردە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر-
لارغا ئىگىمىز . پەقەت خرىستىئان مەنبەلىرىدىلا ئەمەس ، بەلكى
ئىسلام مەنبەلىرىدىمۇ غەربىي موڭغۇلىيىدىكى نايمانلار خرىستى-
ئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ ، شۇنداقلا شەر-
قىي موڭغۇلىيىدىكى كېرەيلەرمۇ خرىستىئان دىنىدا ئىدى ، دەپ
كۆرسىتىلىدۇ . تەتقىقاتچى ، پروفېسسور پېلليئوت جەنۇبىي موڭ-
غۇلىيىدە — جۇڭگو چېگرىسىغا يېقىن جايدا ياشىغۇچى ئوڭغۇتلا-
رمۇ خرىستىئان دىنىدا ، دەپ كۆرسىتىدۇ[2] . خرىستىئان دىنى-
نىڭ تەشۋىق ـ تەرغىباتىغا ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان . چىڭگىزخان
نايمان يەرلىرىدە نايمان پادىشاھىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ مۆھۈرچى
ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئۇيغۇرنى كۆرگەن ۋە بۇ ئۇيغۇر
ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تونۇشقان . يەتتە سۇدىكى خرىستى-
ئان مۇخلىسلىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ قوللان-
غان ساناق ئۇسۇلى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ ، يەنى

① كوكوۋسوف : «سۈرىيىچە ـ تۈركچە ئېپىگرافىكا» ، 778 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 265 — 298 ـ بەتلەر ؛ مالوف : «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى يادىكارلىقلار» ، 75 — 86 ـ بەتلەر .

② P. Pelliot ,Chretiens ,p629sq.



ئۇيغۇرلار «11» دېگەن ساننى «بىر يىگىرمى» سۆزى بىلەن
ئىپادىلەيدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلىنى ئورخۇن يادىكار-
لىقلىرى ۋە ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ[1] . ئۇي-
غۇر خرىستىئانلىرىنىڭ مەركىزى ، تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى بۇلا-
يىق (هازىرقى بۇيلۇق — تەرجىماندىن ) بولسا كېرەك . بۇ يەر-
دىن سۈرىيە تىلى ، سوغدى تىلى ۋە تۈركچە يېزىقلاردا يېزىلغان
خرىستىئان دىنىغا دائىر تېكىستلەرنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى[2] .
شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، يەتتەسۇدىكى خرىستىئان
مۇخلىسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي سوغدىلاردىن قوبۇل قىلغان
ئېلىپبەسىنى قوللانماستىن سۈرىيىلىكلەرنىڭ ئېلىپبەسىنى قول-
لانغان ۋە ئۇنىڭغا بەزى يېڭى بەلگىلەرنى قوشقان .
دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئەزەلدىنلا سودا ـ تىجارەت
پائالىيىتى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن . كېرەيلەرنىڭ خرىستىئان
دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدىكى سۈرىيىدە تارقالغان خەۋەر-
لەردە ، كېرەي خانىنىڭ مەزكۇر دىن تەلىماتىنى خرىستىئان
سودىگەرلەردىن ئۆگەنگەنلىكىنى ئېنىق يازىدۇ[3] . شۇنىسى ئەجەب-
لىنەرلىككى ، موڭغۇلىيىدىكى ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى ھەققىدىكى
ماتېرىياللار كەمچىل بولسىمۇ ، لېكىن مۇسۇلمان سودىگەرلەر-
نىڭ موڭغۇلىيىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رو-
لىنىڭ خرىستىئان سودىگەرلەرنىڭ خرىستىئان دىنى تەشۋىقاتىدا
ئوينىغان رولىدىن خېلىلا گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈش مۇم-
كىن . موڭغۇللار تۈركىي خەلقلەردىن سودىگەر مەنىسىدىكى
«سارت» ئاتالغۇسىنى قوبۇل قىلدى . خۇددى سوغدى سۆزىدىن
سوغداق سۆزى ياسالغانغا ئوخشاش ، كېيىن سارت سۆزىدىن سار-

① كوكوۋسوق : «سۈرىيىچە ـ تۈركچە ئېپىگرافىكا» ، 789 ـ بەت ، يەنە «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 383 ـ بەت .

② مۇللېر : «ئۇيگۇرىكا» ، 1 ـ توم ، 4 ـ بەت .

③ ئەبۇل فاراجىنىڭ «سۈرىيە سالنامىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان نەقىل ، ئوپېرت : «ئاقساقال يوھان» ، 89 ـ بەت .

تاق سۆزى ياسالغان . موڭغۇللار سارتاق سۆزى بىلەن موڭغۇلىيە زېمىنىغا كېلىپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سوداگەرلەرنى ، يەنى ئىرانلىق مۇسۇلمانلارنى ئىپادىلىگەنىدى . خەلق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئاتالغۇغا موڭغۇللار يەنە «تاي[1] » قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ، بۇنىڭ بىلەن شۇ خەلقنىڭ ئەرلىرىنى ئىپادىلىگەن . شۇنداق قىلىپ «سارتاقتاي» دېگەن ئاتالغۇ «سارتاق ، يەنى سارت خەلقىنىڭ ئەرلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن . ئىران ئىسلام مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ موڭغۇلىيىدىكى پائالىيىتىنى شۇ چاغلاردا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان تۆۋەندىكى بىر رىۋايەتمۇ ئىپادىلەيدۇ . بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، سارتاقتاي ئىسمىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەھرىمان بولۇپ ، بۇ ئادەم چوڭ دەريا ۋە كۆللەرگە ماھىرلىق بىلەن چوڭ ، كۆركەم ، مۇستەھكەم ۋە ھەيران قالارلىق توغانلارنى ياسىغان ئىكەن[2] . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇنداق سۇ ئىنشائات تېخنىكىلىرىنى مۇسۇلمانلار موڭغۇللارغا ئۆگەتكەن بولسا كېرەك . موڭغۇللار سارتاقلار ياكى سارتاقتايلارنى مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئەمەس ، مۇئەييەن مەدەنىيەت تىپىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە تونۇغان . مەسىلەن ، چىڭگىزخان ئۆزىگە ئىتائەت بىلدۈرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانى قارلۇق ئارسلانخاننى سارتاق دەپ ئاتىغانىدى[3] . ئارسلانخان يەتتەسۇنىڭ شىمالىدا ياشىغان بولۇپ ، قارلۇق ئىدى . پارس تىلىدا ئەمەس ، تۈركىي تىلدا سۆزلەيتتى . موڭغۇللار يەنە شۇ سارت ئاتالغۇسىدىن «سارتاغۇل» ياكى «سارتاۋۇل» ئاتالغۇلىرىنى ياسىدى . بۇ ئاتالغۇمۇ شۇ چىڭگىز زامانىسىدىكى تېكىستلەردە ئۇچرايدۇ . «سارتاغۇل» ئاتالغۇسىنى كېيىن رەشىدى «تاجىك[4] » دەپ تەرجىمە قىلدى . ئىبن

① «تارىخى رەشىدى» ، بېرىزىنا نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا ، 1 ـ توم ، 65 ـ تېكىست .
② پوتانىن : «ئوچېرك» ، 2 ـ توم ، 170 ـ بەت ؛ 4 ـ توم ، 285 ـ بەت .
③ «تارىخى رەشىدى» ، بېرىزىنا نەشرى ، 1 ـ توم ، 171 ـ تېكىست .
④ «تارىخى رەشىدى» ، بلوشېت نەشرى ، 54 ـ ، 55 ـ بەتلەر .



مۇقەننا بولسا بۇ ئاتالغۇنى «مۇسۇلمانلار[1] » دەپ تەرجىمە قىلدى .

سارتاقتاي توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە موڭغۇلىيىدىكى ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەم بولۇشى ، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ شۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ خۇددى ھازىر ياۋروپا سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى خىرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ھېچقانچە مۇناسىۋىتى بولمىغانغا ئوخشاش . موڭغۇللار دەۋرىدە باي سودىگەرلەر مەدرىسە ۋە خانىقالار سالدى . لېكىن بۇ سودىگەرلەر بىلەن ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق دىنى مۇناسىۋەت يوق ئىدى . بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپ ھاللاردا دۈشمەنلىك مۇناسىۋەت بولۇپ كەلگەن[2] .

مۇسۇلمانلار سودىسىنىڭ ھازىرقى ياۋروپا سودا ـ تىجارىتى بىلەن بولغان ئەڭ چوڭ پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، مۇسۇلمانلار سودا ـ تىجارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن باغلانغان ئەمەس . خەلىپىلىك يىمىرىلگەندىن كېيىن ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي چېگراسى ئۇ ياكى بۇ سۇلالىنىڭ گۈللەنگەنلىكى ياكى ئاجىزلىقى بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ چېگرىلار پات ـ پاتلا ئۆزگىرىپ تۇردى . بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەردىن مۇستەقىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . بىرقەدەر كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم بولغان سامانىيلار خانلىقى دەۋرىدە يايلاقلاردا مۇسۇل-

① مېلىئورانسكى : «موڭغۇل تىلى توغرىسىدا ئەرەب تىلچىلىرى» ، 75 ـ بەت ؛ ئىبن مۇقەننانىڭ كىتابى ، رىفائەت نەشرى ، 194 ـ بەت .
② سەيپىددىن باھارنىڭ ھەبەش ئامىدقا بېغىشلانغان شېئىرى (بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 102 ـ بەت . خاندەمىرنىڭ «موڭغۇل خانلىرىنىڭ تارىخى»دىكى ئەبۇ ياقۇپ سەككاكىغا ئائىت مەزمۇن ، تېھران نەشرى ، 3 ـ توم ، 28 ـ بەت ) .

مانلار ئولتۇراقلاشقان يۇرتلار پەيدا بولدى . بۇ يۇرتلار سامانيلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئەمەس ، بەلكى تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى . بۇ يەردە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورناتقان سودا شىركەتلىرى مەيدانغا كەلدى . گەرچە ھازىرقى زامان تىپىدىكى چوڭ مەھكىمە ـ تەشكىلات بولمىغان بولسىمۇ ، ئەمما مەلۇم بىر يەردىن بېرىلگەن ھۆججەتكە ئاساسەن باشقا ھۆكۈمران قارمىقىدىكى ئىككىنچى بىر شەھەردىن پۇل ئالغىلى بولاتتى . يېقىندا تېپىلغان ۋە نەشر قىلىنغان 11 ـ ئەسىرنىڭ تارىخچىسى ئەبۇشۇجانىڭ ئەسىرىدە ، سودىگەرلەر يېزىپ بەرگەن ھۆججەتلەرگە ئاساسەن پۇل ئېلىش ، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى يېزىپ بەرگەن ھۆججەتلەردىن پۇل ئېلىشتىن كۆپ ئاسان ئىكەنلىكى ئېنىق قەيت قىلىنغان[1] . ئىران سودىگەرلىرى ئارىسىدا كۆپ تارقالغان «چەك» ( ček ) سۆزى شۇ پارسچە يېزىلغان شەكىلدە ئىشلىتىلدى . بۇ سۆز ئەرەبچە «سەك» دەپ يېزىلىدۇ . كېيىن بۇ ئاتالغۇ غەربىي ياۋروپاغا تارقىلىپ ، سودا ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلدى .

ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەر سودا ئىشلىرىغا ئەلۋەتتە تەبىئىي ھالدا قاتناشقان . كېيىن موڭغۇللار سودىگەر دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈركچە «ئورتاق» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن ( «ئورتاق» سۆزى ئەرەبچە «شېرىك» دېگەنلىك بولىدۇ ) . بۇ «ئورتاق»چىلىقنىڭ ياكى «شېرىك»چىلىكنىڭ ئىشتىراكچىسى ، دېگەنلىك بولىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىيگە ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، «ئورتاق» ئاتالغۇسىمۇ تونۇش بولسا كېرەك ، بىراق ئۇ بۇ سۆزنى «يولداش» مەنىسىدىلا چۈشىنىپ ، «سودىگەر» مەنىسىدە چۈشەنمىگەن[2] . قارىغاندا ، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدىكى شېرىكچىلىك پەقەت 11 ـ ئەسىر-

---

① ئەبۇشۇجا ، 1 ـ توم ، 138 ـ بەت ؛ 2 ـ توم ، 143 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 91 ـ بەت .



دىن كېيىنلا پەيدا بولغان بولسا كېرەك .

ئۇ چاغلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاچقا ، باشقا ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن توقۇنۇشى ، ئاخىرقى ھېسابتا ، ئىسلامىيەتنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى . قارا خىتايلار جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇللارغا ئوخشاش مۇسۇلمان بولۇپ كەتمىدى . ئەمما قارا خىتايلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ يات دىنىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشى (گەرچە موڭغۇللار دەۋرىدىكىدەك ئۇنچە كەڭرى بولمىسىمۇ ) ئىسلامنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى . قارا خىتايلار بۇ رايونلاردا پەيدا بولغاندا بالاساغۇن خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ئىسلام دىنى تارقالمىغانىدى . كىشىلەر بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىتتىن كېيىن يەنى موڭغۇللار يېڭى باش كۆتۈرۈپ چىققان ۋاقىتتا يەتتە سۇنىڭ شىمالىدا قارلۇق خانى ئارسلانخاننىڭ يەرلىرىنىڭ بولغانلىقى ، ئارسلانخاننىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى تاپقان . ئەمما ئۇنىڭ ئورنى ھازىرغىچە تەخمىنىي مۆلچەردىنلا ئىبارەت . رۇبرۇك ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالا كۆلگە بېرىشتا شۇ يەردىن (قايالىقتىن — تەرجىماندىن ) ئۆتكەنىكەن . قارىغاندا ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا ماڭغان يولى ھازىرقىغا قارىغاندا بالقاش كۆلىگە تېخىمۇ يېقىن بولغان بولسا كېرەك . چۈنكى رۇبرۇك يولدا كېتىۋېتىپ بالقاش كۆلىنى كۆرگەن . قايالىق شەھىرىلا ئەمەس ، قارلۇق خانلىقىمۇ قارا خىتايلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەنىدى ۋە قارلۇق خانى گۆرخانغا بېقىندى ئىدى . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدە ۋە قارا خىتايلارنىڭ ھۇجۇمى توغرىسىدا يېزىلغان باياناتلاردىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان يەنە بىر شەھەر — غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئالمالىق شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى موڭ-

غۇللار كېلىشتىن بۇرۇن گۆرخاننىڭ ۋاسسالى سۈپىتىدە ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانچى ، بۆلەكچىلەرنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە (بۇ شايكىنىڭ باشلىقى قارلۇقلاردىن ياكى قاڭلىلاردىن چىققان بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلىنىدۇ ) ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان (بۇنداق زىددىيەتلىك كۆزقاراشلارنى بىز بىر ئەسەرنىڭ بىرنەچچە خىل كونا قولىيازمىلىرىدا كۆرىمىز ، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرى بۇنىڭ بىر مىسالى[1] . بۇ قولىيازمىلار 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىرىنچى قول مەنبە ھېسابلىنىدۇ ) . قانداقلا بولمىسۇن ، ئالمالىقنىڭ ھۆكۈمرانى مۇسۇلمان ئىدى . شۇ نەرسە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدۇكى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا يات دىندىكى قارا خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قارا خىتاي گۆرخانلىرىنىڭ ۋەزىرلىرى مۇسۇلمانلاردىن بولغان . نەتىجىدە بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئىگىدارچىلىق قىلمىغان يەرلەردە كېيىن يېڭىدىن مۇسۇلمان رايونلىرى مەيدانغا كەلدى[2] . ئىسلام دىنىنى شەرققە كېڭەيتىش خېلىلا تەس بولدى . مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار ئىسلامنىڭ كېڭىيىشىگە توسقۇن بولۇپ تۇراتتى . مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چېگرىسى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى شەكىللەنگەن مەزگىلدە خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ، يەنىلا كۇچانىڭ شەرقىگە توغرا كەلدى . تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىر باھادىرى خىزىربەگ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى بىلەن داڭق چىقارغان . ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار تىنچ خەلق ئىدى ، ھەربىي جەھەتتە باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەنىدى . خىزىربەگ قەشقەر خانىغا كۆرسەتكەن ياردىمى ئۈچۈن ، قەشقەر خانى تەرىپىدىن خان ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان[3] .

---

[1] جۇۋەينى : «تارىخى جاھانكۇشاي» ، قازۋىن نەشرى ، 1 ـ توم ، 57 ـ بەت (3) .
[2] جۇۋەينىنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرى ، قازۋىن نەشرى ، 2 ـ توم ، 89 ـ بەت .
[3] ئەۋفى ، بارتولد : «توركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 95 ـ بەت .



مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقتىكى چېگرىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن ئىدى . 13-ئەسىردە ماركوپولو ۋاقتىدا لوپنور ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرمۇ مۇسۇلمان بولغانىكەن .

تۈركىي خەلقلەر ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىدا زادى قانداق رول ئوينىغان بولغىيتتى ، دېگەن مەسىلە مۇرەككەپ بىر مەسىلە . تۈركىي خەلقلەر ھېچقانداق بىر يەردە ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىگە بويسۇنغان ئەمەس ئىدى . تۈركىي خەلقلەر ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى يوقاتقان ئەمەس ئىدى . گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، ئەرەب ، پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك بولدىكى ، تۈركىي تىل ھېچ يەردە دۆلەت تىلى ۋە مەدەنىيەت تىلىغا ئايلىنالمىدى . ئەڭ غەربتە ، كىچىك ئاسىيادىكى تۈرك دۆلىتىدە ئەرەب تىلى 13 ـ ئەسىرگىچە يەنىلا دۆلەت تىلى بولۇپ كەلدى . بۇ مەلۇمات 14 ـ ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان ئاپتورى نامەلۇم بىر ئەسەردە بېرىلگەندۇر[1] . لېكىن مەن بۇ مەلۇماتتىن شۈبھىلىنىمەن . ماكس ۋان دېگەن كىشى ، پارسلارنىڭ داستانلىرىنىڭ سۇلتانلارغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى كەيخىسراۋ ، كەيقۇبات دېگەن سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكىمۇ كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ ، شۇ سۆزلەر بىلەن بىرگە يەنە تۈركچە ئىسىملارمۇ يولۇقىدۇ ، مانا بۇلار ، سۇلتانلار ئۆزلىرىنىڭ تۈركلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەمدۇ ، دەيدۇ . بۇ بايانلارنى ئىراندىكى سالجۇقىيلار خانلىقى باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەرگىمۇ ۋە قاراخانىيلار خانلىقى باشقۇرۇپ تۇرغان تۈركىستانغىمۇ تەدبىقلىغىلى بولىدۇ . سالجۇق سۇلالىسىدا پارس تىلى تەدرىجىي ھالدا ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىلغا ئايلاندى . تۈركىستاندا ، يەنى قاراخانىيلار

---

[1] «خاتىرە» ، 18 ـ توم ، 129 ـ بەت .

خانلىقىنىڭ يەرلىرىدە ئەرەب تىلى پارس تىلى تەرىپىدىن ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل ساھەسىدە قەدەممۇقەددەم سىقىپ چىقىرىلدى . شۇنىسى دىققەتكە ئەرزىيدۇكى ، 10 ـ ئەسىردە ، يەنى سامانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئەرەب تىلىدا «بۇخارا تارىخى» يېزىلدى . بۇ ئەسەر 12ـئەسىردە پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى[1] . بۇ ئەسەرنىڭ پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . دىنىي مائارىپتا پارس تىلى ھەتتا ئەرەب تىلىنىمۇ سىقىپ چىقاردى . مۇدەررىسلەر پارس تىلىدا دەرس سۆزلەيدىغان بولدى[2] . بۇنداق ئەھۋال باشلانغۇچ دىنىي تەربىيە باسقۇچىدىمۇ مەۋجۇت ئىدى . «نىشاپۇر تارىخىنىڭ داۋامى»نىڭ ئاپتورى مەجىددىن ئابدۇل غاففارى (ھىجرىيە 451 ـ يىلى ، مىلادىيە 1059 — 1060 ـ يىللىرى تۇغۇلغان ) توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ بۇ مۇئەللىپنىڭ بەش ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا پارس تىلى ئارقىلىق دىنىي دەرسلىكلەرنى ئۆگەنگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ[3] . ئەھۋال گەرچە يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ ، ئەمما قاراخانىيلار دۆلىتىدە 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەنىلا ئەرەب تىلى ئىشلىتىلدى ، تېخى سوت ھۆكۈملىرىمۇ ئەرەب تىلىدا چىقىرىلدى . مەن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ «شەرقشۇناسلىقنىڭ لوندون تارمىقى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان سوت ھۆكۈمىمۇ ئەرەب تىلىدا يېزىلغانىدى . بۇ ئىش «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق دىداكتىك داستان يېزىلغان بۇغراخان دەۋرىگە ئائىتتۇر[4] . ئەمما شۇ چاغلاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا يېزىلغان ھۆججەتلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى ، قاراخانىيلار دۆلىتىدە ھەتتا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىسى

① «تارىخى نەرشەخى» ، شېفېر نەشرى ، 2 ـ بەت .
② D .گرېئۇس نەشرگە تەييارلىغان «نەسەب شەجەرىسى لۇغىتى» ، 50 ـ بەت (B) .
③ كۆپرۈلۈ قولىيازمىسى ، 1152 ـ بەت .
④ بارتولد ئەسەرلىرى ، 5 ـ توم ، 421 ـ بەت .



بەك ئاز بولغان سەمەرقەنت (ئۆزكەنت )تىمۇ دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلىتىدىغان ئاتالغۇلاردا يولۇقىدىغان تۈركىي تىلمۇ تېخى سىقىپ چىقىرىلمىغان . مەسىلەن ، تۈركىي تىلدا سۈپەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان «ئۇلۇغ» سۆزى ۋەزىر سۆزىنىڭ ئالدىغا ئىشلىتىلگەن . 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەنت خانى قويدۇرغان تەڭگىلەرگە «سۇلتان ئەس سالاتىن — سلطان السلاطين» دەپ يېزىلغان . خانلار تۈركچە ئىسىملارنى ، بولۇپمۇ تۈركچە ئۇنۋانلارنى سۇلالە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچە قوللىنىپ كەلگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، تارىختا موڭغۇلىيىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوغۇز ۋە ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئادەتلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغانىدى . خان ئادىتى بويىچە تەختكە ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇنۋانىنى يېڭى ئۇنۋانغا ئالماشتۇراتتى . بۇ يېڭى ئۇنۋان خاننىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى . تەخمىنەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا بىر يەردە قويۇلغان تەڭگىلەردىكى ھەر خىل ئۇنۋانلار بىر ئادەمگە قارىتىلغانمۇ ياكى بىرنەچچە ئادەمگە قارىتىلغانمۇ ؟ دېگەنلەرنى ئېنىقلاش ، تارىخچىلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇردى .

بىزگە مەلۇم بولغان ماتېرىياللاردا ، سەمەرقەنتتە تۈركىي تىلنىڭ ئەدەبىي تىل بولغانلىقى ھەققىدە گەپ ـ سۆز يوق . ئوردىدا ۋە خانلارنىڭ يېنىدا پارس شائىرلىرى دائىم تۇراتتى ۋە ئۇلار خانلارنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى[1] . تۈركىي تىلدىكى مۇسۇلمان ئەدەبىياتى ئۇچۇن شۇ چاغلاردا قەشقەرىيىدىكى شارائىت بىرقەدەر ئوبدان ئىدى . ئەمما كېيىنچە بۇ يەرگىمۇ پارسلارنىڭ تەسىرى كۆچەيدى . 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قەشقەرىيىدە پارس تىلىدا بىر تارىخىي ئەسەر يېزىلدى . ئەمما بۇ ئەسەردە گراماتىكىلىق خاتالىقلار بەك كۆپ ئىدى . مانا بۇ ھال ئاپتورنىڭ ئانا تىلىنىڭ

① خىزىرخان ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى شائىرلار خۇسۇسىدا نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندىنىڭ «چاھار ماقالە» ناملىق ئەسىرىدىكى شائىرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىگە قارالسۇن .

پارس تىلى ئەمەسلىكىنى، ئۇ بۇ تىلدا يېزىشقا تولۇق پىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[1].

ھىجرىيە 462 ـ يىلى، مىلادىيە 1069 — 1070 ـ يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە شۇ يەرنىڭ خانى ئۈچۈن تۈركىي تىلدىكى دىداكتىك داستان — «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ چىقتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ ۋاقىتلاردا ئوردىدا ھاجىپ ۋەزىپىسىدە خىزمەت قىلاتتى. ئۇ داستاننى تۈركىي تىلدا يېزىپ، تۈركچە «قۇتادغۇبىلىك» دەپ نام بەردى. بۇنىڭ مەنىسى «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» دېمەكتۇر. «قۇت» سۆزى «بەخت» دېگەنلىك بولۇپ، داستاندا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ سۆز يەنە پادىشاھنىڭ ئۇنۋانىنى ئىپادىلەپ ھازىرقى «جانابىي ئالىيلىرى» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل ئەدەبىيات، باشقىچە ئېيتقاندا، پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى تەربىيىۋى ئەسەر قەدىمدىن تارتىپلا شەرققە، جۈملىدىن ئىران دۇنياسىغىمۇ كەڭ تارقالغانىدى. بۇ خىل ئەسەرلەردىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە شۇكى، بۇلاردا تارىختا ئۆتكەن ھېكايە ـ رىۋايەتلەر بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەزى نەزەرىيىۋى مەسلىھەتلەر بېرىلىدۇ ياكى شۇنداق نەرسىلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىدە دەل مۇشۇنداق ئامىللار كەم. ئۇنىڭ ئەسىرىدە تارىختا ئۆتكەن بىرەر شەخس تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىتابىدا تىلغا ئالغان پادىشاھ «ئىلىگ» ئەمەلىيەتتە بولمىغان ئاللىگورىيىلىك شەخستۇر. ئۇ ئادالەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى. ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ۋەزىرلەر، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇكىلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىگە نەمۇنە قىلغان پارسچە ئەسەر-

① ۋەلىدوف، شەرق قولىيازمىلىرى، 313 ـ بەت.



لەردىن تۈۋەنرەك تۇرىدۇ[1].

«كىرىش سۆز»دە ئەرەب ۋە تاجىكلارنىڭ كىتابلىرىنىڭ كۆپلۈكى، تۈركىي تىلدىكى كىتابلارنىڭ يوقلۇقى سۆزلىنىدۇ. بۇ بايانلاردىن ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە خرىستىئان دىنى توغرىسىدا تۈركىي تىلدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىن كۆرگەن مۇسۇلمانچە تۈركىي تىلدىكى شېئىرىيەتتىن تېخى شۇ تىلدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن — نەشر قىلىنغان بولسا ئىدى، قەشقەرنىڭ ئۆزىدە چىقىشى كېرەك ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كۆرسىتىشىچە، قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاھالىلىرى شەھەردە تۈركىي شېۋىلەر ئىچىدە ئەڭ ساپ تىل دەپ قارالغان «تۈركچە قاغانىيە تىلى»دا سۆزلىشىدىكەن. قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزا ـ كەنتلەردە قوللىنىدىغان تىل كەنچەك تىلى بولۇپ، بۇ تىل ساپ تۈركچە ئەمەس ئىدى[2].

«قۇتادغۇبىلىك» ژانىرى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئالدىمىزغا قويۇلغان بىر مەسىلە. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بىزگە ئۈچ خىل قولىيازمىسى يېتىپ كەلدى. بىرسى 1439 ـ يىلى ھىراتتا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان، قالغان ئىككىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. بۇلارنىڭ بىرسى مىسىردىن تېپىلغان، يەنە بىرسى پەرغانىدىن تېپىلغان. بۇ يەردە بىر مەسىلە — مۇئەللىپ ئەسىرىنى ئەسلىي قايسى يېزىقتا يازغاندۇ؟ دېگەن

① مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، 224 ـ، 299 — 302 ـ بەتلەر؛ تېكىست ۋە تەرجىمىسى، 294 ـ بەت؛ بىبلىئوگرافىيە، 302 — 304 ـ بەتلەر.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 31 ـ بەت.

مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقماقتا[1] . داستانغا قويۇلغان نام ۋە «قۇت» سۆزىنىڭ «جانابىي ئالىيلىرى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىشى قەشقەردە ئىسلامىيەتنىڭ ، جۇملىدىن پارسلارنىڭ تەسىرىنىڭ ئوردا هاياتى ئىچىدە تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇلگۈرەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن نامنى بىز كېيىن موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز . «چىڭگىزخاننىڭ هېكمەتلىك سۆزلىرى» دېگەن توپلام «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن نام بىلەن چىقىرىلغان[2] . ئۇنىڭغا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ۋە ئىمپېرىيە پارچىلانغاندىن كېيىن تەشكىل قىلىنغان دۆلەتلەردە خۇددى «ياساق»قا ئوخشاش قانۇن دەستۇرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان . 15 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىبن ئەرەبشاهنىڭ يازغانلىرىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇكى ، موڭغۇللار ئۆزلىرى قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ «قۇتاد» دەپ ئاتىغانىكەن . ئىبن ئەرەبشاه بۇ ئاتالغۇنى چىڭگىزخان ئۆزى كېلىپ چىققان قەبىلىگە يېقىن دەپ قارىغان (ئىبن ئەرەبشاه خاتا هالدا «قتات»نى «قيات» ئورنىدا ئىشلەتكەن)[3] . «قۇتادغۇبىلىك» هېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ شۇ نامى بىلەن موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىپ «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى دەيدىغان قاراشلارمۇ پەيدا بولغانىدى[4] . مەهمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى . يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ كىتابىنىڭ تىلىمۇ ئۇيغۇرچە بولماي قالدى[5] . ئىسلامىيەتنىڭ روهى سىڭدۈرۈلگەن بۇغراخانـ

① ئىككىنچىسى ئېھتىمالغا بەك يېقىن ، يۇقىرىقىلارغا قارالسۇن .
② «خاتىرىلەر» ، 13 ـ توپلام ، 15 ـ بەت .
③ ئىبن ئەرەبشاه : «فاكىهاتى خۇلەفائى» ، مىسىر نەشرىياتى ، 184 ـ بەت .
④ مېلىئورانسكىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» خۇسۇسىدىكى بايانلىرى . «خاتىرىلەر» ، 13 ـ توپلام ، 21 ـ بەت .
⑤ هازىرقى زاماندىكى تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىلىنى قارلۇق تىلى دەپ قارىماقتا ؛ شېرباكنىڭ «گراماتىكا ئوچېركى»نىڭ 26 ـ بېتىگە قارالسۇن .



نىڭ «قۇتادغۇبىلىك»ى (توغرىسى يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»ى — تەرجىماندىن) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭمۇ بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ، كېيىن موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر .

مەهمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئۇنىڭ يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ ئەسىرىدىن خەۋىرىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى ئېنىق كۆرۈلمەيدۇ . «قۇتادغۇبىلىك» مەهمۇد كاشغەرىي ئەسىرىنى يېزىشتىن ئىككى يىل بۇرۇن يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بىرەر كىشى تىل هەققىدە بىرەر ئەسەر يازمىغانىكەن . مەرهۇم مارتىن هارتمان يۇسۇپ خاس هاجىپ بىلەن مەهمۇد كاشغەرىينى سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ، بىرىنچىسى ، يۇسۇپ خاس هاجىپ ئوردا ئەهلى بىلەن يېقىن ئۆتكەن ، مەهمۇد كاشغەرىي بولسا ، خەلق شېئىرىيىتى ئەنئەنىلىرىگە يېقىن بولغان[1] دەپ ئېيتقان . ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى توغرا ۋە ئاقىلانە پىكىر دەپ قاراشقا بولامدۇ؟ بىز مەهمۇد كاشغەرىينىڭ مىسال ئالغان شېئىر ـ قوشاقلىرى ئىچىدىن ئوردا شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنىمۇ كۆرىمىز . يەنە بىر تەرەپتىن يۇسۇپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ دىداكتىك مەقسەتلىرى ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتىدىكى هېكمەتلىك سۆزلەردىن پايدىلانغانلىقىنىمۇ كۆرمەكتىمىز . خۇددى مەهمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا كۆرسىتىلگەن خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ نەمۇنىلىرىگە ئوخشاش ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئايرىم يەرلىرىدە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئوخشاش تەپەككۇرلەر ئىپادىلەنگەن . «قۇتادغۇبىلىك»نى ئوقۇغانلىكى كىشى مەهمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە كۆرسەتكەن «ئەردەم باشى تىل» دېگەن ماقالنى يادىغا ئالىدۇ . بۇ ماقالنىڭ مەنىسى : هەرقانداق پاراسەت

① مارتىن هارتمان : «ۋەزىن» .

ۋە قەھرىمانلىق تىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، دېگەنلىك ئىدى[1].

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى داڭق چىققان كاتتا ئەسەر بولغانلىقىنى، يايىق دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى سارايچىق شەھىرىدىن تېپىلغان، لايدىن ياسالغان ساپال كوزىغا «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئېلىنغان شېئىرلارنىڭ يېزىلغانلىقىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[2]. بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيىدىمۇ يەنە شۇ مەزمۇندا يېزىلغان «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نامىدىكى ئەسەر تېپىلدى ۋە كېيىنرەك نەشر قىلىندى. ئاپتورى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى ئىدى. ئەسەر قەشقەر تىلىدا يېزىلىپ ئەمىر داد ئىسپەھسالار بەگكە تەقدىم قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى بىرەر ۋەقە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان نەسىھەت ۋە تەلىم ـ تەربىيىدىنلا ئىبارەت ئىدى[3]. بۇ ئەسەرنىڭ تېپىلىشى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدىكى يېگانە بىر ئەسەر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدىكى قەشقەر دەۋرى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسا كېرەك.

بۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتى پەقەت خانلارنىڭ ئۇنۋانلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىن جۇڭگوچە ناملارنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن سەل كېيىن جۇڭگونىڭ تايانغۇ[4] دېگەن ئەمەل نامىنىڭ قاراخىتايلاردا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەرەبچە ھاجىپ ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 281 ـ بەتنىڭ ئاستى؛ بروككېلماننىڭ تەرجىمىسى بويىچە: «مەرىپەتنىڭ ئاساسى تىل».

② ساموپلوۋىچ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرى»، 42 ـ بەت.

③ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»قا قاراڭ، نەجىپ ئاسىم نەشرى؛ مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، 316 — 322 ـ بەتلەر؛ بۇ يەردە شۇ كىتابتىن ئۆزۈندىلەر بېرىلگەن.

④ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 281 ـ بەت.



تايانغۇ سۆزى تۈركچە «تايانماق» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىكەن. بۇ «ئىشەنمەك»، «ئۈمىد باغلىماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ نۇقتا يەنە ئۇرخۇن يادىكارلىقلىرىدىكى «مەلىكە» مەنىسىدىكى «قۇنچۇي»[1] سۆزىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. «خاتۇن» سۆزى شۇ چاغلاردا «قۇنچۇي» سۆزىگە قارىغاندا ئورنى يۇقىرىراق ئاياللارنى كۆرسەتكەنىكەن.

مەھمۇد كاشغەرىي ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ئىپادىلەشكە ئىشلەتكەن سۆزلەرمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. «ئۇلاتۇ» كىچىككىنە پاكىز بىر پارچە يىپەك رەخت بولۇپ، ھەركىم ئۇنى قوينىدا ساقلاپ ئۇنىڭ بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىدىكەن[2]. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، قەدىمكى زامانلاردىمۇ ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىمۇ كىشىلەر بۇرۇن سۈرتىدىغان ياغلىق ئىشلەتمىگەن، قەدىمكى يۇنانىدىمۇ ئىشلىتىلمىگەن، مۇسۇلمان دۇنياسىدىمۇ ئىشلىتىلمىگەن. غەربىي ياۋروپادا بولسا، 15 ـ ئەسىردىن كېيىن ئاندىن قولياغلىق ئىشلىتىشكە باشلىغان. دېمەك ياۋروپالىقلارنىڭ قولياغلىق ئىشلىتىشى ئۇلارنىڭ يىراق شەرق مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇشى ئارقىسىدىلا باشلانغان. قولياغلىق جۇڭگودا ۋە ياپونىيىدە خېلى بۇرۇنلا ئىشلىتىلگەن. ئۇ جۇڭگونىڭ تەسىرىدە موڭغۇلىيىدىمۇ پەيدا بولغان. تۈركلەردە 11 ـ ئەسىردە قولياغلىقنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، ئەھۋاللارغا قارىغاندا، كېيىن ئۈزۈلۈپ قالغان يىراق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ قاراشقا بولىدىغان ئوخشايدۇ.

قەشقەردىن كېيىن، مۇسۇلمان تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ مەركىزى خارەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى رايونلىرى بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، بۇ جايلارنىڭ تۈرك

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 181 ـ بەت، گابائىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى»، 331 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 122 ـ بەت.

مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى توغرىسىدا مەن كېيىنكى لېكسىيەمدە توختىلىمەن .



# سەككىزىنچى لېكسىيە

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ، خارەزىم جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئورنى جەھەتتە كۆچمەنلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مەدەنىيەتلىك رايونلاردىن كۆپ مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى . خارەزىمنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى خارەزىم ئاھالىسىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك تەركىبى ۋە تىلى ئۈچۈنمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى . خارەزىملىكلەر قوشنىلىرى ئىرانلىقلاردىن كېلىپ چىققان كۆچمەنلەردىن تەشكىللەنگەن چاغلاردا كۆزگە چېلىققان بولسا كېرەك . چۈنكى خارەزىملىكلەرنى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە بولغان يايلاقلارنى ئىگىلەپ تۇرغان ئالانلارغا مەنسۇپ ئىدى ، دەپ بۇنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشلارمۇ بولغانىدى[1] . يايلاقلار تۈركلەشكەندىن كېيىن ، خارەزىم باشقا جايلارغا قارىغاندا تۈركىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىدى . ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە يۈز يىلىدا خارەزىم ئاھالىلىرى باشقا ئىرانلىقلار ئۈچۈن چۈشىنىكسىز بولغان تۈركىي شېۋىدە سۆزلەشكەن . 11-ئەسىردە بۇ تىلدا سۆزلەشكەندىن باشقا ، يەنە مۇشۇ تىلدا يېزىقچىلىق ئىشلىرىمۇ بولغان[2] . ئەمما پارسچە لۇغەتلەردە «خارەزىملىكلەر» دېگەن سۆز چۈشەندۈرۈلگەندە ئۇلار تۈركىي خەلق ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ . 10 - ئەسىردە خارەزىملىكلەر بىلەن تۈركىي

① Herzefeld : «خوراسان» 132 - بەت ؛ تولستوف : «ئىز بويلاپ» ، «قەدىمكى دېلتىلار» .

② «بەيھاقى تارىخى» ، مورلېي نەشرى ، 842 - بەت . «خارەزىم تىلى ۋە ئۇنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى» خۇسۇسىدا بارتولد ئەسەرلىرىنىڭ 3 - توم 546 - بېتىگە قاراڭ .

خەلقلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى ئوخشاش دەپ يازغانلارمۇ بولغانىدى[1] . 13 ـ ئەسىردە ، موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە خارەزىم توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر بولغاندا ، خارەزىم پۈتۈنلەي تۈركچە سۆزلەيدىغان ئەل ، دەپ قارالغانىدى[2] . دېمەك بۇ يەرلەردە تۈركىيلەشىش جەريانى 11 — 13 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئىشقا ئاشقان . بۇ چاغلاردا خارەزىم سالجۇقىيلارنىڭ تۈركلەردىن كېلىپ چىققان نائىپلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ تۇرغانىدى . ئەمما بۇ نائىپلار بولسا ئىرانچە «خارەزىم شاھى» دېگەن نامنى ساقلاپ كەلگەنىدى . 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردە خارەزىم شاھلىقىنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان خانلىقى مەيدانغا كەلدى . ئەمما بۇ سۇلالىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى تۈركچە ئىسىملار ئىدى . مانا مۇشۇ دەۋردە خارەزىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن تارىخىدا تۇنجى قېتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم بۈيۈك بىر ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى . بۇ ئىمپېرىيە تەركىبىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ بىر قاتار رايونلىرى كىردى . شۇنىڭ بىلەن سالجۇق سۇلتانلىقىنىڭ نائىپلىرى (ۋالىيلىرى ) بولغان خارەزىم شاھلىرى تەدرىجىي ھالدا پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندى . ئەمدىلىكتە ئۇلار «ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۇلتانلىرى» سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن بۈرۈنقى سالجۇق سۇلتانلىرىغا مەنسۇپ بولغان ھەممە ھوقۇقلارنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى . 12ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاباسىيلار خەلىپىلىكىدە مەمۇرىي ھاكىمىيەتنىڭ ئەسلىيگە كەلگەنلىك ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتۇشقىمۇ ئۇنىمىدى . ئاخىرقى خارەزىم شاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى خۇددى بۈرۈنقى سالجۇق سۇلتانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئوخشاش باغدادنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى . خارەزىم ، ئەلۋەتتە پارس

---

① «ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىقى مەجمۇئەسى» ، 285 ـ بەت .
② «پلانو كارپىنى ساياھەت خاتىرىسى» ، رىشا تەرجىمىسى ، 147 ـ بەت .



مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا تۇراتتى . پارس تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئالىم ۋە شائىرلار ئارىسىدا خارەزىملىكلەرمۇ بار ئىدى . خارەزىم شاھلىقى دەۋرىدە پارس تىلى دۆلەت تىلى ئورنىدا بولۇپ ، تۈرلۈك ھۆججەتلەر شۇ تىلدا پۈتۈلەتتى . ئەمما خارەزىمدە ۋە سوغدىيانىدا يەرلىك ئاھالىنىڭ دىئالېكتى پارس تىلى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغانمۇ ـ يوق ؟ بۇنىسى نامەلۇم . قارىغاندا ، خارەزىم تىلى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ ، كېيىن ئۆز ئورنىنى تۈركىي تىلغىلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بولسا كېرەك .

تۈركلىشىش جەريانىغا ئاۋۋال سىر دەرياسى بويىغا جايلاشتۇرۇلغان بىر قىسىم خارەزىملىكلەر ، ئېھتىمال ، يەنە بىر قىسىم سوغدىيانىلىقلار يولۇققان بولسا كېرەك . 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ يەردە ئاھالىسى تۈركىي خەلقلەردىن بولغان شەھەرلەر قەد كۆتۈرگەنىدى . مەھمۇد كاشغەرىي[1] ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە سەۋران ۋە سوغناق شەھەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ، بۇ شەھەرلەر ئوغۇزلارنىڭ شەھەرلىرى ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىي سەۋران شەھىرىنى سەبران دەپ ئالغان[2] . بىر چاغلاردا بۇ شەھەر سامانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگرا شەھىرى بولغانىكەن . بۇ شەھەر ھازىرمۇ مەۋجۇت . سوغناق شەھىرى 12 ـ ئەسىردە مۇسۇلمان ئەمەس قىپچاقلارنىڭ يېرى ئىدى ، ھازىر بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى سوغناق قورغان ، دەپ ئاتىلىدۇ[3] .

10 ـ ئەسىرنىڭ جۇغراپىيە ئالىملىرى سەبران شەھىرى بىلەن فاراب شەھىرىنىڭ ئارىلىقىغا شەۋغار شەھىرى جايلاشقان دەپ كۆرسىتىدۇ . شەۋغار شەھىرى سەبران شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ئىكەن . بۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە ۋە ئۇنىڭ كۆرسىتىلگەن ئورنىغا قاراپ تەھلىل قىلغاندا ، بۇ شەھەرنى ھا-

---

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 364 ـ ؛ 392 ـ بەتلەر .
② مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 364 ـ بەت .
③ ياكۇبوۋسكىينىڭ «سوغناق خارابىلىرى» دېگەن كىتابىغا ؛ تولىستوفنىڭ «غۇز شەھەرلىرى» دېگەن كىتابلىرىغا قارالسۇن .

زىرقى تۈركىستان شەھىرىمىكىن دەپ قاراشقا بولىدىكەن. شەۋغار دېگەن پارسچە ئاتالغۇ. بۇ شەھەر 10 - ئەسىردە بولغان - بولمىغانلىقى ۋە خەلقىنىڭ ئىرانلىقلار ياكى تۈركىي خەلق ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. شەۋغار توغرىسىدىكى مەلۇمات ئىبن ھەۋكەلنىڭ سامانىيلاردىن بولغان ناسىر بىن ئەھمەد (914 - ، 943 - يىللار)نىڭ باشچىلىقىدىكى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (بۇسان ئاشۇرۇۋېتىلگەن)نىڭ يۈرۈشى ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئۇچرايدۇ①. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا شەۋغار شەھىرىدە ناھايىتى كۈچلۈك بىر ھۆكۈمران تۇرغان بولىدۇ. بىراق ئىبن ھەۋكەل مەنبە قىلغان قولىيازما ئىستەھرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەردە باشقىچىلا ئاتالغان بىر ئورۇن كۆرسىتىلىدۇ②. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەربىي يۈرۈشنىڭ قەيەرگە قارىتىلغانلىقى ئېنىقسىز بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ۋەقە توغرىسىدا يەنە باشقا مەلۇمات يوق. سىر دەرياسى بويىدىكى شەۋغار شەھىرىدىن باشقا، ئەۋلىيا ئاتا شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا تۆت فەرسەخ (25 كىلومېتىر) يىراقلىقتا يەنە بىر شەۋغار دېگەن شەھەر بولغان. شۇڭا، بۇ ھەر ئىككى شەھەرگە سەمئانىنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، بۇ شەھەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان شەھەر ئىكەن (ناحيتەمن ثمرالترك)③. ياقۇتنىڭ: بۇ شەھەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرسى، (من بلاد الترك)④ دېگەن سۆزلىرىنىمۇ مۇشۇ شەھەرگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەمئانى 11 - ئەسىردىكى بىر ئاپتورنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن، 12 - ئەسىردە بۇ شەھەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان بىر شەھەر ئىدىكەن، دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرغان. ياقۇت

① «ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىقى مەجمۇئەسى»، 340 - بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 291 - بەت.
③ سەمئانى، مارگىلىئوس نەشرى، 328 - بەت.
④ ياقۇت: «مۇجەم»، 3 - توم، 245 - بەت.



13 - ئەسىردە 12 - ئەسىردىكى ئىمران ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ يازغانلىرىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقىدەك ئېيتقانىكەن.

سەمئانىمۇ، ياقۇتمۇ تۈركىستان شەھىرىنىڭ ئورنىدا 12 - ئەسىردە يەسسى شەھىرىنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. 12 - ئەسىردە مۇشۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ شەھەردە ياشاپ، مۇشۇ شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن «ئۇلۇغ زات» ئەھمەد يەسسەۋى ناھايىتى زور شۆھرەت تاپتى. بۇ ئادەم ھىجرىيە 562 - يىلى، مىلادىيە 1166 — 1167 - يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەھمەد بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سايراملىق ئىكەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان سايرام، ئەلۋەتتە، جۇڭگو تۈركىستانىدىكى (شىنجاڭدىكى — تەھرىردىن) سايرام ئەمەس. ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە مۇشۇ نامدا بۇنداق شەھەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى (مەزكۇر شەھەر پەقەت 16 - ئەسىردىلا بىنا قىلىنغان. بۇ شەھەرنى قۇرغۇچىلار سايرام دېگەن يەرنىڭ غەرب تەرىپىدىن كەلگەن ئاھالىلەر ئىدى)①. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان سايرام ھازىرقى چىمكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىدە ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى سايرام شەھىرىدۇر②. چىمكەنت شەھىرى يەنە ئىسفىجاب دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاق شەھەر (مەدەنىيەتۇل بەيزە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي مانا مۇشۇ سايرام شەھىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ③.

ئەھمەدنى تۈركىي خەلقلەر «ئاتا يەسسەۋى» دېگەن لەقەم بىلەن ئاتىغان. قارىغاندا ئۇ ئىسلام دىنىنى تۈركىي خەلقلەر ئىچىگە تارقىتىشتا چوڭ رول ئوينىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلارغا سوپىزمنىمۇ تارقاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرى ئەنە شۇ روھتا بولۇپ، خېلى كەڭ تارقالغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شائىرلار ھازىرمۇ

① «خاتىرىلەر»، 17 - توپلام، 188 - بەت.
② بارتولد ئەسەرلىرى، 3 - توم، 563 — 564 - بەتلەر.
③ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 133 - بەت.

ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ يازدۇ. ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش شۇ-
كى، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى شۇنچە كەڭ تارقالغانلىقىغا قارى-
ماي، بىزگە ئەسلى ھالىتىدە يېتىپ كەلمىدى. ئۇنى قولدىن
قولغا ئېلىپ كۆچۈرگۈچىلەر ئەسلى نۇسخىسىنىڭ تىلىنى ۋە
ئەينى چاغدىكى روھىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، كۆپلىگەن قوشۇمچىلار
قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تەرجىمىھالىمۇ
بىزگە ئاساسەن دېگۈدەك كېيىنكى ئەپسانىۋى بايانلاردىنلا مەلۇم
بولغان. شۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ
ئەسلى تۈركىي خەلقتىن كېلىپ چىققان ئارسلان بابا ئىسىملىك
بىر ئۇستازى بولغانىكەن. ئۇ يەنە، باب ئارسلان دەپمۇ ئاتىلىدى-
كەن (كۆپچىلىككە مەلۇمكى، تۈركىستان شەھىرىدە «باب» سۆ-
زى ئەرەبچە دەرۋازا مەنىسىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ يەردە بۇ
ئاتالغۇ ئىسلامىيەتنى تارقاتقۇچى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن).
ئارسلاننىڭ مەنسۇر ئاتا ئىسىملىك ئوغلى ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم
خەلىپە (ئۇستاز) ۋە ئەھمەدنىڭ ئىزباسارى بولغان. ئەھمەدنىڭ
ئۆزى ئۇچىنچى ئۇستاز بولۇپ، ھەمەدان شەھىرىدىن تۈركىستانغا
كەلگەن. تۈركىستان ئۇ چاغلاردا پارسلارنىڭ سوپىزم تەرەپدارى
يۇسۇپ ھەمەدانىغا قارايدىكەن. ئۇ 1140 - يىلى مەرۋى شەھىرى-
دە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ بۇ شەھەردە ئۇزاق يىللار تۇرغان ۋە
بۇ شەھەردىكى سوپىزمچىلار تەرەپدارلىرىنىڭ باشلىقى بولغان.
يۇسۇپ ھەمەدانىينىڭ تەرجىمىھالىنى يازغۇچىنىڭ[1] بايانىغا قارى-
غاندا، ئۇ تۈركىي تىلنى زادىلا بىلمەيدىكەن. بىراق ئۇنىڭ تۈر-
كىي تىلنى بىلمەسلىكى، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى سوپىزمنىڭ
ئاساسچىسى بولغان ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسى قىلىۋېلىشىغا
توسقۇن بولمىغانىكەن. يۇسۇپنىڭ ئىككىنچى ئۇستازى، يەنى
ئەھمەدنىڭ بىۋاسىتە ئۇستازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن بىننى ھۇ-

① ئىبن ئەلى ھۈسەيىن: «تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى».



سەيىن ئەل ئەنتاكى ئىسىملىك شەيخ ئىكەن. بۇ كىشى 1157-يى-
لى ئالەمدىن ئۆتكەن. سەمئانىغا شۇ چاغلاردا ئەھمەد توغرىلىق
ھېچ نەرسە مەلۇم بولمىغان، ھەتتا يەسسەۋىنىڭ نەسەبى سەمئانى-
نىڭ لۇغىتىگىمۇ كىرمىگەن (بۇ لۇغەت ئاساسەن دىنىي ئۆلىمالا-
رغا ۋە مەخسۇس نەسەبكە بېغىشلانغان لۇغەت)، ئەمما، ئەل
ئەنتاكى توغرىسىدا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن[1].

ئەھمەد يەسسەۋىنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇقەددەس بىر ئادى-
مى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى ئىززەتلەش، سىر دەرياسى
بويىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. بۇ نۇقتى-
نى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قەبرىسىگە تۆمۈر تەرىپىدىن
قۇرۇلغان كاتتا بىنا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ[2]. ئەھمەدنىڭ شاگىرتلى-
رى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ئۇلار تۈركىي تىلدا يېزىقچىلىق قىلات-
تى ۋە ئۆزلىرىگە تۈركچە «ئاتا» دەيدىغان تەخەللۇس قويغانىدى.
ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھاكىم ئاتا ياكى سۇلايمان باقىرغانى دەپ ئاتال-
غان بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خارەزىم بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك. ھاكىم ئاتا تۈركىي تىلدا نەسر شەكلىدە خۇددى ئەھمەد
يەسسەۋىگە ئوخشاش پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى مىستىك
مەزمۇندىكى كىتاب يېزىپ قالدۇرغانىدى. ئەھمەد يەسسەۋى بول-
سا، نەسر شەكلىدە ئەمەس، بەلكى شېئىر شەكلىدە يېزىپ قال-
دۇرغانىدى. ھاكىم ئاتىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ھاكىم ئەھ-
مەدنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش خەلق ئاممىسىغا يېقىشلىق، ئاممى-
باب قىلىپ يېزىلغانىدى[3].

خارەزىمنىڭ تۈركلىشىش جەريانى مۇشۇ ئەسىردىكى كىشى-
لەردە زور قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە تۈركىستان-

① بارتولد، ZUR Islam، 13 - توم، 106 - بەت.
② «ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قەبرىسى» خۇسۇسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىناكارلىقى» دېگەن كىتابلارغا قارالسۇن.
③ زالېمانىنىڭ «ھاكىم ئاتا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر»؛ بوروفكوفنىڭ «ئۇچېركلار» دېگەن كىتابلىرىغا قارالسۇن.

دا تۈركىي ئامىللارنىڭ تەدرىجىي كۆتۈرۈلۈپ ، مەدەنىيەت سەۋد-
يىسىنىڭ تۆۋەنلىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ياۋروپا شەرقشۇ-
ناسلىرىدىن نېمىسلارنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى نېلدېكى باشقىلارغا
قارىغاندا ئېنىقراق قىلىپ تۈركىي ئامىللارنىڭ رولىنى مەدەنى-
يەتكە قارشى تەرزدە ئوتتۇرىغا قويدى . نۆلدېكېنىڭ پىكرىچە ،
سامانىيلار دۆلىتىنى تۈركلەرنىڭ ئىگىلىۋېلىشى «مۇشۇ دۆلەتلەر
تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالاكەتلەرنىڭ بىرسى بولغان» .
نېلدېكى 1924 - يىلى بۇ مەسىلىنى يەنە كۆتۈرۈپ چىقىپ «
Der Islam » ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ ئۆزىنىڭ قارىشىنى
يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى . ئومۇمەن ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، تۈركىي
خەلقلەرنىڭ مەرىپەتلىك مۇسۇلمان دۇنياسىغا بېسىپ كىرىشى
بىلەن سامانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى «تارىختىكى ئەڭ
زور بەختسىزلىك بولغان»① . ئەمما بىز خارەزىمدە تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپلا قالماستىن ، بەلكى تۈركىي
تىل ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بىر دۆ-
لەتنىڭ مىسالىنى كۆرمەكتىمىز . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، 13 - ئەسىر-
دىكى خارەزمنىڭ 10 - ۋە 11 - ئەسىردىكى خارەزىمگە قارىغاندا
مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىد-
غان بىرەر ئەمەلىي پاكىتنى كۆرسىتىشمۇ تەس . موڭغۇل ئىستې-
لاسى ھارپىسىدا خارەزىمدە تۇرغان ياقۇتنىڭ ، خارەزىم ھەققىدە
بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرى ، خارەزىمدە شەھەر ھاياتىنىڭ خېلىلا
تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى
ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . بۇ خىل تەرەققىيات بولۇپمۇ خارەزىمنىڭ
جەنۇبىدا كۆرۈنەرلىك بولغان . باشقا ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، بىز
خارەزىم سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
بېرىپ بۇرۇنقىدىنمۇ كەڭ دائىرىدە پائالىيەت قىلغانلىقىنى ، ئۇلا-

① Nöldeke ، DI . Bd ، XIV ، 158 - بەت .



رنىڭ تەسىرىنىڭ تېخىمۇ يىراق ئەللەرگە يەتكەنلىكىنى كۆرد-
مىز . ئېيتايلۇق ، 1218 - يىلى مەھمۇد ئىسىملىك خارەزىملىك
بىر سودىگەر چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە خارەزىم شاھى
مۇھەممەدنىڭ قېشىغا كەلگەن . مەھمۇد ئىسىملىك بۇ ئەلچىنىڭ
مەھمۇد يالۋاچ بىلەن بىر ئادەم بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن .
مەھمۇد يالۋاچ موڭغۇل دەۋرىدە بېيجىڭنىڭ نائىبى ئىدى . ئۇنىڭ
ئوغلى مەسئۇدبەگ بولسا ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي رايونلىرد-
نى ئىدارە قىلىپ تۇرغانىدى . مەسئۇدنىڭ «بەگ» دېگەن ئۇنۋانى
ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ سەۋىنچ ۋە ساتىلمىش ، دېگەن ساپ
تۈركچە ئىسىملىرى كىشلەرنى شۇنداق پەرەزگە كەلتۈرىدۇكى ،
مەسئۇدبەگ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى مەھمۇد تىل جەھەتتىن ئالغاندا
تۈركىي خەلقلەردىن ئىدى .

11 - ئەسىردە خارەزىمدە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يۇكسەك
دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بۇ يەردىكى مۇتەزىلىيلەر (مۇتە-
زىلىيلەر — ئايرىلىپ چىققۇچىلار — ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋر-
لىرىدىكى دىنىي ئېقىملارنىڭ بىرى ، 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلد-
رىدا ئەرەب خەلىپىلىكىدە پەيدا بولغان — تەرجىماندىن )نىڭ
راتسىئونالىستىك دىنىي مەزھىپىنىڭ بولغانلىقى ئىسپاتلايدۇ . بۇ
مەزھەپ 13 - ئەسىردە گۈللەپ - ياشنىغانىدى . بۇ يەرگە شۇنى
قوشۇمچە قىلىش لازىمكى ، خارەزىمدە بۇ مەزھەپنىڭ مۇنازىرىلد-
رى ناھايىتى رەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، فاتاتىزىمغا (قوپال
مۇنازىرىلىشىشكە ) يول قويۇلمىغان . ئەگەردە بىرەر كىشى قوپال
سۆزلەر بىلەن ئۆز پىكرىنى ياقلىسا ، ئۇ دەرھال سۆز قىلىشتىن
توختىتىلغان① . مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر
يىلتىز تارتقانلىقىنى بۇ مەزھەپنىڭ موڭغۇل ئىستېلاسىنى بېشد-
دىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى

① Goldziher ، Aus der Tiologie ، 222 - بەت .

كۆرستىپ بېرىدۇ . 1221 ـ يىلى ، خارەزىم موڭغۇللارغا قاتتىق
قارشىلىق كۆرسىتىش سەۋەبىدىن ، موڭغۇللارنىڭ دەھشەتلىك
ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىدى . دېھقانچىلىق شۇنىڭدىن كېيىن تامام
ئەسلىيگە كېلەلمىدى ، تېرىلغۇ يەرلىرىنىڭ كۆلىمى 14-ئەسىرگە
كەلگەندىمۇ موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇنقىغا يەتمىدى . خارەزىم-
نىڭ مەركىزى ئۆرگەنچ شەھىرى (ھازىر بۇ يەر كونا ئۆرگەنچ
دەپ ئاتىلىدۇ ) 1221 ـ يىلدىكى ۋەقەلەردىن بىرقانچە يىللار
ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ ئورنىدا ئەسلىيگە كەلتۈرۈلدى . موڭ-
غۇللار دەۋرىدە بۇ يەرلەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر ، مۇسۇلمانلار
ۋە ياۋروپالىقلار بولۇپ ، ئۇلار بۇ شەھەرنى ئالدىنقى ئاسىيادىن
ۋە ياۋروپادىن يىراق شەرققە بارىدىغان سودا يولى ئۈستىدىكى
مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرسى ، دەپ تەسۋىرلىگەنىدى . ئەرەب سا-
ياھەتچىسى ئىبن بەتتۇتا 1333 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەن بولۇپ ،
ئۇ ، ئۆرگەنچ شەھىرىنى «تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەرلىرى ئىچى-
دە ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق شەھەرلەرنىڭ بىرسى» دەپ
تەسۋىرلىگەنىدى .

خارەزىم ۋە بۇ شەھەر بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى بار سىر
دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان باشقا شەھەرلەر موڭغۇل
دەۋرى ۋە موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنمۇ ئىلىم پەن ۋە ئەدەبى-
يات مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى . بروككېلمان «ئەرەب ئەدەبىيا-
تى تارىخى»دا خارەزىم ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلاردا يېزىقچىلىق
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بىر قاتار ئاپتورلارنىڭ ئىسمىنى ۋە
ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ . ماڭا مەلۇم بولۇشى-
چە ، كونىستانتىنوپولدىكى كۇتۇپخانىلار بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار-
نى تولۇقلاشقا ئىمكان بېرىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ كىتابلار ئىچىدە
دىنىي كىتابلار كۆپرەك . دەل مۇشۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئۆزىمۇ
يالغۇز دىن تەتقىقاتچىلىرىنىلا ئەمەس ، بەلكى باشقا ساھەدىكىلەر-
نىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى قىزىقتۇرىدۇ . بەزىلەرنىڭ ماڭا دېيىشى-



چە ، مۇشۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى خارەزىم تىلىدا يېزىلغا-
نىكەن . شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ، مانا مۇشۇ ماتېرىياللار يېقىن
كەلگۈسىدە ئاممىغا ئېلان قىلىنغۇسى[1] . بىز خارەزىمدە تۇغۇلغان ۋە
ياكى بۇ يەردە ياشىغان 12 ـ ئەسىر ئالىملىرى ئىچىدە دۇنياغا
مەشھۇر زەمەخشەرى ۋە شەھرىستانىدەك ئالىملارنى كۆرمەكتى-
مىز . شۇنىسى چۈشىنىشلىككى ، بۇ ئالىملاردىن شۇ چاغلاردا
يۇرت ئېگىنى ياكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىك
تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش تەس گەپ ئىدى .
شۇنىسى دىققەتنى تارتىدۇكى ، مۇھەممەد ئىبن قەيس ئىسىملىك
بىر كىشى ، خارەزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھى جالالىدىنغا ئاتاپ
بىر كىتاب يازغان (جالالىددىن 1221 ـ يىلىنىڭ بېشىدا خارەزىم-
دىن ئايرىلغان ، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ھىندىستانغا قېچىپ بارغان ،
1223 ـ يىلى غەربىي پېرسىيىگە كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بار-
غان ، 1231 ـ يىلى موڭغۇللار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن ) .
تۈركىي تىلغا ئالاقىدار بۇ «چوڭ كىتاب» ، قارىغاندا ، ئەرەبچە
يېزىلغان بولسا كېرەك . مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ كىتاب مەھمۇد
كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن كېيىن تۈركىي تىلغا ئالاقىدار يېزىلغان
تۇنجى كىتاب بولسا كېرەك . ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش شۇكى ،
مۇھەممەد ئىبن قەيسنىڭ بۇ كىتابى بىزگە يېتىپ كەلمىدى ۋە
بۇنداق كىتابنىڭ بارلىقىنى موڭغۇللار دەۋرىدە يېزىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان جالالىددىن ئىبن مۇقەننا[2] دېگەن ئادەمنىڭ ئىككى
ئىزاھاتىدىنلا بىلدۇق .

تۈركىي خەلقلەر خارەزىمدە شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇر-
غان يۈكسەك مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ
تۈرك ـ ئىسلام ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغانىدى .
موڭغۇل دەۋرىگىچە بولغان تۈرك ـ خارەزىم مەدەنىيىتىنىڭ ئەھ-

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 3 ـ توم ، 546 ـ بەتتىكى ئىزاھات ④ كە قارالسۇن .
[2] كۆپرولو : «تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ، 155 — 161 ـ بەتلەر .

مىيتىنى نەزەرگە ئالماي تۇرۇپ ، موڭغۇل دەۋرىدىكى ، ئومۇ-
مەن ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدىكى تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ
تارىخىنى چۈشىنىش تەس گەپ ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى ھازىر چوڭقۇر
ھېس قىلىنماقتا . ئەسلىي خارەزىملىك بولغان ، شۇ چاغلاردا
ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ شائىرى بولغان بىر شائىرنىڭ ئەسىرى
1352 ـ يىلىغا مەنسۇپ بولۇپ ، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى تۆمۈر دەۋرى-
دە «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل بىلەن بىر تىل
ئىدى . بۇ ئەسەر بولسا مۇئەللىپىنىڭ يۇرتى خارەزىمدە ئەمەس ،
بەلكى سىر دەرياسى بويىدا يېزىلغانىدى (مەزكۇر ئاپتورنىڭ
تەخەللۇسى خارەزمى ئىدى )[1] . كونىستانتىنوپولدا ئۇقۇشۇمچە ،
شائىر خارەزمىنىڭ بۇ ئەسىرى باشقا بىر ئەسەرگە تەقلىد قىلىنى-
غان ئىكەن . نۆۋەتتە ، بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ساقلى-
نىپ قالغان بولۇپ ، بۇ قولىيازما شائىر خارەزمىنىڭ ئەسىرىدەك
جانىبېك زامانىدا يېزىلغان بولماستىن ، جانىبېكنىڭ ئاكىسى
تىنىبېكخان (تېنى بك خان )غا بېغىشلانغان . ئاپتور ئۇنى شاھزا-
دە ، دەپ ئاتىغان . بۇنىڭدىن بۇ ئەسەرنىڭ تىنىبېكنىڭ ئاتىسى
ئۆزبېكخان زامانىدا ، يەنى 1340 ـ يىلدىن بۇرۇن يېزىلغانلىقى
مەلۇم بولىدۇ[2] . ئايان بولۇشىچە ، موڭغۇللار دەۋرىدە قىرىمدا
مۇسۇلمانلار بولمىغان بولسىمۇ ، ئۇ يەردە «يۇسۇپ ـ زۇلەيخا»
دېگەن داستان يېزىلغان . مەزكۇر داستان بىزگە جەنۇبىي تۈرك
ئەدەبىي تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن مەلۇم[3] . بۇ ئەسەر-
نىڭ تىلى موڭغۇل دەۋرىگە مەنسۇپ ۋە كېيىنچە ئوسمانلى تۈرك
تىلى ، دەپ ئاتالغان . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرجىمە ئەسەرلەر-
دىن يەنە باشقىلىرىمۇ بار . مەسىلەن ، مىسىردا 15 ـ ئەسىردە

① سامايلوۋىچ : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللار» ، 17 ـ بەت .
② سامايلوۋىچ : «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللار تارىخى» ، 6 ـ بەت .
③ پ .فالېق : «كونا ئوسمان تىلىنىڭ تەرجىمىسى» ، 139 ـ بەت ؛ فالېق بۇنى گود تىلىدىكى قولىيازمىدىن تەرجىمە قىلغان ؛ يەنە سامايلوۋىچنىڭ «ئوچېركلار» 136 — 137 ـ بەتلىرى .



ئەبۇ نەسىر سەرەخسىنىڭ دىنىي مەزمۇندىكى بىر كىتابىمۇ تاتار
تىلىدىن ، يەنى ئالتۇن ئوردا تىلىدىن جەنۇبىي تۈرك تىلىغا تەر-
جىمە قىلىنغانىدى . سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويىدا بارچى-
كەنت دېگەن شەھەر (بۇ شەھەر يەنە بارچىن ۋە ياكى بارچىنلىق
دەپمۇ ئاتىلىدۇ )دە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئالىم
ھېسامىددىن ھەمىدى ئەل ئاسىمى بارچىنلىق ، دېگەن بىر ئادەم
ياشىغان بولۇپ ، ئۇ ئۈچ خىل تىلدا ئەسەر يازاتتى . بۇ كىشىنى
پىششىق بىلىدىغان جامال قارشى : «ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان
ئەسىرى تىلى گۈزەل ، پاساھەتلىك (فەسىھ ) ، پارس تىلىدا ياز-
غان ئەسىرى ناھايىتى دانا ، ئۆتكۈر (مەلىھ ) ، تۈركىي تىلدا
يازغان ئەسىرى بولسا ھەقىقىي (سەھىھ ) ئىدى » دەپ كۆرسەتكە-
نىدى[1] . ئېنىقكى ، بۇ تۇنجى قېتىم ئەرەب ، پارس ، تۈرك تىللى-
رىنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئۈچ خىل ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە
سىلىشتۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ . جامال قارشى ئەسلىي ئالمالىق
شەھىرىدىن بولۇپ ، 1230 ـ يىلى تۇغۇلغان . كېيىنچە ئۇزاق
ۋاقىت قەشقەردە ياشىغان . مىلادىيە 1273 — 1274 ـ يىللىرى ،
ھىجرىيە 672 ـ يىلى بارچىكەنتكە كەلگەن ۋە شۇ يەردە ھېسامىد-
دىن بىلەن تونۇشقان[2] . جامال قارشىنىڭ بايانلىرى ئالتۇن ئوردا
خانلىقى ئەدەبىياتىنىڭ 13 ـ ئەسىردە تۈركىستانغا تەسىر قىلغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئالتۇن ئوردا خانلىقى ئەدەبىياتى-
نىڭ تەسىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى ۋە ياۋروپا ئالىملىرى
تا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە بايقىيالمىغانىدى . بابۇر 16 ـ ئەسىرنىڭ
بېشىدىلا كلاسسىك شائىر مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنىڭ
تىلى شۇ ۋاقىتلاردا پەرغانە ۋە ئەنجان شەھەرلىرىدىكى ئاھالىلەر-
نىڭ تىلى ئىدى ، دەپ قارىغانىدى . 1888 ـ يىلى رادلوف بابۇر-
نىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلماي ، مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تىلى پەقەتلا

① بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ توم ، 151 ـ بەت .
② بارتولد : «مۇلھاقاتۇس سۇرراھ» ، 287 ـ بەت .

شەرق مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ (رادلوفنىڭ مۆلچەرىچە 1310 ـ يىللاردا يېزىلغان، تىلى «ساپ ئۇيغۇر تىلى» دېيىلگەن «قىسسەسۇل ئەنبىيا» تىلىنىڭ) تەسىرىدىن شەكىللەنگەن تىل ئىدى، دەپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى (ئۇ چاغلاردا ئورخۇن يادىكارلىقلىرى تېخى مەلۇم بولمىغانىدى). بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئالتۇن ئوردىغىمۇ تارقالغانلىقىنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا مەنسۇپ توقتامىش ۋە قۇتلۇق تۆمۈر خانلارنىڭ يارلىقلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. رادلوف بۇ ئىشنى 14-ئەسىرگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىسا كېرەك. ئۇ، مەزكۇر يارلىقلار «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى ئوبدان بىلىدىغان» ئادەم تەرىپىدىن يېزىلغان بولسا كېرەك، دەيدۇ[①]. ئۇ چاغلاردا چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان تىل ئالتۇن ئوردا مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىستانغا بولغان تەسىرىدىن مەيدانغا كەلگەن تىل، دەپ قارىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىنى مۆلچەرلەشكە بولمايتتى[②].

موڭغۇل ئىستېلاسى بولمىغاندا ئىدى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان تىلنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ ئىمكانىيەت بولماس ئىدى. 13 ـ ئەسىردە موڭغۇللار ئىگىلىۋالغان يەرلەرنىڭ دۇنيا تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقى مەلۇم. كۆچمەنلەر مەدەنىي ئەللەرگە پات ـ پاتلا ھۇجۇم قىلىپ، قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە يىراق شەرق، ئالدىنقى ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ مەدەنىي ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇۋالدى. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوق. موڭغۇللار بويسۇندۇرۇۋالغان ئەللەرنىڭ ھەممىسىدىلا موڭغۇللار ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلدى. شۇڭلاشقا باشقا تارىخىي دەۋرلەرگە سېلىشتۇر-

① رادلوف: «توقتامىش خان يارلىقى»، (1 ـ بېتىدىن ئاخىرقى بېتىگىچە قارالسۇن)

② 14 — ، 16 ـ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى بىلەن تونۇلغان تۈرك تىلى، سوۋېت تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا: «قەدىمكى ئۆزبېك تىلى» نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ تىل ھەققىدە شېرباكنىڭ: «قەدىمكى ئۆزبېك تىلىنىڭ گرامماتىكىسى» ناملىق ئەمگىكىگە قاراڭ.



غاندا، مەنبەلەردە موڭغۇللارغا دائىر مەلۇماتلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ياۋروپا ئىلىم ساھەسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئوتتۇرا ئەسىردە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر شەرقتە ئۆتكەن دۆلەتلەر تارىخىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا كۆپ بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ تەشكىللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تولۇق ئېنىقلىنىپ بولدى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، بىزگە ھازىر تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپ تۇرغان خارەزىم شاھى مۇھەممەد بىلەن چىڭگىزخاننىڭ توقۇنۇشى بۇ ئۇرۇشتا غالىپ كەلگەن چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي پىلانلىرى نۇقتىسىدىنلا كۆزدە تۇتۇلدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ پىلانلىرى ئابباسىيلار خەلىپىسى ناسىرنىڭ تەسىرى بىلەن تۈزۈلگەنىدى، ھېچبولمىغاندا، ناسىرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنىدى، دېگەنلەرنى ئىسپاتلاشقا ئىنتىلگۈچىلەر كۆپ بولدى. ئىلمىي تەتقىقات ئەمگەكلىرىدە مۇشۇ كۆنگىچە خەلىپە چىڭگىزخاننى خارەزىم شاھقا قارشى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدى، دەپ قارالدى. لېكىن بۇ ئۇرۇشقا دائىر ئىسلام مەنبەلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا خۇددى خارەزىم شاھى سەۋەبچى بولغاندەك يەكۈن چىقىدۇ. بۇ چىڭگىزخاننىڭ تۈزگەن جەڭگىۋار پىلانى ئەمەس ئىدى.

ئاخىرقى خارەزىم شاھلىرى ئۆزلىرىنى «ئىسلام سۇلتانلىرى» دەپ ئاتاشتى ۋە بۇ سۇلتانلارنىڭ ۋەزىپىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسى دائىرىسىدىكى ئادالەت ۋە دىننى ھىمايە قىلىشلا ئەمەس، يەنە شارائىت يار بەرگەندە مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىش، دەپ ھېسابلايتتى. مۇھەممەد (خارەزىم شاھى — تەرجىماندىن) ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە قارا قىتان گۈرخانلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان بىرمۇنچە جايلار-

دا قوزغىلاڭلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ۋەزىيەت
ئىسلام سۇلتانلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئارزۇلىرىغا ئۇيغۇن كەلدى .
بىراق بىز قوزغىلاڭلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ
جەريانلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز .
مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا گۆرخانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن
مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلارنىڭ بىرىنچىسى ، ئېھتىمال خوتەن ھۆ-
كۈمرانى بولسا كېرەك . مۇسۇلمان تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان
بۇ رايون پەقەت مۇشۇ سەۋەب بىلەنلا تىلغا ئېلىنماقتا . قولىمىزدا
موڭغۇل ئىستېلاسىغا قەدەر خوتەندە قويۇلغان تەڭگىلەرمۇ يوق .
تەخمىنەن شۇ چاغلاردا گۆرخانلار دۆلىتىنىڭ غەرب تەرىپىگە
جايلاشقان بۇخارادا گۆرخان ھۆكۈمرانلىقىغا ھەمدە يەرلىك ھۆ-
كۈمرانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى . ئۇنىڭدىن سەل ئىلگى-
رى ، بۇخارا مۇستەقىل بولۇۋېلىپ ، سەمەرقەنتتە تۈرۈشلۈق
تۈرك قاغانىغا بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . بۇ يەردىكى
ھاكىمىيەت «بۇرھان ئائىلىسى »نىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى . بۇ ئائى-
لىدىن يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى — سادىرلىرى مەي-
دانغا چىققانىدى . سادىرلار قارا قىتانلارغا ئىتائەت قىلاتتى ۋە
ئۇلار گۆرخانلار ئوردىسىغا بىۋاسىتە ئولپان تاپشۇرۇش ھوقۇقىغا
ئىگە ئىدى . ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، سادىرلارغا بېقىندىلىق
مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ يېنىك شەكلى قوللىنىلغانىدى . بۇ قارا قىتاي-
لار تارىخىدا شۇنداقلا كېيىنچە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تارىخىدا
قوللىنىلغان بېقىندىلىق شەكلىنىڭ ئەڭ يېنىك شەكلى ئىدى .
سادىرلار ھۆكۈمرانلىقى خەلق قوزغىلاڭلىرى تەرىپىدىن يوقىتىل-
دى . بۇ قوزغىلاڭ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە قارىتىلغانىدى . قوز-
غىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى قول ھۈنەرۋەنلەر تەبىقىسىدىن كېلىپ
چىققان بولۇپ ، بۇ ئادەم چوڭ ئەمەلدارلارغا بەك قاتتىق قول
ئىدى ، دەپ قارىلاتتى . بۇنىڭدىن بۇ قوزغىلاڭنىڭ خاراكتېرىنى
ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ . شۇنىسى ئەجەبكى ، سادىرلار ئۆز



ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنىڭ دىنىي مۆتىۋەللىلەر ئىكەنلىكىگە قا-
رىماي ، بۇتپەرەسلەردىن بولغان قاراقىتانلار ئوردىسىدىن ياردەم
تەلەپ قىلدى . قاراقىتانلار ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇردى ،
ئەمما ھەربىي ياردەم ئورنىغا ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ھۆججەت يېزىپ
بېرىش بىلەنلا چەكلەندى . دەرۋەقە ، بۇنداق ھۆججەتلەر گۆرخانلار
دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەچكە ، ھېچقانداق كۈچكە ئىگە ئەمەس
ئىدى[1] .

1207 ـ يىلى كۈزدە خارەزىم شاھى مۇھەممەد بۇخارادا يۈز
بەرگەن مۇشۇ ۋەقەلەردىن پايدىلىنىپ قاراقىتانلارغا قارشى بى-
رىنچى قېتىملىق ھۇجۇم باشلىدى . گۆرخان ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق ھەرىكىتىنى مۇھەممەد قوللايدۇ ، دەپ
ئويلاش تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى ، ئەمما بۇنداق ئىش بول-
مىدى . خەلق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ، قارىغاندا خارەزىم شاھى-
نىڭ قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئامالسىز قالغان بولسا
كېرەك . ئۇلار مۇھەممەد قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلى-
نىپ خارەزىمگە ئېلىپ بېرىلدى . شۇ ۋاقىتتا خارەزىم شاھى
گۆرخاننىڭ بېقىندىسى سەمەرقەنت خانى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈ-
ۋاتاتتى . قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئىككى ھۆكۈم-
رانى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوسمان «سۇلتانلارنىڭ سۇلتا-
نى » دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئىبراھىمنىڭ
نامى قويۇلغان تەڭگىلەرگە ئاشۇ ئەرەبچە ئۇنۋاننىڭ ئالدىغا تۈركچە
«ئۇلۇغ » دېگەن سۈپەت سۆزى قوشۇپ قويۇلغانىدى . بۇ ئىككى
خاننىڭ قويدۇرغان تەڭگىلىرىدە مەزكۇر سۇلالىنىڭ تۈركىي
خەلقلەردىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق بەل-
گە يوق . ئەمما ئۇلارغا زاماندىش بولغان ئەۋفىينىڭ ئەسىرىدىن ،
ئۇلارنىڭ تولۇق تۈركچە ئۇنۋانى يەنى ، ئىبراھىمنىڭ «قىلىچ

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى » ، 1 ـ توم ، 420 ـ بەت .

تاۋغاچخان» ، ئوسماننىڭ «قىلىچ ئارسلانخان خان» ئىكەنلىكىنى بىلدۇق . بىز بۇ ئىككى خاننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ۋە ئۇلارغا تەۋە پۇقرالارنىڭ ئىچىدە تۈركلەرنىڭ قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغىمۇ ئىگە ئەمەسمىز . شۇنىسى قىزىقارلىقكى ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئاشقان سۇلىرى قۇيۇلىدىغان كۆل «قاراكۆل» دەپ ئاتىلىدىكەن . بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇكى ، بۇخارا رايونىدا قۇملۇققا ۋە خارەزىمگە ئەڭ يېقىن بولغان يەرلەردە شۇ چاغلاردىلا تۈركىي ئامىللار خېلىلا بولغان .

خارەزىم شاھىنىڭ 1207 ـ يىلىدىكى ھەربىي يۈرۈشى ئانچە چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . قارىغاندا ، خارەزىم شاھ تەرىپىدىن ۋاقىتلىق بويسۇندۇرۇلغان يەرلەر قايتىدىن گۈرخان ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرىپ قالغان بولسا كېرەك . پەقەت 1210 ـ يىلىلا خارەزىم شاھى مۇھەممەد ، تالاستىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە قاراقىتانلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تار ـ مار كەلتۈرگەن . بىراق بۇ غەلىبە ئۇزۇل ـ كېسىل بولمىغان . گۈرخانغا تەۋە مۇسۇلمان پۇقرالار خارەزىم شاھى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشالمىغان ، خارەزىم شاھى بالاساغۇن ئاھالىسىنىڭ گۈرخانلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرىغىمۇ ياردەم قىلالمىغان . شۇنداق بولسىمۇ خارەزىم شاھى ئۆز غەلىبىسى ئارقىلىق دۆلىتىگە يېڭىدىن شان ـ شاۋكەت ئاتا قىلغان ، ئۆزىنى «سۇلتان سەنجەر» دەپ ئاتىغان . بۇ ئىسىم قۇدرەتلىك سالجۇق سۇلتانىنىڭ ئىسمى ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ يەنە ئۆزىگە ئىسكەندەر نامىنى ، يەنى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ نامىنى قوللانغانىدى . بۇ ئارقىلىق مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئىسلام سۇلتانى ئۈچۈن لايىق بولغان يايلاقلار بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي ، بەلكى دۇنياۋى ئىستېلاچىلىققا ئىنتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى .

قاراقىتان دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى خارەزىم شاھىنىڭ ھەربىي



ھەرىكەتلىرى ئەمەس ، بەلكى موڭغۇللارنىڭ ھەرىكىتى ، يەنى شۇ چاغدىكى نام بىلەن ئېيتقاندا تاتارلار ( 鞑靼 — تەرجىماندىن ) لارنىڭ كېلىشى بەلگىلىدى . تارىخچى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن موڭغۇلىيىدىن سىقىپ چىقىرىلغان «تاتارلار تۇنجى بولۇپ» كەلگەن . ئۇلاردىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئۆز قوشۇنلىرى كەلگەن .

تارىخچى راشىدىددىن موڭغۇل ئىستېلاسىغا قەدەر كەڭ تارقالغان تاتار نامىدىكى خەلقنى بۇيىرنۇر كۆلى بويىدا ياشاپ كەلگەن تاتارلارنىڭ شان ـ شۆھرىتى بىلەن باغلاپ سۆزلەيدۇ . بىزگە مەلۇمكى ، «تاتار» دېگەن نام ، ئورخۇن ئابىدىلىرى دەۋرىدىن ، يەنى 8 ـ ئەسىردىن تارتىپلا كەڭ تارقالغان . بۇ نامنى بىز تۇمانىسكى ئېلان قىلغان 10 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ قوليازمىلاردىن ، 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىن كۆرىمىز . ھەر ئېھتىماللىققا قارىغاندا ، ئەڭ دەسلەپ موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشكەن خەلقلەر شۇ نامدا ئاتالغان بولسا كېرەك . راشىدىددىننىڭ كۆرسەتكەن مەلۇماتلىرىغا شۇنىڭدەك باشقا مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، موڭغۇل تىلى ۋە تۈركىي تىللار قوللىنىلىۋاتقان رايونلارنىڭ چېگرىسى ، تەخمىنەن ھازىرقى ئاشۇ تىللار ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان چېگرىلارغا توغرا كېلىدۇ ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن . موڭغۇلىيىنىڭ غەربىنى ۋە ئورخۇن دەرياسىدىن ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغان نايمانلارمۇ ، ھەتتا ئۇلارنىڭ شىمالدىكى قوشنىسى — يېنىسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا ياشايدىغان ئويراتلارمۇ موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشكەن . كېيىنكى بۇ دەريانىڭ مەنبەلىرىنى ، سەككىز مۇرىن دەپ ئاتىغان . مانا مۇشۇ نامنىڭ ئۆزى موڭغۇل تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ ئايرىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ ( «مۇرېن» سۆزى بولسا ، موڭغۇلچە سۆز بولۇپ ، «دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ) . ئويراتلارنىڭ

شىمالىدا ، يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدا (بۇ دەريانى تۈركىي مىللەتلەر «كەم دەرياسى» دەپ ئاتىغان ) قىرغىزلار ياشىغان . نايمانلارنىڭ قوشنىلىرى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن قاڭلى ۋە قىپچاقلاردۇر . بەلكىم قارلۇقلارمۇ مۇشۇ يەرلەردە ياشىغان بولسا كېرەك . ئۇلارنىڭ مەركىزى قايالىق شەھىرى بولۇپ ، بۇ شەھەر 12 ـ ئەسىردىن بالدۇرراق بىنا قىلىنغان ، يەتتە سۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىدى . موڭغۇل تائىپىلىرى جەنۇبتا سەددىچىندىن باشلاپ شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ يايلاقلارنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋە بۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن پەرقلىق ئىدى . جۇڭگولۇقلار جۇڭگو بىلەن قوشنا ياشىغان خەلقلەرنى «ئاق تاتارلار» دەپ ئاتىغان ؛ ئۇلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان خەلقلەرنى «قارا تاتارلار» دەپ ئاتىغان ؛ قارا تاتارلارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە — ئورمان ئىچىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنى «ياۋا تاتارلار» دەپ ئاتىغان . موڭغۇللار بۇلارنى «ئورمان ئىچىدە ياشىغۇچىلار» دەپ ئاتىغان . بۇلار ئەڭ شىمال تەرەپتىكى خەلقلەردۇر . بۇ خەلق ( «ياۋا تاتارلار» — تەرجىماندىن )نىڭ قارا تاتارلاردىن پەرقى شۇكى ، بۇلار كۆچمەن هايات كەچۈرمىگەن ، ئورمانلىقتا ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن .

13 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللارغا ئائىت مەلۇماتلار تۈركىي خەلقلەرگە دائىر ئەڭ بۇرۇنقى مەلۇماتلارغا قارىغاندا كۆپرەكتۇر . جۇڭگو مەنبەلىرىدىمۇ ۋە باشقا مەنبەلەردىمۇ كۆچمەن تۈركىي خەلق بىلەن بىرگە ئوۋچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان تۈركلەر ئۆزئارا قوشنا ياشىغانمۇ ـ يوق ؟ ئۇ چاغلاردا ئوتلاق ـ يايلاقلاردىكى خەلقلەر بىلەن ئورمانلىقتا ياشىغۇچى خەلقلەر قانداق مۇناسىۋەتتە بولغان ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار يوق . پەقەت گەردىزىلا قىرغىزلار ھەققىدە توختالغاندا ئۇلارنىڭ شەرقىي قوشنىلىرى ئۇستىدىمۇ توختىلىپ ئۆتىدۇ . راشىدىددىننىڭ



ئەسىرىدىن بىزگە شۇ مەلۇم بولىدىكى ، شامانىزم دەسلەپتە كۆچمەنلەرنىڭ دىنى بولماستىن ، بەلكى ئوۋچى مىللەتلەرنىڭ دىنى بولغانىكەن . ئۇ چاغلاردا شىمال تەرەپلەردە قويۇق ئورمان ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەر ئەڭ ئۇستا شامانلار ، دەپ ھېسابلانغانىكەن . راشىدىددىن بىر بايانىدا ، كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھاياتىنى بىر قۇلچىلىق ، دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش ، ئورمانلىقتا ياشىغۇچى شامانىزمنىڭ ئالاھىدە كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىگە ئوۋچى ئۇرىيانخايلار كۆچمەنلەرنىڭ تۇرمۇشى چىدىغۇسىز قۇلچىلىق ، دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ① .

موڭغۇلىيە چىڭگىزخان تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈش ھارپىسىدا گەرچە ئورمانلىقتا ياشىغۇچى خەلقلەرنى موڭغۇللار قىسمەن بويسۇندۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما كۆچمەنلەر ئىچىدە ئۆزئارا ئىچكى توقۇنۇش ـ مالىمانچىلىقلار يۈز بېرىپ تۇرغان . ھازىر شۇ ئىسپاتلاندىكى ، بۇ ئىچكى توقۇنۇشلارنىڭ يىلتىزى يايلاقتىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان چىڭگىزخان② بىلەن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ئاغىنىسى جامۇقانىڭ بىرمۇنچە خەلقنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ ھاكىمىيەت تالىشىشى بولغان . كېيىن جامۇقا قاراقىتانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئۇنۋانى «گۆرخان»نامىنى ئۆزىگە قوبۇل قىلغان . جامۇقا چىڭگىزخانغا قارشى موڭغۇل تائىپىلىرى ئىچىدىكى خانلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ ئۆزىگە ئىتتىپاقچى جەلپ قىلىپ ، چىڭگىزخانغا قارشى قويغان . بۇ كۈرەش قارشى چىققۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە بىر قىسمىنىڭ موڭغۇلىيىدىن قېچىپ كېتىشى بىلەن ئاخىرلاشتى .

چىڭگىزنىڭ جامۇقا بىلەن بولغان ئۇرۇشى ، موڭغۇللارنىڭ

① «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى مەجمۇئەسى» ، 7 ـ توم ، 114 ـ بەت .

② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 615 — 628 ـ بەتلەر .

ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتىچە ، 1204 ـ يىلى يۈز بەرگەن . 1205 ـ
يىلى جامۇقانىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇپ چىڭگىزخانغا تاپشۇرۇپ
بەرگەن ۋە ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن . شۇنىسى قىزىقارلىقكى ، تارىخچى
جۇۋەينى چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىدە قانداقتۇر
بىر «گۆرخان» ئاتالغان باتۇر بولغان ، ئۇ كېيىن مۇسۇلمانلار
تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ ، 1220 ـ يىلى بۇخارا ئۇرۇشىدا ئۆل-
گەن ، دەپ مەلۇمات قالدۇرغان① . ئېھتىمال ، جامۇقا موڭغۇل-
لارنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئەكسىچە ، خارەزىم شاھىنىڭ زېمىنىغا قې-
چىپ بېرىپ پاناھلانغان بولسا كېرەك . چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇلد-
يىدىكى رەقىبلىرىدىن سېلىنگا دەرياسى بويىدا ياشىغان مەركىت-
لەر ۋە غەرب تەرەپكە كۆچكەن نايمانلار بار ئىدى . بۇلارنىڭ ھەر
ئىككىلىسى 1209 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىن-
غان . شۇ يىلى ئۇلار (مەركىتلەر بىلەن نايمانلار ـ تەرجىماندىن )
بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ ، مەركىتلەر شىمالىي تەرەپتىكى يوللار
بىلەن قىپچاقلار يەرلىرىگە كەلگەن ؛ نايمانلار بولسا ، قاراقىتاي-
لارنىڭ يەرلىرىگە كەلگەن . بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ،
مەركىتلەرمۇ ، نايمانلارمۇ خىرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرى-
غانىدى . يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، نايمانلار ئۇيغۇر يې-
زىقىنى قوبۇل قىلغانىدى . تۈركىي خەلقلەرنىڭ موڭغۇللارغا
كۆرسەتكەن تەسىرىنى باشقا نۇرغۇن پاكىتلار ، جۈملىدىن ، ئەس-
لىي موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان خەلقلەرنىڭ تۈركچە نام ـ
ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلىشىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . چىڭگىزخان
موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە تۇرغان چاغلاردا ، مۇسۇلمان سودىگەر-
لەرنى ئۆز ئوردىسىدا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئىسلام دىنى
تەشۋىقاتىنىڭ ئۇ يەرلەردە بولغانلىقىغا ئائىت مەلۇمات يوق .
چىڭگىزخان زامانىدىلا مۇسۇلمان موڭغۇللار بولغانىدى ، دېگەن

① جۇۋەينى : «تارىخىي جاھانكۇشاي» ، قازۇن نەشرى ، 1 ـ توم ، 80 ـ بەت ؛ بۇ يەردىكى «گۆرخان» سۆزى ئىشەنچسىز .



خەۋەرلەر بىرەر قېتىملا ئۇچراپ قالغان ئىش بولمىسا كېرەك .
بىز مەركىتلەرنىڭ باشلىقىنىڭ دەل چىڭگىزخاننىڭ قېيىنئىنى-
سى جامال خوجا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز① .

چىڭگىزخان 1209 ـ يىلى مەركىتلەر ۋە نايمانلارغا قارشى
ئۇرۇش قىلغان چاغدا ، چىڭگىزخانغا تۇنجى بولۇپ يېنىسەي دەر-
ياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار بەيئەت قىلدى . كېيىنچە چىڭگىزگە
قارشى چىققان بولسىمۇ ، 1218 ـ يىلى چىڭگىزنىڭ چوڭ ئوغلى
جۇجى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى . جۇجى قىشتا مۇز قاتقان يېنىسەي
دەرياسىدىن ئۆتۈپ قىرغىزلارنى تىنچىتتى . ئەرەب جۇغراپىيە
ئالىملىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ چاغلاردا قىرغىزلار-
نىڭ قاغانى يوق ئىدى . شۇ مەزگىللەردە قىرغىز خەلقى ئىككىگە
بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ ، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا
باشلىقلىرى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆزىنى خان دەپ ئاتى-
مىغانىدى . بۇنداق ھالەت داۋاملىشىۋەرگەنلىكتىن ، كېيىن قىر-
غىزلار ئۆزلىرىنىڭ قاچانكى بىر چاغلاردا خانلىرىنىڭ بولغانلىق-
لىرىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان . رادلوفنىڭ ئېيتىشىچە ،
ئۇ ، قىرغىزلاردىن بىر رىۋايەت ئاڭلىغانىكەن . بۇ رىۋايەتچە :
قىرغىزلار «ئۇلۇغ خان» يەنى چىڭگىزخانغا ئۇنىڭ ئوغلى جۇجى-
نى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان . جۇجى
ئۇ چاغلاردا تېخى كىچىك بالا بولۇپ ، بىر توپ قۇلانلار (ياۋا
ئېشەكلەر )نىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا قىرغىزلار ئۇنى قۇتقۇزۇپ
قالغانىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئاقساق قۇلان — جۇجىخان قىرغىز-
لارنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى خانى بولغانىكەن . بۇ بىر
خىيالىي رىۋايەت بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭدا قىرغىزلارنىڭ چىڭ-
گىزخانغا ۋە جۇجىغا بىر زامانلاردا ئىتائەت قىلغانلىقى ئەكسەرتى-
لىدۇ . قۇلان ھەققىدىكى ھېكايە بەلكىم چىڭگىزخانغا ئوغلى

① «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرقشۇناسلىق بۆلۈمى مەجمۇئەسى» 7 ـ توم ، 96 ـ بەت ، 15 ـ توم ، 197 ـ بەت .

جۇجىنىڭ ۋاپاتىنى ئۇقتۇرغاندا، ئۇ ئېيتقان بىر قوشاقنىڭ ئەكس ساداسى بولسا كېرەك. چىڭگىزخان بۇ شېئىرنى تۈركىي تىلدا ئوقۇغان:

قلون الغان قولانداي، قلونومدىن ايرلديم،
ايرليشقان انقودى، اير اولومدىن ايرلديم[①]

1209 ـ يىلى، يەنى خارەزىم شاھىنىڭ قاراقىتانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىن بىر يىل ئاۋۋال، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇتى چىڭگىزخانغا ئىتائەتمەنلىك بىلدۈردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ئىدىقۇت قارا قىتانلار گۇرخانى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئىدى. بۇ ئىش چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قاچقان دۈشمەنلىرىنى قوغلاپ ئۆزىگە بېقىندۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەركىتلەر ۋە نايمانلار ئىدىقۇت زېمىنىدىن ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئىدىقۇتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرىدى ۋە ئىدىقۇت ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ۋەقە شۇ چاغقىچە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن بۇ ئىككى خەلقنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. 1211 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى خارەزىم شاھى غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنى مەن مۇسۇلمانلارنى كۇپپارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلدىم، دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، گۇرخانغا بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە تۇرغان مۇسۇلمان قارلۇقلارنىڭ خانى ئارسلانخان ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا بويسۇنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ ئەمەلىيەت خارەزىم شاھىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئابرۇيىنىڭ بەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، خارەزىم شاھىنىڭ شەخسىي سۈپەتلى-

① بارتولد: «تۈركىستان»، 1 ـ قىسىم، 163 ـ بەت.



رى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى قويۇۋالغان ھەيۋەتلىك ئۇنۋانلىرىغا ۋە ئۇنىڭ چوڭ دۆلىتىنىڭ تاشقى شۆھرىتىگە ماس كەلمەيتتى، ئەكسىچە زىت ئىدى. خارەزىم شاھى بويسۇندۇرۇۋالغان ئەللەرنىڭ ئاھالىلىرىنى ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىدىن ھىمايە قىلىپ قالالمىدى. ئۇ قوشۇنلىرىنى تىزگىنلەش ھالىدا ئەمەس ئىدى. بۇ ئەمەلىيەت 1212 ـ يىلى خارەزىم شاھى بىلەن سەمەرقەنت خانى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، سەمەرقەنت خانىنىڭ قايتىدىن قاراقىتانلارنىڭ ئىتائىتىگە ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جۇۋەينىنىڭ مۇشۇ مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇش ھارپىسىدا بولغان بىر سۆھبەت ھەققىدىكى بايانلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق. ئۇ بايان قىلغان ھېكايىنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: سەمەرقەنتنىڭ خانى خارەزىم شاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، خارەزىم شاھىنىڭ ئانىسى خاننى ئۈرگەنچ شەھىرىدە ئۇزۇنراق تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر ئادىتىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ ئادەت بويىچە، كۈيئوغۇل بولغان ئادەم نىكاھلانغاندىن كېيىنكى بىرىنچى يىلنى قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىكەن. خان سەمەرقەنتكە قايتقاندىن كېيىن، پايتەختتىكى ئاھالىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، ئۆزىنى «كۇپپارلاردىن ئازاد قىلغۇچى»غا، يەنى خارەزىم شاھىغا قارشى قوزغالغان. خارەزىم شاھى بولسا نۇرغۇن قان تۆكۈش بەدىلىگە بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، خارەزىم شاھىنىڭ دۆلەت چېگرىسى سىر دەرياسىنى بويلاپ (سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پەرغانىدىن ئارال دېڭىزىغىچە بولغان يەرلەر — چىڭگىزخانغا ئۆتكەن قارلۇق يەرلىرىدىن باشقا يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغان. بۇرۇن قارا قىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىرى نايمانلارنىڭ — كۈچلۈكنىڭ قولىغا ئۆتكەن. كۈچلۈك، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خرىستىئان

مۇرتى بولۇپ ، قاراقىتانلارغا بېقىنغانىكەن . قاراقىتانلار بولسا ، بۇتپەرەسلەر ئىدى . قارىغاندا ئۇ (كۈچلۈك ) كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسا كېرەك . كۈچلۈك 1211 ـ يىلى سەمەرقەنت خانى خارەزىم شاھىغا ھۇجۇم قوزغاشتىن ئىلگىرى ، گۆرخانلار دۆلىتىنى ئىگىلىۋالغان . خارەزىم شاھى كۈچلۈككە قارشى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان . ئىبنۇل ئەسىر ۋە ياقۇتنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، خارەزىم شاھى بۇرۇن ئۆزى بويسۇندۇرۇۋالغان يەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ، كونكرېت ئېيتقاندا ، ئىسفىجاپ (سايرام ) ، تاشكەنت ۋە پەرغانىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كۈچلۈككە «ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە» مەجبۇر بولغان . ئۇ بۇ يەرلەرنى كۈچلۈككە «تاشلاپ بېرىش»كە مەجبۇر بولغان چاغدا ئۆزىچە ، مەن بۇ يەرلەرنى قۇرۇقداپ بولۇپ ، ئاھالىلەرنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتىم ، دېگەن سۆزلەرنى قىلغانىكەن . بۇلار بەلكىم خارەزىم شاھىنىڭ خىيالى بولسا كېرەك . ئەمەلىيەتتە بولسا ، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلغانلىقى گۇمانلىق . چۈنكى ئارىدىن ئون يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ، يەنى موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلغان چاغلاردا بۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالى خارەزىم شاھى ئېيتقاندەك «قۇرۇقداپ قويغان» ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى .

شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى ، موڭغۇلىيىنىڭ تۈركىستان بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، 1211 ـ يىلىدىن باشلاپ موڭغۇللار جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ ، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىكى ئىناۋىتى بۇ چاغدا «ئىسلام سۇلتانى»نىڭ ئىناۋىتىدىن چوڭ ئىدى . شۇ مەزگىللەردە ئالمالىق شەھىرىدە يېڭى بىر مۇسۇلمان خانلىقى مەيدانغا كەلدى . بۇ خانلىق ، ئېھتىمال ، 1211 ـ يىلىدىكى ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولسا كېرەك . بۇ خانلىقنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى ، بۇرۇن ئات ئوغرىسى بولۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئادەم ئىكەن . ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى ،



14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سۇلالىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ قېلىشىغا توسقۇن بولالمىغان . بۇ ئادەم دەسلەپتىلا چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان . كېيىنچە كۈچلۈك ، بۇ خان ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا ئۇنى تۇتۇۋالغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى باشقا ئادەملىرى بىلەن بىرگە تاكى موڭغۇلىيىدىن ياردەمچى قوشۇن كەلگۈچە كۈچلۈكنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ، كۈچلۈكنى ئالمالىق شەھىرىگە كىرگۈزمەي ئالمالىق شەھىرىنى ئۈنۈملۈك قوغدىغان .

كۈچلۈك ، ئېھتىمال ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان قارلۇق خانى ئارسلانخانغا قارشى ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمىغان بولسا كېرەك . كۈچلۈك ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى قەشقەرىيىگە قاراتقان . ئۇ بۇ رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، ئىسلام دىنىدىكىلەرگە قارىتا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق زىيانكەشلىك قىلغان . ئېيتىلىشىچە ، كۈچلۈك مۇسۇلمانلارغا قاراقىتانچە كىيىشنى بۇيرۇغان . مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇشنى مەنئى قىلغان . خوتەندە بىر ئىمامنى ئېسىپ ئۆلتۈرگەن . ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە بىردىن نايمان ئەسكىرىنى كۆزەتچىلىككە قويۇپ ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنغان ـ قىلىنمىغانلىقىنى نازارەت قىلىپ تۇرغان . مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالدىمۇ بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار «ئىسلام سۇلتانى»نىڭ (خارەزىم شاھىنىڭ — تەرجىماندىن ) ھېچقانداق ياردىمىگە ئىگە بولالمىغان . بۇ خىل ئەھۋال پەقەت 1218 ـ يىلى بۇ يەرلەرگە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان .

خارەزىم شاھى بۇ چاغلاردا كۆپپارلارغا قارشى ئۇرۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى . ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاجىزراق ، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى نىسبەتەن بوشراق دەپ قارىغان سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قىپچاقلارغا قاراتقانىدى . ئىرغىزغا يېقىن بىر

يەردە خارەزىم شاھىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن جوجى قوماندانلىقىدىكى موڭغۇللار تاسادىپەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئوتتۇرىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن. موڭغۇللار ئەسلىدە غەربكە قېچىپ كەتكەن مەركىتلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بۇ جايلارغا كېلىپ قالغانىدى. خارەزىم شاھى ئۆزىنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتلىرىگە تەن بەرمەي، پۈتۈن دۇنياغا، پۈتۈن دۇنيادىكى شان ـ شەرەپكە ئېرىشىمەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇڭگونى بويسۇندۇرىمەن، دېگەن خىياللاردا بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ 1215 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ بېيجىڭنى ئىگىلىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بەك قايغۇرۇپ كەتكەن. ئۇ بۇ خەۋەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئومۇمەن چىڭگىزخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ئىلگىرى چىڭگىزخاننى جۇڭگودا ئۇچراتقان باھائىدىن رازىنى چىڭگىزخاننىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. تارىخچى جوزجانى بۇ ئەلچىلىك ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئەلچىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانىكەن. شۇڭلاشقا ئەلچىلىك توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردا ھېچ گۇمان يوق دەپ قارىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ بۇ ئىستېلاچىسىغا ئەلچىلەر خەلىپە ناسىر تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى خارەزىم شاھىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنىكەن.

بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن يەنە قانداق ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى بىزگە مەلۇم: چىڭگىزخانغا يۇقىرىقى ئەلچىلەردىن باشقا، يەنە خارەزىم دۆلىتى نامىدىن بىر سودا ئەترىتى كەلگەن. بۇنىڭغا جاۋابەن موڭغۇلىيىدىنمۇ خارەزىم شاھىغا ئەلچىلەر ۋە كارۋانلار ئەۋەتىلگەن. خارەزىم شاھى بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان ۋە بىر كېچىسى مەزكۇر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدىكى مەھمۇدنى ئايرىم قوبۇل قىلغان. كېيىن باشقا سودىگەرلەر ۋە كارۋاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى چەترەك جايدىكى ئوترار شەھىرىدە قىرىپ تاشلىغان. شۇنىسى ئالاھىدە خاراكتېرلىككى، خارەزىم شاھى ئەسلىي خارەزىملىك بولغان مەھمۇدنىڭ تەبىئىي ھالدا سۇلتاننىڭ



پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ھەمدە چىڭگىزخان دۆلىتىگە دائىر لازىملىق مەلۇماتلارنى تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلغان. ھازىرقى ياۋروپالىقلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا، بۇ تەلەپ تەبىئىي ۋە ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئېيتايلۇق، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قانداقتۇر بىر ئىنگلىز تاسادىپەن ياۋايى خەلق ياكى يېرىم ياۋايى خەلق ئىلكىدە خىزمەتتە بولۇپ قالغان بولسا، ئۇلار ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن ئاشۇنداق تەلەپنى قويغان بولاتتى. ئەمما ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇسۇلمان سودىگەرلىرى ئۆزلىرى كەلگەن يەرلەردىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئۆزلىرىنى مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىمايتتى، مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي پىلانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم قىلىش ۋەزىپىمىز بار، دەپ چۈشەنمەيتتى. شۇنىسى ئېھتىمالغا يېقىنكى، دەل مۇشۇ ئەھۋال موڭغۇلىيىدىن كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ ئوترار شەھىرىدە ھالاكەتكە يولۇقۇشىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئوتراردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ خارەزىم دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان. موڭغۇللارنى خەلىپە ناسىرنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئادەمنىڭ خارەزىم شاھىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈشىگە ھېچقانداق ئېھتىياج يوق ئىدى. خەلىپە بىلەن خارەزىم شاھى دۈشمەنلىشىپ تۇرغان چاغدا بۇنداق ئىغۋانىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئىغۋالارنى خارەزىم شاھىنىڭ ئوغلى جالالىدىن تارقاتقان. بىراق ئۇنىڭ بۇنى ئىسپاتلىغۇدەك ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى. ئوتراردا يۈز بەرگەن ۋەقە چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇم قىلىشىنىڭ بىۋاسىتە سەۋەبىدۇر. مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ چىڭگىزخانغا تولۇق ھەمكارلاشقانلىقىمۇ ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. بىز بۇ سودىگەرلەرنىڭ كېيىن چىڭگىزخان ئورناتقان تەرتىپلەردىن ناھايىتى چوڭ پايدا ئالغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

# توققۇزىنچى لېكسىيە

موڭغۇللارنىڭ تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ھارپىسىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا ئۆزئارا زىتلىقمۇ بار. خارەزىم شاھى قوشۇنلىرى بىلەن جۇجى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ۋەقەلەر ئوترار ۋەقەسىدىن كېيىن بولغانمۇ ياكى بۇرۇنمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر خۇسۇسىدا مەنبەلەردە ۋە ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىدە بىردەكلىك يوق. خارەزىم شاھى مۇھەممەدنىڭ دۆلىتىدە ئاساسەن پارس تىلىدا شېئىري ئۇسۇلدا يېزىلغان سىياسىي ۋەقەلەرگە ئائىت كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بار. ياقۇت كۆرسىتىپ ئۆتكەن خارەزىم شاھى مۇھەممەدكە بېغىشلانغان ماۋەرائۇننەھىر تەۋەسىدىكى ئۇلار تاشلاپ كەتكەن رايونلارنىڭ خانىۋەيرانچىلىق ئەھۋاللىرى تەسۋىرلەنگەن ئەرەبچە شېئىرلارمۇ دەل شۇ خىل ئەسەرلەر جۈملىسىدىن[1]; ئەۋفىي تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەجدىدىن مۇھەممەد پەيزىنىڭ نىسا شەھىرى (بۇ شەھەر ھازىرقى تۈركمەنىستاندىكى ئاشخابادنىڭ غەربىگە جايلاشقان) دە ئېپىك شەكىلدە يازغان داستانى «شاھىنشاھنامە»مۇ ھەم شۇنداق. بۇنىڭدا خارەزىم شاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىكى ۋەقەلەرمۇ يېزىلغان[2]. ئەۋفىي يەنە شائىر ئۆمەر خۇررىم ئابادىنىڭ خارەزىم شاھىنى «ئىككىنچى ئىسكەندەر» (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) دەپ ماختاپ: ئەگەر چىن ھۇجۇم قىلىدۇ، دەپ ئويلىساڭ خاتا بولىدۇ، مۇبادا ھۇجۇم قىلىپ قالسا،

① ياقۇت: «مۇجەم»، 1 - توم، 250 - بەت؛ 3 - توم، 2314 - بەت.
② ئەۋفىي: «لۇبابۇل ئەلباب»، 2 - توم، 345 - بەت.



ئەدىپىنى يەيدۇ. ئەگەردە تاتارلار پەرمانىڭغا ئەمەل قىلمىسا، يورۇق كۈن ئۇلار ئۈچۈن قاراڭغۇ تۈنگە ئايلىنىدۇ[1]، دەپ يازغان شېئىرلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە گەپنىڭ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ياكى «ئەڭ دەسلەپكى تاتارلار» — كۈچلۈك ۋە نايمانلار ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئەمەس.

ئىرغىز يېنىدا بولغان ئۇرۇش نەتىجىسىز بولغان. بۇ توقۇنۇشتا ئۇرۇش قوزغىغۇچى تەرەپ خارەزىم شاھى ئىدى. ئۇ تەرەپنىڭمۇ، بۇ تەرەپنىڭمۇ قوشۇنلىرى بۇنداق ئۇرۇش بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. خارەزىم شاھى بۇ يەردە قىپچاقلار بىلەن ئۇرۇشقان؛ جۇجى بولسا، مەركىتلەر بىلەن ئۇرۇشقان. جۇجى ھەتتا خارەزىم شاھىغا ئادەم ئەۋەتىپ: ئاتامدىن ماڭا سىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە ھېچقانداق پەرمان يوق، دەپ ئۇقتۇرۇپمۇ قويغان. ئەمما ئۇنىڭ خارەزىم شاھىدىن ئالغان جاۋابى: خارەزىم شاھى كۇپپارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولغان. خارەزىم شاھى بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، خارەزىم شاھىنىڭ مۇسۇلمان سودىگەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن پارتىلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1218 - يىلى موڭغۇللارنىڭ سەركەردىسى قەشقەرىيىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشلىرىنى ئەسلىيگە كەلتۈرگەن ۋە چىڭگىزخاننىڭ خىزمىتىدە بولغان مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ گېپىنى قىلمىغاندىمۇ، قايالىق ۋە ئالمالىق شەھەرلىرىدىن كەلگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى ئىچىدە مۇسۇلمان ئەترەتلىرىمۇ بار بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش خارەزىم ئۈچۈن مۇداپىئەلىنىش تۈسىنى ئالغاندا، بۇ ئۇرۇش مۇسۇلمان رايونلىرىنى كۇپپارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان غازات ئۇرۇشىغا ئايلانغان. قايالىق، ئالمالىقتىن كەلگەن قوشۇنلار ئى-

① ئەۋفىي: «لۇبابۇل ئەلباب»، 1 - توم، 202 - بەت.

چىدە شۇ چاغلاردا تاجىكلاردىن باشقا تۈركىي خەلقلەر بولغان .
موڭغۇللار ھەممە سودىگەرلەرنى تۈركچە «ئورتاق»[1] («شېرىك»
) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن . مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ، سوددـ
گەرلەر كارۋانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن شېرىكچىلىك ئۇيۇشتۇرغان
بولسا كېرەك .

خارەزىم شاھىنىڭ قوشۇنلىرى ھەرقايسى مىللەتلەردىن تەرـ
كىب تاپقانىدى . شۇنىسى گەۋدىلىككى ، جۇۋەينىنىڭ بايانلىرىغا
قارىغاندا ، ماۋەرائۇننەھىرنىڭ مەركىزىي شەھىرى سەمەرقەنتتىن
كەلگەن قوشۇنلارنىڭ ئىچىدىكى تۈركلەرنىڭ سانى (60 مىڭ )
بىلەن تاجىكلارنىڭ سانى (50 مىڭ ) باراۋەر دېگۈدەك بولغان .
بۇ قوشۇنلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ، ئېھتىمال ، ئۇلار ئوتتۇرىسىددـ
كى مىللىي زىددىيەتلەرمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولسا كېـ
رەك . بىر تارىخچى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك
خارەزىم بىلەن ئىران ئۆلكىسى بولغان ماۋەرائۇننەھىر ئوتتۇردـ
سىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە سۆز بولغاندا ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا ،
يەنى تۈركلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ
بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، دەپ ئەسكەرتكەن[2] . يەنە بىر گەۋدىلىك
ئىش ، غەزنەدىكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئىراننىڭ غور دېگەن
تاغلىق رايونىدا ياشايدىغان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇـ
رۇشتۇر . تۈركىي خەلقلەرنىڭ باشلىقلىرى غورلارنىڭ باشلىقلدـ
رى بىلەن سۆھبەت ئارقىلىق كېلىشەيلى ، دەپ ئېيتقاندا ، قارشى
تەرەپنىڭ باشلىقلىرى : «بىز بولساق غۇرلۇقلار ، سىلەر بولساڭـ
لار تۈرك ، بىز بىرگە تۇرالمايمىز» دەپ ئېيتقان[3] .

تۈركلەر باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا ، موڭغۇللارغا يېقىنراق
ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا ، چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىچىدە تۈركىي

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 618 ـ بەت ؛ يەنە «چىڭگىزخان» ، 893 ـ بەت .
② زاھىرىددىن مەرئاشى ، 253 ـ بەت .
③ جۇۋەينى : «تارىخىي جاھانكۇشاي» ، قازۋىن نەشرى ، 2 ـ توم ، 193 ـ بەت ؛ بارتولد :
«تۈركىستان» ، 493 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 506 — 507 ـ بەتلەر .



خەلقلەردىن تەشكىللەنگەن بىرقانچە قوشۇن بار ئىدى . بۇنىڭدىن
باشقا تۈركلەر بىلەن موڭغۇللارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيا كۆچمەنلىرىگە خاس ئورتاق ئەنئەنىلىرى بار ئىدى . گەرچە
شۇنداق بولسىمۇ ، موڭغۇللارنىڭ تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ ،
ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ قازانغان ئۇتۇقلىرىنىڭ ئورتاقچىسى ، دەپ
قارىغانلىقىنى كۆرمەيمىز . موڭغۇللارنىڭ بەزىدە تۈركلەر بىلەن
سۆزلىشىشلىرى ، موڭغۇللارنىڭ بىر ھەربىي ھىيلىسى ئىدى .
يالغان سۆزلەرگە ئىشەندۈرۈپ ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنـ
لىرىنى پارچىلايتتى ، ئاندىن كېيىن ، ئاۋۋال بىرىنچىسىنى ،
ئاندىن ئىككىنچىسىنى يوقىتاتتى . بۇنداقلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇن
ئىتتىپاقچىمىز ۋە دوستىمىز دەپ قارالغانلارمۇ بار ئىدى . چىڭـ
گىزخان خارەزىم شاھى مۇھەممەدنىڭ ، ئانىسى بىلەن زىت ھالەتـ
تە تۇرغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئانىسىغا دوستلۇقىنى
ئىپادىلەپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن .
بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ، بۇ ئايالنىڭ قولىدا ناھايىتى كۆپ
ساندىكى تۈركىي خەلقتىن تەشكىللەنگەن قوشۇن بار ئىدى . ئۇ
بۇ قوشۇنلارنىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدىن
شۇنداق قىلغانىدى . موڭغۇللار سەمەرقەنتنى قورشىغان چاغدا
قورشاۋدا قالغان قوشۇنلار ئىچىدىكى تۈركىي خەلقلەردىن تەشـ
كىللەنگەن قوشۇننى ئۆز ئەسكەرلىرى قاتارىدا خىزمەتكە ئېلىشنى
ماقۇل كۆرگەن . بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى خارەزىم شاھىنىڭ
ئانىسىنىڭ ئىنىسى ئىكەن . موڭغۇللار بۇ شەھەرنى ئالغاندىن
كېيىن ، تۈرك نامىدىكى 30 مىڭ ئادەمنى ، چوڭ ـ كىچىك
20چە قوماندانىنى بىر تۈزلەڭلىككە ئاپىرىپ پۈتۈنلەي قىرىپ
تاشلىغان . بۇ خىل ئەھۋال داغىستاندىمۇ يۈز بەرگەن . موڭغۇللار
داغىستاندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغلاردا ئۇلارغا ئالانلار بىلەن
قىپچاقلار بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانىكەن . موڭغۇللار
قىپچاقلارغا : «سىلەر تۈركلەر بىز بىلەن بىر ئۇرۇقتىن ، ئالانلار

سىلەر بىلەن بىر خەلق ئەمەس ، شۇڭا ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا
ھېچ زۆرۈرىيەت يوق» دەپ ئېيتقان . قىپچاقلار موڭغۇللارنىڭ
ئۆزلىرىگە بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى كۆرۈپ ئاللانلاردىن ئاي-
رىلىپ كەتكەن . موڭغۇللار ئاللانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن
كېيىن ، دەرھال قىپچاقلارغا تېگىش قىلىپ ، ئۇلارنىڭ قولىدىن
بۇرۇن ئۆزلىرى بەرگەن سوۋغا ـ سالاملىرىدىن ئىككى ھەسسە-
دىن ئارتۇق نەرسىنى قايتۇرۇۋالغان . موڭغۇللار روسىيىنىڭ
جەنۇبىدىكى پولوۋېتسلار (يەنى قىپچاقلار )غا ھۇجۇم قىلغاندا ،
رۇسلار پولوۋېتسلار بىلەن بۇرۇندىنلا دۈشمەنلىشىپ كەلگەن
بولسىمۇ ، يەنىلا پولوۋېتسلارغا ياردەم كۆرسەتكەن . موڭغۇللار
رۇس كىنەزلىرىگە : «بىز سىلەرنىڭ يەرلىرىڭلەرگە ھۇجۇم قىل-
مايمىز ، ‹قالاق يىلقىچى › ، ‹ئەشەددىي پولوۋېتسلار › بىلەن
ئۇرۇش قىلىمىز ، سىلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشىڭلارنىڭ زۆ-
رۈرىيىتى يوق ، ئۇلار سىلەر رۇسلارغىمۇ كۆپ زىيانكەشلىك
قىلغانىدىغۇ» ، دەپ ئېيتقان (قوش تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر
ئەسلىي رۇس يىلنامىلىرىدىن ئېلىنغان — بارتولد ) . موڭغۇللار
ئالدىنقى ئاسىياغا ھۇجۇم قىلغان چاغلاردىمۇ ئۇ يەردىكى بەزى
رايونلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ، كېيىن ئۇلارنى ھۇجۇم بىلەن
يوقاتقان . مەسىلەن ، ئىسلامچىلار ۋە باغداد خەلىپىلىرىنى شۇن-
داق قىلغان . سۇلتان جالالىدىن تەخمىنەن 1216 ـ يىلى ئىسفا-
ھاندىن ئەزەربەيجاندا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان ئۆزىنىڭ ۋەزىرىگە
بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، سۈرىيىدىن كېلىدىغان كارۋانلارنى قاتتىق
تەكشۈرۈشنى تاپىلىغان ھەمدە ماڭا كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا ،
تاتارلارنىڭ (موڭغۇللارنىڭ ) باغداد ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر ئەل-
چىسى سۈرىيىدىن كېلىدىغان مۇسۇلمان كارۋانلار ئىچىگە يوشۇ-
رۇنغان ھالدا قايتماقچىكەن ، دەپ ئېيتقان . ئەسلىدە بەزى رايون-
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ياكى خەلىپە ئوردىسىدىكى بەزى كىشىلەر
سۇلتان جالالىدىننىڭ تاتارلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ ، گەپ



تارقاتقاچقا ، ئۇ بۇلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن ماتېرىيال ئېھتىياجى
تۇپەيلىدىن بۇ بۇيرۇقلارنى چۈشۈرگەن . ۋەزىر ، كارۋانلارنى تەك-
شۈرۈپ ئۇلاردىن ئۆزى ئىزلىمەكچى بولغان ھېچقانداق ماتېرىيال
تاپالمىغان ، ھەتتا بەزى كارۋاندىكىلەرنى قىرىپ تاشلىغان ، ئەمما
يەنىلا ئېھتىياجلىق ماتېرىيال تاپالماي ، جالالىدىننى قىيىن ئەھ-
ۋالدا قويغان . شۇنداق بولسىمۇ موڭغۇللارنىڭ بەزى كىشىلەر
بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر يەنىلا
تارقىلىۋەرگەن[1] . ئېھتىمال ، بۇ تارقالغان گەپ ـ سۆزلەر ئەمە-
لىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن .

خارەزىم شاھى مۇھەممەد 1220 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كاسپىي
دېڭىزىدىكى ئاراللارنىڭ بىرسىدە ئۆلگەنلىكى مەلۇم . ئۇ موڭغۇل-
لار بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنى شۇنچىلىك ئاز كۆرسەتتىكى ،
ھەتتا موڭغۇللارغا ئۇنىڭ نامىمۇ بەلگىسىز قالدى . خارەزىم شاھى
ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋە ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى بار-
لىق ھەرىكەتلىرى ، جۈملىدىن ئوترار شەھىرىدە موڭغۇلىيىدىن
كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىمۇ موڭغۇل مەنبەلىرىدە
مۇھەممەدشاھنىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى جالالىدىننىڭ نامىغا يېزىلغا-
نىدى . 1221 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جالالىدىن ھىندىس-
تانغا قېچىپ كەتتى . بۇ ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسە-
تىپ بېرەتتى . گەرچە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا موڭغۇللارغا
قارشى قوزغىلاڭلار ، تاغلىق رايونلاردىكى بەزى قەلئەلەردە ئۇ-
رۇشلار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، چوڭ ئۇرۇشلار
ئاخىرلاشقان بولدى . 1223 ـ يىلى چىڭگىزخان تۈركىستاندىن
ئايرىلدى . 1224 ـ يىلى يازنى ئېرتىش دەرياسى بويىدا ئۆتكۈز-
دى . جالالىدىن چىڭگىزخان ھايات چېغىدىلا (چىڭگىزخان
1227-يىلى ئۆلگەن ) ئىرانغا قايتىپ كەلگەنىدى . ئارىدىن بىر-
قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، 1228 ـ يىلى موڭغۇللار ئىسفاھان-

[1] نەسەۋى : «تارىخىي جالالىددىن» ، 1 ـ توم ، 158 ـ بەت .

دىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا جالالىددىننى مەغلۇپ قىلـ
دى . بىراق بۇ ئۇرۇشتا موڭغۇللار شۇنچىلىك زور چىقىم تارتتىـ
كى ، ئۇلار ئىراندىن پۈتۈنلەي چېكىنىپ چىقتى . جالالىددىننىڭ
قوشۇنلىرى موڭغۇللارنى تاكى ئامۇ دەرياسى بويىغىچە سۈر ـتوـ
قاي قىلىپ زەربە بەردى . ئەمما خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھىردىكى
موڭغۇل ھاكىمىيەتلىرىنى يوقىتىشقا ھېچ ھەرىكەت قىلمىدى .
موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاچىلىقىغا ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلارغا
ئاساسلانغاندا ، ئۇلارنىڭ ئىستېلاچىلىقى يەرلىك ئاھالىلەرنى قاتـ
تىق قىرغىن قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن . ياۋروپا ئالىملىـ
رى ، ئادەتتە ، كۆچمەنلەرنىڭ مەدەنىي ئەللەر ئاھالىلىرىگە زىيانـ
كەشلىك قىلغانلىقى ئۈستىدىلا توختىلىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا
كۆچمەنلەرنىڭ سىياسىي بىرلىكى بۇ يەردىمۇ ۋە باشقا يەرلەردىمۇ
پەقەت ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار ئارقىلىقلا قولغا كەلـ
گەن . بۇ ئۇرۇشلار بەزىدە بىرەر خەلقنى پۈتۈنلەي قىرىپ يوقىـ
تىش بىلەن ئاياغلاشقان . چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى يايلاق
خەلقلىرىگە كۆپرەك زىيانكەشلىك قىلغانمۇ ياكى مەدەنىي ئەللەر
ئاھالىلىرى (ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر ) گىمۇ ؟ بۇلارنى ئاجراتماق
تەس . موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى پەقەت كۆچمەنلەرگىلا پايدا ئېـ
لىپ كەلدى ، ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرگە زىيان ئېلىپ كەلدى ،
دېگەن پىكىرلەرنى ئىسپاتلاشمۇ تەس گەپ . موڭغۇللارنىڭ تاجاـ
ۋۇزى خۇددى سالجۇقىيلار ئالدىنقى ئاسىيانى بويسۇندۇرۇۋالغاندا
ئۇ يەرلەرگە پۈتۈن ئاھالىنى كۆچۈرۈپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئىش
ئەمەس ئىدى ، بەلكى موڭغۇللارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى موڭغۇلىـ
يىدە قالغۇەرگەندى . چىڭگىزخانغا ۋارىسلىق قىلغان ئوغلىمۇ
موڭغۇلىيىگە قايتىپ كېلىپ ، چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن
كېيىن 30 يىل يەنىلا شۇ يەرنى مەركەز قىلىپ ، باشقا جايلارغا
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان . ئاشۇ چاغلاردا موڭغۇللاردا ئاتىسى
ھايات چېغىدىلا ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بالىلىرىغا چوڭدىن كىچىكىـ



گە قاراپ تەرتىپ بويىچە بۆلۈپ قالدۇرىدىغان ، ئاساسلىق مۈلۈـ
كىنى كىچىك ئوغلىغا قالدۇرىدىغان ئەنئەنە ـ قائىدە بولغانىكەن .
چىڭگىزخان مۇشۇ پرىنسىپنى دۆلەت قانۇنىغا كۆتۈرۈپ ، مەملىـ
كىتىدە مۇشۇ قانۇننى ئىجرا قىلغان . چىڭگىزخان مۇشۇ قانۇنغا
ئاساسەن ، موڭغۇلىيىدىكى ئۆز يۇرتىنى[1] كىچىك ئوغلى تولىيغا
تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى . موڭغۇللارنىڭ 129 مىڭ كىشىلىك مۇنـ
تىزىم قوشۇنى بار ئىدى . بۇ ئەسكەرلەر ئىچىدە 101 مىڭى
تولىيغا قارايتتى . بۇ سان موڭغۇلىيىنىڭ ئۆزىدە قالغان ئەسكەرـ
لەرنىڭ سانىغا نىسبەتەن چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ
سانىنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .
موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىكى ئىستېلا قىلىنغان نۇرغۇن يەرلەر
چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەنىدى . ئوغۇللىرىنىڭ
ھەر بىرىگە مۇنتىزىم 4000 جەڭچى بۆلۈپ بېرىلگەن (قالغان 16
مىڭ جەڭچى خان جەمەتىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا بۆلۈپ بېرىلگەن ) . ھەر
بىر ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ چېگرىلىرى تەخمىنەنلا
كۆرسىتىلگەنىدى . كىچىك ئوغلىغا قائىدە بويىچە ئاتىسىنىڭ
يۇرتى تەگدى . چوڭ ئوغلى جۇجىغا ئۆز يۇرتىدىن ئەڭ يىراقتىكى
بويسۇندۇرۇۋېلىنغان زېمىنلار تېگىشلىك بولدى . نەتىجىدە چىڭـ
گىزخان قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە قىلغان يۇرۇشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق
بولۇشى بىلەن جۇجىنىڭ زېمىنى بارغانسېرى غەربكە كېڭەيدى .
چىڭگىزخان موڭغۇلىيىدىكى ئۆز يەرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان
چاغلاردا جۇجىغا سىبىرىنگا دەرياسىنىڭ غەربىدىكى يەرلەرلا بۆلۈپ
بېرىلگەنىدى . شۇ چاغلاردا ، غەرب تەرەپتە «موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ
تۇياقلىرى يەتكەن يەرلەرنىڭ ھەممىسى جۇجىغا قارايدۇ» دەپ

---

[1] «يۇرت» ئاتالغۇسى «زېمىن» ، «بايلىق» مەنىسىدىكى سۆزدۇر . بۇگۈنكى تۈركىيە تۈركچىسىدە «ۋەتەن» مەنىسىنى بېرىدۇ . پەقەت رۇسچە تېكىستلەردىلا بۇ سۆز «كۆچمەنلەرنىڭ كىگىز ئۆيى» ، «چېدىرى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ — مالوف : «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» ، 390 ـ بەت ؛ «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى»دىكى «يۇرت» ماددىسىغا قارالسۇن ، ئۇ يەردىمۇ «يۇرت» ، «ۋەتەن» مەنىسىدە بېرىلگەن ؛ يەنە ۋلادىمىرتسوفنىڭ «موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى» ، 57 — 58 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

مۆلچەرلەنگەنىدى . چىڭگىزخان هايات چېغىدىلا جۇجىغا تېگىش-
لىك يەرلەر تەركىبىگە ئېرتىشتىن باشلاپ غەرب تەرەپتە پۈتۈن
قىپچاق دالاسى ، جۇملىدىن مەركىتلەرنىڭ قالدۇقلىرى يوقىتىل-
غان يەرلەر ، شۇنداقلا ۋولگا بۇلغارلىرىنىڭ دۆلەت چېگرىلىرىغى-
چە بولغان يەرلەر كىرگەن . چىڭگىز ۋاپاتىدىن كېيىن ، جۇجى
ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلىرى تەركىبىگە ۋولگا بۇلغارلىرىنىڭ دۆلە-
تى ، رۇس كىنەزلىكلىرىنىڭ ھەممىسى كىردى (موڭغۇللارنىڭ
پولشا ، ۋېنگرىيە ۋە غەربىي ياۋروپانىڭ باشقا يەرلىرىگە قىلغان
ھۇجۇملىرى تولۇق غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار ئۇ
يەرلەردە مۇستەهكەم تۇرالمىدى ) .
جۇجى ئەۋلادلىرى كافكازنىڭ جەنۇبىدىكى يەرلەرمۇ ، كاس-
پىي دېڭىزنىڭ غەربىدىكى يەرلەرمۇ بىزنىڭ دەپ ئوتتۇرىغا چىق-
تى . بۇ دەۋا جۇجى ئەۋلادلىرى بىلەن پېرىيىسىدە موڭغۇللار
تەرىپىدىن 1250 ـ يىللاردا قۇرۇلغان ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا پات ـ
پات يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبى بولدى . قاراقىتانلار
ۋە خارەزىم شاهىغا قارشى يۈرۈشلەردە ، يەنى ئېرتىش دەرياسى
بويلىرىدىن غەربتە ئامۇ دەرياسى ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يەرلەرگى-
چە ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي يۈرۈشلەردە ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ
تۆۋەنكى ئېقىنى ۋە خارەزىمدىكى شەهەرلەردىن باشقا يەرلەر خۇ-
سۇسىدا سۆز بولۇنمايدۇ . بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب شۇكى ،
1221 ـ يىلى جۇجى ئۈرگەنچ شەهىرىنى ۋەيران بولۇپ كېتىش-
تىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ چىقارغانىدى . ئەمما
ئەمەلىيەت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولمىدى . ۋولگا دەرياسى ۋادى-
سى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن
قويۇق مەدەنىي مۇناسىۋەت بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇ ئىككى
رايون بۇرۇنمۇ ۋە كېيىنمۇ (بۇ يەرلەرنى رۇسلار ئىگىلىۋالغانغى-
چە ) بىر دۆلەت تەركىبىگە كىرمىگەنىدى . بىراق بۇ ئىككى رايون
جۇجىغا تەۋە يەرلەرگە قوشۇلدى . بۇ ئەمەلىي پاكىت كىشىنى



ناهايىتى قىزىقتۇرىدۇ . 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا خارە-
زىم سىر دەرياسى ۋادىسى رايونلىرىغا قارىغاندا ۋولگا دەرياسى
ۋادىسى رايونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىدى . ئۆزبەكخان
زامانىسىدا مۇشۇ خان نامى چۈشۈرۈلگەن تەڭگىلەر ۋولگا دەرياسى
ۋادىسىدىكى شەهەرلەردىمۇ ، خارەزىمدىمۇ قۇيۇلدى . سوغناق شە-
هىرىدە بولسا ، گەرچە بۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى جۇجى ئەۋلادلىرى-
دىن بولسىمۇ ، باشقا خانلار نامىدا تەڭگىلەر قۇيۇلدى . جۇجى
ۋە ئۇنىڭ جەمەتى يەرلىرى تەركىبىگە دەسلەپتە قاراقىتانلار ئىم-
پېرىيىسىنىڭ شىمالىي تەرەپتىكى يەرلىرى — يەتتەسۇنىڭ بىر
قىسمى ۋە ئېرتىشتىن ئالاكۆلگىچە ھەمدە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى
ئىلى دەرياسى ۋە سىر — دەرياسى بويىغىچە بولغان يەرلەر كىرگە-
نىدى . 1246 ـ يىلى ، پلانو كارپىنى ساياهەت قىلغان چاغلاردا
مۇشۇ رايوننىڭ شەرقىي قىسمىدا ، ئېهتىمال ، ئېرتىش دەرياسى-
دىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا جۇجىنىڭ ئوردا ئىسىملىك چوڭ
ئوغلى ياشىغان . ئىلى دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى
يەرلەر بەلكىم جۇجىنىڭ كىچىك ئوغلى شىبانغا قارىغان بولسا
كېرەك . مۇسۇلمانلارنىڭ رىۋايەتلىرى بويىچە بۇ ئىسىم كېيىن
شەيبان دەپ ئاتىلىپ كەتكەن . شۇنىڭ بىلەن 16 ـ ئەسىرنىڭ
بېشىدا شىباننىڭ ئەۋلادى — تۈركىستاندا ئۆزبېك دۆلىتىنى
قۇرغۇچى شەخس ئۆزىگە «شەيبانى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللان-
غان . بۇ لەقەم بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ نامى شۇنداقلا ھەنەفىي
مەزهىپىدىكى بىر مەشھۇر ئالىمنىڭ لەقىمى ئىدى . ئۇ ئەبۇ
ھەنىف ۋە ئەبۇ يۈسۈپلەرنىڭ شاگىرتى ئىدى . قارىغاندا ، مۇسۇل-
مان دۇنياسىدا مەشھۇر بولغان بۇ ئىسىم ، شىبان دېگەن ئىسىم-
نىڭ شەيبان دېگەن ئىسمىغا ئۆزگىرىشىگە ۋە شەيبانى دېگەن
نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان بولسا كېرەك[1] .

① شەيبانى توغرىسىدا «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 545 — 548 ـ بەتلەرگە قارالسۇن .

ئەبۇلغازى كەلتۈرگەن رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شىبان قېرىندىشى باتۇ[①]دىن ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر بىلەن ئوردىغا تەۋە يەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى زېمىنلارنى ئالغان بولسا كېرەك. ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، باتۇ ئۇكىسى شىبانغا ئىرغىز، ئورا، ئىلېك دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى، ئومۇمەن يايىق دەرياسى ۋە ئۇرال تاغلىرى بويلىرىدا يازنى ئۆتكۈزسۇن دەپ، قىشنى سىر، چۇ ۋە سارىسۇ دەريالىرى ۋادىسىدىكى قاراقۇم (ئاراقۇم؟)دا ئۆتكۈزسۇن دەپ بەرگەن بولسا كېرەك. ئوبۇلغازى 17-ئەسىرنىڭ ئاپتورلىرىدىن بولۇپ، ئۇ يازغانلىرىدا ئالغان مەلۇماتلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى ئوردا، باتۇ، شىبانلارنىڭ زاماندىشلىرىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك پلانو كارپىنىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ماس كېلىدۇ. شىباننىڭ ئەۋلادلىرى باشقا يەرلەردىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. راشىدىددىنىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، شىباننىڭ نەۋرىسى تېرەك دەرياسى[②] ۋادىسىنى مۇداپىئە قىلغۇچىلارنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. شىباننىڭ يەرلىرى 15-ئەسىرگىچە يەنىلا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا تۇرغان. ئۇلارنىڭ شەجەرىسىنى ئەبۇلغازى بىلەن 15-ئەسىردىكى نامسىز بىر تارىخچى ئۆزىنىڭ «مۇئازۇل ئەنساپ» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ مەلۇماتلىرىدا كۆپ پەرق يوق. جۇجىغا تەۋە ھەرقايسى جايلاردا، بولۇپمۇ، شىباننىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ يەرلەردە كۆچمەن ھايات ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇ يەرلەردە ھاكىمىيەت 200 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت بىرخان جەمەتى ئەۋلادىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. شىبان ئەۋلادلىرى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ھەممىدىن ئاز ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار كۆچمەنلەر ئەنئەنىسىگە باشقىلارغا نىسبەتەن بەك-

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 5-توم، 496 — 508-بەتلەر؛ باتۇخان، 709-بەت.
② راشىدىددىنىنىڭ ئەسىرى، بلوشېت نەشرى، 117-بەت.



رەك سادىق بولۇپ، بۇ ئەنئەنىلەرنى جەڭگىۋار روھى بىلەن قوغدىدى، شۇڭا، ئۇلار چىڭگىزخان خانلىقىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ھەممىلا يەرلەردە چۈشكۈنلۈككە ئۇچراۋاتقان چاغلاردىمۇ ئىستېلاچىلارغا خاس قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ پاكىتلار يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەلىي ئەھۋاللار بىلەن قوشۇلۇپ رادلوفنىڭ قاراشلىرىغا زىت رېئاللىقنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى باشقا كۆچمەن ئىمپېرىيىلەرگە قارىغاندا ئۇزاق ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار پارچىلانغاندا تۈركۈم-تۈركۈم كۆچمەنلەر توپىغا بۆلۈنۈپ كەتمىدى. چۈنكى بۇ ئىمپېرىيە تەركىبىگە ئەسلىي ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن جۇڭگو، ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە قاتارلىق خېلىلا نۇرغۇن دۆلەتلەر كىرگەن بولۇپ، مەزكۇر ئىمپېرىيە پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ، بۇ دۆلەتلەر يەنىلا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا قېلىۋەرگەنىدى، دەيدۇ[①]. ئەمەلىيەتتە، چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى موڭغۇللار ئىستېلاسىغا قەدەر بولغان دۆلەتلەرنىڭ ئەنئەنىلىرىگە، مەسىلەن، قىپچاق دالىلىرى، ۋولگا ۋادىلىرى، قىرىم قاتارلىق يەرلەردىكى ئەنئەنىلەرگە ھەممىدىن ئاز يۆلەنگەنىدى. دەل مۇشۇ يەرلەردە چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاقراق داۋاملاشتى. ئولتۇراق مەدەنىيەت ۋەكىللىرىنىڭ دۆلەتنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشتا كۆرسەتكەن مەسلىھەتلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ دانىشمەنلىكى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ھەربىي تۈزۈمى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىدا خېلىلا ئەھمىيەتلىك بولغان بولسا كېرەك.

ئۇلار (ئولتۇراق مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىللىرى — تەھرىردىن) ئەلۋەتتە خانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرنى ۋە بۇ تەسىرنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىش تەرەپدارلىرى ئىدى. بۇ، جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى ئۇلار

① «قۇتادغۇ بىلىك»، «كىرىش سۆز»، رادلوف، 56-بەت.

باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ، پەقەت جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەندىلا ئاندىن تەرەققىيات بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . بۇ نۇقتا قاراقىتانلاردىن بولغان ، جۇڭگو مەدەنىيىتى مۇھىتىدا تەربىيىلەنگەن يوللىغ چۇساي خۇسۇسىدىكى بايانلاردا تولۇق ئەكس ئېتىدۇ . جۇڭگو مەنبەلىرىگە قاراپ شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى ، يېلۇي چۇسەي موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسىدۇر . يېلۇي چۇسەي ھەققىدە جۇڭگونىڭكىدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆزقارىشى بلوشېت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . بۇ ئادەم راشىدىددىننىڭ ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان يېڭى زاماندىكى ياۋروپا نەشرىياتچىسىدۇر . بلوشېتنىڭ تەسەۋۋۇرىچە ، پەقەت يېلۇي چۇسەيلا موڭغۇل خانلىرىغا مەدەنىي ئەللەرنىڭ ئاھالىلىرىنى ۋەيران قىلىش ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ ، دەپ چۈشەندۈرگەنىكەن . بلوشېتنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا ، يېلۇي چۇسەينىڭ ۋە ئومۇمەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە پەقەت جۇجى دۆلىتىلا ئۇچرىمىغان . شۇڭلاشقا ئۇ دۆلەت ۋارۋارلىقنىڭ «چىدىغۇسىز» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان[1] .

ئەمەلىيەتتە ، جۇجىغا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ غەربىي قىسمىدا — جىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەردە موڭغۇللار يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى . باتۇ ئاتىسىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ئالىي ھۆكۈمران دەپ ھېسابلىناتتى . موڭغۇللار دەسلەپكى چاغلاردا رۇس كىنەزلىرىدىن ئولپان ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىنى ئەۋەتىش بىلەنلا قانائەتلەنگەنىدى . كېيىن ئۇلار ۋولگا بۇلغارلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنى يوقىتىپ ، شۇ يەرلەرگە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان . 1223 - يىلى موڭغۇللار روسىيىدىن قايتىپ ، چىڭگىزخاننىڭ قېشىغا كېتىۋاتقىنىدا بۇلغارلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى . ناھا-

[1] بلوشېت : Introduction ، 217 - بەت (مونكىيېۋنىڭ «جۇڭگو مەنبەلىرى» دېگەن كىتابىدىكى «يوللىغ چۇساي ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى» دېگەن بابقا قارالسۇن ) .



يىتى زور چىقىم تارتىپ بۇ قورشاۋدىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى . بىراق بۇ ئىش ئۇچۈن موڭغۇللار 1236 - يىلى ئۇلاردىن ئۆچىنى ئالدى ، موڭغۇللار بۇلغارلارنىڭ دۆلىتىنى تولۇق بويسۇندۇرۇۋالدى ۋە پايتەختىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى . ئەمما بۇ ۋەيران قىلىنغان شەھەرلەر ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . ئۇ يەرلەردىكى قۇرۇلۇشلار ، تاش پۈتۈكلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا . بۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە ئائىتتۇر . جۇجى جەمەتى قارىمىقىدىكى يەرلەردە بۇلغار ناملىق بۇلغارلارنىڭ پايتەخت شەھىرى بار ئىدى . بۇ شۇ چاغلاردىكى بىردىنبىر شەھەر ئىدى . بۇ شەھەردە موڭغۇل خانلىرى نامىغا تەڭگىلەر قۇيۇلغانىدى . بۇ يەردىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى ، 14 - ئەسىرنىڭ بېشىدىمۇ بۇ يەردىكى بۇلغارلار موڭغۇللار بۇ يەرلەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكەن تىلىنى ساقلاپ قالغان . بۇ تىلنىڭ قالدۇقى ھازىرقى چۇۋاش تىلىدۇر . ئەمما بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى تەدرىجىي ھالدا تۈركىي تىللارنىڭ بىرسى بولغان قىپچاق تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇ تىل قەدەممۇقەدەم دۆلەت تىلىغا ئايلانغان . بۇ ئەھۋال خۇددى موڭغۇللار بېسىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتىدۇ . 14 - ئەسىردە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا قۇرۇلغان قازان شەھىرىگە ئوخشاش شەھەرلەر ، قارىغاندا قۇرۇلغان چاغدىن تارتىپلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەھەرلىرى بولغان بولسا كېرەك . ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېڭى شەھەرلەر بولسا ، باتۇخان زامانىدا قۇرۇلغان شەھەرلەر ئىدى . ماناخ رۇبرۇك 1253 - يىلى موڭغۇلىيىگە كېتىۋاتقىنىدا يېڭى بىر شەھەرنى كۆرگەن . ئۇ بۇ شەھەردە تاتارلار ، ئورۇسلار ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلاش ھالدا باتۇنىڭ ئوردىسىغا كىرگەن - چىققان ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىپ ئوردىغا ئەكىرىۋاتقان ۋە ئۇزۇتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن . بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان شەھەر ،

ساراتوف شەھىرىنىڭ يېنىدىكى كېيىن مەشھۇر بولغان ئۆكەك
شەھىرى ئىدى . رۇبرۇك 1254 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن قايتىپ
كېلىۋاتقاندا بۇ يەرنى ئەسكە ئېلىپ «بۇ يېڭى شەھەر باتۇخان
تەرىپىدىن ئېتىل (ۋولگا ) دەرياسى بويىغا قۇرۇلغان ساراي شە-
ھىرى ئىدى . ساراي ۋە باتۇنىڭ بۇ يەردىكى ئوردىسى دەريانىڭ
شەرقىي ساھىلىدە» دەپ بايان قىلغان . رۇبرۇك بۇ شەھەرگە
كىرىپ ئۆتكەنىكەن . لېكىن ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ شەھەر ۋە
باتۇنىڭ ئوردىسى تەپسىلىي بايان قىلىنمايدۇ . بۇ يەرگە يېقىن
بىر جايدا ، ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەگىمىسىدە موڭغۇللار
ئىستېلاسىدىن بۇرۇنلا قانداقتۇر بىر سۇممېركەنت (Summer
kent ) دېگەن شەھەر بولغانىكەن . ئېيتىلىشىچە ، موڭغۇللار بۇ
شەھەرنى ئېلىش ئۈچۈن سەككىز يىل قورشىغانىكەن .

سۇممېركەنت دېگەن بۇ شەھەر باشقا ھېچ مەنبەلەردە تىلغا
ئېلىنمايدۇ . بىر قىسىم كىشىلەر بۇ شەھەرنى 12 ـ ئەسىردە
ئۆتكەن ئەبۇ ھەمىد گارناتى[1] نىڭ ئوغۇزلارنىڭ قولىدىكى ساقسىن
(Saqsyn ) شەھىرى ھەققىدىكى بايانلىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆ-
رۈپ ، بۇ شۇ شەھەرمىكىن ، دەپ قاراشتى . لېكىن بۇ شەھەرنى
قايسى تائىپە بىنا قىلغان ؟ ئورنى قەيەر ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر
تالاش ـ تارتىشتا قالدى . كىشىلەر بۇ شەھەرنى تولىراق يايىق
دەرياسىنىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا ياكى ۋولگا بويىدا دەپ ، شۇ
يەرلەردىن ئىزدەيدۇ (ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، 12 ـ
ئەسىردىكى ساقسىن شەھىرى مەھمۇد كاشغەريي ئەسكەرتىپ ئۆت-
كەن سۇۋار شەھىرى بىلەن بىر شەھەر بولماي قالىدۇ )[2] . شۇند-
مۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، موڭغۇللار ساقسىن شەھىرىدە
ئۇزاققا سوزۇلغان قاتتىق قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى ، دېگەن مەلۇ-
مات يوق .

① زاكىرىيە ، قازۋىن نەشرى ، 2 ـ توم ، 402 ـ بەت .
② مەھمۇد كاشغەريي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 365 ـ بەت ؛ ماركۋارتنىڭ
«ۋېنگرىيە يىللىق ژۇرنىلى» (1924 ـ يىللىق ، 275 ـ بەت )دا ئېلان قىلغان ماقالىسى .



ساراي — ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ ، تۈركلەر تەرىپىدىن
ناھايىتى بۇرۇنلا قوبۇل قىلىنغان ۋە قوللىنىلىپ كەلگەن ... 

710 ـ يىلى ، مىلادىيە 1310 — 1311 ـ يىللىرى يەنى ،
ئۆزبېكخان ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردا يېڭى ساراي
شەھىرىدە قۇيۇلغان تەڭگىلەر تۇرماقتا . بۇنىڭدىن باشقا ، مېنىڭ
بىلىشىمچە ، كونىستانتىنوپول شەھىرىدە ھىجرىيە 705 ـ يىلى ،
مىلادىيە 1305 — 1306 ـ يىللىرى يېڭى ساراي شەھىرىدە
دىنىي مەزمۇندا يېزىلغان بىر پارچە ئەسەر ساقلانماقتىكەن . «يې-
ڭى» (ئەرەبچە «الجديد» ) دېگەن بۇ سۈپەت سۆزى جەنۇبىي
روسىيىدە قۇيۇلغان تەڭگىلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇنداق
نۇرغۇن ساندىكى يېڭى شەھەرلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ قەيەردە
ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلەش تەس . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، ئوخشاش
بىر نامدىكى «يېڭى شەھەر» ، «كونا شەھەر» بىر شەھەرمۇ ياكى
ئىككىسى ئىككى شەھەرمۇ ؟ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش
تولىمۇ تەس . شۇنىسى ئېھتىمالغا بەك يېقىنكى ، بىر شەھەرنىڭ
كېڭىيىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن يېڭى شەھەر رايونى «يېڭى
شەھەر» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .

جۇجىنىڭ شەرق تەرەپتىكى زېمىنلىرىغا نىسبەتەن غەربىي
تەرەپتە باتۇخان ۋە بەرىكەخاننىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرى زامانىسىدا
شەھەر ھاياتى تەرەققىي قىلغانىدى . بىز ھازىر تەڭگىلەرگە چۈشۈ-
رۈلگەن بىر قىسىم شەھەر ناملىرىنى بىلىمىز . شۇنىسى دىققەت
قىلىشقا ئەرزىيدۇكى ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ قۇيغان تەڭگىلى-
رىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولغان . ئەمما ، تەڭگىنىڭ قىممىتى
ھەممىلا يەردە بىر خىل بولغان . بۇنىڭدىن موڭغۇللار دەۋرىدىن
بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بۆلۈنۈش دەۋرلىرىگە قارىغاندا ، موڭغۇللار
دەۋرىدە بىرلىك ئوخشاشلىقى گەۋدىلىك بولغان . موڭغۇللار تەش-
كىل قىلغان بارلىق دۆلەتلەردە تەدرىجىي ھالدا كۈمۈش تەڭگە
ئىشلىتىش سىستېمىسى يولغا قويۇلغان (جۇڭگو بۇنىڭ ئىچىگە
كىرمەيدۇ ) . بۇ كۈمۈش تەڭگىلەر ئىچىدىكى چوڭراقى دىنار ،
قىممىتى كىچىكرەكى دەرھەم دەپ ئاتالغان . بىر دىنار ئالتە



دەرھەمگە تەڭ ئىدى . بۇ بىرلىك كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ،
پېرسىيىدىمۇ قوبۇل قىلىنغان . بۇنىڭ ئۆزى جۇجى ئەۋلادلىرى
دۆلەتلىرىنىڭ ، بولۇپمۇ خارەزىم دۆلىتىنىڭ تاشقى سودىسىدا زور
ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر . بۇ دەۋردە تەڭگىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ،
ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن خەتلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ، تەڭگىلەرنىڭ چې-
تىگە چىقىرىلغان نەقىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەربىر شە-
ھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەنئەنىلىرى بار ئىدى . بۇ مۇناسىۋەت بىلەن
يەنە بەزى شەھەرلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئارقىلىق جۇجى ئەۋلادلى-
رى دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلەش مەسىلىسى
ئوتتۇرىغا چىقتى . كېيىنكى چاغلاردا ساراي شەھىرى ۋە باشقا
شەھەرلەردىن تېپىلغان تەڭگىلەرگە ئاساسەن ئالتۇن ئوردا مەدە-
نىيىتى مۇلاھىزە قىلىندى . ئالتۇن ئوردا خانلىقى باتۇخان قۇر-
غان دۆلەتنىڭ نامى بولۇپ ، رۇس يىلنامىلىرىدا ئەنە شۇنداق
ئاتىلىدۇ . مېنىڭ بىلىشىمچە ، شەرق مەنبەلىرىدە بۇ نام ئۇچرى-
مايدۇ . تاتار خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدىمۇ تالاش ـ تارتىش-
لار بولۇۋاتىدۇ . ئىسلام دىنى ۋە تۈركىي تىللارنىڭ غەلىبىسى
بىلەن ئاخىرلاشقان مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە ، قارىغان-
دا ، خېلى ئۇزاقلارغىچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك
ئوخشايدۇ . ئۇ شەھەر ياكى بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ قايسى مىللەت-
كە تەۋەلىكى ، مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەدرىجىي
تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئىنچىكە
تەتقىق قىلىش لازىمدەك قىلىدۇ .

ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا موڭغۇل تىلى ئاساسىي ئورۇندا
تۇرمىغان ، بەلكى تۈركىي تىل ئاساسىي ئورۇنغا چىققانىدى .
بولۇپمۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ موڭغۇلىيە بىلەن مۇناسىۋىتى
ئۈزۈلگەندىن كېيىن تۈركىي تىلنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈل-
گەن . باتۇخان ۋە بەرىكەخانلار ھايات چاغلىرىدا پۈتۈن ئىمپېرىيە-
گە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن موڭغۇلىيە-

گە بېرىش ئىشلىرى بولغانىدى . رۇبرۇك 1253 ـ يىلىغا ئائىت
بايانلىرىدا پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى باتۇخان تەسىرىدىكى
يەرلەر ۋە موڭغۇلىيىدە تۇرىدىغان مۆڭكەخان تەسىرىدىكى يەرلەر
دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ . مۇشۇ خىل بۆلۈشتە چېگرا تالاس ۋە
چۇ دەريالىرىنى ئاساس قىلغانىكەن . مۇسۇلمان ئاپتورلارمۇ ماۋە ـ
رائۇننەھىردىكى شەھەرلەرنىڭ باتۇخاننىڭ ئىلكىدە بولۇپ ، كې ـ
يىن بەركەخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ .
1260 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئالغۇ (ئەسلى
موڭغۇلچە تەلەپپۇزى بويىچە بولغاندا «Alhun» يەنى
«ئالخۇن» بولۇشى كېرەك — تەھرىردىن ) ھاكىمىيىتى مەيدانغا
كەلدى . ئالغۇ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ بالى ـ
سى بولۇپ ، بۇنىڭ ھاكىمىيىتى بۇرۇن ئالتۇن ئوردا خانلىقى
تەركىبىگە كىرگەن بەزى يەرلەرنىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى .
ئالغۇ يەنە خارەزىمنىمۇ بويسۇندۇرۇۋالغان ۋە بەركىگە تەۋە ئوت ـ
رار شەھىرىنىمۇ تارتىۋالغانىدى . ئەمما ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ،
بۇ جايلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن
بولسىمۇ ، لېكىن ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ كۈچى شەرققە كېڭى ـ
يەلمىگەنىدى . بەركە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى چاغلار (1257—
1266 ـ يىللار )دا ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى موڭغۇل
ئىمپېرىيىسىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق شەخستىن مۇستەقىل ھۆكۈم ـ
رانغا ئايلانغانىدى[1] . گەرچە موڭغۇلىيىدىكى كېيىنكى خان مۆڭ ـ
كۇ تۆمۈر (1266 — 1280 ـ يىللار ) ئۆز نامىدا تەڭگە قۇيدۇر ـ
غان بولسىمۇ ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا شەكلەن ھالدا جۇجى
جەمەتىدىن بولغان ھەممە خانلار ، ھەتتا شىبانخان ئەۋلادلىرىمۇ
بويسۇنىدى . بەزى تارىخچىلار ئالتۇن ئوردىنى «كۆك ئوردا» دەپ
ئاتايدۇ ۋە بۇ يەردە موڭغۇلچە ئەمەس ، بەلكى «كۆك» ، «ئاق»
دېگەن تۈركىي سۆزلەرنى قوللىنىدۇ . لېكىن بەزى مەنبەلەردە

① بارتولد : «بەركە» ، 503 — 507 ـ بەتلەر .



تىلغا ئېلىنىدىغان «كۆك ئوردا» ئاتالغۇسى ، ئورداخان ئەۋلادلى ـ
رىنىڭ يەرلىرىگە قارىتىلغان . 15 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن
نامسىز بىر تارىخچى[1] ئاق ئوردا (شەرق تەرەپتىكى ئوردا ) ، كۆك
ئوردا (غەرب تەرەپتىكى ئوردا ) دەپ بۆلۈش ، پەقەت توختاخان
دەۋرى (1290 — 1312 ـ يىللار )دە پەيدا بولغان ، دەپ مۇقىم ـ
لاشتۇرىدۇ (بۇ خاننىڭ موڭغۇلچە ئېنىق ئىسمى پېرسىيىدىكى
موڭغۇل خانىنىڭ فرانسىيە كارولىغا 1305-يىلى يازغان خېتىگە
قارىغاندا توقتاغا ئىكەن ) . بۇنداق بۆلۈش ، مەزكۇر خان ئىسيان
كۆتۈرگەن شاھزادە نوغاي بىلەن ئۇرۇشقاندىن كېيىن بولغان
(ئىسيانچى شاھزادە نوغاي 1300 ـ يىلى جەڭدە ئۆلگەن ) . مۇشۇ
مەنبەگە ئاساسلانغاندا ، ئاق ئوردا خانلىرى نوغاينىڭ ئەۋلادلىرى
بولۇپ چىقىدۇ . بىراق بۇ ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس . بۇ
ئەھۋال پېرسىيىدىكى تارىخچىلار (نامسىز تارىخچى شۇ يەردە
ئۆتكەن )نىڭ جۇجى ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخىنى خاتا تەسەۋۋۇر قىلى ـ
غانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئەبۇلغازى ، شىباننىڭ يەرلىرىنى
ئاق ئوردا ، دەپ ئاتايدۇ . ئورداخان ۋە شىبانخاننىڭ يەرلىرىنى
نەزەرگە ئالمىساق ، ئۇ چاغدا ئالتۇن ئوردا خانلىقى باشقا چىڭگىز
ئەۋلادلىرىغا قارىغاندا دەسلەپتىلا ئىستىپاقلاشقان بىر پۈتۈن دۆ ـ
لەت بولغان بولىدۇ . ئايرىم جايلاردا ئۆز ئالدىغا ئوردا قۇرۇپ ،
مۇئەييەن ھەربىي قوشۇنغا ئىگە بولغان شاھزادىلەرمۇ بولغان .
ئەمما ئۇلار خانغا ئىتائەت قىلغان . مىسىر ئاپتورلىرىنىڭ
بىرسى قىرىمدىكى سۇداق (Sudaq ) شەھىرىنىڭ سودا ـ تىجا ـ
رىتى ھەققىدە توختىلىپ ، بۇ يەردىكى سودىدىن كىرگەن پايدىنى
تۆت نەپەر تاتار پادىشاھى بۆلۈشۈۋالىدىكەن ، دەپ يازغان[2] . لې ـ
كىن دوناي دەرياسىدىن خارەزىم ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى

① بۇ نامسىز تارىخچى ، ئېھتىمال برائون نەشرگە تەييارلىغان «دۆلەتشاھ» ناملىق ئەسەر ـ
نىڭ 371 ـ بېتىدە تىلغا ئېلىنغان مۇئىنىددىن ناتانزى بولۇشى مۇمكىن .
② خرىستىئان دىنىدىكى ئاپتور مۇفاددال (مۇقەددىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇ ـ
چى ) ، (بروككېلمان ، Bdl.GAL ، 348 ـ بەت ) .

ئېقىنىغىچە بولغان كەڭ يەرلەردە موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇن
قۇرۇلغان قۇدرەتلىك سۇلالىلەر ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەر-
مەيدۇ[1] .

موڭغۇللار ئالتۇن ئوردىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئېلىپ كەلدى
ۋە بۇ يېزىقنى ئۇلار بويسۇندۇرۇۋالغان ھەممىلا يەرلەرگە تارقات-
تى . بۇ يېزىقنىڭ قىپچاق ئەللىرىدە تارقالغان - تارقالمىغان-
لىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق . ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ
14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىدا چۈشۈرگەن يارلىق-
لىرى بىزگە قەدەر يېتىپ كەلدى . توقتامىش خاننىڭ[2] كېيىنكى
قويدۇرغان تەڭگىلىرىمۇ شۇ دەۋرگە مەنسۇپتۇر . بۇ تەڭگىلەرگە
شۇ خاننىڭ ئىسمىمۇ ئۇيغۇرچە يېزىقلار بىلەن يېزىلغان . ئۇيغۇر-
چە ھەرپلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ساراي شەھىرىدە قۇيۇلغان
بەزى تەڭگىلەردىنمۇ كۆرىمىز . بۇ تەڭگىلەرگە چۈشۈرۈلگەن خان-
لارنىڭ ناملىرى موڭغۇللار تەرىپىدىن ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەر
تەرىپىدىن تەلەپپۇز قىلىنغاندا ، ئېھتىمال ، ئەرەب يېزىقى بىلەن
يېزىلغان شۇ ناملارغا قارىغاندا ، پەرقلىقرەك تەلەپپۇز قىلىنغان
بولسا كېرەك . مەسىلەن ، جانىبەكخان (1341 — 1357 -
يىللار ) ئۇيغۇرچە ھەرپ بىلەن «چانبېك» دەپ يېزىلغان . ئەبۇل-
غازىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، موڭغۇل تىلى 15 - ئەسىردىلا
پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىشلىتىلىشتىن توختاپ قالمىغان . ئەمما بۇ-
نىڭغا ئىسپات يوق . ئالتۇن ئوردىدا موڭغۇلچە سۆزلەر ئويۇلغان
تەڭگىلەرنىڭ بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس . بىزگە «قۇتلۇق بول-
سۇن» دېگەن تۈركچە سۆزلەر يېزىلغان تەڭگىلەر يولۇقىدۇ ، بۇ
تەڭگىلەر نىسبەتەن كېيىنرەك قۇيۇلغان بولسا كېرەك . ئۇنىڭ
ئۈستىگە ، تەڭگىدە شەخسنىڭ نامى كۆرسىتىلمىگەن . ئىبن بەت-
تۇتا ئۆزبېكخاننىڭ ئوردىسىغا كەلگەندە ، ئۇ يەردە پەقەت تۈركچە

① گرىكوف ۋە ياكۇبوۋسكىلارنىڭ «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 - توم ، 564 — 567 - بەتلەر .



سۆزلەرنىلا ئاڭلىغان . مەسىلەن ، ئۇلۇخاتۇن (چوڭ خاتۇن ) ،
كۈچۈك خاتۇن (كىچىك خاتۇن ) قاتارلىقلار . خان ئۆزىنىڭ دى-
نىي ئۇستازىنى ئاتا ، دەپ ئاتايدىكەن . تۈركىي تىل مۇسۇلمانلار
ئىبادەت قىلغاندىمۇ ئىشلىتىلگەن . ئازاق شەھىرىدە ، خاتىپ ،
ئىبن بەتتۇتانىڭ ئالدىدا ۋەز ئېيتقاندا ئەرەبچە ۋەز ئېيتقان ۋە
سۇلتانغا — ئۆزبېكخانغا ھەمدە ئازاق ئەمىرىگە (بۇ ئادەم ئەسلىي
خارەزىملىك ئىكەن ) ۋە شۇ سورۇندىكى ھەممەيلەنگە دۇئا قىل-
غان ، ئاندىن بۇ ۋەز - دۇئالىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان .
بۇ ئىشلار مەسچىتتە ئەمەس ، چوڭ بىر زىياپەت سورۇنىدا بولغا-
نىكەن . قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن كى-
شىلەر ئاۋۋال ئەرەبچە ، كېيىن پارسچە ۋە تۈركچە ناخشا ئېيت-
قان . ئىبن بەتتۇتا قوشۇمچە قىلىپ كىشىلەر ئۇ ناخشىنى ئەرەبچە
«قەۋل» (qawl ) ، پارسچە ۋە تۈركچە «ئەلمۇلەمما» (al —
mulamma ) دەپ ئاتايدۇ ، دەيدۇ . ئەرەبچە «قەۋل» دېگەن سۆز-
نىڭ مەنىسى : ھەر خىل رەڭدىكى ، ئارىلاش ، ئالىيېشىل ، دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدىكەن . كېيىنچىرەك ، سۆز سۆزلىگەندە ئەرەبچە ،
پارسچە ، تۈركچە سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان كىشى-
لەرنىڭ سۆزىنى ئەلمۇلەمما ، دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان .

ئىسلام دىنىنىڭ خارەزىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆرسەتكەن
تەسىرى ۋولگا بۇلغارلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك
بولغان بولسا كېرەك . يەرلىك تۈركىي خەلقلەر — قىپچاقلار
موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇنلا رۇسلار ۋە غەربىي ياۋروپادىن ئىبا-
رەت ئىككى تەرەپتىن خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان .
بۇ خىل تەسىر موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ داۋام قىلغان . بۇنى 13 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈزۈلگەن كومان (قىپچاق ) تىلى لۇغى-
تىدىن كۆرگىلى بولىدۇ . مەزكۇر لۇغەتتە ئىنجىلنىڭ ۋە كاتو-
لىك دىنى مۇناجاتلىرىنىڭ تۈركىي تىلدىكى تەرجىمىلىرى

① گابائىن : «قۇمانچە مەنبەلەر» .

بېرىلگەن[1] . بۇ تەرجىمىلەر شۇنداق سۇپەتلىك تەرجىمە قىلىنغانـ
كى ، بۇنىڭدىن دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تۈركىي تىلنى پىششىق
بىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئىبن بەتتۇتا قىرىمدا ۋە كرىچ
بىلەن كاففا ئارىلىقىدا قىپچاقلارنى كۆرگەن . قىرىمدا باشقا مىلـ
لەتلەردىن بولغان يەرلىك خرىستىئانلارمۇ بولغانىكەن . 1382 ـ
يىلىنىڭ بېشىدا مىسىرغا كېيىن سۇلتان بولغان بارقۇق
(Barquq) نىڭ ئاتىسى ئەسلىي قىرىملىق ئاناس دېگەن كىشى
ۋاپات بولغان . ئېيتىلىشىچە ، بۇ ئادەم بۇرۇن خرىستىئان دىنىي
مۇرىتى ئىكەن ، كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىكەن . ئۇ
مىسىردا تۇرۇپمۇ ئەرەبچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىكەن . تۈركچىـ
نىمۇ ياخشى سۆزلىيەلمەيدىكەن ، پەقەت چېركەس تائىپىسىنىڭ
سۆزىنىلا ياخشى سۆزلىيەلەيدىكەن[1] .

شۇ چاغلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانـ
لىقى سەۋەبلىك ، خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە قىپچاقلاردىنمۇ
كۆچلۈك ۋە ئۇزاق ئۇچرىغان بىر قىسىم تائىپىلەرمۇ ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلدى . ئالانلارنى (ياكى ئاسلارنى ) رۇبرۇك
خرىستىئان تائىپىلىرى دەپ كۆرسىتىدۇ . ئىبن بەتتۇتا بولسا ،
ساراي شەھىرىدە مۇسۇلمان بولغان ئاسلارنى كۆرگەنىكەن .
خرىستىئانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ھېچقانداق زوـ
راۋانلىق ۋاستىسى قوللىنىلغان ئەمەس . خرىستىئانلارنىڭ دىـ
نىي باشلىقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئالۋان ـ سېلىقـ
لاردىن ئازات قىلغانىكەن . 1261 ـ يىلى ، مۇسۇلمان بەرىكەخان
ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە پراۋوسلاۋ دىنىنىڭ ئۆلىـ
مالىرىغا ساراي شەھىرىدە تېگىشلىك تەۋەلىك يەرلەر كۆرسىتىپ
بېرىلگەن .

بەرىكەخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا

[1] كۆپرۈلۈنىڭ قولىيازمىسى ، ھىجرىيە 783 ـ يىلى (زاخاۋنىڭ «تارىخى ئەل ئىسلام» نىڭ داۋامىغا قاراڭ ) ؛ بروككېلمان ، «ئەرەبچە مەنبەلەر» ، 1 ـ توم ، 47 ـ بەت .



ھەر خىل مەلۇماتلار بار . ئەبۇلغازىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ،
بەرىكە خان بولغاندىن كېيىن ، بۇخارادىن كەلگەن كارۋانلار ئىدـ
چىدىكى ئىككى سودىگەرنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلغان . يەنە بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، بەرىكە خانلىق تەختىگە
ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋاللا خوجەند ياكى بۇخارادىكى مۇسۇلمان شەيخـ
لەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىكەن (مەشھۇر سەيپىددىن باھارزىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىغان دېگۈچىلەرمۇ بار ؛ بۇ ئادەم 1261 ـ يىلى
ئالەمدىن ئۆتكەن ) . راشىددىدىن بايان قىلغان ئوغۇزخان توغرىدـ
سىدىكى ، ئوغۇزخان كىچىك چېغىدىلا ، تېخى ئىسلام دىنىغا كىرـ
مىگەن ئانىسىنىڭ سۈتىنى ئېمىشكە ئۇنىمىغان ، دېگەن رىۋايەت ،
بەرىكەخان توغرىسىدىكى رىۋايەتتۇر ، دېگۈچىلەرمۇ بولغان . رۇبىـ
رۇكنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، بەرىكەخان 1253 ـ يىلى باتۇـ
خان ھايات چېغىدىلا ئىسلام دىنىغا كىرگەنىكەن . ئۇنىڭ ئوردىـ
سىدا چوشقا گۆشى قاتارلىق ئىسلام دىنىدا ھارام دېيىلگەن گۆشـ
لەر ئىشلىتىلمىگەنىكەن . مەلۇمكى ، ھازىرقى كۈندە ئىسلام دىـ
نىدىكى بۇ تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا ھەتتا بۇ
تەلەپلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسىرەك يەرلەردىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل
قىلىنماقتا . مەسىلەن ، جۇڭگودا مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىلەر
ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن گۆشنى ئىستېمال قىلىدۇ . مۇشۇنداق
شارائىتتىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى تەلەپ قىلىـ
نىدۇ . بەرىكەنىڭ ئوردىسى شۇ چاغلاردا دەربەند بىلەن ۋولگا
دەرياسى ئارىلىقىدا بولغانىكەن . رۇبرۇكنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ،
بۇ يەردىن پېرسىيىگە ۋە تۈركىيىگە بارىدىغان يول ئۆتىدىكەن .
باتۇنىڭ ئوردىسىغا كەلگۈچە ، ۋەكىللەر يول ئۈستىدە بەرىكەگىمۇ
سالام ـ ئېھتىرام قىلىپ ئۆتكەچ ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ
سالاملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ ئۆتىدىكەن . رۇبىـ
رۇكنىڭ قوشۇمچە قىلىشىچە ، باتۇ سوۋغا ـ سالاملارنىڭ تېگىشـ
لىك جايغا تولۇق تاپشۇرۇلۇشى ئۈچۈن بەرىكەنى ۋولگا دەرياسىـ

نىڭ سول قىرغىقىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىكەن .
بەركەخان پېرسىيەدىكى موڭغۇللار بىلەن بولغان زىددىيەت -
توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن مىسىر سۇلتانلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنى
كۈچەيتكەن . ئۇ يەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى بىر نەچچە قېتىم
قوبۇل قىلغان . بۇ كەلگەن ئەلچىلەر بەركەخان ئوردىسىدىكى
ئەھۋاللار ۋە بەركەخانىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ، خۇلقى قاتارلىقلار
توغرىسىدا بىرمۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇر-
غان . بەركەخان ئۆزى مۇسۇلمان بولغاندىن باشقا ، ئۇنىڭ ئايالل-
رىمۇ ، ئومۇمەن ، خان جەمەتىنىڭ ھەممىسىلا ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلغانلار ئىكەن . ئوردىدىكى ئەمىرلەرمۇ مۇسۇلمان ئى-
كەن . بۇ يەردە ئىمام - مەزىنلەر بار ئىكەن . خان جەمەتىگە
دىنىي تەلىم - تەربىيە بېرىدىغان ئۆلىمالار بار ئىكەن . خان
جەمەتىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر بار ئىكەن . قۇر-
ئان ئوقۇتۇلىدىكەن . ئەينى ۋاقىتتا ، ئىسلام دىنىغا يات ئۆرپ -
ئادەتلەرگىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىنغان . بولۇپمۇ موڭغۇلىيەدە تې-
خىمۇ شۇنداق بولغان . ئىسلام ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قارىمۇقارشى
ئۆرپ - ئادەتلەرگىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىنغان . مەسىلەن ، مى-
سىردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ : ئېرىقتىكى ئېقى-
ۋاتقان سۇدا كىيىم - كېچەك يۇماڭلار ، يۇيۇشقا توغرا كەلسە ،
«كىشىلەر كۆرمىگەندە ، يوشۇرۇن ھالدا» يۇيۇشقا بولىدۇ ، دەپ
ئېيتقان[①] . بەركەخان ئالتۇن ئوردىدىن كېلىپ مىسىرغا بارىدى-
غان زاماندا شلىرىدىن ئۇلارنىڭ مىسىرغا بارغاندا تېخىمۇ تىرىش-
چانلىق بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشىنى كۈچلۈك تەلەپ
قىلغانىكەن . كىشىلەرگە مەلۇمكى ، بەركەخان ئۆزىنىڭ قىزىنى
سۇلتان بايبارس (1260 — 1277 - يىللار )قا ياتلىق قىلغان .

① موڭغۇللاردا ، ئېقىن سۇدا كىيىم - كېچەك يۇيسا تەڭرىنىڭ غەزىپى كېلىدۇ ، چاقماق
چاقىدۇ ، دەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار . بۇ ئادەت چىڭگىزخان دەۋرىدە قانۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈل-
گەن . لېكىن ئېقىن سۇنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، بۇ ئادەتنى ئىسلام ئۆرپ
- ئادەتلىرىگە قارىمۇقارشى دېيىش خاتا — تەھرىردىن .



ئۇنىڭدىن بايبارسنىڭ بىرىنچى ۋارىسى سەئىدخان مۇھەممەد تۇ-
غۇلغان . ئۇ يەنە ناسىرىددىن بەركەخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئەھۋال-
لارغا قارىغاندا ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمىدىن باشقا ، يەنە موڭ-
غۇلچە ئىسمىمۇ بولغان بولسا كېرەك . مىسىر تارىخچىسى قۇتۇبى
ئۇنى ھىجرىيە 658 - يىلى ، يەنى مىلادىيە 1260 - يىلى
تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايدۇ (قۇتۇبىنىڭ «ئۇيۇنۇتتەۋارىخ» دېگەن
كىتابىنىڭ قولىيازمىسى كونىستانتىنوپولدا ساقلانماقتا[①] . ئەمما
بۇ كۆرسىتىلگەن ۋاقىت توغرا بولۇشى ناتايىن . چۈنكى بەركە-
خان بىلەن مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت 1262 -
يىلىلا باشلانغانىدى . ياش سۇلتان 1279 - يىلى ئۆزىنىڭ ئانىسى
يەنى بەركەخانىنىڭ قىزى بىلەن دەمەشىق شەھىرىگە كەلگەن .
ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇرىيەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن . سۇلتان ئاند-
سىنى ئەلچى قىلىپ قوزغىلاڭچىلارغا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن
ئەۋەتكەن . بۇ ئايال ئۇ يەرگە بارغاندا ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ئالدىغا
چىقىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ ، ئېگىلىپ يەرلەرنى سۆيگەن ، ئەل-
چى ئايال كەلگەن هارۋىنىڭ ئالدىغا پاياندازلار سېلىپ قارشى
ئالغان . بۇلار شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئىكەن . بۇ
سۆھبەت ، خانىشنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلى ، ئو-
ڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان . سۇلتان ئارقىدىن ئانىسىنى قاراق نامى-
دىكى قەلئەگە ئەۋەتكەن . كېيىن سۇلتانىنىڭ ئۆزىمۇ شۇ يەرگە
سۈرگۈن قىلىنغان . قۇتبىنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، سۇلتان
قولى ئوچۇق ، رەھىمدىل ئادەم بولۇپ ، ھېچقاچاندا قاتتىق قول-
لۇق قىلمىغانىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خاراكتېرىنى قاراق قەلئەسى-
دىمۇ ئىپادىلىگەنىكەن . بىراق ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى قېيىنئاتى-
سى قالاۋۇننىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويغان . شۇ چاغدا ھاكىمىيەت
مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ ، 1280 - يىلى 3 - ئايدا
سۇلتان ئالەمدىن ئۆتكەن . كىشىلەرنىڭ قارىشىچە ، شۇ چاغلاردا

① كۆپرۈلۈ ، 1121 - بەت ؛ بروككېلمان : «ئەرەبچە مەنبەلەر» ، 2 - توم ، 48 - بەت .

مەزكۇر سۇلتان قالاۋۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن زەھەر بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى — قالاۋۇننىڭ قىزى رازىيە خاتۇن ئېرىنىڭ دەردىدە ، ئۆلگۈچە يىغلاپ ئۆتكەن (رازىيە خاتۇن 1288 ـ يىلىغىچە ياشىغان ) . 1281 ـ يىلى ، سۇلتاننىڭ ئانىسى ئوغلىنىڭ جەسىتىنى دەمەشىققە يۆتكەپ كېلىپ ئاتىسى بايبارسنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا قويغان .

بەركەنىڭ ئوردىسىغا كەلگەن مىسىر ئەلچىلىرى ئېنىق قىلىپ : بۇ خاننىڭ ئوغلى يوق ، پەقەت قىزىلا بار ئىدى ، دەپ مەلۇمات بېرىدۇ . قۇتبى بولسا : 1280 ـ يىلى قاھىرەدە ، سۇلتاننىڭ ئانا تەرەپتىن بولغان تاغىسى ئەمىر بەدرىددىن مۇھەممەد ئالەمدىن ئۆتتى ، ئۇ بەركەخاننىڭ ئوغلى ئىدى ، دەپ يازىدۇ ۋە : بۇ كىشى ئەرەب تىلىدا شېئىر يازاتتى ، يازغان شېئىرلىرى ئىككى توم بولۇپ نەشر قىلىنغانىدى ، يەنە بىرمۇنچە دىنىي ئەسەرلەر يازغان ، قۇرئاننىڭ تەپسىرىنىمۇ يازغانىدى ، بۇ ئادەم توساتتىن قاھىرەدە ۋاپات بولغان ، ۋاپات بولغاندا تېخى 50 ياشقىمۇ توشمىغانىدى ، دەپ يازىدۇ (ئۇ بىر كۆۋرۈكتىن يىقىلىپ كېتىپ ئۆلگەن ) .

بەركەخان ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى مۇسۇلمان ئەمەس خانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن . ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا ئىسلام دىنى پەقەت ئۆزبېكخان زامانىسىدىلا (1312 ـ يىلى ياكى 1313 ـ يىلىدىن 1340 ـ يىللار ئارىلىقىدا ) مۇستەھكەم ئورۇنغا ئىگە بولغان . ئىبن بەتتۇتانىڭ يېزىشىچە ، ئۆزبېكخانغا سەئىدلەردىن كېلىپ چىققان ئابدۇلھەمىد دېگەن ئۆلىما دىنىي تەلىم بېرىدىغان ئۇستاز بولغان . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ، ئۆزبېكخان تۈركىستانلىق شەيخ سەئىد ئاتانىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ، دېگەن گەپلەرمۇ بار (بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىكەن ) . بۇ شەيخ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۆزبېكخانغا ، سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبېكخان ، دەپ ئات قويغانىكەن . شەيخ سە-



ئىد ئاتا تاشكەنت شەھىرىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان زەڭگى ئاتانىڭ شاگىرتى ئىكەن . بۇ ۋەقە ھىجرىيە 720 ـ يىلى توخۇ يىلىدا (مىلادىيە 1321 ـ يىلى ) يۈز بەرگەنىكەن[1] . يەنە بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە ، بۇ ئەۋلىيا كېيىن ئۆزبېكخان قارىمىقىدىكى ئادەملەرنى ماۋەرائۇننەھرگە ئېلىپ كەتكەن . بۇ يەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن خەلق كېيىن ئۆزبېك ، دەپ ئاتىلىپ كەتكەن . بۇ شەيخكە ئەگەشمەي تۈركىستاندا قالغان خەلقلەرمۇ بار ئىكەن . بۇ قېپقالغانلار «قالماق» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن (بۇ سۆز «قالماق» پېئىلىدىن كېلىپ چىققانىكەن ) . بۇ رىۋايەت ئەلۋەتتە بىر خىيالىي توقۇلما ، ئەمما ئۆزبېك دېگەن مىللەت نامىنى ئۆزبېكخان ئىسمىدىن كېلىپ چىققان ، دېگەن گەپنى باشقا مەنبەلەردىنمۇ ، جۈملىدىن ئەبۇلغازىنىڭ يازغانلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى )نى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنى ، قارىغاندا ، قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئوخشايدۇ . بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى نۇرغۇن ئالىملار ، شۇ جۈملىدىن رادلوفمۇ قوبۇل قىلغان . «ئۆزبېك» ئۆزىگە ئۆزى بەگ ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا ، دەپ مۇھاكىمە قىلىنغانىكەن . 15 ـ ئەسىرنىڭ تارىخچىلىرى دۆلەتنى كۆپىنچە «ئۇلۇس» دەپ ئاتاشقان . جۇجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى «ئۆزبېك خان ئۇلۇسى »دەپ ئاتىغان . ئوتتۇرا ئاسىيادا كېيىنچە كىشىلەر «ئۆزبېك» ئاتالغۇسىنى مىللەت نامى سۈپىتىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ نامى — «چاغاتاي» ئاتالغۇسىغا قارشى قويىدۇ . بۇ تۈركىستاندىكى يەرلىك كۆچمەن خانلارنىڭ ھەربىي كۈچىگە قارىتىلغان سۆز ئىدى .

ئوتتۇرا ئاسىيا شەيخلىرى ، ئالتۇن ئوردا خانلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇردى . 1360 ـ يىلى ساراي شەھىرىگە بىر مەزگىل

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 106 ـ بەت .

ئەزىزخان دېگەن كىشى ھۆكۈمران بولۇپ تۇردى (شۇ ۋاقىتلاردا قويۇلغان تەڭگىلەرگە بۇ ئادەم ئەزىز شەيخ دەپ يېزىلغان) . مەزكۇر خان ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى سەئىدئاتا ، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا ، سەئىد مەھمۇد يەسسەۋىنىڭ تەنقىدى ۋە كىنايىلىرىگە ئۇچرىغانىدى . مەھمۇد يەسسەۋى بولسا ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئەۋلادى ئىدى . ئەزىزخان سەئىدنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ ، بۇرۇنقى قىلغان ئىشلىرىغا توۋا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە قىزىنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بەرگەنىدى . ئەمما ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ،ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشنى باشلىغان ۋە ئاخىرى ئۆلتۈرۈلگەن[①] . 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئۆزبېكخان ئۇلۇسىنىڭ ھەربىي تەشكىلىگە تەۋە بارچە ئاھالە ، بىر خەلق دەپ قارالغان . ئالتۇن ئوردا خانلىقى پارچىلىنىپ ، ئۇنىڭ بەزى يەرلىرى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن «ئۆزبېك» سۆزى بىر خەلق ۋە دۆلەت نامى سۈپىتىدە جەنۇبىي روسىيىدە ئىشلىتىلىشتىن پۈتۈنلەي قالدى . بۇ نام پەقەت تۈركىستانغا ئۆتۈپ قالغان قەبىلىلەردىلا ساقلىنىپ قالدى . ئەمما رۇسلار ، ئالتۇن ئوردا ئاھالىسىنى دۆلەت تىلى موڭغۇل تىلى بولغان چاغلاردىمۇ ۋە پۈتۈن خانلىق دائىرىسىدە تۈركىيلىشىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىنمۇ يەنىلا تاتارلار دەپ ئاتاۋەردى . رۇسلار تاتار ئاتالغۇسىنى ئۆزلىرى 15 — 16 ـ ئەسىرلەردە مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن بارلىق خانلىقلارنىڭ ئاھالىلىرىگە قوللاندى . رۇسلار مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەن بۇ خانلىقلار ئىچىگە قىرىم خانلىقى ، قازان خانلىقى ، ئاستىراخان خانلىقى ۋە سىبىر خانلىقلىرى كىرىدۇ . بۇ خانلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خانلىق ، ئېنىقكى ، قىرىم خانلىقىدۇر . شۇڭا بۇ يەردە «تاتار» ئاتالغۇسى باشقا يەر-

① «شەجەرەئىي تۈرك» ، 139 ـ بەت ، ⑯ ئىزاھقا قارالسۇن .



لەرگە قارىغاندا ھەممىدىن مەھكەم ئورناشتى . قىرىملىقلارنى رۇسلاردىن باشقا ، ئوسمان تۈركلىرىمۇ تاتار ، دەپ ئاتىغان . ئوسمانلى تۈركلىرى 1475 ـ يىلى قىرىم خانلىقىنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇۋالغانىدى . كۆپچىلىككە مەلۇمكى ، قىرىملىقلار ئۆزلىرىنى «تاتار» دەپ ئاتاشتىن ۋاز كېچىپ ، ئۆزلىرىنى «تۈركلەر» دەپ ئاتاۋاتىدۇ . ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى يەرلىك زىيالىيلار ئۇزاققا سوزۇلغان مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە ، «تاتار» ئاتالغۇسىنى ئۆز خەلقلىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ۋە مۇشۇنداق قاراش بويىچە «تاتار جۇمھۇرىيىتى» مەيدانغا كەلدى . رۇسلار بىر چاغلاردا «تاتار» ئاتالغۇسىنى ناھايىتى كەڭ مەنىدە چۈشىنىپ كەلگەنىدى . رادلوفمۇ بىر چاغلاردا ئۆزبېكلەرنى ۋە ئومۇمەن تۈركىي تىللاردا سۆزلەشكۈچى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنى تاتار ، دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىسىمغا مۇئەييەن ئېنىق بىر مەنە بېرىشكە ئىنتىلىشلەر بولدى . لېكىن ھازىرقى ۋاقىتتا تاتار تائىپىسىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تىل جەھەتتىكى پەرقلىرىنى باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرغان ھالدا تولۇق بېكىتكىلى بولارمۇ ، بۇنىسى نامەلۇم .

15 ـ ، بولۇپمۇ 16 ـ ئەسىرلەردە تاتارلاردىن باشقا ، يەنە ئېتنوگرافىيە جەھەتتىلا ئەمەس ، بەلكى سىياسىي جەھەتتىنمۇ بىر بىرلىك بولۇپ شەكىللەنگەن ھەم ئۆزلىرىنىڭ خانلىرى بولغان «نوغاي» دېگەن خەلق ـ تائىپە تىلغا ئېلىنىدۇ . نوغايلارنىڭ مەركىزى شۇ چاغلاردا يايىق دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا سېلىنغان سارايچىق (سارايچىق كىچىك ساراي دېگەن مەنىدە) شەھىرى ئىدى . بۇ يەرگە ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ جەسەتلىرى قويۇلغان . ئەبۇلغازىدىن باشلاپ ، تارىخچىلار ساراي شەھىرىنى سارايچىق شەھىرى بىلەن ھەمىشە ئالماشتۇرۇپ قويغان . رۇس تارىخى ئىلمىدىمۇ بەزىدە سارايچىق بىلەن يېڭى ساراي ئىككىسى بىر يەر ، دېگەن قاراشلارمۇ بولدى . نوغايلارنىڭ بۇ يەردىكى سىياسىي تە-

سىرىگە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يايىق كازاكلىرى
(تارىختىكى رۇس دېھقانلىرى)نىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەيدانغا كې-
لىشى بىلەن خاتىمە بېرىلدى . بۇ كازاك قوشۇنلىرى دەسلەپكى
مەزگىللەردە موسكۋادىكى رۇس پادىشاھلىرىغا بويسۇنماي ، ئۆز
ئالدىغا مۇستەقىل بىرلىك بولۇپ تۇراتتى . كېيىن ، 17 ـ ئە-
سىردىن كېيىن موسكۋا پادىشاھلىرىغا بويسۇندىغان بولدى . شۇ-
نىسى ئەجەبلىنەرلىككى ، «نوغاي» ئاتالغۇسىنى شۇ چاغلاردا پە-
قەت رۇسلارلا قوللانغانىدى . شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخىي مەنبەلى-
رىدە ، جۈملىدىن ، ئەبۇلغازى نوغايلارنى «ماڭغىتلار» دەپ ئاتاي-
دۇ . ماڭغىت سۆزى ئەسلىدە تۈركىيلەشكەن بىر موڭغۇل تائىپە-
سىنىڭ نامى ئىكەن . ئەمما ھازىر ، «نوغاي» ئاتالغۇسى روسىيە-
دىكىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭرەك مەنىدە قوللىنىلىدۇ .
ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋولگا تاتارلىرىمۇ نوغاي دەپ ئاتىلىدۇ . ھازىر
جەنۇبىي روسىيىدە قىرىم ۋە شىمالىي كافكازدىكى مۇئەييەن
بىر تائىپە ـ خەلق «نوغاي» دەپ ئاتىلىدۇ . موڭغۇللار دەۋرىدە
شەكىللەنگەن نوغاي تائىپىسىنىڭ تىلى موڭغۇللار كەلگۈچە بول-
غان ئارىلىقتىكى قىپچاق تىللىرىدىن ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان
قۇمىق ، قاراچاي ۋە بالقارلارنىڭ تىلىدىن پەرقلىنىدىكەن .
13 — 14 ـ ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىيلەشكەن موڭغۇللارنىڭ مىللىي ۋە
سىياسىي تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ھازىر تېخى تولۇق
ئېنىقلىنىپ بولۇنمىدى . بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىز كېيىنكى
لېكسىيىمىزدە توختىلىپ ئۆتىمىز① .

① ساموئيلوۋىچ ، «خاتىرىلەر» ، 21 ـ توم ، 155 ـ بەت .



# ئونىنچى لېكسىيە

ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانلىرى زېمىنىنىڭ موڭغۇلىيە-
دىن يىراق بولۇشى تۈپەيلىدىن ، دەسلەپكى مەزگىللەردىن باشلاپلا
مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمداردەك دەۋر سۈر-
گەن ، لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە موڭغۇللار بويسۇندۇرۇۋالغان تۈر-
كىستان ۋە ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي تەشكىللەر
ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى . چىڭگىزخان موڭغۇلىيىنىڭ
غەربىدىكى بويسۇندۇرۇۋالغان زېمىنلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىغا
بۆلۈپ بەرمەكچى بولغان ، بۇنىڭدا ھېچ گۇمان يوق . بۇ ئۈچ
شاھزادە چىڭگىزخان ئۆزى ھايات چاغدىلا بۇ يەرلەردە ئۆز ھوقۇ-
قىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى . ئەمما بۇ شاھزادىلەرنىڭ يەرلىرى-
نىڭ چېگرىلىرى پەقەتلا ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ،
ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ پۈتۈن ئىمپېرىيىنىڭ باش-
لىقىنىڭ ھوقۇقىغا قارىغاندا قانچىلىك ئىكەنلىكىمۇ نائېنىق ئى-
دى . بىر ياخشى يېرى ، ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ شۇنچە كەڭ بولۇ-
شىغا قارىماي ، ئۈچ شاھزادىنىڭ ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇن-
لىرى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى . جۇجىنىڭ
ئوردىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئىدى . ئەڭ
بۇرۇنقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ جەسىتىمۇ شۇ يەرگە
دەپنە قىلىنغانىكەن . ئەمما كېيىن ، ئۇنىڭ جەسىتى سارىسۇ دې-
گەن يەردە ئىدى ، دەپ كۆرسەتكۈچىلەرمۇ بولدى . بۇ يەر شىبانغا
تەۋە يەر ئىدى① . ئەگەر مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، موڭغۇللار-

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 459 ـ بەت .

نىڭ ئادىتى بويىچە دادىسىنىڭ ئوردىسى كىچىك بالىسىغا قالىدۇ، دېگەن ئادەتكە مۇۋاپىق كەلگەن بولاتتى. جۇجى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردا ئېرتىش دەرياسى بويىدا ياشىدى. كېيىن ئىمپېراتور بولغان ئۈچىنچى شاھزادە ئوگداي ئوردىسى ئالار كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئېمىل دەرياسى بويىغا جايلاشقانىدى. راشىدىددىننىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئوگداي ئېرتىش دەرياسىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر تاغ چوققىسىغا دەپنە قىلىنغانىكەن. ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى مۇشۇ تاغدىن باشلىناتتى②. جۇڭگونىڭ تەركى دۇنيا ئەۋلىياسى چاڭچۇن (چيۇچۇجى — تەرجىماندىن) 1221 ـ يىلى ئالتايدىن ئۆتىدىغان يولدا كېتىۋاتقاندا، بۇ يەردىن ئوگداينىڭ بۇيرۇقى بويىچە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى يازغان③. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن، ئوگداي ئاتىسى ھايات چاغلاردىلا مۇشۇ يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن. بىز ئالاقىدار مەنبەلەردىن ئوگدايغا تەۋە يەرلەرنىڭ ئېنىق چېگرىسىنى ئۇچرىتالمايمىز. پەقەت جۇۋەينىلا ئوگداينىڭ «ئوردىسى» ئۇنىڭ ئاتىسى ھايات چاغدا «ئېمىل ۋە قوبۇق دائىرىسىدە بولغان» دەپ كۆرسىتىدۇ④. مەلۇمكى، بۇ ئىككى دەريا ئاساسەن بىر يەردىن باشلىنىپ بىرسى غەربكە، يەنە بىرسى شەرققە قاراپ ئاقىدۇ. جۇۋەينى يەنە شاھزادە چاغاتاينىڭ يەرلىرى ۋە ئوردىسى ھەققىدە ناھايىتى ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ. چاغاتاينىڭ ئوردىسى «ئالمالىققا قوشنا بولغان قۇياس دېگەن يەرگە جايلاشقان». چاغاتاينىڭ يەرلىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ چېگرىسـ

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، 627 ـ بەت.
② «بارتولد ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 1 ـ قىسىم، 122 ـ بەت؛ يەنە بارتولد، «تۈركىستان» 1 ـ قىسىم، 293 ـ بەت.
③ بېرىتشنېيدېر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى»، 1 ـ توم، 62 ـ بەت.
④ جۇۋەينى، قازۋىن نەشرى، 1 ـ توم، 31 ـ بەت.



ـدىن باشلىنىپ سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغىچە سوزۇلىدۇ»① چاڭچۇننىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، چاغاتاي بىرىنچى بولۇپ سايرام كۆلى بويىدىن تەلكە ئارقىلىق ئۆتىدىغان يولنى ئاچقان. 1222 ـ يىلى، ئۇرۇش ۋاقتىدا بۇزۇلۇپ كەتكەن ئامۇ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى ياساتقان. بىز باشقا ماتېرىياللار ئارقىلىقمۇ قۇياسنىڭ ۋە چىڭگىزنىڭ ئوردىسىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنى ئېنىقلىيالايمىز. شۇ ماتېرىياللار بويىچە قۇياس ۋە چاغاتاينىڭ ئوردىسى غۇلجا ۋىلايىتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىرەك ئىكەن. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ قۇياس شەھىرىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ يەر «بارسغاندىن نېرىراق جايلاشقان» دەپ كۆرسىتىدۇ②. ئۇ يەنە ئەسىرىنىڭ باشقا بىر يېرىدە قاياس، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، قۇياس توخسى ۋە چىگىللەر ياشايدىغان رايونلار، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ يەردە سابىلىغ قۇياس، ئۈرۈڭ قۇياس ۋە قارا قۇياس③ دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ قەلئە بولغانىكەن. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەۋلادلىرىنىڭ ئوردىسىنى جۇۋەينىمۇ تىلغا ئېلىپ، ئۇنى تۈركچە «ئۇلۇغ ئۆي»، يەنى «چوڭ ئۆي» دەپ ئاتايدۇ④. موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئوردىلىرىنى تۈركچە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاش ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا ئىلىم دۇنياسىدا چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دەپنە قىلىنغان جايلىرى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى

① جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى، قازۋىن نەشرى، 1 ـ توم، 31 ـ بەت. بۇ يەردە «قۇياس» دېگەننىڭ ئورنىغا калас دەپ يېزىلىپتۇ.
② مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 330 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 129 ـ بەت.
④ جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى، قازۋىن نەشرى، 2 ـ توم؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم، 2 ـ قىسىم 539 ـ بەت؛ ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ، قولىيازمىدىكى سۆزلەرگە قاراپ ئوقۇلغان بولسا كېرەك.

يەرلەرگىچە بولغان نىسبەتەن كىچىكرەك دائىرىگە جايلاشقاچقا ،
كىشلەر بۇ ئۈچ ئوردىنى شۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ پايتەختى ئەمەس ،
دەپ قارايدىكەن . بولۇپمۇ چاغاتاي بىلەن ئوگداي زېمىنىنىڭ
موڭغۇلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئېنىق ئەمەس . چىڭ-
گىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئوگداي خانلىققا سايلاندى
ۋە موڭغۇلىيىگە كەتتى . ئۇ ئۇ يەرگە بېرىپ ، قاراقۇرۇم شەھى-
رىنى ۋە بىرقانچە ئوردىلارنى سالدۇردى . بۇ ئوردا - سارايلارنىڭ
بەزىلىرى شەھەر ئىچىدە ، بەزىلىرى شەھەر ئەتراپىدا ئىدى . قارى-
غاندا ئۇ ئۇ يەردىكى ۋارىسخور تولىينىڭ هوقۇقلىرىغىمۇ پىسەنت
قىلمىغان هالدا بارلىق هوقۇقلىرىنى تولۇق يۈرگۈزگەن بولسا
كېرەك . ئەسلىدە سەمەرقەنتتىن بۇخاراغىچە بولغان يەرلەر چاغا-
تايغا تەئەللۇق بولسىمۇ ، مەهمۇد يالۋاچ خوجەند شەهىرىدە تۇرۇپ
ماۋەرائۇننەهرگە هۆكۈمرانلىق قىلدى . ئۇنى بۇ ۋەزىپىگە چاغا-
تاي ئەمەس ، بەلكى ئوگداي بەلگىلىگەنىدى . بۇخارادا موڭغۇللارغا
قارشى دېهقانلار قوزغىلىڭى ، ئومۇمەن خەلق قوزغىلىڭى كۆتۈ-
رۈلگەن چاغلاردا ، يەنى 1238 — 1239 - يىللاردىمۇ ئەهۋال
مانا شۇنداق ئىدى . ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا چاغاتاي ئۇكى-
سى بىلەن مەسلىهەت قىلىشمايلا مەهمۇد يالۋاچنى ۋەزىپىسىدىن
قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەم بەلگىلىدى . مەهمۇد بۇ
ئىش توغرىلىق ئوگدايغا ئەرز تۇتۇپ ، ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى
ئىپادىلىدى . چاغاتاي ئۇكىسىغا خەت يېزىپ ، بۇ ئىشتا مەسلىهەت
سورىمىغانلىقىدىن ئەپۇ سورىدى . ئوگداي چاغاتاينىڭ ئىشلىرىنى-
مۇ ئورۇنلۇق دەپ قاراپ ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى تەستىقلىدى ۋە
چاغاتايغا ماۋەرائۇننەهرنى تارتۇق (بۇ يەردە موڭغۇلچە «ئىنجۇ»
ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن ) قىلدى[1] . مۇشۇ ئەهۋاللارغا قاراپ ،

① راشىدىددىننىڭ ئەسىرى ، بلوشېت نەشرى ، 196 - بەت ؛ «ئىنجۇ» ئاتالغۇسى يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن يەردىن كىرىدىغان كىرىم بولۇپ ، بۇ كىرىمنى موڭغۇل شاهزادىلىرى ئۆز ئوردىسىنىڭ ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ چىقىملىرىغا ئىشلىتىدۇ .



ماۋەرائۇننەهر چاغاتاي تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن هۆكۈمرانلارنىڭ
باشقۇرۇشىدا ، دەپ قاراشقا بولاتتى . ئەمما راشىدىددىننىڭ باياز-
لىرىغا ئاساسلانغاندا ئوگداي هۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغ-
لاردا ، قاراقوچۇ ، بەشبالىق ، خوتەن ، قەشقەر ، ئالمالىق ، قايا-
لىق ، سەمەرقەنت ، بۇخارا ، جەيهۇن دەرياسى قىرغاقلىرىغىچە
بولغان يەرلەرگە ئوگداي ئادەم بەلگىلىگەن . بۇ يەرلەرنى مەهمۇد
يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان . (مەهمۇد
يالۋاچ بېيجىڭنى باشقۇرىدىغان باش ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن .
ئۇ مۇشۇ ئەمەلنى ئىشلەپ ، 1254 - يىلى ئۆلگەن )[1] . پارس
تارىخچىسى جۇزجانى دۆلەتتىكى بۇ خىل تەرتىپ - تۈزۈملەرنى
چۈشەنمىگەنلىكتىن خاتا هالدا مەسئۇد بەگ چاغاتاينىڭ ۋەزىرى
بولدى ، دەپ يازغانىدى . بىزگە مەسئۇدنىڭ بەشبالىقتىن تارتىپ
سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغىچە بولغان مۇشۇ كەڭ رايونلارنىڭ
نائىبى سۈپىتىدە هوقۇق يۈرگۈزگەنلىكى مەلۇمدۇر . ئۇ بۇخاراغا
ئالاهىدە ئەهمىيەت بەرگەنىدى . ئۇ يەردە ئۇ چوڭ بىر مەدرىسە
بىنا قىلىنىپ ئۇنىڭغا «مەسئۇدىيە» دەپ ئات قويغان . 1273 -
يىلى بۇ مەدرىسە پېرسىيىدىكى موڭغۇللار تەرىپىدىن ۋەيران
قىلىنغان . ئەمما كېيىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1289-يىلى ،
بۇ مەدرىسىنىڭ هويلىسىغا مۇشۇ مەدرىسىنى ياسىغان ئۇستىكار-
نىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان . بۇنىڭدىن باشقا قەشقەردە «مەسئۇ-
دىيە» نامىدا يەنە بىر چوڭ مەدرىسە قۇرۇلغان . بۇ يەرگە 14-ئە-
سىرنىڭ باشلىرىدا مەسئۇد بەگنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى كۆچۈپ
كېلىپ ئورۇنلاشقان . ئاپىرىن ئېيتىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ،
خارەزىملىك بۇ مۇسۇلمان سودىگەر ئۆزى هايات چېغىدىلا ئوتتۇرا
ئاسىيادا يۈز بېرىپ تۇرغان مۇشۇنداق سىياسىي ئۆزگىرىش ئاس-
تىدىمۇ ئۆزىنىڭ هاكىمىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ باللىرىغا قالدۇ-

① بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 - قىسىم ، 139 - بەت (جامال قارشىنىڭ مەلۇماتىدىن ئېلىندى ) .

روْپ كەتكەن .
موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە يۈز بېرىپ تۇرغان ئۇرۇش ، جېـ
دەل ـ ماجىرالارنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى ، تەخت ۋارىسى خۇـ
سۇسىدا ئېنىق قانۇننىڭ بولماسلىقى ئىدى . ھەر بىر خان ئالەمـ
دىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئىزىنى كىمنىڭ باسىدىغانلىقى
مەسىلىسى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت مۇھاكىمە قىلىناتتى . بەلگىلەنـ
گەن ۋارىسلىق قىلغۇچىنى خان جەمەتلىرىنىڭ ھەممىسى ماقۇل
كۆرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا تەختكە چىقىشى لازىم ئىدى . بۇنىڭ
ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلتاي چاقىرىلاتتى[①] . ئەلۋەتتە بۇرۇن ئۆتكەن
خاننىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرى ئېتىبارغا ئېلىناتتى ، ئەمما ئۇ
خاننىڭ پىكىرلىرىنى شاھزادىلەر شەرتسىز قوبۇل قىلىش كېـ
رەك ، دېگەن مەنىدە چۈشەنمەيتتى . خان ۋاپات بولۇپ ، يېڭى خان
بەلگىلىنىدىغان قۇرۇلتاي ئېچىلغىچە ئارىدا بىر نەچچە يىل ۋاـ
قىت ئۆتۈپ كېتەتتى . بۇ ئارىلىقتا ، تەخت ئۆلگەن قاغاننىڭ تۇل
قالغان خاتۇنىنىڭ ئىلكىدە بولاتتى . ئەمما بۇ خاتۇننىڭ ھاكىمىـ
يىتىنى ھەممىلا شاھزادە ئېتىراپ قىلىۋەرمەيتتى . بەزى شاھزاـ
دىلەر ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن يەرلەردە ئىمپېرىيەـ
نىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ھوقۇقلىرىغا پىسەنت قىلماي ، ئۆزلەـ
رىنىڭ ھوقۇقىنى خالىغانچە ئىشلىتەتتى .
ئوگداي ۋاپات بولۇپ (1241 ـ يىلى) ، تەختكە ئۇنىڭ
ئوغلى گۈيۈك چىققان (1246 ـ يىلى )غىچە ئارىلىقتا تەختنىڭ
بوش قېلىشى دەل يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ مىسالىدۇر (ئۆلگۈچى
قاغان ۋارىسلىققا باشقا بىرسىنى كۆرسەتكەنىدى ، ئەمما بۇنىڭغا
ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولغان ) . مۇشۇ مەزگىللەردە ئۆز
يەرلىرىدە خاتىرجەم ياشاپ تۇرغان مەسئۇد بەگ باتۇخان ھۇزۇرىغا
كەلگەن . ئەسلىدە ئۇ گۈيۈك خان سايلانغىچە ئارىلىقتا ھۆكۈمران

① 1926 ـ يىلى باكۇدا ئېچىلغان تۈركولوگىيەقۇرۇلتىيىدىن كېيىن ، «قۇرۇلتاي» ئاتالغۇسى ھەممىلا تۈركىي تىللاردا قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇغا ئايلاندى .



سۇپىتىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ 1246 ـ
يىلى گۈيۈك خانلىققا سايلىنىدىغان قۇرۇلتايغا قاتناشتى . گۈيۈك
مەسئۇدنى «ماۋەرائۇننەھىر ، تۈركىستان ۋە باشقا يەرلەرنىڭ ناـ
ئىبى قىلىپ بەلگىلىدى » .
گۈيۈك 1248 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى . ھاكىمىيەت چىڭـ
گىزخاننىڭ ئوغلى تولىي ئەۋلادلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى . 1251 ـ يىلى
تولىينىڭ ئوغلى مۆڭكۈ ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى
بولۇپ سايلاندى . مۆڭكۈ تەختكە چىققاندىن باشلاپلا چاغاتاي ۋە
ئوگداي ئۇرۇقلىرىدىن بولغان شاھزادىلەرنىڭ مۆڭكۈگە بولغان
ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرى باشلاندى . سۇيىقەستكە ئارىـ
لاشتى دېيىلگەن شاھزادىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى ، بىر
قىسمى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى . چاغاتاي ۋە ئوگداي ئۇلۇسـ
لىرى تولۇق تارمار قىلىندى . بۇ ئۇلۇسلار پەقەت نامدىلا ساقلىـ
نىپ قالدى . گۈيۈكنىڭ ئايالى ئېمىلدىكى ئۆز ئوردىسىدا قېلىـ
ۋەردى . چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قارا ھۇلاگۇنىڭ تۇل قالغان ئايالى
ئېرگىنە قاتۇن[①] چاغاتاي ئوردىسىنىڭ خوجايىنى بولۇپ تۇردى .
بىراق پۈتۈن ئەمەلىي ھوقۇق تولىي ۋە جۇجى جەمەتىگە ئۆتۈپ
كەتتى . 1253 ـ يىلى مۆڭكۈخان رۇبرۇكقا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى
ئېيتقان : «قۇياش ئۆزىنىڭ نۇرىنى ھەممىلا يەرلەرگە ئوخشاش
چېچىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ، مېنىڭ ۋە باتۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ھەممىلا يەرلەرگە يېتىدۇ »[②] . رۇبرۇكنىڭ مەلۇماتىچە ، مۆڭكۈ
بىلەن باتۇخاننىڭ باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلىرىنىڭ چېگرىسى تالاس
دەرياسى ۋادىلىرى بولغانىكەن . بۇنىڭغا قارىغاندا ، جۇجى ئۇلۇسى
مۆڭكۈ خاننىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتكەن بولىدۇ .
مەسئۇد بەگنىڭ بۇ ماجىرا يىللىرى ۋە سۇيىقەست يىللىرىـ

① ئورقىنا دەپمۇ يېزىلىدىكەن .
② «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 498 ـ بەت ، روكخىل تەرجىمە قىلغان رۇبرۇكـ نىڭ ئەسىرى ، مىشىل رايت نەشرى ، 304 ـ بەت ؛ بۇ يەردە 1254 ـ يىلى كۆرۈشكەن ، دەپ يېزىلغان .

دىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق . پەقەت ئۇنىڭ ھاياتى مۆڭكۈ خانغا يېقىنلىق كۆرسىتىپ تۇرغاچقا خەۋپ ئىچىدە تۇردى ، دېگەن گەپ - سۆزلەر بار . ئىشلار بىر قەدەر تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن ، مەسئۇد بەگكە تەۋە يەرلەرنىڭ دائىرىسى يەنە بىرمۇنچە كېڭەيگەن ، يەنى مەسئۇد بەگكە ماۋەرائۇننەھىر ، تۈركىستان ، ئوترار ، ئۇيغۇرلارغا تەۋە يەرلەر ، خوتەن ، قەشقەر ، جەند ، خارەزىم ۋە پەرغانىلەر قاراشلىق بولغان . مۆڭكۈ خاننىڭ ئۈكىسى ھۇلاگۇ 1253 - يىلى موڭغۇلىيىدىن قوشۇن باشلاپ چىقىپ باغدادنى بويسۇندۇرۇپ ، ئابباسىيلار سۇلالىسىنى يوقاتقان ۋە ئالدىنقى ئاسىيادا يېڭى موڭغۇل دۆلىتىنى قۇرغان . ھۇلاگۇنىڭ قوشۇنلىرى خۇددى بۇرۇنقى چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ، ناھايىتى ئاستا سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ ، پەقەت 1256-يىلىنىڭ بېشىدىلا ئاندىن ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتكەن . 1254 - يىلى ئېرگىنە قاتۇن ھۇلاگۇنى ئالمالىقتىكى «ئۇلۇغ ئۆي»دە قارشى ئالغان . 1255 - يىلى ئەتراپىدا ھۇلاگۇ قوشۇنلىرى سەمەرقەنت ئەتراپىدا 40 كۈن تۇرغان ۋە بۇ يەردە ھۇلاگۇ مەسئۇد بەگنىڭ قارشى ئېلىشى ھەمدە زىياپىتىگە داخىل بولغان[1] .

1259 - يىلى مۆڭكۈخان ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالدا يەنە ئۆزگىرىشلەر بولدى . مۆڭكۈنىڭ ئۈكىلىرى قۇبلاي بىلەن ئارىغ بۇقا ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بەردى . قۇبلاي جۇڭگودا ئۆزىنى ئۇلۇغ خان ، دەپ ئېلان قىلدى . ئارىغ بۇقا موڭغۇلىيىدە ئۆزىنى ئۇلۇغ خان ، دەپ ئېلان قىلدى . مۇشۇ جېدەل پەيدا بولۇش بىلەنلا جۇڭگودىن موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىلىپ تۇرغان ئاشلىق ۋە باشقا بۇيۇملار توختىتىلدى . موڭغۇلىيە بولسا بۇ خىل بۇيۇملارغا بەك ئېھتىياجلىق ئىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئارىغ بۇقا چاغاتاي شاھزادىسى ئالغۇنى ئاشلىق ۋە باشقا

① جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى ، قازۇن نەشرى ، 3 - توم ، 98 - بەت ؛ بۇ بايانلار جۇۋەينىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغان .



بۇيۇملارنى ، جۇملىدىن قورال - ياراغلارنى ئەكىلىش ئۈچۈن تۈركىستانغا ئەۋەتتى . ئارىغ بۇقا ناھايىتى تېزلىكتە بۇرۇنقى چاغاتاي ئۇلۇسىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى ھەتتا خارەزىمنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى . خارەزىم بولسا ، بۇرۇن جۇجى ئۇلۇسىنىڭ تەركىبىدىكى يەر ئىدى . بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، ئالغۇ بۇ يەرلەرنى ئارىغ بۇقىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئېلىۋاتىمەن ، دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويماستىن ، ئۆز ھاكىمىيىتىمنى تىكلىدىم ، دەپ ئويلايتتى . بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ئېرگىنە قاتۇن ئارىغ بۇقانىڭ يېنىغا بېرىپ ئالغۇ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان . قارىغاندا ، ئارىغ بۇقىنىڭ قېشىغا مەسئۇد بەگمۇ كەلگەن بولسا كېرەك . بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئارىغ بۇقا ئالغۇغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى . دەسلەپ غەلىبە قىلغان بولسىمۇ ، كېيىن مەغلۇپ بولدى . ئارىغ بۇقا تۈركىستاندىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ئېرگىنە بىلەن مەسئۇد بەگنى ئالغۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى . ئالغۇ ئېرگىنەگە ئۆيلەندى ۋە مەسئۇد بەگنى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانىڭ نائىپى قىلىپ تەيىنلىدى . ئالغۇ قارىغاندا 1266 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك . ئەمما ئۇ ۋاپات بولغىچە ، بۇرۇن بەرىكەخانغا تېگىشلىك بولغان ئوترارنىمۇ مەسئۇدبەگ يىغىپ بەرگەن نۇرغۇن پۇل ۋە مال - مۈلۈكلەردىن پايدىلىنىپ بويسۇندۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى .

ئالغۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئېرگىنە قاتۇننىڭ بىرىنچى نىكاھىدىن بولغان ئوغلى مۇسۇلمان مۇبارەكشاھ ، ئانگىرىن دەرياسى بويىدا بۇرۇنقى چاغاتاي تەۋەسىدىكى يەرلەرنىڭ خانى — چاغاتايخان دەپ ئاتالدى . بۇ چاغدا قۇبلاي موڭغۇلىيىدە غەلىبە قىلغان ۋە چاغاتاينىڭ يەنە بىر نەۋرىسى بوراق[1]نى مۇبارەكشاھنىڭ ئورنىغا ئەۋەتكەنىدى . بۇراق ئۆز نۆۋىتىدە ئوگداينىڭ نەۋرە-

① بۇ ئىسىم باراخ دەپمۇ يېزىلىدۇ .

سى قايدۇغا بويسۇنۇشى لازىم ئىدى . قايدۇ بولسا ، بۇرۇن ئارىغ بۇقانىڭ قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ، كېيىن ئۇ كەتكەندىن كېيىن ، ئالغۇغا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قارشى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئورۇش قىلغانىدى . قايدۇ 1269 ـ يىلى تالاس دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي چاقىردى . قۇرۇلتايدا تېرىقچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەرنى چارۋىچىلاردىن ساقلاشمۇ بەلگىلەندى . شاھزادىلەر تاغلاردا ياشاشقا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چارۋا ماللارنى ئېتىزلىقلارغا قويۇۋەتمەسلىككە ۋەدىلەر بەرگەن . يېزا ئىگىلىك رايونلىرىنى يەنىلا شۇ مەسئۇد بەگكە تاپشۇردى . ئۇ (مەسئۇد بەگ ) ۋە ئۇنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى قايدۇدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى . ئۈچىنچى ئوغلى قايدۇنىڭ ۋارىسى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى چاپاردىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى . 1303 ـ يىلى ئېمىل ئەتراپىدىكى بىر جايدا چاپارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقى جاكارلاندى .

كېيىنكى مەلۇماتلاردىن ئايان بولىدۇكى ، گەرچە قايدۇنىڭ دەپنە قىلىنغان ئورنى چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىلىقىدىكى تاغلار بولغان بولسىمۇ ، ئەمما قايدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تۇرغان يەرلەر ئەسلىدىلا ئوگدايغا قاراشلىق يەرلەر بولغان[1] . گەرچە ئالىي ھاكىمىيەت ئوگداي ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ بولغان بولسىمۇ ، ئەمما تەختكە چاغاتاي خان ئەۋلادلىرىمۇ ئولتۇرغانىدى . تەختتە ھەممىدىن كۆپ ئولتۇرغىنى بۇراقنىڭ ئوغلى دۇۋا (1282 — 1306 ) بولدى . دۇۋا قايدۇدىن ئۇزۇنراق ياشىدى . ئوگداي ئۇلۇسى بىلەن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ چېگرىسىنىڭ بېكىتىلگەن ـ بېكىتىلمىگەنلىكى نامەلۇم .

چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت ئوغلىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ چېگرا دائىرىسى مەسىلىسى ، ئېنىق بولمىغان مەسىلىدۇر . قارىغاندا ، شىمال تەرەپتە ، 13 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى

① جامال قارشى : «مۇلھاقاتۇس سۇرراخ» ، بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 138 ـ بەت .



يېرىمىدىن بۇرۇن جۇجىغا قاراشلىق يەرلەر تولىي ئۇلۇسىنىڭ تەۋەلىكىگە قېتىلغان بولسا كېرەك . جۇملىدىن قىرغىزلارنىڭ يەرلىرى كىرگەن بولسا كېرەك . بۇ ھەقتە قۇبلاي تارىخىدا ئېنىق سۆزلىنىدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، بىز ئەبۇلغازىنىڭ موڭغۇللارنىڭ يېنىسەي دەرياسىنىڭ ئالاقچىن ئېلىگە قويۇلۇش ئېغىزىغا قىلغان ھۇجۇمى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق مەلۇماتلىرىغىمۇ ئىگىمىز . بۇ مەلۇماتلارنى باشقا مەنبەلەردىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ . بۇ ھەربىي يۈرۈش تولىينىڭ تۇل قالغان ئايالى خانىش سۇرخۇكتانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغانىكەن . دېمەك بۇ يۈرۈش تولىيخان ۋاپاتى (1230 ـ يىلى ، يەنى يىلان يىلى ۋاپات بولغان ) بىلەن خانىش سۇرخۇكتانىنىڭ ۋاپاتى (1252 ـ يىلى 2 ـ ئاي )نىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن . غەربىي شىمال تەرەپتە قۇبلايغا تېگىشلىك يەرلەر ، قارىغاندا ئېرتىش دەرياسىغا قەدەر سوزۇلغان بولسا كېرەك . قۇبلاينىڭ يەرلىرى بىلەن قايدۇنىڭ يەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا قايالىق شەھىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن[1] ، دېگەن مەلۇماتلار بار . بىراق بۇ مەلۇمات بىلەن ، چاپار ئېمىل شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر يەردە تەختكە چىققانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى بىر ـ بىرىگە باغلاش تەس .

ماركوپولو ھازىرقى جۇڭگو تۈركىستانىنى تەسۋىرلىگەن چاغدا ، خوتەن ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى يەرلەرنى قۇبلايغا تەۋە يەرلەر قاتارىغا كىرگۈزىدۇ[2] . ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ : قەشقەردىن مۇشۇ يەرگىچە ۋە ئۇنىڭدىن يىراق يەرلەر قايدۇ دۆلىتىگە مەنسۇپ ئىدى ، دەپ بايان قىلىدۇ (قايدۇ دۆلىتى ، دېگەننى ماركوپولو «ئۇلۇغ تۈرك ئېلى» دەپ ئاتىغان ) . يەكەننى ئېنىق قىلىپ : ئۇ يەر ئۇلۇغ خانىنىڭ جىيەنىگە قارايدىكەن ، دەپ يازغان (بۇ يەردە

① دوسسون : «موڭغۇل تارىخى» ، 2 ـ توم ، 516 ـ بەت .
② ماركوپولو ، پوتىئې نەشرىياتى ، 1 ـ توم ، 143 ـ بەت ، يۇلا نەشرىياتى ، 1 ـ قىسىم ، 196 ـ بەت .

ماركوپولو قايدۇنى خاننىڭ جىيەنى دەپ خاتا يازغان ) .راشىدىد-
دىننىڭ بۇ ھەقتە يازغانلىرى كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ . ئۇ
قۇبلاي بىلەن قايدۇ ئوتتۇرىسىدا سوقۇش يۈز بەرگەن چاغدا
ئۇيغۇرلارغا تېگىشلىك يەرلەر بىتەرەپ تۇرغانىدى ، دەيدۇ . ئۇي-
غۇرلار ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشقا
تىرىشىپ كەلگەن[1] . قارىغاندا ، ئۇ يەرلەردە يەنىلا ئىدىقۇت خاندا-
نلىقى ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان بولسا كېرەك . ئىدىقۇت بارچۇق
1209-يىلى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ، 1218-يىلى
كۈچلۈككە قارشى جەڭگە قاتناشتى . كېيىن خارەزىم شاھى مۇ-
ھەممەدنىڭ دۆلىتىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشقا قاتناشتى . چىڭگىز-
خاننىڭ تاڭغۇتلارغا قىلغان ئاخىرقى قېتىملىق ھۇجۇمىغىمۇ قات-
ناشتى . بارچۇق ئوگداي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا ئا-
لەمدىن ئۆتتى . بارچۇقنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى
ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى . بىرىنچى ئوغلى
ئوگداينىڭ تۇل ئايالى تۆرەگىنە زامانى (1241-1246-يىللار )
دا ئالەمدىن ئۆتتى . ئىككىنچى ئوغلى مۆڭكۈ يۇرت سوراپ تۇر-
غان يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى . ئۇنىڭغا قو-
يۇلغان گۇناھ ، بەشبالىقتىكى چوڭ بىر مەسچىتتە جۈمە نامىزىغا
قاتنىشىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ، دېگەندىن ئىبا-
رەت بولغان[2] . ھۆكۈمنى ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىجرا قىلىپ ، كاللى-
سىنى چاپقان . كېيىن ئۇ ئىدىقۇتلۇققا تەيىنلەنگەن . ئىدىقۇت
خانلىقى توغرىسىدا شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇماتلار يوق[3] .
ئۇلۇغ خان (قۇبلايخان — تەرجىماندىن ) ئۆزىنىڭ دۆلەت
چېگرىسىنى قايدۇ دۆلىتى ھېسابىغا بىرمۇنچە كېڭەيتكەن بولسا ،
ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇللىرى قايدۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان

[1] راشىدىددىننىڭ ئەسىرى ، بلوشېت نەشرى ، 502 - بەت .
[2] جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى ، قازۋىن نەشرى ، 1 - توم ، 34 - بەت .
[3] ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا مالىيافكىننىڭ : «ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .



چاغلاردا ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسى — چېگرىسىنى جەنۇب ۋە
غەرب تەرەپتە ھۇلاگۇ ئەۋلادلىرى ۋە جۇجى ئەۋلادلىرىنىڭ يەرلى-
رىنى قوشۇۋېلىش ئارقىلىق كېڭەيتتى . قايدۇ دۆلىتىنىڭ تەركى-
بىگە بەدەخشاندىن باشلاپ مۇرغاپ دەرياسىنىڭ چېتىگىچە بولغان
ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى كىردى . بۇ يەردە قايدۇنىڭ 24
ئوغلىنىڭ بىرسى بولغان ساربان قوشۇن تۇتۇپ تۇردى . گەرچە
بىز 13 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوردا ئەۋلادلىرىنىڭ
تۇرغان يەرلىرىنى ئوبدان بىلمىسەكمۇ ، لېكىن جۇجى ئۇلۇسى ،
قارىغاندا ، سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى
ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى تەدرىجىي ھالدا قولىدىن چىقىرىپ قويغان
بولسا كېرەك . راشىدىددىننىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ بىر تارمىقى ، ئوردانىڭ ئەۋلا-
دى قۇپچىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ كېتىۋېتىپ جەند ۋە ئۆزكەنتلەر-
دىن ئۆتكەن . بۇ مەلۇماتتىن قۇپچىنىڭ ئوردىسىنىڭ جايلاشقان
ئورنى غەرب تەرەپتە ياكى غەربىي شىمال تەرەپتە ئىكەن ، دېگەن
خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ[1] . ماركوپولو بولسا ، قۇپچىنىڭ ئې-
لىنى يىراق شىمال تەرەپتە ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭ سۆزىچە :
ئۇ يەرلەردە ھېچقانداق زىرائەت ئۇنمەيدىكەن ، بەزى جايلاردا ئات-
نىڭ ئورنىغا ئىتنى ئىشلىتىدىكەن ، «ئادەملىرى يىرتقۇچ ھايۋان-
لاردەك ياشايدىكەن»[2] . قايدۇ ھايات چېغىدىلا قۇپچى ئالەمدىن
ئۆتكەن . شۇنىڭ بىلەن ھاكىمىيەت ئۇنىڭ ئوغلى باياننىڭ قولىغا
ئۆتكەن . ئوردانىڭ ئەۋرىسى كۆيلۈك قايدۇنىڭ ياردىمى بىلەن
بايانغا قارشى كۆرەش قىلغان . بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش
راشىدىددىن ئەسىرىنى يېزىۋاتقان چاغلاردىمۇ داۋاملىشىپ تۇر-
غان . ئەبۇل پىدادىن تارتىپ مىسىر ۋە سۈرىيىلەردە ئەسەر يازغان
ئەرەب تارىخچىلىرى :قۇپچى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى غەزنە ۋە باميان-

[1] راشىدىددىننىڭ ئەسىرى ، بلوشېت نەشرى ، 443 - بەت .
[2] ماركوپولو ، يۇلا نەشرى ، 2 - قىسىم 478 - بەت .

لارنى باشقۇرۇپ تۇرغانىدى ، دەپ يازىدۇ . ئەھۋالدىن تولۇق
خەۋەردار پارس ئاپتورلىرى بولسا يۇقىرىقى مەلۇماتلارنى تەستىق-
لىمايدۇ . شۇنداقتىمۇ بۇ مەلۇمات ياۋروپادا نەشر قىلىنغان كى-
تابلارغا ، جۈملىدىن لەنپۇل دېگەن ئادەمنىڭ «مۇسۇلمان سۇلالى-
لىرى» دېگەن كىتابىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن[1] (بۇ كىتابنىڭ رۇسچە
تەرجىمىسىدە بۇ خاتالىقلار تۈزىتىلدى ) . ئەرەب ئاپتورلىرى ،
قارىغاندا ، قۇپچىنىڭ ئىسمىنى ئوردانىڭ ئوغلى قۇلىنىڭ ئىسمى
بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بولسا كېرەك . قۇلى ھۇلاگۇ پېرسى-
يىگە ھۇجۇم قىلغاندا شۇ ھۇجۇمغا قاتناشقانىدى . كېيىنچە قۇلى
پېرسىيىدە ئۆلتۈرۈلدى . ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ھۇلاگۇ بىلەن بەرىكە
ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندا شەرققە يۇرۇش قىلىپ غەزنە ۋە
بامىيانلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە شۇ يەردە تۇرۇپ چاغاتاي شاھزا-
دىلىرىگە بېقىندى .

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇللار كېلىشتىن بۇرۇنلا
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەر قۇرغان بىرمۇنچە سۇلالىلەر
ساقلىنىپ قالغانىدى . بىز بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى 14 ـ ئە-
سىرنىڭ بېشىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جامال قارشىنىڭ
يازغانلىرىدىن كۆرىمىز ، يەنە بەزى مەلۇماتلارنى بولسا ، پادىشاھ-
لارنىڭ قەبرە تاشلىرىدىن كۆرىمىز . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب
تىلىدا يېزىلغان . بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار دەۋرى-
گىچە پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدى-
كى ۋالىيلار قوللانغاندەك ئەرەبچە «مالىك» ئۇنۋانىنى قوللانغان-
دى . بەزى چاغلاردا بۇ ئاتالغۇغا ئۇنىڭدىنمۇ سۇرلۇك بولغان
«سۇلتان» ، «خان» دېگەن ئۇنۋانلارمۇ قوشۇلغان . جامال قار-
شىنىڭ بايانلىرىنىڭ بىرسىدە پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلچى ئۆز-
كەنتدىكى نوپۇزلۇق بۇرھانىدىن قىلىچنىڭ سۆزىگە ئاساسەن ما-

[1] لەنپۇل : «ئىسلام خانلىقلىرى» ، 88 ـ بەت ؛ 4 ـ ئىزاھات .



لىك شاھ ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ[1] . ئۇنىڭ ئوغلى
ۋە ۋارىسى ساتىلمىشنىڭ قەبرىسى ئۆزكەنت شەھىرىدە ساقلانماق-
تا . ئۇ ھىجرىيە 665 ـ يىلى ، مىلادىيە 1266 — 1267 ـ
يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن[2] . ئۇلارنىڭ ئىسىم ۋە ئۇنۋانلىرىدىن
ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق . بەزى
ئىسىملار ۋە ئۇنۋانلار كىشىگە ناھايىتى قەدىم زامانلارنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرگۈزىدۇ . مەسىلەن ، 1262 ـ يىلى ئەۋلىيا ئاتا
شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇنۋانى ، بالىغ
بۇلگە ئۇلۇغ بىلگە ئىقبال خان[3] بولغانىكەن . قەبرە پۈتۈكلىرى
ئالىملار تەرىپىدىن ئەرەبچە يېزىلغان . جامال قارشى ئۆزىنىڭ
جەند شەھىرىدە تۈرك ئەۋلىياسى كامالىددىن خارەزمى سوغناقىغا
ئەرەبچە ، تۈركچە بىر قەبرە يادنامىسى يېزىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا
ئالىدۇ . بۇ ئادەم ، تۈركمەنلەر ئارىسىدا شەيخ بابا نامى بىلەن
مەشھۇر ئىكەن . ئۇ 1273 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ، 85
يېشىدا ، جەند شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن[4] . جامال قارشى
خوجەندتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى ، يەنى سىر دەرياسى
بويىدىكى بىر قەبرە تېشىغا ئەرەبچە يېزىلغان بىر شېئىرنى پارس-
چىغا تەرجىمە قىلىپ خاتىرىلىگەن[5] . بۇنىڭدىن باشقا ، خوتەن
سۇلتانى مۇنىمىش تېگىن شەرىپىگە يېزىلغان پارسچە شېئىرنىمۇ
نەقىل كەلتۈرىدۇ (بۇ شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق
ئەمەس ) . بۇ شېئىردا تۆۋەندىكىدەك گەپلەر بار : «تۈركلەر مۇن-
مىش تېگىن بەك قېرىپ كەتتى ، دەپ ئېيتقۇدەك ، ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرسۇن شاھ» . بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى تۈركچە تۆۋەن-

[1] بارتولد : «تۈركىستان» ، 149 ـ بەت .
[2] ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا ئويۇلغان خەتلەرنى ئوقۇلۇڭ («قەبرە تاشلىرىدىكى يادىكارلىقلار» دېگەن كىتابقا قاراڭ ) .
[3] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 4 ـ توم ، 307 ـ بەت .
[4] بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 151 ـ بەت .
[5] بارتولد : «تۈركىستان» ، 147 ـ بەت .

دىكىچە يېزىلغان : «يغلاق قرى بولمىش منمىش تكن»[1] .

13 ـ ئەسىردە بېقىندى سۇلالىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئوتراردا قويۇلغان تەڭگىلەرمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئادەتتە بۇنداق تەڭگىلەرگە شۇ يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمەل نامىلىرى يېزىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ شەخسىي نامىلىرى يېزىلمايدۇ . بۇ جايلاردىن قايدۇ ، دۇۋا ۋە باشقىلار نامىدا قويۇلغان تەڭگىلەر ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق . ئەمما ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا بولسا ، تەڭگىلەرگە ئۇ يەردىكى خانلارنىڭ نامى ئويۇلغان . مەسىلەن ، خان مەنگۇ تۆمۈر ئۆز نامىدا تەڭگىلەر قۇيدۇرغان . (ئالتۇن ئوردىدا ) خان بىۋاستە باشقۇرۇپ تۇرغان يەرلەرنىڭ چېگرىسى بولمىغان . بۇنداق چېگرىلارنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق گەپ ـ سۆز ئۇچرىمايدۇ ياكى بۇرۇنقى سۇلالىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن تېررىتورىيەلەر ھەققىدىمۇ مەلۇمات يوق . چاغاتاي ئوردىسىغا ھەممىدىن يېقىن شەھەر ئالمالىق شەھىرى (ئالمالىق شەھىرى بىلەن چاغاتاي ئوردىسىنى پەقەت ئىلى دەرياسىلا ئايرىپ تۇراتتى ) چىڭگىزگە بەيئەت قىلغان يەرلىك سۇلالىگە تەۋە ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ، قارلۇق ئارسلانخان خانلىقى نېمە ئۈچۈندۇر قايالىق شەھىرىدىن ناھايىتى تېزلا ئايرىلىپ قالغانىدى . ئارسلانخاننىڭ ئوغلى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، مۆڭكۆخاندىن قايالىق شەھىرىنى ئەمەس ، بەلكى ئۆزكەنت شەھىرىنى تاپشۇرۇۋالدى . بۇ شەھەر پەرغانىنىڭ مەركىزى ئىدى[2] . ئۇنىڭ ئەۋلادى (ئارسلانخاننىڭ نەۋرىسى ) بۇ شەھەرنى ساقلاپ قالالىدىمۇ ـ قانداق ؟ بۇنىسى نامەلۇم . يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىلچى مالىك شاھ قارلۇق خانى ئارسلانخاننىڭ ئەۋلادىمۇ ـ قانداق ؟ بۇ مەسىلىمۇ ئېنىق ئەمەس .

① يۇقىرىقى كىتاب ، شۇ بەت .
② جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى ، قازۋىن نەشرى ، 1 ـ قىسىم ، 58 ـ بەت .



رۇبرۇك 1253 ـ يىلى ، بىزگە ئايان بولغىنىدەك ، قايالىق شەھىرىگە بېرىپ ، ئۇ يەردە 12 كۈن تۇرغان . رۇبرۇكنىڭ يېزىشىچە : «قايالىق چوڭ شەھەر ئىكەن . قايىناق بازارلىرى بار ئىكەن»[1] . شۇنىسى قىزىقارلىقكى ، بۇ مۇسۇلمان شەھىرىدە ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئۈچ بۇددا ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن . ئەگەردە بىز يەنە قانداقتۇر بىر يەردە تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىرەر شەھەرنىڭ قالدۇقلىرىنى تاپقان بولساق ، بۇ تېخىمۇ قىزىق بولغان بولاتتى . ئەمما ھازىرچە قايالىق شەھىرىنىڭ خارابىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىمۇ ئايان بولمىدى . رۇبرۇك قايالىق شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، ئۇ يەردە پەقەت خرىستىئانلارنىڭ نېستورىئان مەزھىپىدىكىلەرنىڭ بارلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە چېركاۋلىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرگەن[2] . ئەمما ھازىرغىچە يەتتە سۇ رايونىنىڭ شىمالىدا خرىستىئان يادىكارلىقلىرى تېپىلمىدى .

رۇبرۇك ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ، قايالىقنىڭ جەنۇبىدىكى رايوندا بىر چىرايلىق شەھەرنى كۆرگەن ، ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى تامام مۇسۇلمان ئىكەن ، ئەمما تۈركىي تىلدا سۆزلەشمەي ، پارس تىلىدا سۆزلىشىدىكەن[3] ، دەيدۇ . قارىغاندا ، بۇ خەلق ماۋەرائۇننەھرىنىڭ جەنۇبىدىن يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن خەلق بولسا كېرەك . ئومۇمەن رۇبرۇكنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىكلەردىكى شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۇ چاغلاردا خارابلاشقان بولسا كېرەك . بۇرۇن ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن شەھەرلەر بولغان بولسىمۇ ، ئەمما تاتارلار بۇ يەرلەردىكى يايلاق-

① رۇبرۇكنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ، مىشىل رايىت نەشرى ، 281 ـ بەت ؛ رۇبرۇكنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ، بېيزلى نەشرى ، 178 ـ بەت . روكخىل تەرجىمىسى ، 140 ـ بەت .
② رۇبرۇكنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ، مىشىل رايىت نەشرى ، 293 ـ بەت ؛ روكخىل تەرجىمىسى ، 159 ـ بەت .
③ رۇبرۇكنىڭ ساياھەت خاتىرىسى ، مىشىل رايىت نەشرى ، 281 ـ بەت ، روكخىل تەرجىمىسى ، 139 ـ بەت .

لارنىڭ كاتتىلىقىدىن ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقى ئېھتىمال ، بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بۇ يەرلەرنىڭ نۇرغۇن قىسمىنى تۈركمەنلەر ئىگىلىۋالغان . بۇ يەردىكى قىيىن بولۇپ تۇرغان بىر مەسىلە شۇكى ، رۇبرۇكنىڭ بۇ سۆزلىرىنى شۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ تۇرغان خەلقلەر تۈركىي خەلقلەر ئىدى ، دەپ چۈشىنىشكە بولامدۇ ؟ چۈنكى شۇ چاغلاردا تۈركمەن سۆزى ھەممە تۈركىي خەلقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆز ئىدى ، ياكى بۇ سۆزنى ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان ، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئەرەبچە «تراكم» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى دەپ چۈشىنىش لازىممۇ ؟ دېگەندىن ئىبارەت . مەسىلەن ، ھازىر كافكازدا بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە كۆپلۈك شەكلى شۇ مەنىدە كېلىۋاتامدۇ . جامال قارشىنىڭ بارچىكەنت ۋە جەند شەھەرلىرىنىڭ يېنىدىكى «تىراكىمەلەر» توغرىسىدىكى سۆزلىرى شۇنى كۆرسىتىۋاتامدۇ[1] . چۈنكى بۇ يەرلەردە شۇ چاغلاردا تۈركمەنلەرنىڭ بولۇشى ناتايىن . رۇبرۇكنىڭ : مەدەنىيەت چۈشكۈنلەشكەندى ، دېگەن سۆزلىرىنى جۇڭگولۇق چاڭدېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[2] .

چاڭدې : بۇرۇن قاراقىتانلار تۇرغان يەرلەردە نۇرغۇن ئاھالە ياشايدىكەن ، بۇ يەردە ئېتىزلارنى سۇغۇرىدىغان نۇرغۇن ئېرىق - ئۆستەڭلەر بار ئىكەن ، ئەينى چاغلاردا ۋەيران قىلىنغان يەرلەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىكەن ، دەپ يازغان[3] .

شەھەرلەرنىڭ خانىۋەيران بولۇشىنى ، موڭغۇل خانلىرىنىڭ سىياستى بىلەن باغلاشقا ياكى تۈركىي تائىپىلەرنىڭ بۇ يەرلەردە

① بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 - قىسىم ، 151 - بەت .
② موڭغۇل ئىمپېراتورى 1259 - يىلى جۇڭگولۇق چاڭدېنى ئۆزىنىڭ ئۇكىسى ھۇلاگۇنىڭ قېشىغا — غەربىي ئاسىياغا ئەۋەتكەن . چاڭدېنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى بېرىتشنېيدېر تەرجىمە قىلىپ ، ئىزاھلار بەرگەن . بېرىتشنېيدېر : Researchs ، vol ، 1 - توم ، 109 — 156 - بەتلەر .
③ بېرىتشنېيدېر ، يۇقىرىقى كىتاب ، 1 - توم ، 129 - بەت .



ئۈستۈنلۈكتە تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن بولغان ، دەپ قاراشقا ھېچقانداق ئاساس يوق . يۇقىرىدا بىز ، جۈملىدىن قايدۇخانىنىڭمۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىنى كۆچمەنلەردىن ساقلاشقا قوللانغان چارىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق . بۇلاردىن باشقا ، قايدۇ ۋە دۇۋا پەرغانىدە يېڭى ئەنجان شەھىرىنى بىنا قىلدى[1] . بۇ شەھەرنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ياخشى بولدى ، بۇ يېڭى شەھەر تۈركىي خەلقلەر زور كۆپچىلىك ئاھالىنى تەشكىل قىلغان شەھەرگە ئايلاندى . بابۇرنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ شەھەرنىڭ قەيېرىدە بولمىسۇن ، تۈركىي تىلىدا سۆزلەشمەيدىغان ئادەم بولمىغانىكەن . موڭغۇللار دەۋرىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەكسىچە ، بۇ يېڭى شەھەردە خانلار ئۈچۈن سالدۇرغان ئوردا - سارايلار ، ئومۇمەن ، خانلارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بېرىلگەن يەرلەر بولمىغان . قارىغاندا ، خانلار بۇ شەھەرنى پەقەت پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپلا بىنا قىلدۇرغان ئوخشايدۇ .

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ناھايىتى بالدۇرلا باشلىنىپ كەتكەن ئىچكى جېدەل - ماجىرالار سودا - تىجارەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار شەھەر تۇرمۇشى ساھەلىرىگە ناھايىتى يامان تەسىر كۆرسەتكەن . موڭغۇل خانلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ جېدەل - ماجىرا پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەردىن بولغان . بىر خان ئائىلىسىدە خانىنىڭ بەزى باللىرى خرىستىئانلار تەربىيىسىنى ئالغان بولسا ، بەزى باللىرى مۇسۇلمانلار تەربىيىسىنى ئالغان . موڭغۇللار تەرىپىدىن بېقىندۇرۇلغان تۈرلۈك مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار خان ئوردىسىدا بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى سۆزلەردە بولۇپ كەلگەن . قانداقتۇر بىرەر يەردە ھاكىمىيەت تالىشىۋاتقان ئادەملەرمۇ بۇنداق قارشىلىشىشلارغا قاتنىشىپ تۇرغان . رۇس تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى تەتقىقاتچىلار

① بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا ھەمدۇللا قازۋىنىنىڭ ئەسىرىگە قاراڭ . ئىستىرادجا نەشرى ، 1 - توم ، 246 - بەت .

شۇنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتىكى، ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى رۇس كىنەزلىرى ۋە چوڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن بىرگە قارشى گەپ ـ سۆزلەر تارقىتىپ، باشقا كىنەزلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھەتتا ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ يوقىتىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. تاتارلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۆزى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قولىدىكى قورالى بولغان. بۇ خۇلاسىنى موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان باشقا ئەللەرگىمۇ تەدبىقلىغىلى بولىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى ئوگداي، شاھزادىلەر ۋە ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردىن ئۆزىنى بىتەرەپ تۇتۇپ، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، پۈتۈن ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تىنچلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرالىدى. ئوگداي ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەنلا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، ئوردا ئىچىدە ئۆزئارا قىرغىن قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، خان جەمەتى ئەزالىرى ئىچىدە كەڭ دائىرىدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق يۈز بەردى (قىسمەن ئۆلتۈرۈشلەر بۇرۇنمۇ بولۇپ تۇرغانىدى). ئارىدىن يەنە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەزى موڭغۇل دۆلەتلىرى ئىچىدە ئىچكى ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن، موڭغۇل دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ـ تىجارەت قىلىپ تۇرغان ھېچقانداق گۇناھ ـ ئەيىبى يوق سودا ـ تىجارەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈشلەرمۇ باشلاندى. مەسىلەن، ھۇلاگۇ 1262 ـ يىلى تىرەك رايونىدىكى بەركە قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆزى بۇرۇن دۈشمەنلىشىپ تۇرغان دۆلەتلەردىن كەلگەن سودا ـ تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بەركە بۇنىڭغا جاۋابەن ھۇلاگۇنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.



ئىچكى قىرغىنچىلىق، ماجىرالار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە ۋاقىتلىق ۋە شەخسىي مەنپەئەتلەر دائىم دېگۈدەك ئومۇمىي دۆلەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويۇپ كېلىندى. تارىخچىلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، 1260 ـ يىلى ئالغۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىشقا ئىنتىلگەن ھەرىكەتلىرى ئەنە شۇنداق بولغان. 1273 ـ يىلى، پېرسىيىدىكى موڭغۇللار بۇخارانى غەرەزلىك ۋەيران قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئەگەر دۈشمەنلەر تۈركىستاندىن پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلسا، بۇخارا ئۇلارنىڭ مۇھىم بازىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى. بۇخارا موڭغۇللارنىڭ 1220 ـ يىلىدىكى ئىستېلاسىدىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇخارا تارىخىدا ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە گۈللەنگەنىدى. جۇۋەينى بۇخارا توغرىسىدا توختالغاندا: «پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا بۇنىڭدەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىي شەھەر يوق» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى[1]. ماركوپولو: «پۈتۈن پېرسىيە بويىچە، يەنى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق ئەللەردىكى شەھەرلەرگە قارىغاندا بۇخارا شەھىرى ھەممىدىن تەرەققىي قىلغان شەھەر» دەپ ئېيتقان (ماركوپولونىڭ ئاتىسى ۋە تاغىسى بۇخارا شەھىرىدە 1262 — 1265 ـ يىللاردا ئۈچ يىل تۇرغان ئىكەن)[2]. 1238 — 1239 ـ يىللىرى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدىمۇ بۇ شەھەر ۋەيرانچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغانىكەن. مۇشۇ چاغلاردا ئوگداي خان قېشىدا تۇرۇۋاتقان مەھمۇد يالۋاچ ئۇ يەردە جېدەل چىقارغان بىر نەچچە جىنايەتچىنى دەپ مۇنداق كاتتا شەھەرنى ۋەيران قىلىش، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ ئوگداي خانغا

① جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى، قازۋىن نەشرى، 84 ـ بەت.
② پۈتنىئى نەشرى، ماركوپولو، 1 ـ توم، 9 ـ بەت.

نەسىھەت قىلغانىكەن[1] . بەزى خان ۋە شاھزادىلەر بۇ جېدەل-ما-
جىرالار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە باشقىچىرەك ئىش تۇتقان .
ئۇلار بۇ شەھەردىن ۋە باشقا ئەللەردىن ئۇزاقتىچە بۇ دۆلەت ئۇچۇن
كېلىدىغان مەنپەئەتنى كۆزلىمەستىن ، جېدەل-ماجىرالارنى ياخشى
پۇرسەت دەپ بىلىپ ، بۇ يەردىكى مال ـ مۈلۈك ۋە بايلىقلارنى
ئۆزىنىڭ چۆنتەكلىرىگە سېلىشقا ئۇرۇنغان . 1260-يىلى بۇخارا
شەھىرى بىر نەچچە قېتىم ئېغىر سېلىق ۋە تالان ـ تاراجقا دۇچ
كەلگەن . 1273 ـ يىلىدىن كېيىنمۇ بۇ شەھەرگە بۇلاڭچىلارنىڭ
كۆزى چۈشكەن ۋە بۇ يەردىن بىرمۇنچە بايلىقلارغا ئېرىشكەن .
ئالغۇنىڭ ئىككى جېدەلچى شاھزادىسىنى بۇلاڭچىلىقلاردىن قېپقالغان
مال ـ مۈلۈكلەرمۇ قانائەتلەندۇرگەن . شۇنىڭدىن كېيىنكى يەتتە
يىل داۋامىدا بۇخارا (1275— 1282 ـ يىللار ) كاتتا بىر شەھەر
سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇشتىن قېپقالغان . پەقەت دۇۋا تەختكە
چىققاندىن كېيىنلا بۇ شەھەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىر قاتار
چارىلەر قوللىنىلغان .

مەنبەلەردە بۇخارا ھەققىدە كۆرسىتىلگەن بۇ ئەھۋاللار ، قا-
رىغاندا ، باشقا بىرمۇنچە يەرلەردىمۇ يۈز بەرگەنلىكى ئېھتىمال ،
ئەمما ئۇ يەرلەردىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا بىزنىڭ مەلۇماتىمىز
بەك ئاز . كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەر توغرىسىدا
نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى جامال قارشى (14 ـ
ئەسىرنىڭ بېشى )نىڭ 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەبچە لۇغەتكە «تولۇق-
لىما» ( «مۇلھاقاتۇس سۇرراخ» ) قىلغان ئەسىرىدىن كۆرۈش
ئارزۇسىدا بولغانىدى . 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ھەي-
دەر جامال قارشىنى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان شەھىرى بالاساغۇننى
كۆپرەك مۇبالىغە قىلىدۇ ، دەپ ئەيىبلەيدۇ . ئۇ (جامال قارشى )
چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر پائالىيەتچىلەرنى مە-

---

[1] جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى ، قازۋىن نەشرى ، 1 ـ توم ، 90 ـ بەت .



سال ئېلىپ كۆرسەتكەندە ، سەمەرقەنت شەھىرىدىن كۆرسەتكەن
ئادەملەرنىڭ سانى ئونغىمۇ يەتمەيدىكەن . بالاساغۇندىكى مەشھۇر
زاتلار ، دەپ كۆرسەتكەندە ئۇلارنىڭ سانى شۇنچە كۆپكى ، مۇئەي-
يەن بىر ۋاقىت ئىچىدە بىر شەھەردە شۇنچىۋالا نۇرغۇن پائالىيەت-
چىلەرمۇ بولغانمىدۇ ؟ دەيدىغان گۇمان پەيدا قىلىدۇ[1] . ھازىرچە
بۇ «تولۇقلىما »دىكى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ قولياز-
مىلىرى تېپىلمىدى . ئەمما شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئادەملەر توغرى-
سىدىكى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان[2] مەلۇماتلار ، بالاساغۇن شە-
ھىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەنىۋى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرى-
دۇ دېيىلدى . بىراق ئەھۋال ئۇنداق بولماي چىقتى . بالاساغۇنلۇق
(ئىسمى نامەلۇم ) بىر شەيخ تەرىپىدىن يېزىلغان شەمسىددىن
ئايۇپ بالاساغۇنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى رۇكنىددىن ئەھمەد بالاساغۇ-
نى[3] دېگەن ئىسىملار تىلغا ئېلىنغان بىر قوليازما تېپىلدى . لې-
كىن بۇ قوليازمىدا بالا ساغۇن شەھىرى توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ
گەپ يوق ، پەقەت 1259 ـ يىلى ، ئالمالىقتىكى[4] ئۆلگەن ۋالىي-
لارنىڭ بىرسى دەپنە قىلىنغان قۇزبالىق شەھىرى تىلغا ئېلىنى-
دۇ . بۇنىڭغا قاراپ ، بۇ شەھەرنى بالاساغۇن شەھىرىنىڭ نەق
ئۆزى دەپ پەرەز قىلىشقا بولاتتى . چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
يازغانلىرىغا قارىغاندا ، بالاساغۇن قۇزئوردا دەپمۇ ئاتالغان (بۇ
شەھەرنىڭ ئىسمى 13 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مەنبەلىرىدە خەنزۇچە
ترانسكرىپسىيىسى بىلەنمۇ بېرىلگەن ) . بۇنىڭدىن باشقا قۇز ئۇ-
لۇش شەھىرىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ[5] . ئەگەر ھېلىقى قوليازمىنىڭ
ئاپتورى شەيخ ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى بالاساغۇن دەپ ئاتاپ تۇرۇپ
مەزكۇر شەھەرنىڭ ئىككىنچى بىر نامىنى قوللانغان بولسا ، بۇ

---

[1] مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ كىتابى ، 364 ـ بەت .
[2] پېترووۋىسكى : «بۇرانا شەھىرى» ، 353 ـ بەت .
[3] بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 141 ـ بەت .
[4] بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 140 ـ بەت .
[5] مەھمۇد كاشغەري : «تۈركي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم ، 60 ـ ، 112 ـ بەتلەر .

بەك ئەجەب تۇيۇلغان بولاتتى . جامال قارشىنىڭ يازغانلىرىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، يەنە بىر جۇغراپىيىلىك نام يولۇقىدۇ . بۇ نام ئىل ئالارغۇ[1] بولۇپ ، باشقا مەنبەلەردە كۆرۈلمەيدۇ . بۇ بىر يەرنىڭ نامى بولۇپ ، بۇ يەرگە چاغاتاينىڭ ئوردىسى جايلاشقان . چاغاتاينىڭ مۇسۇلمانلاردىن بولغان ۋەزىرى قۇتبىددىن ھەبەش ئامىد ئىل ئالارغۇنى ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى قىلىپ ئىل ئالارغۇۋى دەپ ئالغانىكەن . مەزكۇر ۋەزىر ئالغۇ يۇرت سوراپ تۇرغان چاغلاردا ، يەنى 1260 ـ يىلى ئالمالىق رايونىدىكى بىر شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ شەھەرگە دەپنە قىلىنغان ، يەنى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان بىر خانىقا ئىچىگە كۆمۈلگەن .

جامال قارشى ئايرىم شەھەرلەر ئۈستىدە توختىلىپ ، بۇ شەھەرلەرنىڭ بەزىلىرىنى تەپسىلىيرەك ، بەزى شەھەرلەرنى قىسقىراق تونۇشتۇرغان . ئۇ تونۇشتۇرغان شەھەرلەردىن ئالمالىق ، قەشقەر ، خوتەن ، خوجەند ، پەرغانىدىكى شەھەرلەردىن شاش ، يەنى تاشكەنت ، بارچىكەنت ۋە جەند قاتارلىقلار بار . جامال قارشى بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەر بىرسىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەسۋىرلەپ ، بۇ شەھەرلەردىن چىققان ئالىملار ۋە باشقا مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ . ئاپتورنىڭ ئۆزى ئالمالىق شەھىرىدە تۇغۇلغان (ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق ئىكەن ) . ئۇ كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئارىلاپ كۆرگەنىكەن[2] . ئۇ شۇ چاغلاردا بىر قەدەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان قەشقەرنىڭ چۈشكۈنلەشكەن ئەھۋالىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . جەند شەھىرىنىمۇ : «بۇرۇن بۇ شەھەر بەك چوڭ شەھەر ئىدى» ، گەرچە ھازىرمۇ بۇ يەردە سودا ـ تىجارەت ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن جەند شەھىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

① بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 140 ـ بەت .
② جامال قارشى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بارتولدنىڭ «مۇلھاقاتۇس سۇرراخ» ماقالىسىدىن كۆرۈڭ ، 286 ـ بەت .



بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ ، دېگەنلەرنى پۇرىتىپ ئۆتىدۇ . پەقەت قەشقەر ھەققىدىكى بايانىدىلا بۇ شەھەر «جۇت»نىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن دەپ يازىدۇ . بۇ تېرمىن بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم ئۇچرىماقتا[1] . كېيىن بۇ تېرمىن جۇڭگو تۈركىستانىدا يەنىلا شۇ مەنىدە ، يەنى شۇ چاغلاردا غەربىي تۈركىستاندا قوللانغان قازاق (قاچاق) مەنىسىدە ئۇچرايدۇ . بۇ ئاتالغۇ كۆچمەن خەلقلەردىكى ئەسلىي ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋە كېيىن بۇلاڭچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغانلارنى ئىپادىلىگەن . شۇنداقلا كېيىن «قاچاق» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن كىشىلەرنى ئىپادىلىگەن . كېيىن ھەم ئۇ ياقتا ھەم بۇ ياقتا ، ئوخشاش مەنىدە قوللىنىپ كېتىلدى . «جۇت» ھۇجۇمى قەشقەرگە قىش پەسلىدە يۈرگۈزۈلگەنىكەن ، بىراق يىلى ئېنىق كۆرسىتىلمەيدۇ . بۇ ھۇجۇمدا نۇرغۇن كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان . قۇرامىغا يەتمىگەن باللاردىنلا 4000نى ئەسىر ئالغان ۋە ئېلىپ كەتكەن . مەدەنىيەت ۋە تارىخىي جەھەتلەردىن قارىغاندا تۆۋەندىكى مەلۇمات بەك قىزىقارلىق : قەشقەر رايونىدا دېھقانچىلىقتا ئۆكۈز ـ كالىلار ئىشلىتىلمەي كۆكتاتچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك جابدۇقلارلا ئىشلىتىلگەن (ئەسلىي تېكىستتە پالتا دەپلا يېزىلغان )[2] . ھازىر قەشقەردە ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، ئېتىز ئەمگەكلىرىدە ئات ـ ئۇلاغ ئىشلىتىشتە قىيىنچىلىق بولمىسا كېرەك .

13 ـ ئەسىردە تۈركىستاندا گەرچە سۈرئىتى ئاستا بولسىمۇ ئىسلاملىشىش ۋە تۈركلىشىش داۋام قىلىۋەردى . چىڭگىزخان دەۋرىدە قاراقىتانلار دەۋرىدىكىنىڭ ئەكسىچە ئىشلار يۈز بەرگەندى . بۇ رايوننى موڭغۇللار بېسىۋالغاندىن كېيىن ، ئامان قالغان قىتانلار مۇسۇلمانچە كىيىم كىيىپ يۈرۈيدىغان بولدى[3] . ئەمدى-

① بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 146 ـ بەت .
② بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ قىسىم ، 144 ـ بەت .
③ Bretschneider, Researches, vol. 1. p. 29.

لىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قاراقىتانلار ۋاقتىدىكىدىن ۋە
موڭغۇللارغا قارشى بەزى شەھەرلەردە كۆتۈرۈلگەن قاتتىق قارشى-
لىقلار تۈپەيلى يۇز بەرگەن ئەھۋاللارغا شۇنداقلا بۇرۇنقى خارەزىم
شاھى مۇھەممەد دەۋرىدىكىگە قارىغاندا، ياخشىراق بولغان.
1221-يىلى سەمەرقەنتتىكى ئاقسۆڭەكلەر تۇرلۇك خەلق ۋەكىللى-
رىدىن بولدى. بۇ يەرگە قويۇلغان باشلىق قاراقىتاندىن بولۇپ،
جۇڭگو مەدەنىيىتى تەربىيىسىنى ئالغان ئادەم ئىدى. مۇسۇلمانلار
بولسا، ئۆزلىرىنىڭ باغلىرى ۋە ئېتىزلىقلىرىدا قاراقىتانلار ۋە
باشقا مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن ئىشلىگەن. بىر نەچچە يىلدىن
كېيىن ئوگداي زامانىسىغا كەلگەندە سەمەرقەنت ۋە بۇخارانىڭ
ۋالىيلىقىغا خەنزۇچە ئات قويۇۋالغان ياكى خەنزۇچە ئۇنۋان قويۇ-
ۋالغان بىر ئادەم (چۇن ساڭ تەيفۇ) بەلگىلەنگەن. بۇ ئادەمنىڭ
نامى 1268-يىلىمۇ ئۇچرايدۇ[1]. قارىغاندا، بۇ ئەھۋاللار بۇخارا
شەھىرىدە بىرىنچى قېتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم مىستىن قۇيۇلغان
تەڭگىلەرگە خەنزۇچە يېزىق يېزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدى-
غاندەك قىلىدۇ. گەرچە شەرقتىن مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە ئادەم-
لەر كەلگەنلىكى ھەققىدە قىسمەن گەپ-سۆزلەر بولغان بولسى-
مۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇسۇلمان ئەللىرىدە مۇسۇلمان بولمى-
غان ھاكىملارنى كۆرگىلى بولمىدى. چاڭدېنىڭ مەلۇماتلىرىغا
قارىغاندا، ئالمالىق شەھىرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن خەنزۇلارمۇ
بولغانىكەن. كېيىن خەنزۇلارنىڭ بەزى ئادەتلىرىمۇ قوشنىلىرىغا
سىڭگەنىكەن[2].

كۈچلۈك زامانىدا كۈچلۈك بۇ يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارغا
قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغان بولسىمۇ، موڭغۇل دۆلىتىدە مۇسۇل-
مانلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى قايتا يۈز بەرمىدى.
چاغاتاي موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ قىزغىن قوغدىغۇ-

① بارتولد: «سەمەرقەنتنىڭ دەرھىمى»، 3-بەت، 4-توم، 345-بەت.
② بېرتىشنېيدىر: Researches، VOL، I، P127.



چىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام
ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلغانلىقلىرىنى سۈرۈشتە قىل-
غان چاغلىرىمۇ بولغانىكەن. چاغاتاي 1240-يىلى ئالەمدىن
ئۆتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇۋەينى شۇ زاماندىكى بىر شائىر-
نىڭ پارسچە يېزىلغان شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ شېئىر
تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشقان: ئادەملەر قورقىنىدىن
ئۇنىڭ ئالدىدا سۇغىمۇ كىرەلمەيتتى، ئەمما شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى
ئۆلۈم دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى[1]. چاغاتاينىڭ مەجدىددىن دەپ
ئاتالغان ئاتاساغۇن (تېۋىپ)ى بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە
تەسىرى كۈچلۈك قۇتبىددىن ھەبەش ھامىد دېگەن باي سودىگەر
بار ئىدى. جامال قارشى بۇ سودىگەرنى، كىرمانلىق دەپ يازىدۇ.
راشىدىددىن بولسا[2]، بۇ سودىگەر «ئوترارلىق ئىدى» دەپ يازى-
دۇ. ھەبەش ھامىدنىڭ تەسىرى شۇنچىلىك بولغانكى، ئۇ چاغاتاي-
نىڭ ھەربىر ئوغلىنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرسىنى
قويالىغانىدى. ھەبەش ھامىد مۇسۇلمان بولسىمۇ، يۇقىرىدا زىك-
رى قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خانىقا ياساتقان بولسىمۇ، ئەمما
مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ھەبەش ھامىدنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى.
ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆلىمالار بىلەن ئانچە ئەپ ئەمەس ئىدى. مۇسۇل-
مانلار ئۇنى ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرى خارە-
زىملىك يۇسۇپ سەككاكىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان، دەپ
قارايتتى. مەزكۇر ئالىم ئەرەب تىلىدا يېزىلغان، مۇسۇلمان
دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان مەشھۇر فىلولوگىيىلىك قامۇس «ئى-
لىملەر ئاچقۇچى» («مۇفتاھۇلئۇلۇم») ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرسى بولغان (ئۇ غەربىي تۈركلەردىن
بولسا كېرەك) مۇھەممەد ساچاقلىزادەگە يازغان «مەكتۇپ»نىڭ

① جۇۋەينىنىڭ ئەسىرى، قازۋىن نەشرى، 1-كىتاب، 228-بەت؛ مەزكۇر شېئىرنىڭ ئاپتورى سەدىد ئاۋار؛ بۇ شېئىر «بارتولد ئەسەرلىرى» 2-توم، 2-قىسىم، 589-بېتىدە بېرىلگەن.
② راشىدىددىننىڭ ئەسىرى، بلوشېت نەشرى، 197-بەت.

ئاپتورىدۇر[1] .

شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى خۇسۇسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز . بىزلەرگە ھەتتا ئىسلام دىنىنى دەسلەپ قوبۇل قىلغان چاغاتاي خانلىرى مۇبارەكشاھ ۋە بۇراقنىڭ ئۇستازلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىمۇ نامەلۇم . جامال قارشى مۇبارەكشاھنىڭ ئاپىسى ئېرگىنە قاتۇنىنىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان ئايال ئىدى ، دەپ يازىدۇ . قايدۇ بولسا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنىدى . ئۇ قازا قىلغاندا موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئارىلىقىدىكى ئېگىز بىر تاغقا دەپنە قىلىنغانىدى . ئىسلام دىنىدىكى بۇراق خانمۇ چاغاتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر موڭغۇل سۈپىتىدە شۇ تاغقا دەپنە قىلىنغانىدى . قايدۇ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەنمۇ دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە بولمىغان . جامال قارشى قايدۇنى ئادىل ، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ، رەھىمدىل ، مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان خان ئىدى ، دەپ تەسۋىرلەيدۇ[2] . جامال قارشى قايدۇخاننى ئىككى قېتىم كۆرگەنىكەن . بىرىنچى قېتىم ئۇ ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرغان مەزگىللەردە ؛ ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كۆرگەنىكەن . قايدۇ جامال قارشىغا «رەھىمدىللىك شەرەپنامىسى»نى تەقدىم قىلغان . ئەمما ئۇنىڭ قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى نامەلۇم . تۈركىستاندىكى شۇ چاغدىكى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ ئىمپېرىيە تەۋەسىدىكى باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە تونۇشقانلىقىنى بىلىش بىزنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ بىرسى ئىدى . بۇ جەھەتتە ، تۈركىستانلىق (ئۇ كېيىن پېرسىيىگە كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە غازانخان

---

[1] بروككېلمان : «ئەرەب مەنبەلىرى» ، 1 ـ توم ، 296 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 542 — 544 ـ بەتلەر .
[2] بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 ـ توم ، 138 ـ بەت .



يۇرت سوراپ تۇرغان مەزگىللەردە ، يەنى 1295 — 1304 ـ يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن ) ھەيبەتۇللا توغرىسىدىكى مەلۇمات ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ . راشىدىددىننىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا ، ھەيبەتۇللا تۈركىي ۋە سۇرىيە تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن . سۆزلىگەندە خۇددى «شەيخلەردەك سۆزلەيتتى» . غازانخان ئۇنى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئالىملار قاتارىغا قويۇپ ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ، ئەمما دۆلەت خەزىنىسىگە كىرەلمەيدىغان ئەمەلدارلار قاتارىدىن ئورۇن بەرگەن . غازانخان بۇ خۇسۇستا تولۇقلىما قىلىپ مۇنداق دېگەن : «ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلار ئەڭ مۇقەددەس ، سىرلىق نەرسىلەردىن خەۋەرسىز ، مەن بۇنىڭغا ئەجەبلەنمەيمەن ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىلگەنلىرى مېنى تامامەن قانائەتلەندۈرىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنى بەك قەدىرلەيمەن»[1] . يۇقىرىقى سۆزلەردىن قارىغاندا ، ھەيبەتۇللا دىنىي ئىلىمدىن باشقا ئىلىملەرنىڭمۇ ئالىمى بولغان . ئەمما ئەپسۇسلىنىدىغىنىمىز شۇكى ، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ ھېچبىرى بىزگە يېتىپ كەلمىگەن .

ئۇ چاغلاردا تۈركىي تىلنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى راشىدىددىننىڭ چىڭگىزخاننىڭ ئائىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا موڭغۇلچە ئاتالغۇلار بىلەن تۈركچە ئاتالغۇلارنىڭ تەڭ ئىشلىتىلگەنلىك ئەھۋالىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ . موڭغۇلچە «نويۇن» ئاتالغۇسى (بۇ ئاتالغۇ تۈركچە «بەگ» دېگەن مەنىدە ) تۈركىستاندا تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ ـ تەرجىماندىن ) دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ ، بۇ ئاتالغۇ ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى كۆرسىتىشكە ئىشلىتىلگەن . چىڭگىزخان ھايات چېغىدا ئۇنىڭ ئوغلى تولىي «باش نويۇن» دەپ ئاتىلىپ ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغان . ئۇنىڭ ئۇنىۋانى موڭغۇلچە «ئاكا نويۇن» («چوڭ نويۇن» ) دەپ ئىپادى-

---

[1] بارتولد : «ئىسلام دۇنياسى» ، 82 ـ بەت ؛ يۇقىرىقى نەقىل شۇ كىتابنىڭ 83 ـ بېتىدە .

لەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە موڭغۇلچە سۇپەت ئورنىغا تۇركچە يەنە شۇ مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۇپەت قېتىلىپ «ئۇلۇغ نويۇن» دەپ ئاتالغان. ئەمما بىز مۇسۇلمانلارنىڭ تۇركىي تىلنى دۆلەت تىلى دەپ قارىغانلىقىنى كۆرەلمەيمىز. 1246 - يىلى پلانو كارپىنى موڭغۇلىيىدىن قايتقىنىدا كىشىلەر ئۇنىڭغا پاپاغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىر مەكتۇپ بەرگەنىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ مەكتۇپ «ساراسىنچە» يېزىلغانىكەن[1] . پروفېسسور پېللىئوت ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ۋاتىكاندىكى ئارخىپلار ئىچىدە بۇ مەكتۇپنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ دەل شۇ مەكتۇپنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن. مەكتۇپ پارس تىلىدا يېزىلغانىكەن[2] . بۇ مەكتۇپ ئىملا قائىدىلىرىگە شۇنچىلىك رىئايە قىلىنماي يېزىلغانكى، ئۇنى كۆرۈپلا يازغۇچىنىڭ ئانا تىلى، پارس تىلى ئەمەس ئىكەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى (مەكتۇپ ھىجرىيە 614 - يىلى جامادىيەل ئاخىر يەنى مىلادىيە 1246-يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدىكەن). مەكتۇپنىڭ بېشى تۇركچە سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ، كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈدىغىنى شۇكى، مەكتۇپتا گۈيۈكخاننىڭ ئىسمى يېزىلمىغان. خەت «ئۇلۇغ ئۇلۇس ۋە پۈتكۈل ئالەمنىڭ خانى» (الوغ الوس نينك تالوى نينك خان يرليغيمز) نامىدىن يوللانغان. خەتتە تۇركچە سۆز - ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ. مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ بۇ مەكتۇپنى يازغۇچىلارنىڭ تۈركلەردىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودىگەرلىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلار مەكتۇپنى ئۆز ئەللىرىدە قوللىنىۋاتقان پارس ئەدەبىي تىلىدا يېزىشقا تىرىشقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇللىرى سىياسىي جېدەل - ماجىرالار

① پلانو كارپىنى، د.ئاۋىزكا نەشرى، 594 — 745 - بەتلەر؛ پلانو كارپىنى، رىشا تەرجىمىسى، 47 - بەت؛ بۇ خەتنىڭ پارس تىلىدىكى ئەسلىي نۇسخىسىغا گۈيۈكنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، ۋاتىكان ئارخىپىدىن تېپىلدى.

② پېللىئوت: les Mongolset la papaute، 3 — 30 - بەتلەر.



ۋە شۇنىڭ سەۋەبىدىن سودا - تىجارەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى سەۋەبىدىن باشقا موڭغۇل دۆلەتلىرىگە قارىغاندا كۆپرەك زىيان تارتتى. ئۇ موڭغۇل دۆلەتلىرى (ئالتۇن ئوردا خانلىقىمۇ ھەم شۇنداق) سىرت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىدىغان يوللارنى ئاچتى. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەممە موڭغۇل دۆلەتلىرى قايتىدىن بىر پۈتۈن دۆلەت قۇرۇپ چىقىش چوڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ھەممە موڭغۇل دۆلەتلىرى بىر فېدېراتسىيە شەكلىدە تەشكىللىنىپ سودا - تىجارەت مەقسىتىدە مۇشۇ فېدېراتسىيىگە قاتناشقان موڭغۇل دۆلەتلىرى ئارا سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئەركىن بېرىپ - كېلىشلەر يولغا قويۇلسا، ئورۇنسىز باج - سېلىقلار ئېلىنمىسا، دېگەنلەر بولغان. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مۇشۇ تەشەببۇسنى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خان دۇۋا ئوتتۇرىغا چىقارغان ۋە بۇ ئوي - پىكىرنى چاپارغا ئېيتىپ، ئۇنىمۇ كۆندۈرگەن. كېيىن مۇشۇ مەقسەتتە ھەممە موڭغۇل دۆلەتلىرىگە ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر بارغانلا دۆلەتلەر بۇ تەشەببۇسقا ئۆزلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈشكەن. ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەن بۇ ئەلچىلەر ھەممىدىن ئاۋۋال جۇڭگوغا كېلىپ، قۇبلاينىڭ نەۋرىسى ۋە ۋارىسى تۆمۈر بىلەن ئۇچراشقان (قۇبلاي 1294 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن). 1304 - يىلى، چاپار ۋە دۇۋانىڭ ئەلچىلىرى تۆمۈرنىڭ ئۇلارغا قوشۇپ بەرگەن ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە پېرسىيىدىكى مىراغا شەھىرىگە كەلگەن ۋە بۇ شەھەردە يېڭىدىنلا تەختكە ئولتۇرغان ئولجايتۇ بىلەن كۆرۈشكەن[1] . 1305 - يىلى، ئولجايتۇ موڭغۇل تىلىدا فرانسىيە كارولى فىلىپ Ⅳ كە مەكتۇپ يېزىپ، يۇقىرىقى ئەلچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ بىر پىكىرگە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان. مەزكۇر

① دوسسون: «موڭغۇل تارىخى»، 4 - توم، 483 - بەت.

مەكتۇپ بىزگە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ توختامغا مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر ھۆججەتتۇر . مەزكۇر مەكتۇپتا بۇرۇن ئۆزئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ شۇ خانلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى — شەخسىي نىيەتلىرىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى زالىم ، غەرىزى يامان ئادەملەر ( «قاراجۇ»لار )نىڭ بۆھتانلىرى بىلەن بولغانلىقى بايان قىلىنغان . مەكتۇپتا يەنە : ئەمدى تىنچلىق تامامەن ئەسلىگە كەلدى ، خان جەمەتىنىڭ چوڭ - كىچىك ھەممىلا ئەزالىرى بىرلىككە كەلدى ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش يوللىرى تولۇق ئېچىلدى ، دەپ يېزىلغان . ئەگەردە كىمدەكىم مەزكۇر توختامنى بىرىنچى بولۇپ بۇزسا ، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ھەممىسى قارشى چىقىدۇ ، دەپ تەكىتلەنگەن . مەكتۇپتا يەنە : «فەرەڭ سۇلتانلىرى» ، يەنى ياۋروپانى سوراپ تۇرغان ھۆكۈمرانلارمۇ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش توختام تۈزۈپ ، كىمدەكىم ئۇنىڭغا قارشى چىقسا ، ھەممە بىرلىكتە ئۇنىڭغا قارشى چىقسا بولماسمىدى ، دېگەن ساددا - بالىلارچە پىكىرلەرمۇ ئېيتىلغان . بۇ چاغلاردا ياۋروپادا فىلىپ IV رىم پاپاسى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى ، ئىنگلىزلار شوتلاندىيىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى . ئەنگلىيە كارولى ئېدۋارد I (1272 — 1307 )مۇ خۇددى يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى خەت تاپشۇرۇۋالغان . 1307 - يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان يېڭى كارول ئېدۋارد II مەزكۇر مەكتۇپقا جاۋاب يېزىپ : تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرقايسى يەرلەردە پەيدا بولغان تالاش - تارتىشلار ئورنىغا ، ئۆزئارا كېلىشىش ۋە تىنچلىق ئورنار ، دېگەن ئۈمىدىنى بىلدۈرگەن .

تىنچلىقنى بۇزغان ھەرقانداق بۇزغۇنچىغا بىرلىكتە قارشى كۆرەش قىلايلى ، دېگەن چىرايلىق سۆز - ئىبارىلەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىمۇ ، باشقا يەرلەردىمۇ خۇددى بۇرۇن ۋە كېيىن دائىم بولۇپ كەلگەنگە ئوخشاشلا قۇرۇق ھەرپلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى . بىز كېيىنكى لېكسىيىمىزدە 14 - ئەسىرنىڭ



ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركىستاندا تېخىمۇ شىددەتلىك ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ بولغانلىقىنى ۋە مەدەنىيەتنىڭ زور دەرىجىدە چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز .

# ئون بىرىنچى لېكسىيە

موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ۋە بۇ تىنچلىقنىڭ بۇزۇلغانلىقى توغرۇلۇق بىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىدىن تېپىلغان بىرەرمۇ مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز . بۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش ئەلۋەتتە . جامال قارشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى 1303 ـ يىلى باھارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەلۇماتلار بولۇپ ، ئۇ بۇنداق توختاملاردىن خەۋەرسىز . جامال قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنى قۇبلاينىڭ نەۋرىسى تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا بولغان ئۇرۇنۇشلىرىنى چېكىندۇرۇشكە «بىزنىڭ خانلىرىمىز»نىڭ كۈچى يېتەرلىك ، دەپ ئىشىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن . جامال قارشى يەنە دۇۋانى چاپار دۆلىتىنى ساقلايدىغان «مۇستەھكەم تۈۋرۈكتۇر» (الركن الوثيق ) دەپ تەرىپلەيدۇ . قارىغاندا ، بۇ سۆزلەر 1305 — 1306 ـ يىللار ئارىلىقىدا مۇشۇ خانلار ئوتتۇرىسىدا تېخى ئۇرۇشلار باشلانمىغان چاغلاردا ئېيتىلغان بولسا كېرەك .

بۇ ئۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى ، ئومۇمەن ، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مۇسۇلمان ئوتتۇرا ئاسىياسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىز پەقەت پېرسىيىدە يېزىلغان ماتېرىياللاردىنلا كۆرەلەيمىز . مۇشۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا[1] ، توقۇنۇش سەمەرقەنت بىلەن خوجەند ئوتتۇرىسىدا ، ئوگداي جەمەتى بىلەن چاغاتاي جەمەتى شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن . دۇۋا چاپارغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ بۇ ئۇرۇش «ياشلارنىڭ يەڭگىلتەكلىك

[1] بارتولد : «يەتتە سۇ تارىخى ئوچېركلىرى» رۇسچە ، 60 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم (1) ، 72 — 73 ـ بەتلەر .



قىلىشى بىلەن» يۈز بەرگەن ئىكەن دەپ چۈشەندۈرۈپ ، بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىشنى ۋە بۇ توقۇنۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر تەرەپ (بىتەرەپ شەخسلەر )دىن تەشكىل قىلىنغان سوت (تەكشۈرۈش ھەيئىتى ) قۇرۇشقا تەكلىپ بەرگەن . چاپار بۇنىڭغا قوشۇلغان . ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چاغاتاي شاھزادىلىرى بۇ كېلىشىمنى بۇزغان . دۇۋا شەخسەن ئۆزى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسىمۇ ، مۆلچەرلەرچە ، ھۇجۇمغا ئۆتكۈچىلەرگە باش لىڭشىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ . بۇلاڭچىلىق ماۋەرائۇننەھرىدىن باشقا ، تالاستىمۇ يۈز بەرگەن . شۇ چاغلاردا تۆمۈرنىڭ ئەسكەرلىرى ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى ۋە ئالتايدىكى چاپارنىڭ چېگرا ساقلاۋاتقان قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان . مەزكۇر ئەسكەرلەرنى دۇۋانىڭ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار . جەڭدە چاپارنىڭ يېنىدىكىلىرى ئۇنى تاشلاپ پىتىراپ كەتكەن . چاپارنىڭ ئۆزى پەقەت 300 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن دۇۋانىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا تەسلىم بولغان . شۇنداق قىلىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي جەمەتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى تىكلەنگەن . مەزكۇر توقۇنۇش دۇۋانىڭ ئوغلى كىبەك (دۇۋا 1306 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ) قۇرۇلتاي چاقىرغۇچە داۋام قىلغان . ئوگداي خان جەمەتىدىكى شاھزادىلەرنىڭ بەزىلىرى كېتىپ قالغان ، بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان . قايدۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىچىدە شاھ ئىسىملىك بىر ئوغلىلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە 1000 كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى ساقلاپ قالغان .

پارس تارىخچىسى ۋەسساف ماۋەرائۇننەھر ۋە تۈركىستاندا دېھقانچىلىق ۋە سودا ـ تىجارەتنىڭ بەك خاراپلىشىپ كەتكەنلىكى پەقەت مۇشۇ ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان دەپ قارايدۇ . ماۋەرائۇننەھردە مەدەنىي ئەنئەنىلەر ئۈزۈل-

دىنلا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ ، بۇ يەرلەردە شەھەرلەرنىڭ
ۋە دېھقانچىلىق كەنتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا يوقىلىپ كېتىشى
مۇمكىن ئەمەس . ئەرەب ئاپتورى ئۆمەر (1301 — 1348 ) شىمال تەرەپ-
تىكى يەرلەرنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكىچە
يازىدۇ : «ھازىر تۈركىستاندا بىر قەدەر ئوبدان ساقلىنىپ قالغان
ئۆي خارابىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ . يىراقتىن قارىساڭ ، ئوبدان
بىنا قىلىنغان يېزا ـ كەنتلەرنى كۆرىسەن . ئۇ كەنتلەرنىڭ ئەترا-
پى يېشىلزارلىق ، ئەمما بىر ئادەم يولۇقارمۇ ، دەپ يېقىن كېلىپ
قارىساڭ ، بۇ ئۆيلەرنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرىسەن . بۇ يەر-
دىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى كۆچمەنلەر بولۇپ ، يەر تېرىش
بىلەن مەشغۇل بولمايدىكەن »[1] .

1309 ـ يىلىدىكى تىنچلىق قۇرۇلتىيى تۈركىستاندىكى
بالايىئاپەتنى تۈگىتەلمىدى . كىبەكنىڭ چوڭ ئاكىسى ئىسەن بۇ-
قاخان دەپ ئېلان قىلىندى (ئىسەن بۇقا دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدى-
قى قىسمى موڭغۇلچە ) . ئىسەن بۇقا ۋاقتىدا تۈركىستانغا جۇڭ-
گودىن كەلگەن موڭغۇل قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلدى . قوبۇق دەر-
ياسى ۋە يۇقىرى ئېرتىشنىڭ بىر تارمىقىغىچە بولغان يەرلەر
ئۇلۇغ خانغا تېگىشلىك يەرلەرنىڭ چېگرىسى ئىدى . مانا مۇشۇ
يەرلەردىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى قارمىقىدىكى يەرلەرگە ھۇجۇم
قىلغان قوشۇنلار ئىسەن بۇقانىڭ قىشلايدىغان يەرلىرى (ئىسسىق-
كۆلنىڭ يېنىدا ) ۋە يازدا يايلايدىغان يەرلىرى (تالاس دەرياسى
بويىدا )نى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى[2] . 15 ـ ئەسىردىكى نامسىز
بىر تارىخچىنىڭ يازغانلىرىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇم-
كىنكى ، بۇ بۇلاڭ ـ تالاڭنى دۈشمەن قوشۇنلار قىلغانىنىڭ سىر-
تىدا ، يەنە چاغاتاي خانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئېلىپ بار-

---

① ئۆمەرنىڭ ئەسىرى ، كۋاترېمېر تەرجىمىسى ، 257 ـ بەت .
② راشىدىددىن ، «جامىئۇتتەۋارىخ» ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم (1) ، 72 ـ
بەت ، ئىزاھ ⑯ ؛ ھاپىزى ئەبرۇنىڭ راشىدىددىننىڭ تارىخىغا قوشۇمچىسى .



غان . بۇ بايانغا قارىغاندا ، ئىسەن بۇقا ۋە كىبەك ئۆزىنىڭ قوشۇن-
لىرى بىلەن قاراقوچۇ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن دۈشمەن-
لەرگە قارشى تۇرغان . ئىسەن بۇقا قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ
چىققان ، كىبەك ئالمالىقتىن قوشۇن تارتىپ چىققان . ئىسەن بۇقا
دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغاندا ، ئەگەردە مەغلۇپ بولۇپ قالساق ئۆز
ئېلىگە تەۋە بايلىقلار قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ،
دەپ ئويلاپ ئۆز ئېلىگە تەۋە بايلىقلارنى بۇلاپ ماڭغان . ئەگەردە
غالىب كەلسەك ، بۇ يەردىكى مەدەنىيەتنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈۋالالايمىز ، دېگەن كويدا بولغان . كىبەك بولسا ، ئۇنىڭ ئەك-
سىچە ، قوشۇنلىرى ماڭغان يەرلەرنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كۆڭۈل
بۆلگەن . بۇنىڭدىكى مەقسەت ، ئۇ ئەگەردە غەلىبە قىلىپ قالسا ،
قارشى تەرەپتىكى ئاھالىلەر بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كىبەكنىڭ
ئادىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆز تەرىپىگە ئۆتىدۇ ، ئەگەردە مەغلۇپ
بولۇپ قالسا ، ئۇ ياخشىلىق قىلغان بۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا ياردەم
قىلىپ ، چېكىنگەندە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ ، دەپ ئويلى-
غان . ئۇرۇشتا ئىسەن بۇقا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تارمار قىلىن-
غان . بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىبەكمۇ چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان .
ئىسەن بۇقا چېكىنگەندە قوشۇنلىرى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ
كەلگەن . ئوزۇقلىرى تۈگەپ ، مىنگەن ئاتلىرىنى سويۇپ يېيىش-
كەن . كىبەك بولسا ، چېكىنگەندە ھەممىلا يەردە ئاھالىلەرنىڭ
يار ـ يۆلەك بولۇشىغا ئېرىشىپ ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە باشقا
كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئىگە بولغان .

قارىغاندا كىبەك (1318 — 1326 ـ يىللار ) ئىسەن بۇقا-
نىڭ ۋارىسى بولۇپ قالغان . ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل-
لەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ تەدرىجىي ئىسلام
مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . كىبەك
ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن پېشۋالىرىنى دوراپ ، شەخسەن ئۆزى
ئىسلام دىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قالدى . لېكىن ئۇ ماۋەرائۇننە-

ھىرگە كۆچۈپ كېلىپ ، ئۇ يەرنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا — قاشقا
دەرياسى بويىدىكى نەخشىپ شەھىرىدىن 15 چاقىرىم يىراقلىقتى-
كى بىر يەرگە ئۆزى ئۇچۇن مەخسۇس ساراي سالدۇرغان . موڭ-
غۇلىيىنىڭ ئۆزىدە «خان سارىيى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا
«قارشى» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەن . شۇ چاغدىكى ئاپتورلار بۇ
سۆز ئەسلىي موڭغۇلچە سۆز دەپ قارىغان . ئەمما بۇ سۆز «قۇتاد-
غۇبىلىك»تە ئۇچرايدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىمۇ يو-
لۇقىدۇ . بىراق مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئاتالغۇنى شەرق تەرەپتىكى
تۈركىي خەلقلەرگە ئىشلەتكەنمۇ ياكى غەرب تەرەپتىكى تۈركىي
خەلقلەرگە ئىشلەتكەنمۇ ، بۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرسەتمەيدۇ[1] .
قارىغاندا ، بۇ ئاتالغۇنى تۈركىي خەلقلەر جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ
ئەسلىي يەرلىك ئاھالىسىدىن قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك . ناخ-
شىپ شەھىرىنىڭ نامى مۇشۇ نام بىلەن «قارشى» دەپ ئاتىلىپ
كەتكەن . بۇ نام ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان . ئەمما بۇ شەھەرنىڭ
ھازىرقى ئورنى موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى ناخشىپ شەھىرى-
نىڭ ئورنىغا توغرا كەلمەيدۇ[2] . شۇنداق قىلىپ ، تۈركىستاندىمۇ
خان ئوردىسىنىڭ نامىنىڭ شەھەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرمەكتىمىز . بۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە يولۇقۇپ تۇرىدىغان
ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى .

كىبەكنىڭ بىر يېڭىلىقى شۇكى ، ئۇ خان نامىدا تەڭگە يەنى
چوڭ دىنار ۋە دەرھەملەرنى قۇيدۇرغان . بىر دىنار ئالتە دەرھەمگە
تەڭ دەپ بېكىتىلگەن . بۇ پۇللار خۇددى پېرسىيىدىكىگە ئوخشاش
كۈمۈشتىن قۇيۇلغان بولۇپ ، ماۋەرائۇننەھىرنىڭ بۇخارا ، سە-
مەرقەنت ، ئوترار ، تىرمىز قاتارلىق چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىدە
قۇيۇلغانىدى . كىبەك نامىدا قۇيدۇرۇلغان بۇ تەڭگىلەر كېيىنرەك

---

[1] مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 354 - ، 215 - ، 376 - بەتلەر .
[2] بارتولد : «تۈركىستان» ، 1 - قىسىم ، 190 - بەت .



«كىبەك» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن . بەزىلەر خاتا ھالدا رۇسچە
«كوپېك»قا يېقىنلاشتۇرىدۇ . بۇرۇن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا
قۇيۇلغان تەڭگىلەردەك ، ئادەم ئىسمى يېزىلمىغان ئۇيغۇر يېزىقى-
دا تۈركچە «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن سۆز يېزىلغان تەڭگىلەرمۇ
بولۇقىدۇ . بىزگە ئايان بولۇشىچە ، چاغاتاي خانلىرىنىڭ قۇيدۇر-
غان تەڭگىلىرىدە موڭغۇلچە سۆزلەر يېزىلمىغانىكەن . ئۇنداق ئە-
مەس دېيىشكە ئىسپاتمۇ يوق . ھەيران قالارلىق بىر ئىش شۇكى ،
كېيىنچىرەك تۆمۈر دەۋرىدە قۇيۇلغان بەزى تەڭگىلەردە ئەرەبچە
يېزىقتا يېزىلغان موڭغۇلچە «ئۆكەمەنۇ» (اوكى منو) سۆزى
ئۇچرايدۇ . بۇ «مېنىڭ سۆزۈم» دېگەنلىك بولىدىكەن[1] .

موڭغۇللارنىڭ ماۋەرائۇننەھىرگە كۆچۈپ كېلىشى ۋە ئۇ
يەرلەردە سارايلارنى سالدۇرۇشى ئۇلارنىڭ كۆچمەن ھاياتتىن ۋاز
كەچكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەيتتى . قاشقا دەرياسىنىڭ غەربىدى-
كى ئوتلاقلار ، بولۇپمۇ بۇ يەرنىڭ ياز پەسلى موڭغۇللارنى ئۆزىگە
جەلپ قىلغانىدى . چىڭگىزخاننىڭ ئۆزىمۇ 1220 - يىلنىڭ ياز
پەسلىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى . شۇڭا بۇ يەرگە كېلىپ يازنى
ئۆتكۈزۈش شۇنىڭدىن تارتىپ ئادەت بولۇپ قالغانىدى . كىبەكمۇ
ۋە ئۇنىڭغا قارىغاندا ئىسلام مەدەنىيىتىنى كۆپرەك ئۆزلەشتۈرگەن
ئۇنىڭ يېقىن ۋارىسى — ئۆز ئۇكىسى تارماشىرىن (1226 —
1234)مۇ بۇ يەردىن ۋاز كېچەلمىگەنىكەن . ئىبن بەتتۇتانىڭ
يېزىشىچە ، تارماشىرىن قىش پەسلىنىمۇ مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن
ۋە ئۆزىنى شۇ يەردىكى كىگىز ئۆيدە قوبۇل قىلغانىكەن .

شۇ چاغلاردىكى چاغاتاي خانلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىنى بىلىدى-
غانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات يوق . ئىبن بەتتۇتانىڭ مەلۇ-
ماتىغا قارىغاندا ، كىبەك تامامەن تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىكەن .
تارما شىرىن ئىبن بەتتۇتا بىلەن تۈركىي تىلدا ئەھۋاللاشقان

---

[1] تىزەن گاۋزىن ، ЗВОРАО ، 7 - توم ، 366 - بەت .

ئىكەن . تارما شىرىنىنىڭ دىنىي ئۇستازى ھېسامىدىن ئەلياتى
بولسا ، پارس تىلىدا سۆزلەيدىغان ئادەم ئىكەن . خان (تارماشى-
رىن ) ھەر كۈنى بامداد نامىزىدىن كېيىن ، تۈركىي تىلدا زىكرى
ئېيتىدىكەن . ئىبن بەتتۇتا نەقىل كەلتۈرگەن بەزى تۈركىي ئاتال-
غۇلار موڭغۇل تىلىغا ئۇيغۇر تىلىدىن كىرگەن ۋە ھەممىلا موڭ-
غۇل دۆلەتلىرىدە ئىشلىتىلگەنىكەن . مەسىلەن : «ئالتامغا » ئاتال-
غۇسى پېرسىيىدە ئالدىنقى «ئال » سۆزى قىسقارتىلىپ «تامغا »
دەپلا ئىشلىتىلىدىكەن . تامغا ساقلىغۇچى ئادەم بارلىق كاتىبات
ئىشلىرىنى باشقۇرغان . ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، تامغا ساقلىغۇچى
ئادەم ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلسە كېرەك . چۈنكى ئۇ ئىبن
بەتتۇتاغا تەرجىمانلىق قىلغان . شۇنىسى قىزىقكى ، ئىبن بەتتۇتا
تۈركچە «توي » سۆزىنى «قۇرۇلتاي » سۆزى ئورنىدا ئىشلەتكەن .
ئىبن بەتتۇتانىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، «توي » سۆزى ھەر يىلى
ئېچىلىدىغان چوڭ مەجلىسكە ئېيتىلىدىكەن . بۇ مەجلىسكە چىڭ-
گىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى ، ئەمىرلەر ، نامدار ئاياللار ۋە قوشۇن
باشلىقلىرى قاتنىشىدىكەن . ئۇ چاغلاردا توي چاقىرىلمىغان بولسا
كېرەك . تارماشىرىنگە قارشى چىققان قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرى-
نىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىق سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگۈچىلەرگە :
ئۇزۇنغىچە توي چاقىرىلماي مەسىلىلەر ھەل بولمىدى ، دەپ باھانە
كۆرسەتكەنىكەن .

تارماشىرىنىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ، ئۆمەر-
نىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا ، ماۋەرائۇننەھىر بىلەن باشقا مۇسۇل-
مان رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا - تىجارەت مۇناسىۋەتلىرى-
نىڭ جانلىنىشىغا سەۋەب بولغان[1] . دەل مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزى
يەنە ماۋەرائۇننەھىر بىلەن چاغاتاي خانلىقى يەرلىرىنىڭ شەرقىدى-
كى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزئارا يىراقلىشى-

① ئۆمەرنىڭ ئەسىرى ، كۇاترېمېر تەرجىمىسى ، 238 - بەت .



شىغىمۇ سەۋەب بولغان . ئىبن بەتتۇتانىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ،
خان يىلدا بىر قېتىم دۆلىتىنىڭ شەرق تەرەپتىكى يەرلىرىنى تا
جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىغا قەدەر ئايلىنىپ قايتىدىكەن . بۇ يەردە
ئالمالىق شەھىرى بولۇپ ، بۇ يەر سودا - تىجارەت مەركىزى دەپ
ھېسابلىناتتىكەن . تارماشىرىن خۇراسان بىلەن چېگرىلاشقان يەر-
لەرگە بىر يىلى بىر كەتكىنىچە تۆت يىل تۇرۇپ قالغان . گەرچە
تارماشىرىن ئىسلام دىنىغا چوڭقۇر ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ ،
ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئېتىقادى ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىگە ھۇجۇم
قىلىش مەيلىنى قايتۇرالمىغان . 1326 - يىلى ، ئۇ تەختكە
چىققان يىلىنىڭ بېشىدىلا خۇراسانغا ھۇجۇم قىلغان ، ئەمما ئۇ-
ڭۇشلۇق بولمىغان . شۇنىڭدىن كېيىن پېرسىيىدىكى موڭغۇللار
غەزنە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ، شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلى-
غان . 1329 - يىلى ، شۇ چاغدىكى مۇسۇلمان ئېلى ھىندىستانغا
ھۇجۇم قىلىپ ، تا دېھلىغىچە يېتىپ بارغان . ئەمما ، ئىبن بەتتۇ-
تانىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا ،
موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى — ياساققا قارشى تۇرغانىكەن[1] .
تارماشىرىنىنىڭ ياساقنى بۇزغانلىقىنى يايلاق ئەنئەنىلىرىنى پىش-
شىق بىلىدىغان 15 - ئەسىردىكى ئىسمى نامەلۇم.بىر ئاپتورمۇ
تىلغا ئالىدۇ .

بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە تۈركىستاندا جېدەل - ماجىرالار
باشلىنىپ كەتكەن ۋە بۇ جېدەللەر 1346 — 1347 - يىللارغىچە
داۋاملاشقان . نەتىجىدە خاننىڭ بۇ يەرلەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئا-
خىرلىشىپ ، ماۋەرائۇننەھىر شەرق تەرەپتىكى يەرلەردىن ئايرى-
لىپ چىققان . بۇ يەرلەردە بولغان ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانى
قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەھەر ھاياتىنىڭ كېيىنكى
خارابلىشىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چى-

① «بارتولد ئەسەرلىرى » 1 - توم ، 89 - بەت .

قىش مۇمكىن ئەمەس . بىز گەرچە ئىبن بەتتۇتانىڭ يازغانلىرىدىن ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ بولغانلىقىنى بىلسەكمۇ ، بىراق بۇ ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ بولغان يىل ، ۋاقىتلىرى ۋە باشقا بەزى ئەھۋاللار باشقا تارىخچىلارنىڭ يازغانلىرى بىلەن بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇقارشى . شۇنىڭدا گۇمان يوقكى ، تارماشىرىن تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ ، ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىللار ئىچىدە خان ئوردىسى شەرق تەرەپتىكى يەرلەرگە كۆچۈرۈلگەن ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئازايغان . ماۋرائۇننەھردە ئۆز نامىغا تەڭگە قۇيدۇرغان چەڭشى مەزگىللىرىدە (1338 - يىلغىچە ) كاتولىك دىنى مىسسىئونېرلىرى ئالمالىق شەھىرىنىڭ يېنىغا ناھايىتى چىرايلىق چېركاۋ سالغان . ئىسمى نامەلۇم بىر مۇسۇلمان ئاپتورنىڭ يېزىشىچە ، چەڭشى «ئىشلار توغرىسىدا باخشىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرغان ئىكەن» (ئۇ ئادەم بۇددا ئۆلىمالىرىنى باخشى دەپ ئاتىغان ) . لېكىن مۇسۇلمانچىلىققا قارشى بۇ ھەرىكەتلەر ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمىغان ۋە ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان . 1340 - يىلى ماۋرائۇننەھردە چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن دەپ قارالغان ، كېلىپ چىقىشى تۈركىي خەلقلەردىن بولغان بىر شەيخ تەختكە چىققان . بۇ شەيخ كېيىن بۇ يەرگە سۇلتان بولغان . ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ، ئۇ بۇخارادىكى باھاۋىدىن نەقشىبەندى (1318 — 1389 - يىللار ) دېگەن مەشھۇر ئەۋلىياغا ئۇستاز بولغان . بۇ ئەۋلىيانىڭ تەرجىمىھالىدا مۇنداق ئىبارىلەر بار : ئۇ چۈشىدە ھاكىم ئاتا دېگەن بىر ئەۋلىيانى كۆرگەن . ئۇ بۇ چۈشىنى باشقىلارغا ئېيتقاندا ، ئۇنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ بىرسى ئۇنىڭغا : كېيىن سىزنىڭ ئۇستازىڭىز تۈركىي خەلقلەردىن بولغان بىر دەرۋىش بولىدۇ ، دەپ تەبىر ئېيتىپ بەرگەنىكەن . بۇ چۈش كۆرگۈچى باھاۋىدىن ئىدى . باھاۋىدىن ئەسلىي تاجىك ئىدى . باھاۋىدىن كېيىن خەلىل ئىسىملىك بىر تۈرك سوپىنى ئۇچراتقان . بۇ سوپى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى ،



ماڭا تەبىردە ئېيتىلغان ئادەم مۇشۇكەندە ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرگەن . باھاۋىدىن خەلىل تەختكە چىققۇچە ۋە تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا قېلىۋەرگەن . خەلىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، باھاۋىدىن ، يەر يۈزىدىكى نازۇ نېمەتلەرنى كىچىككىنە بىر ئەرزىمەس نەرسە ئىكەنغۇ ، دەپ چۈشىنىپ ، دەرۋىشلىك يولىنى تۇتقان .

تارىخ كىتابلىرىدىن بىز چاغاتاي سۇلتانلىرى ئىچىدە خەلىل ئىسىملىك كىشىنى ئۇچرىتالمايمىز . ئەمما ، ئىبن بەتتۇتا مالدىمانچىلىق مەزگىللىرىدىكى چاغاتاي شاھزادىلىرىنىڭ بىرسى ، ياساۋۇرنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى خەلىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ . خەلىل تارماشىرىنىڭ بىرىنچى ۋارىسى بۇلان (بۇزان ) ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىكەن (چەڭشى ۋە تارىخچىلار تىلغا ئالغان باشقا خانلار ، ئىبن بەتتۇتانىڭ يازغانلىرىدا ئۇچرىمايدۇ ) ۋە ئالمالىق ، قاراقۇرۇم شۇنداقلا بەشبالىق شەھەرلىرىنىمۇ بويسۇندۇرۇۋالغان ئىكەن . كېيىن جۇڭگو ئىمپېراتورلىرى بىلەن توختام تۈزۈشۈپ ، ئۆز يۇرتى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەرگە قايتىپ كەلگەن ئىكەن . ئۇنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسى تىرمىز شەھىرىنىڭ ھۆكۈمرانى خۇداۋەندەزادە ئۇنىۋانىدىكى ئەل مۇلۇك دېگەن ئادەم ئىكەن . كېيىنچە خەلىل تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققان ئادەملەرنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ئەل مۇلۇكنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان . بۇ ئىش كېيىن ئۆزىنىڭ تەختتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان . كېيىن ئۇ ھىرات ھۆكۈمرانى ھۇسەيىن تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان ۋە ئىبن بەتتۇتا ھىندىستاندىن كەتكۈچە ، يەنى 1347 - يىلغىچە ئەسىرلىكتە تۇرغان . خەلىل خۇسۇسىدىكى بۇ بايانلار گەرچە قويۇق رىۋايەت تۈسىگە ئىگە بولسىمۇ ، ئەمما ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇخارادا ھىجرىيە 742 — 743 - يىللىرى ، مىلادىيە 1342 — 1343 - يىللىرى قۇيۇلغان «سۇلتان خەلىلۇللاھ» دېگەن ئىسىم چۈشۈ-

رولگەن تەڭگىلەر ئىسپاتلايدۇ . تارىخچىلارغا ياساۋۇرنىڭ ئوغۇللىرىدىن قازان ئىسىملىك بىرسىنىڭلا سۇلتان بولغانلىقى مەلۇم ئىدى (ئۇنىڭ نامىغا قۇيۇلغان تەڭگىلەرمۇ بار ) . قازانمۇ كىبەك ۋە تارماشىرىنلەرگە ئوخشاش ، قاشقا دەرياسى بويىدا ياشىغان ۋە قارشى شەھىرىدىن ئىككى مەنزىل يىراقلىقتا زەنجىر ساراي نامىدا ئوردا سالدۇرغانىدى . ئۇ 1346 — 1347 - يىللىرى كۆچمەنلەر باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارغا قارشى كۈرەشتە ئۆلدى . قازان ۋە خەلىللاھ دېگەن ئىككى ئىسىم ئەمەلىيەتتە بىر خاننىڭ ئىككى ئىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ ، بۇ ھازىرچە ئىسپاتلانمىدى .

پارس مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە ، قازان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ماۋەرائۇننەھىردىكى ھاكىمىيەت تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ئەمىرلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن . ئەمەل نامى بولغان دەل شۇ «ئەمىر» ئاتالغۇسى بىلەن تۈركچە تەڭداش مەنىدىكى «بەگ» ئاتالغۇسىمۇ قوللىنىلغان . بەزىدە موڭغۇلچە «نويون» ئاتالغۇسىمۇ قوللىنىلغان . ئەنە شۇنداق ئەمىرلەرنىڭ بىرسى قازاغاندۇر . ئۇنىڭ قىشلايدىغان يېرى ئامۇ دەرياسى بويىدىكى سالى ساراي دېگەن يەر ئىكەن (تېرمىز شەھىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ھازىرقى ساراي كەنتى ) . قارىغاندا بۇ كەنت چاغاتاي خانلىرى دەۋرىدىمۇ شۇنداق مۇھىم ئورۇن بولغان بولسا كېرەك . 15 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆتكەن نامسىز بىر ئاپتورنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، قازان خانمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن . مۇشۇ ناملارغا قاراپ مۆلچەرلىگەندە ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردە خان ئوردىسىمۇ بولغان . ئامۇ دەرياسى قىرغاقلىرى قەدىمدىن بۇيانلا كۆچمەنلەرنىڭ قىش پەسلىنى ئۆتكۈزىدىغان يېرى ئىدى . 1220 — 1221 - يىللىرى چىڭگىزخانمۇ قىشنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن . قازاغان ياز كۈنلىرىنى مۆڭكۈ شەھىرىنىڭ ياكى بەلجۇۋان شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر تاغلىق يەردە ئۆتكۈزگەن . قازاغان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاۋۋال چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن ، كېيىن ئوگداي



ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلارنىمۇ تەختكە چىقارغان . بۇ خانلار نامىغا ماۋەرائۇننەھىر (تېرمىز ، ئوترار ، ئىسفىجاپ ، يەنى ھازىرقى چىمكەنت ۋە سايراملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )دە تەڭگىلەر قۇيۇلدى . ماۋەرائۇننەھىردىكى ئەمىرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىغا قەدەر يۈرگۈزۈلدى . ئەمما بۇنى تەڭگىلەر بىلەن ئىسپاتلاش تەس . بۇرۇنقى چاغاتاي خانلىرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار سىياسىي جەھەتتە ماۋەرائۇننەھىردىن تامامەن ئايرىلىپ كەتتى . ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆز خانلىرى ۋە ئۇلۇغ ئەمىرلىرى بولدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا خانلىق تەختىگە چىقتى . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كېيىنكى تارىخىدا شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندىكى ، ماۋەرائۇننەھىرنىڭ ئەمىرى پۈتكۈل ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا تۇتتى . شۇنداق ئەمىرلەر ئىچىدىن تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ )گە ئوخشاش ئالاھىدە شەخسلەرمۇ مەيدانغا كېلىپ ، چوڭ بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقتى . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ دۆلەتكە نىسبەتەن كىچىكرەك دائىرىدە ۋارىسلىق قىلدى ھەم ھاكىمىيەتكە بۇرۇنقىدەك خانلارنى قالقان قىلىپ قويۇش ئادىتىدىن تەدرىجىي ۋاز كەچتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، شەرقتە خانلارنىڭ سۇلالىرى تىكلەندى . ئۇلار ئەمىرلەرنى ھەرقانداق ھاكىمىيەتتىن تەدرىجىي مەھرۇم قىلدى . شۇنداق خانلارنىڭ بىرىنچىسى تۇغلۇق تۆمۈر بولدى . تۇغلۇق تۆمۈر ھىجرىيە 730 - يىلى ، مىلادىيە 1329 — 1330 - يىللىرى تۇغۇلغان . 18 يېشىدىلا خان ئاتالغان ، يەنى ھىجرىيە 748 - يىلى ، مىلادىيە 1347 — 1348 - يىللىرى خان بولغان . قازانخاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تەختكە چىققان يىللىرىنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىپ قېلىشى كىشىنى بۇ ئوتتۇرىدا سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بارمۇ - قانداق؟ دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ . ئەمما مەنبەلەردە بۇنىڭ قانداقتۇر بىرەر سەۋەبىنىڭ بولغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانداق ماتېرىيال يوق . ئومۇمەن ، بۇرۇنقى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ چەك - چېكىدىن پارچىلان-

غان ۋاقتىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلمەيدۇ . ئالمالىقنىڭ ماۋەرائۇننە-
ھىردىن سىياسىي جەھەتتە قايسى ۋاقىتتا ئايرىلىپ كەتكەنلىكى
توغرىسىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات يوق . 1341 ـ يىلى ئالمالىقنى بېسىپ
ئۆتكەن مىسسىئونېر مارىك نوللى ئالمالىق شەھىرىدە چوڭ بىر
چېركاۋنىڭ بولغانلىقى ۋە بۇ چېركاۋدا ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەركىن
ھالدا ئىبادەت قىلىپ ، ۋەز ئېيتقانلىقى ئۈستىدە توختىلىدۇ ،
ئەمما شۇ چاغدىكى ئالمالىقنى سوراپ تۇرغان خاننىڭ ئىسمىنى
تىلغا ئالمايدۇ[1] . خرىستىئان دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئوگداي
ئەۋلادلىرىدىن بولغان شاھزادە ئەلى سۇلتاندىن كېيىن ، بۇ يەرگە
مۇھەممەد پولات دېگەن ئادەم ھۆكۈمران بولغان (مۇسۇلمان تا-
رىخچىلىرى سۇلتان ئەلىنى بەك قاتتىق قول ، زالىم كىشى
ئىدى ، دەپ يازىدۇ ) . ئالمالىقتا «مۇھەممەد» نامىغا مىلادىيە
1345 ـ يىلى (ھىجرىيە 741 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا ) قۇيۇلغان
تەڭگىلەرمۇ ھازىرغىچە ساقلانماقتا . مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ تەڭگە-
لەر مۇھەممەد نامىغا قۇيۇلغان ئەڭ ئاخىرقى تەڭگىلەر ئىكەن .
بۇ دەۋردە ئۆتكەن خانلارنىڭ ئىسىملىرىنى موڭغۇللار كېيىن
شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۇنتۇپ كەتكەنكى ، موڭغۇللارنىڭ رىۋايەتلە-
رىدىن پايدىلىنىپ 16 ـ ئەسىردە «تارىخى رەشىدى»نى يازغان
ئاپتور مۇھەممەد ھەيدەر ئىسەن بۇقانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ دادىسى
ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ . ئۇ 1318 ـ يىلدىكى ۋەقەلەردىن كېيىن
تىرىك قالغانمۇ ـ يوق ، بۇنىسى نامەلۇم . بۇرۇنراق خاتىرىلەنگەن
مەنبەلەردە دۇۋانىڭ باشقا بىر ئوغلى ئېمىل خوجا ، تۇغلۇق
تۆمۈرنىڭ ئاتىسى دەپ كۆرسىتىلىدۇ . ئەبۇلغازى مەنبەلەردىكى
بۇ زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ ئېمىل خوجا (ئەبۇلغازى بۇنى ئېل
خوجا دەپمۇ ئاتايدۇ ) يەنە ئىسەن بۇقا دېگەن لەقەمنىمۇ قوللانغان
دەپ كۆرسىتىدۇ . تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان ئەۋلادىدىن كېلىپ

[1] مارىك نوللى 1340 — 1341 ـ يىللىرى ئالمالىق شەھىرىدە تۇرغان ، بۇ شەھەر
چاغاتاي خانلىقىنىڭ باش شەھىرى ئىدى . 190 ، Ⅱ ، V01 ed ned Ꮓ chathay ، yule .



چىققانلىقى توغرۇلۇق بۇرۇنقىراق ۋە كېيىنكىرەك مەنبەلەردىمۇ
ئېنىق مەلۇمات يوق . تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ بۇرۇن-
قى ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ،
بۇرۇنقى ئېرى بار چاغدىلا قانداقتۇر بىر ئەمىرگە ياتلىق بولغان .
تۇغلۇق تۆمۈر مۇشۇ ئائىلىدە چوڭ بولۇپ ، ئۆزىنى شۇ ئەمىرنىڭ
بالىسى دەپ ھېسابلىغان . شۇنىسى ئېھتىمالغا بەك يېقىنكى ،
تۇغلۇق تۆمۈر ئەسلىي خان ئەۋلادىدىن ئىدى ، دېگەن بۇ گەپنى
دۇغلات ئۇرۇقىدىن بولغان ھېلىقى ئەمىر توقۇپ چىققان ئويدۇر-
ما بولسا كېرەك ۋە بۇ ئەمىر ئۇنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىدە
مەزكۇر خان ئەۋلادىنىڭ ھېچقانداق پۇشتى قالمىغانلىقىنى كۆ-
رۈپ ، خانلىق تەختىگە چىقارغان بولسا كېرەك .
بارلىق ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە ، ئە-
گەردە ئاقساق تۆمۈرنىڭ شەخسەن تەشەببۇسى بىلەن تۆمۈر ئىمپې-
رىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلمىغان بولسا ،
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 14 — 15 ـ ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمى-
نى ئومۇمىي دائىرىدە پەقەتلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمىگەن
بولاتتۇق[1] . تۆمۈرنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى بايانلاردا
ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىرگە يۈرۈش قىلغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ
ئىسمى كۆرسىتىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ قايسى ئۇرۇقتىن كېلىپ چىق-
قانلىقى ، قەيەرلەردە قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكلىرى ، ئەج-
دادلىرى كىملەر ئىكەنلىكلىرى ، تۆمۈرنىڭ ئۇلار بىلەن قىلىش-
قان گەپ ـ سۆزلىرى ۋە تۆمۈرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنى-
دۇ . تۆمۈرنىڭ دوستلىرى ۋە دۈشمەنلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن
قىممەتلىك مەلۇماتلار تۆمۈرنىڭ كېلىپ چىققان شۇ چاغدىكى
ئىجتىمائىي شارائىتىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشكە قىممەتلىك
مەنبە بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، بۇ ماتېرىياللار تەتقىق قىلىنىش بىر

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم (2) ، 27 — 62 ـ بەتلەر ؛ بۇ يەردە تۆمۈر ۋە
تۆمۈر تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار تەپسىلىي بايان قىلىنغان .

ياقتا تۇرسۇن ، ھەتتا ئېلانمۇ قىلىنمىدى . تۆمۈرنىڭ ئۆزىنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن پېرسىيىلىك تارىخچىلار پارس تىلىدا يازغان
تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى مەزگىللىرىگە ئائىت تارىخىي
ئەسەرلەردىن ئۈچى بىزگىچە يېتىپ كەلدى . بۇلارنىڭ بىرىنچى-
سى 1915 ـ يىلى تاشكەنتتە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر قولياز-
مىسىغا ئاساسەن روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن پېتېرگ-
رادتا نەشر قىلىندى ؛ ئىككىنچىسى نىزامىددىن شامى تەرىپىدىن
يېزىلغان بولۇپ ، 1403 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىن-
غان ، ئۇنىڭغا تۆمۈر تەرىپىدىن «زەپەرنامە» دەپ نام قويۇلغان .
بۇ كىتاب ھازىرغىچە تولۇق ئېلان قىلىنمىدى . لوندوندا ساقلى-
نىۋاتقان قوليازمىدىن باشقا ، ھاپىز ئەبرۇ 1417 ـ يىلى رەتلى-
گەن تارىخىي مەجمۇئەگە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تولۇق كۆچۈرۈلمىسى
كىرگۈزۈلگەن . بۇ مەجمۇئە كونستانتىنوپولدا ساقلانماقتا[①] .
بەكرەك مەشھۇر بولغىنى شەرەفىددىن يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»سىدۇر . بۇ
تۆمۈر ۋە تۆمۈر دەۋرى تارىخى بايان قىلىنغان ئۈچىنچى بىر كىتابتۇر .
بۇ كىتاب 1419 ـ يىلى يېزىلىشقا باشلاپ 1425 ـ يىلى تاماملان-
غان . ئەمما ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ تېخى تەكشۈرۈپ بېكىتىش-
تىن ئۆتمىگەن بىر ھىندىستان نۇسخىسىنى ۋە ئاللىقاچان ۋاقتى
ئۆتكەن بىر فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ئاسان تاپقىلى بولىدۇ . بۇ
كىتاب ئۆزىنىڭ قىزىقتۇچىلىرىغا بەك «بىچارە» ھالدا يېتىپ
كەلگەن . ئۈچىنچى كىتابنىڭ «كىرىش سۆز»ىدە تۆمۈر دەۋرىگى-
چە بولغان دۇنيا تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنغان ، جۈملىدىن
موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تارىخىمۇ سۆزلەنگەن ، ئەمما بۇ كىتاب
ھازىرغىچە نەشر قىلىنمىدى[②] . بۇلاردىن باشقا ، تۆمۈرنىڭ تارى-
خىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرقاتار قوليازمىلار بار . جۈملىدىن

① دامات ئىبراھىم پاشا كۇتۇپخانىسى №919 ؛ نىزامىددىن شامىنىڭ «زەپەرنامە»
سى 1937 — 1956 ـ يىللاردا ف . تائىر تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان .
② بۇ كىتابنىڭ يېڭى نەشرى 1957 ـ يىلى تېھران شەھىرىدە مۇھەممەد ئابباس تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى .



ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىسمى نامەلۇم بىر ئاپتورنىڭ 1412 ـ
يىلى تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئىسكەندەرگە بېغىشلانغان ئەم-
گىكى بار . ئۇ ھازىرغىچە ئىككى خىل قوليازمىدا لوندون ۋە
لېنىنگرادتا ساقلانماقتا . مېنىڭ ئۇلۇغبەك توغرىسىدىكى تەتقىقا-
تىمدا بۇلاردىن نەقىل ئېلىندى[①] . ئۇ كىتاب شەرەفىددىنىنىڭ
«زەپەرنامە»سىگە ئوخشاش ، پارس تىلىدا يېزىلغان . ئۇنىڭ ئاپ-
تورى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ۋە ئۇ يەرلەردىكى
ئۆرپ ـ ئادەتلەر ھەمدە كۆز قاراشلارنى ئوبدان بىلەتتىكەن .
ھاپىزى ئەبرۇ بۇ نامەلۇم ئاپتورنىڭ ئەسىرىدىن خۇددى نىزامىد-
دىن شامىنىڭ ئەسىرىدىن پايدىلانغانغا ئوخشاش ، تۆمۈرنىڭ باشقا
بىر نەۋرىسى بايسۇنقۇرغا بېغىشلاپ 1423 ـ يىلى يېزىشقا باشلى-
غان چوڭ ھەجىملىك تارىخ كىتابى «زۇبدەتۇت تەۋارىخ» ( «تا-
رىخلارنىڭ جەۋھىرى» ) دېگەن كىتابىدا پايدىلانغان . بۇ ئەسەر-
نىڭ تولۇق تېكىستى تا ھازىرغىچە مەيدانغا چىقمىدى . كىتابنىڭ
تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرىگە ئائىت قىسمى ھېچ
يەردىن تېپىلمىدى . ئەمما ئۇ مەزمۇنلارنى بىز كېيىن ئۆتكەن
تارىخچى ئابدۇرراززاق سەمەرقەندى (1413 — 1482 ـ يىللار )
نىڭ 1471 ـ يىلغا قەدەر بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئەسىرىدىن ئاساسەن كۆرۈۋالالايمىز . ئابدۇرراززاق سەمەرقەندى-
نىڭ ئەسىرىمۇ ھازىرغىچە نەشر قىلىنمىدى[②] . ئۇنىڭ ئەسىرىدى-
مۇ كۆپ ياخشى مەزمۇنلار بار ئىدى .

پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەرلەردىن باشقا ، تۆمۈرنىڭ
كۆرسەتمىسى بويىچە بىر ئۇيغۇر باخشىسىنىڭ (زىيالىيسىنىڭ )
ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «تارىخى خانى» دېگەن
كىتابى تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ گەپلەرنى 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا

① بارتولد ، مۇئەللىپنىڭ ئاتانزى بايانى ، بارتولدنىڭ «ئىسكەندەر ئانونىمى»نىڭ ئېنىقلى-
نىشى ، يەنە بارتولدنىڭ : «يەنە ئىسكەندەر ئانونىمى توغرىسىدا» قاتارلىقلارغا قارالسۇن .
② بۇ كىتابنىڭ 2 ـ تومى 1941 — 1949 ـ يىللاردا مۇھەممەد شافى تەرىپىدىن نەشر
قىلدۇرۇلدى .

ئۆتكەن بىر ئۆزبېك ئاپتور قولىدىكى شۇ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان
كىتابقا ئاساسلىنىپ ئېيتقان[①] . بۇ يەردىكى باخشى دېگەن سۆزنى
بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئۆلىماسى ، دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ . بۇ
ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان ھۆججەتلەرنى يازغۇچى ۋە رەت-
لىگۈچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى كۆرسىتىدۇ[②] . بىزگە مەلۇم-
كى ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ھۆججەت يېزىپ ئۇنى
باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار چاغاتاي خان ۋە تۆمۈر دەۋرىدە كۆپ
بولغان . بۇنداق كاتىپلار يەنە تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىسىدى-
مۇ ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىمۇ دۆلەت ئىشخانىلىرى-
دا كۆپ بولغان . قارىغاندا ، بۇ كىتابتا خۇددى ئىسكەندەرنىڭ
نامەلۇم ئاپتورىنىڭ ۋە مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىغا ئوخ-
شاش ، تارىخىي بايانلار ئازراق ، رىۋايەتلەر ، ئېپىك داستانلار ـ
قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ھېكايىلەر كۆپرەك بولغان بولسا كې-
رەك . ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن تۆ-
مۈرنىڭ ئەۋلادلىرى ، چىڭگىزخان ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى
دەۋرلەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەر ئۇيغۇر كاتىپلار تەرىپىدىن
ئىجاد قىلىنغان بولسا كېرەك .

ياۋروپا ئالىملىرى ، تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەك تەرىپى-
دىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تۆت ئۇلۇس تارىخى» دېگەن كىتاب-
نىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە بەك ئەپسۇسلىنىدۇ . 16 ـ ئەسىر-
نىڭ تارىخچىسى خاندەمىر ئۆز ئەسىرىنى ئاشۇ كىتابقا ئاساسلى-
نىپ يازغانلىقىنى ئېيتىدۇ[③] . بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە 16 ـ ئە-
سىردىكى بىر ئاپتور ماۋەرائۇننەھىردە پارس تىلىدا بىر ئەسەر
يازغان بولۇپ ، ئۇ ئەسىرىنى ئۇلۇغبەكنىڭ ئەمگىكىنىڭ قىسقار-
تىلمىسى دەپ ئاتىغان ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنىڭغا بەزى مەزمۇنلارنى

---

① بارتولد : «تۈركىستانغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات» ، 1902 ـ يىل ، 188 ـ بەت .
② بارتولد : «تۈركىستان» ، 388 ـ بەت ، باخشى ئاتالغۇسى سانسكرىتچە بىكشۇ (bhikshu) دەپ ئاتىلىدىكەن ، ئۇلار بۇنى بۇددا ئۆلىماسى دەپ چۈشىنىدىكەن .
③ خاندەمىر : «ھەبىبۇسسىيەر» .



قوشقان (بۇ ئەسەرنىڭ ئىككى قوليازمىسى لوندوندا ساقلانماقتا ؛
بۇلار ئىنگلىز تىلىغا 1888 ـ يىلىلا تەرجىمە قىلىنغان )[①] .
خاندەمىرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، «تۆت ئۇلۇس تارىخى» ، ئە-
مەلىيەتتە ، ئۇلۇغبەك تەرىپىدىن يېزىلغان بولماستىن ، بەلكى
ئۇنىڭ نامىدا يېزىلغان ئىكەن[②] . ئومۇمەن ئالغاندا ، بۇ ئەسەر
راشىدىددىننىڭ ۋە نىزامىددىن شامىنىڭ ئەسىرىگە بەزى قوشۇمچى-
لار قىلىنىپلا يېزىلغان ئەسەر ئىكەن[③] . شۇڭا ، بۇ كىتاب يوقىلىپ
كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى ئىلىم - پەن
ئۈچۈن ئانچە زور يوقىتىش ئەمەس .

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، موڭغۇللار ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلمىي قىممىتى راشىدىددىننىڭ ئەسىرى بىلەن
تەڭ قاتاردا تۇرغۇدەك بىرەر ئەسەر ياراتتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا
ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق . ئوتتۇرا ئاسىيادا موڭغۇللارنىڭ
«ئالتۇن كىتابى»دىكى بەزى مەلۇماتلارنىڭ مەلۇم بولغانلىقى
ئېھتىمال . شۇ بايانلار پېرسىيىدە ۋە جۇڭگودا ئەدەبىيلەشتۇ-
رۇلگەن . لېكىن ئۇ بايانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىلگەنلى-
كىگە دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق . كۆچمەن خەلقلەر ھاياتىنىڭ
ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلۈشى راشىدىددىننىڭ ئەسىرىنىڭ تۈركىي
خەلقلەر ئىچىدە يۇقىرى ئورۇن تۇتقانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر . قارى-
غاندا ، بۇ ئەسەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىگە تۈركىستانغا قارىغاندا غەربىي
تۈركلەردە — كىچىك ئاسىيادا بۇرۇنراق باھا بېرىلىپ ئۆتۈلگەن
بولسا كېرەك . راشىدىددىننىڭ ئەسىرى ۋە شەرەفىددىن يەزدى[④]

---

① «شەجەرەئىي تۈرك» ، مايىلىس تەرجىمىسى ( «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 105 ـ ، 106 ـ بەتلەر ۋە ئىزاھات ⑥ گە قاراڭ ) .
② بارتولد : «ئۇلۇغبەك» ، 113 ـ بەت ؛ يەنە «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم (2) ، 141 ـ بەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ .
③ «زەپەرنامە»گە قاراڭ ؛ بارتولدنىڭ «تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىگە سېلىشتۇرۇڭ ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 1 ـ توم ، 102 ـ بەتكە سېلىشتۇرۇڭ .
④ «زەپەرنامە»نىڭ ھىجرىيە 828 ـ ، مىلادىيە 1425 ـ يىلى يېزىلغان نۇسخىسى خۇسۇسىدا بارتولدنىڭ «تۈركىستان» دېگەن كىتابى (ئىنگلىزچە نەشرى )نىڭ 53 ـ بېتىگە ، بارتولدنىڭ 1 ـ توم 102 — 108 ـ بەتلىرىگە قاراڭ .

تەرىپىدىن يېزىلغان تۆمۈر تارىخى ، تۈركىستاندا 16 ـ ئەسىرنىڭ
بېشىدىلا ئۆزبېك خانى كۆشكۈنچى[1] غا بېغىشلاپ تۈركىي تىلغا
تەرجىمە قىلىنغان . كىچىك ئاسىيادا بولسا ، بۇ ئەسەر راشىدىد-
دىننىڭ ئەسىرى 15 ـ ئەسىردىلا تۈرك سۇلتانى مۇرات Ⅱ
(1421 — 1451 ـ يىللار ) ئۈچۈن يېزىلغان «سالجۇق جەمەتى
تارىخى »دا كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىلغان ( «سالجۇق جەمەتى تارى-
خى »نىڭ بەزى قىسىملىرى راۋەندى ۋە ئىبن بىبىلارنىڭ پارس
تىلىدىكى ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى ئىدى ) . شۇنىمۇ كۆرسىتىپ
ئۆتۈش كېرەككى ، ئاپتور راشىدىددىن ، چىڭگىزخاننىڭ سۆزلى-
رى ، دەپ نەقىل ئالغان سۆزلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان
ۋە ئۇ سۆزلەرنى يۇرەكلىك هالدا ئۆز خەلقىنىڭ رىۋايەتتىكى
ئەجدادى ئوغۇزخاننىڭ سۆزلىرى قىلىپ كۆرسەتكەن . تۈركىيد-
لىك ئالىملارنىڭ بىرسىنىڭ قارىشىچە ، «ئوغۇزنامە »دە تۈركىي
خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي قانۇنلىرى ئىپادىلەنگەن . چىڭگىزخان
بولسا ئۆزىنىڭ هاكىمىيىتىنى يۇرگۈزگەندە مۇشۇ قانۇنلارنى تەق-
لىد قىلغان ئىكەن[2] . لېكىن پارس تىلىدىكى تېكىستنى تۈركىي
تىلدىكى تېكىست بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بۇ تېكىستلەرنىڭ ئەس-
لىي پارسچە يېزىلغانلىقى ، تۈركىي تىلدىكىسى بولسا پارسچىدىن
تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ . پارسچە تېكىستنى
تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى ، قولىيازمىنىڭ بىر يېرىدىكى پارسچە
«سەنگ » (تاش ) دېگەن سۆزنى «سەگ » (ئىت ) دېگەن سۆز
بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويغان . نەتىجىدە تۈركچە تېكىستتە «سۇغا
چۆشۈپ كەتكەن تاش » دېگەن سۆز «سۇغا چۆشۈپ كەتكەن ئىت »
دەپ تەرجىمە قىلىنغان .
راشىدىددىننىڭ 13 ـ ئەسىر توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىنى

① بارتولد : «تۈركىستانغا قىلىنغان ساياهەتتىن دوكلات »قا قاراڭ ؛ 1902 ـ يىل ، 257 ـ بەت .
② نەجىپ ئاسىم : 198 .M. Hartmann. Der islamische Orient Bd Ⅲ ,s37



تۈركىستاندىكى 14 — 15 ـ ئەسىرلەردىكى ئاپتورلارنىڭ 13 ـ
ئەسىردىكى ۋەقەلەر هەققىدىكى بايانلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق
شۇ ئەهۋال ئېنىق مەلۇم بولىدۇكى ، كېيىنكىلەرنىڭ بايانلىرى
ئەمەلدە يۇز بەرگەن بىرەر ئەمەلىي پاكىتقا ئاساسلانغان بولماي ،
پەقەت ئويلاپ چىقىرىلغان گەپلەردىنلا ئىبارەت بولغان . ئەمەلى-
يەتتە ، مۇقىملاشقان ئەهۋاللارنى چۈشەندۈرۈش ۋە قوللاش مەق-
سىتىدىلا توقۇلغان ، خالاس . بۇنداق ئەهۋال تۆمۈر دۆلىتىدىمۇ
ۋە ماۋەرائۇننەهىردىن ئايرىلىپ كەتكەن شەرق تەرەپتىكى رايون-
لاردىمۇ ئوخشاشلا يۇز بەرگەن . تۆمۈر ، تۈركلەشكەن موڭغۇل
قەبىلىسى — بارلاس قەبىلىسى (موڭغۇلچە «بارۇلاس» دەپ
ئاتالغان )دىن ئىدى . بۇ قەبىلە شۇ چاغلاردا قاشقا دەرياسى بويىد-
كى بىر يەرگە جايلاشقان ئىكەن . راشىدىددىننىڭ يازغانلىرىدىن
بىز شۇنى بىلدۇقكى ، چاغاتاي ئەمىرلىرىدىن بىرسى بولغان قارا-
چار ، بارلاس قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان تۆمۈرنىڭ ئەجدادى
ئىكەن . راشىدىددىننىڭ كىتابىدا قاراچار ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى
هەققىدە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا بىرەر
گەۋدىلىك رول ئوينىغان ـ ئوينىمىغانلىقى هەققىدىمۇ هېچقانداق
مەلۇمات بېرىلمەيدۇ . ئەمما تۆمۈر دەۋرىدە شەكىللەنگەن رىۋايەت-
لەرچە ، قاراچارمۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ كېيىن خۇددى تۆمۈر-
گە ئوخشاشلا چاغاتاي دۆلىتىدە تولۇق هوقۇقلۇق هۆكۈمرانلاردىن
بولغانىكەن . قاراچار هاكىمىيىتى ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىر يازما
توختام ئاساسىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان هاكىمىيەت ئىكەن .
بۇ توختام ، بىرىنچى قېتىم چىڭگىزخاننىڭ چوڭ دادىسى قابۇل-
خان بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى قاچۇلى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن . قا-
چۇلى قاراچارنىڭ ئەجدادى ئىكەن . كېيىن بۇ توختام بىرنەچچە
قېتىم يېڭىلانغان . بۇ يازما هۆججەت 14 ـ ئەسىردىكى مالىمانچى-
لىق ۋاقتىدا يوقىلىپ كەتكەن دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . ئەسلىي
موڭغۇل قەبىلىسىدىن بولۇپ ، كېيىن تۈركلەشكەن دوغلات قەبى-

لىسىنىڭ ۋەكىللىرى جۇڭگو تۈركىستانىدىن باشقا يەنە پەرغانە ،
يەتتەسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئىسسىقكۆلگىچە بولغان جايلارنى
ئىگىلىگەنىدى . بۇلار خۇسۇسىدىمۇ ئەجدادى ئۇرتۇبۇ دېگەن ئادەم
بۇ يەرلەرنى چاغاتاينىڭ ئۆز قولىدىن تاپشۇرۇۋالغان ، دېگەن
گەپلەر تارقالغان . ئەمما راشىدىددىنىنىڭ يېزىشىچە : بۇ قەبىلە
ئىچىدىن راشىدىددىن تا مۇشۇ بايانلارنى يېزىۋاتقانغىچە ئارىلىقتا
بىرەر چوڭ ھۆرمەتكە ۋە شان — شۆھرەتكە ئېرىشكەن شەخس
چىقمىغان .

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا شۇنىڭدەك ، شەرقىي
قىسمىدىمۇ شۇ چاغلاردا تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ
ئورنى نىڭ كۆچەيگەنلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىدۇ . تارىخچىلار ئىككى دۆلەتتىكى كۆچمەنلەرنىڭ قانداق
ئۇرۇقلارغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ . لې-
كىن بەزى قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئىچىدە بۇرۇنقى تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ ناملىرى ناھايىتى ئاز چېلىقىدۇ . كىشىلەر تۆمۈر ئىمپې-
رىيىسى تەۋەلىكىدە قىپچاقلارنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ ،
بىراق قارلۇق ئۇرۇقى تىلغا ئېلىنمايدۇ . ئۇيغۇرلار ، تۆمۈر ۋە
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تۈرك كاتىپلىرىنىڭ (باخشىلىرىنىڭ ) كې-
لىپ چىقىشىنى سۆزلىگەندە ، ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن كېلىپ چىق-
قان ، دەپلا قويىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ جايلاشقان تېررىتورىيىلىرى
ۋە ئۇلارغا قوشنا يېقىن قەبىلىلەر ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي
ھاياتى ھەققىدە توختالمايدۇ . راشىدىددىن چىڭگىزخاننىڭ چاغاتاي-
غا بۆلۈپ بەرگەن مۇنتىزىم 4000 كىشىلىك قوشۇنى ھەققىدىلا
توختىلىدۇ . لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا 14 ـ ئەسىردە ئۇچرايدىغان
كۆچمەن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى
كېيىنچە تۈركىستانغا كەلگەن موڭغۇللارنىڭ سانى كۆپ بولغان
بولسا كېرەك ، دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ . قارىغاندا ، ئوخشاش بىر
خەلققە ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بىرقانچە ئۇرۇنلارغا تارقىلىپ جاي-



لاشقان بولسا كېرەك . بىز تۆمۈرگە بويسۇنغان قەبىلىلەرنىڭ
ناملىرىنىڭ شەرقتىكى رايونلاردا ياشايدىغان ئۇرۇقلارنىڭ ناملى-
رىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرىمىز . مۇشۇنداق ئوخشاش نامدىكى
ئۇرۇقلار ئىچىگە دوغلات قەبىلىسىمۇ كىرىدۇ . مۇشۇ دوغلات
ئۇرۇقىدىن تۆمۈرنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك ئادىمى ئەمىر دوغلات
كېلىپ چىققان . ئۇنىڭغا تۆمۈر ئۆزىنىڭ سىڭلىسى قۇتلۇق تۈر-
كەننى ياتلىق قىلغان① . خۇددى دوغلات قەبىلىسىگە ئوخشاش ،
ھەم غەربتىكى ھەم شەرقتىكى رايونلاردا بارلاس قەبىلىسىمۇ ئۇچ-
رايدۇ .

شۇنىسى قىزىقكى ، چاغاتاي ئاتالغۇسى تۆمۈر دۆلىتىدە كۆچ-
مەنلەرگىلا قارىتىلغان ؛ شەرقتىكى رايونلاردا بولسا ، كۆپرەك
ئۆزىنى بىز چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن دەپ ھېسابلايدىغان خانلار
مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ . شەرقتىكى كۆچمەنلەر ئۆزىنى «موغۇل-
لار» دەپ ئاتىغان . ئۆز ئېلىنى بولسا «موغۇلىستان» دەپ ئاتى-
غان . گەرچە موڭغۇلچە تېكىستلەردە بۇ ئاتالغۇ دائىم «ڭ»
ھەرپى قوشۇلۇپ «موڭغۇل» دەپ يېزىلسىمۇ ، ئەمما ئوتتۇرا
ئاسىيادا دەسلەپتىلا «موڭغۇل» دېگەن بۇ خەلق ئىسمى «ڭ»
ھەرپى تاشلىنىپ «موغۇل» دەپ ئاتىلىپ كەتكەن . غەربكە كۆ-
چۈپ ماكانلاشقان موڭغۇللاردىن ھازىرچە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ موڭ-
غۇل تىلىنى ساقلاپ كەلگەن موڭغۇللار ئۆزلىرىنى «موغۇل»
دەپ كەلمەكتە . گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىنى ساق-
لاپ كەلگەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق موڭغۇللار بولسىمۇ ، ئەمما
ئۆزلىرىگە «موغۇل» نامىنى قوللانغان (بۇ قەبىلە ھازىر ئافغا-
نىستاندا ياشايدۇ ) . ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ
ساپ قانلىق ۋەكىللىرىمىز ، دەپ قارايدىغان موغۇللار «چاغاتاي-
لار»نى «شالغۇتلاشقانلار» («قارا ئۇناسلار» ) دەپ كەمسىتىپ ئاتايدى-

① تۈركان — تۈركەن دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ .

كەن . «چاغاتايىلار» بولسا ئۆزلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ موڭغۇل
دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارمىز دەپ «موغۇل-
لار»نى بۇلاڭچى («جەتە»)لار دەپ ئاتايدىكەن . بۇ نامنى ياۋروپا
تارىخ پىنىدە بەزىدە قەدىمكى گودلارنىڭ نامى ، دەپ چۈشەندۈرۈش-
كە ئىنتىلىشلەرمۇ بولدى . ئەمەلىيەتتە ، بۇ سۆز بىز يۇقىرىدا
كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك 15 - ئەسىردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىياسىدىكى «قازاق» ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلى-
تىلگەن . يەنى بۇ ئاتالغۇ بۇرۇن ئىتائەت قىلىپ كەلگەن دۆلەت-
تىن ئايرىلىپ چىقىپ ، شۇ دۆلەت بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇر-
غان كۆچمەنلەر قوشۇنى مەنىسىدە قوللىنىلغان .

14 — 15 - ئەسىرلەردىكى موغۇللار ئەسلىي تىلىنى قانچى-
لىك دەرىجىدە ساقلاپ قالدى ، «موغۇللار» بىلەن «چاغاتايىلار»
ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلقلەر
ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت دەپ قاراشقا بولامدۇ - يوق ؟
بۇ مەسىلە ھازىرغىچە ئۈنچىۋالا ئېنىق ئەمەس . بەزى ماتېرىيال-
لارمۇ بار ، ئۇلارغا قارىغاندا ، موغۇللارنىڭ تىلى شۇ چاغلاردا
يەنىلا «موڭغۇل تىلى» ئىكەن . 16 - ئەسىرنىڭ بېشىدا بابۇر
ئۆزىنىڭ تاغىسى موغۇل ئەھمەدخاننىڭ لەقىمى «ئالاچى» ئىدى
دەيدۇ . بۇ سۆز «موغۇل ۋە قالماق تىلىدا» «قاتىل» دېگەن
مەنىدە ئىكەن① . يەنە بىر جەھەتتىن ، مۇھەممەد ھەيدەر
موغۇللار بىلەن قىرغىزلار ئوخشاش بىر خەلق ، ئۇلار ئوتتۇرىسى-
دىكى پەرق شۇكى ، موغۇللار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ؛
قىرغىزلار بولسا ، تېخىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ، دەپ
قارايدۇ . ئەھمەدنىڭ ئەۋلادلىرى نېمىلا دېمەيلى ، تىل جەھەتتە
تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن ، دەپ كۆرسىتىدۇ . ئەھمەدخاننىڭ
ئوغلى سەئىدخان (1533 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) پارس ۋە

① «بابۇرنامە» ، بېيجىڭ نەشرى ، 110 - بەت .



تۈركىي تىللاردا شېئىر يازاتتىكەن . مۇھەممەد ھەيدەر موڭغۇللار
بىلەن جۇڭگو تۈركىستانىنىڭ تۈپ ئاھالىلىرىنى پەرقلەندۈرىدۇ .
ئۇ موغۇلىستان ئاتالغۇسىنى غەربتە بالقاش كۆلىدىن باشلاپ يەنى
موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ چېگرىسىدىن باشلاپ ،
شەرقتە قالماقلار يەرلىرىگىچە بولغان يەرلەرنى ، شىمالدا ئېمىل ،
ئېرتىش دەريالىرىغىچە بولغان يەرلەرنى ، جەنۇبتا قەشقەردىن باش-
لاپ پەرغانە ۋە باركۆل (بارىسكۆل)گىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ دەپ چۈشەنگەن . 16 - ئەسىردە موغۇللار بۇ
يەرلەردىن قالماقلار ۋە قىرغىزلار تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىل-
غان ، ئەمما قەشقەرىيىدە ، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا
قارىغاندا ، 30 مىڭ چامىسىدا موغۇل قېپقالغان . قەشقەرىيىنىڭ
جۇغراپىيىلىك شارائىتى كۆچمەنلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە
قۇلايسىز ئىدى . 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنى خانلىق
يىمىرىلگەندىن كېيىن ، موغۇللار ناھايىتى تېزلا يەرلىك ئولتۇ-
راق ئاھالە بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
موغۇل دېگەن نامىنىمۇ يوقاتقان . تىل جەھەتتىن قارىغاندا ، پۈ-
تۈن قەشقەرىيىدە كۆچمەنلەر بىلەن ئولتۇراق ئاھالىلەر ئوتتۇرى-
سىدا پەرقلەرمۇ خېلى بالدۇرلا تۈگىگەن بولسا كېرەك . 11 -
ئەسىردە يەنى مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدا① كەنجەك دېگەن نامدا
بۇ يەردە مەۋجۇت بولغان تائىپە نامىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىگە-
مۇ خېلى ئۇزۇن زامانلار بولغان بولسا كېرەك . موغۇللار ئېلىدە
چاغاتايىلار ئېلىدىكىدەك دەسلەپتىلا تۈركىي خەلقلەر بىلەن تا-
جىكلار (ياكى سارتلار) ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلەر بولمىغان .
شەرق تەرەپتىكى كۆچمەنلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئاز
ئۇچرىغاچقا ، تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتە چاغاتاي ئېلىدىكىلەردىن
خېلىلا پەرقلەنگەن . موغۇللاردا ئەسلىي ئۆزلىرى تۇرغان يەرلى-

① مەھمۇد كاشغەرىي : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم ، 399 - بەت .

ـرىدىن ئىككى ئايلىق يىراقلىقتىكى چۆللەردە ، تاغلار ۋە ئورمانـ
لىقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇقىنى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ قامداپ ، كىـ
يىم ـ كېچەكلىرىنى شۇ ئوۋلىغان ھايۋانلىرىنىڭ تېرىلىرىدىن
تىكىپ كىيىپ يۈرۈپ ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن جەڭچىـ
لەر ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولاتتى . چاغاتايىلار (ئوتتۇرا ئاسىـ
ياغا چاغاتاي بىلەن بىرگە كەلگەن ، تۈركلەشكەن ۋە ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇللار — تەرجىماندىن )دا بۇ ئادەت
يوق ئىدى ، ئەلۋەتتە .

تۆمۈر دەۋرىدىكى چاغاتايىلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ تاشقى قىـ
ياپىتى ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىدە چىڭگىزخان ۋاقتىدىكى ئەنئەنىـ
لەرگە تولۇق رىئايە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزلىرىنى
تولۇق مەنىدىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ، دەپ ھېسابلاپ كەلگەن .
ئەسلىي چىڭگىزخان نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كۆچمەنـ
لەردىكى ئادەت قانۇنى قەدىمكى تۈركچە ئاتالغۇ «تۆرۈ» سۆزى
بىلەن ئىپادىلەنگەن . كېيىن ئۆزگەرتىلىپ «تۆرە» دەپ ئاتالغان .
بۇ بەلكىم يەھۇدىيلارغا مەلۇم بولغان ۋە «قۇرئان»دىمۇ ئۇچرايدىـ
غان «تەۋرات» سۆزىنىڭ تەسىرىدە شۇنداق ئۆزگەرگەن بولسا
كېرەك . كىشىلەر تۆمۈرنى ۋە چاغاتايىلارنى : سىلەر چىڭگىزخانـ
دىن كېلىۋاتقان بۇ ئادەت قانۇنى تۆرەنى شەرىئەتتىنمۇ يۇقىرى
كۆرىدىكەنسىلەر دەپ ئەيىبلەشكەن . بۇنىڭ بىلەن سۈرىيەدىكى
دىنىي ئۆلىمالار تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى مۇسۇلمان دېگىلى
بولمايدۇ ، دەپ ئالاھىدە پەتىۋا چىقارغان . 1372 ـ يىلى ، تۆمۈرـ
نىڭ خارەزىمدىكى ئەلچىسىگە : «سىلەرنىڭ ئېلىڭلار بىزگە نىسـ
بەتەن ئۇرۇش رايونى» («دارۇل ھەرب» ) ھېسابلىنىدۇ ، مۇـ
سۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتۇر ، دەپ
ئۇقتۇرۇلغان . شۇ چاغلاردا تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىكىـ
لەرنىڭ باشقا مۇسۇلمانلاردىن تاشقى قىياپىتى جەھەتتە كەسكىن
پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالامىتى ، موڭغۇل ئادىتىچە بېشىغا ئۇزۇن



چاچ قويۇۋېلىش ئىدى . بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىـ
كى بەزى قوليازمىلاردىمۇ سىزىپ كۆرسىتىلگەن . تۆمۈرنىڭ
قوشۇنلىرى 1400 — 1401 ـ يىللىرى دەمەشق شەھىرىنى قورشىـ
ۋالغاندا ، ئۇنىڭ نەۋرىسى سۇلتان ھۇسەيىن ئۇنىڭغا خائىنلىق
قىلىپ قورشاۋ ئىچىدە قالغانلار تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن . ئۇ
يەردىكى كىشىلەر سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئاۋۋال ئۇزۇن چاچلىرىنى
چۇشۇرۇۋېتىشىنى ۋە موڭغۇلچە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇشىنى
تەلەپ قىلغان .

چاغاتايىلارنىڭ قەبىلە ـ ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈش تەپسىلاتلىرىنى
بۇ خۇسۇستىكى ئاتالغۇلارنىڭ ئېنىقسىزلىقى تۈپەيلى چۈشىنىپ
كېتىش تەس . مەسىلەن ، ئۇلۇس ئاتالغۇسىنى ھەر خىل مەنىدە
چۈشىنىشكە بولىدۇ[1] . يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ناھاـ
يىتى كەڭ مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ . ئېيتايلۇق ، جۇجى ئۇلۇسى
ياكى چاغاتاي ئۇلۇسى دېگەندەك . تۇمەن ئاتالغۇسىمۇ ۋە ئايماق
ئاتالغۇسىمۇ ، قارىغاندا ، موڭغۇلچە بولسا كېرەك . بۇلارمۇ يۇقىـ
رىقىدەك (ئايماق ئاتالغۇسى كۆپ ھاللاردا اويماق شەكلىدە يېزىـ
لىدۇ )[2] . «نۇرغۇن» ، «ئون مىڭ» دېگەن مەنىدىكى تۇمەن
ئاتالغۇسى قەشقەرىينىڭ ئەسلىي ئاھالىسىدىن تۈركىي تىللارغا
ئۆتكەن بولسا كېرەك ، كېيىنچە تۇمەن ئاتالغۇسى كۆچمەنلەرگە
ۋە ئەسكەرلەرگە ئىشلىتىلگەندىن باشقا ، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان
ئاھالىلەرگىمۇ قوللىنىلغان . مۇھەممەد ھەيدەر قەشقەرىيە (خوـ
تەن ۋە قەشقەر )دىكى ئاھالىلەرنى تۆت خىل تەبىقىگە بۆلگەن :
تۇمەنلەر — دېھقانلار ؛ قاۋچىن (ئەسكەرلەر ) ؛ ئايماقلار ۋە كۆچـ
مەنلەر (بۇلارنىڭ مۇئەييەن سانىدىكى ئاشلىق ، رەخت ۋە
باشقىلارنى ئىگىلەش ھوقۇقى بار ) ؛ ئەمەلدار ۋە دىنىي ئۆلىماـ

---

① بارتولد : «چىڭگىزخان» ، 898 ـ بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 5 ـ توم ، 625 ـ بەتتىكى «بىرقانچە قەبىلىلەر» دېگەن ماقالىسىغا سېلىشتۇرۇڭ .
② رادلوف ، لۇغەت ، 1 ـ توم ، 63 ـ بەتكە سېلىشتۇرۇڭ .

لار . قارىغاندا ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تەبىقىلەر موغۇللارنى
كۆرسەتكەن بولسا كېرەك . تۈمەن ئاتالغۇسى نۆۋەتتە بۇخارادا
تاغلىقلاردىكى ئاھالىلەرنى ئىپادىلەيدىغان كوھىستان دېگەن ئاتال-
غۇغا قارىمۇقارشى ھالدا تۈزلەڭلىكتە ياشايدىغان ئاھالىلەرنى ئى-
پادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ .

تۆمۈر دۆلىتىدىكى چاغاتايىلارنىڭ ئورنى بىلەن ئولتۇراق
ئاھالىلەرنىڭ ئورنى خۇسۇسىدا ، 1404 ـ يىلى چاغاتايىلارنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىسپانلىقلارنىڭ ئەلچىسى كىلاۋىيخو شەرق
ئاپتورلىرىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ تۆۋەن-
دىكىلەرنى يازغان : «ئۇلار (چاغاتايىلار — تەرجىماندىن ) قەيەر-
نى خالىسا شۇ يەرگە بارالايدىكەن ، ماللىرىنى خالىغان يەرلىرىدە
باقالايدىكەن ، قىش-ياز ھەرقانداق يەرگە بارالايدىكەن ، ئۇلار ھەر-
قانداق باج ـ سېلىقتىن خالىي ئىكەن ، چۈنكى ئۇلار پادىشاھ
قاچان چاقىرسا ، شۇئان بېرىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدىكەن[1] .

چاغاتايىلارنىڭ تۆۋەندىكى تۆت ئۇرۇقى — ئارلات ، جالايىر ،
قاۋچىن ۋە بارلاس قەبىلىلىرى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان .
يۇقىرىدا بىز قاۋچىن سۆزىنى كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇ دەس-
لەپتە مەلۇم بىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ نامى ئەمەس ئىدى ،
بەلكى قوشۇن ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر قىسىمنىڭ نامى ئىدى .
شەرەفىددىن يەزدىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇ خاننىڭ ئۆزىگە
بىۋاستە قاراشلىق ئەسكەرلىرىنىڭ نامى بولغان ئىكەن . شۇنىسى
بەك ئېھتىمالكى ، قاۋچىنلاردىن بولغان ماۋەرائۇننەھرنىڭ تۇن-
جى ھۆكۈمرانى چاغاتاي ئەمىرى قازاغان بولسا كېرەك . ئۇنىڭ
نەۋرىسى كېيىنچە تۆمۈر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈل-
گەن . قالغان ئۈچ ئۇرۇقنىڭناملىرى دەسلەپتە موڭغۇللارنىڭ
شەخسىي ناملىرى بولسا كېرەك . چاغاتاي دەۋرىدە بۇ ئۇرۇقلار-

---

① كىلاۋىيخو ، سىرىزنىۋسكوف نەشرى ، 220 ـ بەت .



نىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن تېررىتورىيىگە ئىگە بولۇپ
تۇرغان . ئارلاتلار ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا ياشىغان . جالايىرلار
سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ، بارلاسلار قاشقا دەرياسى يېنىدىكى
يەرلەردە ياشىغان . بۇ ئۇرۇقلار تەڭ ئورۇندا تۇرغان .

ماتېرىياللاردا چاغاتاي ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم
ھۆكۈمرانى ، ئايرىم تېررىتورىيىسى ۋە قوشۇنلىرى بولغانلىقى ،
شۇنداقلا ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ناملىرى تىلغا ئېلىنىدۇ . يۇ-
قىرىقىلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنى باشقۇرغان خان ، شاھزادىلەرنىڭ
ناملىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ، يەنىلا ساقلىنىپ قال-
غان ناملار بولسا كېرەك . مەسىلەن ، بەلخنىڭ يېنىدا «كىبەك
تۈمەنى» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنىدۇ . نامسىز بىر ئاپتورنىڭ
ئىسكەندەرنىڭ سۆزى قىلىپ يازغانلىرىدا ، كىبەك ئۆزىنىڭ ئۇ-
كىسى ئىسەن بۇقا تەختتىكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن ھەرقايسى ئۇلۇس-
لاردىن بىرمۇنچە بايلارنى توپلاش ھوقۇقىنى ئالغانلىقى سۆزلىنى-
دۇ (ئۇنىڭ بايلار دېگىنى مەلۇم مىقداردىكى چارۋىغا ئىگە كۆچ-
مەنلەرنى كۆرسەتسە كېرەك ) . بۇ ئادەملەر ، تارىخچىلارنىڭ ئېيى-
تىشىچە : «كىبەكنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدىكى ئادەملىرىمىز»
دەپ ماختىنىپ يۈرگۈچىلەر ئىكەن (تاكه امروز خرت بانجوكرى
كبك ميكنند ) . يەنە شۇ تارىخچىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، كى-
بەككە ئۇ مەغلۇپ قىلغان شاھزادە ياساۋۇرنىڭ ئۇلۇسىمۇ قوشۇ-
لۇپ كەتكەن . ياساۋۇرلار تۆمۈر دەۋرىدە سەمەرقەنت ئەتراپىدا
ياشايدىغان ئايرىم بىر قەبىلە سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ . يۇقىرىدا
ئىسمى تىلغا ئېلىنغان نامسىز ئاپتور ، ياساۋۇرلار ئۇلۇسىنىڭ
باشلىقى ئەمىر خىزىر سەمەرقەنتكە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان
ئىدى ، دەپ كۆرسىتىدۇ .

تۆمۈر بىلەن بارلاس ئۇرۇقى ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە يېقىن
مۇناسىۋەت بار ئىدى . چۈنكى تۆمۈر شۇ ئۇرۇققا مەنسۇپ ئىدى .
بۇ قەبىلىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنى بىز تۆمۈرنىڭ قېرىن-

داشلىرىمىز ، دەپ يۇرەتتى . تۆمۈر ئارلات ۋە جالايىر قەبىلىلىرى-
نىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ھاكىمىيەت تالاشقان ھەتتا
ئۆزىنى چاغاتاي دۆلىتىنىڭ باشلىقى ، دەپ ئېلان قىلغاندىن كې-
يىنمۇ شۇنداق قىلغان . جالايىرلار ئۇلۇسى 1376 ـ يىلى پۈتۈنلەي
يوقىتىلدى ، دەپ ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ چېچىلىپ كەتكەن
قالدۇقلىرى باشقا ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن . بارلاس
قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىرلەرلا ئەمەس ، باشقا قەبىلىلەردىن
چىققان ئەمىرلەرمۇ تۆمۈرگە يېقىن ئەمىرلەر ، دەپ كۆرسىتىل-
دۇ . ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرسى نايمان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىق-
قان ئاق بۇغا ئىدى . تۆمۈر ھايات چېغىدىلا قەبرىلىرى تۆمۈرنىڭ
قەبرىسىگە يېقىن جايغا (شەھرىستانغا ) قويۇلىدۇ ، دەپ كۆرسە-
تىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئاق بۇغىنىڭمۇ ئېتى بار ئىدى . دىققەتكە
ئەرزىگۇدەك بىر ئىش شۇكى ، جەڭدە ئالاھىدە باتۇرلۇق كۆرسە-
تىپ قۇربان بولغان جەڭچىلەر قويۇلىدىغان قەبرىلەر مورچال
ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىلاتتى . يۇقىرىقى قەبرىلەرمۇ شۇنداق دەپ
ئاتالغانىدى . بۇ بايانلار ۋە باشقىلار تۆمۈرنىڭ چاغاتايىلار ئارىسى-
دا ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى
ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . تۆمۈرنىڭ ئۆز
ئېلىدىكى شەھەرلىكلەر ۋە يېزىلىقلارغا قارىغاندا ھەربىيلەرگە
بەك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىدا گەپ يوق . شۇنداق بولسىمۇ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ كۆچمەنلىرى چاغاتايىلار ۋە
موغۇللار : تۆمۈر ئۆزىنىڭ مەركىزىنى چوڭ شەھەرگە يۆتكەپ ،
ئۆزى شەھەردە تۇرۇپ ، شەھەر ھاياتىغا بېرىلىپ ھەم ئۇ يەرلەرگە
چوڭ قۇرۇلۇشلارنى بىنا قىلىپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى ، كۆچمەن-
لەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شاھزادىلىرىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ ئولتۇ-
راقلىشىشى ، چىڭگىزخاننىڭ ياساقىغا مۇخالىپ ئىش دەپ قارايت-
تى . كىچىك ئاسىيا تۈركلىرى ھەمىشە كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈ-



رۇش ، ئولتۇراقلاشماسلىق دېگەننى ئوغۇزخان ئېيتقان ، دەپ
قارايدىكەن[①] . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن
oturaq ( ئولتۇراق — تەرجىماندىن ) ئاتالغۇسى ئېتىمولوگىيە
جەھەتتە ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىۋاتقان ياتاق سۆزىگە قارى-
غاندا ، ھازىرقى ياۋروپادىكى تىللاردا شۇ مەنىدە قوللانغان ئاتالغۇ-
لارغا يېقىنراق (رۇسچە «оседлый» ، فرانسۇزچە «Sedentaire» ،
گېرمانچە «Sesshaft» ) . شەھەرلەرگە ئۆچمەنلىك بىلەن قا-
راش ، غەربكە نىسبەتەن موغۇلىستاندا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان .
15 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىلا تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى
سەمەرقەنت ۋە ھىراتلاردىكى ئۆزلىرىنىڭ زور كۆلەملىك قۇرۇ-
لۇشلىرى بىلەن شانشۆھرەت تېپىپ تۇرغاندا ، موغۇللارنىڭ نارا-
زىلىقى تۇيەيلىدىن موغۇللارنىڭ خانى يۇنۇسخان ئاقسۇدا ئولتۇ-
راقلىشىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى . شۇ چاغدىكى
ئاقسۇ بىر ئاھالىلىك پونكىت بولۇپ ، پەقەت «موغۇلىستاندىلا
شەھەر دەپ ھېسابلىناتتى» . ئارىدىن بىر نەچچە يىللار ئۆتكەندىن
كېيىن ئاندىن يۇنۇسخان سايرام ۋە كېيىن تاشكەنتلەرنى ئىگىلى-
دى ۋە شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاشتى (ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىر تاش-
كەنتتە ) . بۇنداق ئەھۋالدا موغۇللارنىڭ بىر قىسمى يۇنۇسخان-
نىڭ ئوغلى ئەھمەدخان بىلەن يۇنۇسخاندىن ئايرىلىپ كەتتى .
ئەھمەدخان ئۆزىنىڭ ئادىتى ۋە تاشقى قىياپىتى جەھەتتە ھەقىقىي
يايلاق جەڭچىسى بولۇپ قالدى . ئەھمەدخاننىڭ جىيەنى بابۇر
1502 ـ يىلى ئەھمەدخاننى كۆرگەندە ئۇ خۇددى يۇقىرىقىدەك
قىياپەتتە تۇرۇپتىكەن[②] .
چاغاتاي دۆلىتى خۇسۇسىدىكى خاتىرىلەردە ، پەقەت 14 ـ
ئەسىرلەردىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغاندىلا كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇ-

① تەبەرى ، سالجۇقىيلار تارىخى ، قولىيازما ، ئاسىيا مۇزېيىدا №590 ، 28 ـ بەت ؛ دايىم كوچ ايدەلر اوتراق اولميالر .
② «بابۇرنامە» ، بېۋېرىج نەشرى ، 103a—b ، 107B .

راقلىشىش مەسىلىسى تۇپەيلى ، ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا قارشى چىققانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ . تارىخچىلار قازاغان خاننى كۆچمەن هاياتقا سادىق بولۇپ ، قىش پەسلىنى ئامۇ دەرياسى بويىدا ، يازنى بالاساغۇن يېنىدىكى تاغلاردا ئۆتكۈزۈپ ، ئولتۇراقلاشقان ئاهالىلەرنىڭ يەرلىرىگە هېچ تەگمىگەنلىكى ئۈچۈنلا مەدهىيىلەيدۇ . قازاغاننىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئاتىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا خارەزىمگە هۇجۇم قىلغان . خارەزىملىكلەر ئىككى مىليون دىنار بېرىپ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن قۇتۇلۇپ قالغان . قازاغان ئوغلىنىڭ هېچنېمىدىن هېچنېمە يوقلا مۇسۇلمانلارغا هۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولغان ۋە ئوغلىنى ئەيىبلىگەن . قازاغان هۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان چاغلاردىكى ئەهۋاللارنى بايان قىلغۇچىلار ، قازاغان دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەرمۇ ، تاجىكلارمۇ ناهايىتى تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى دەپ يېزىشىدۇ . ئابدۇللامۇ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، يۇرتىنى ئوبدان سوراپ كەلگەن . كېيىن ئۆزىنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق ئورنىنى سەمەرقەنت قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن ، كۆچمەنلەر ئىچىدە نارازىلىق قىلغۇچىلار چىققان . مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ، ئابدۇللانى ئاتىسى ئۆلۈپ بىرەر يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئەمىرلەر تەختتىن چۈشۈرگەن . بىر نەچچە يىلغا سوزۇلغان ماجىرالاردىن كېيىن ، هاكىمىيەت قازاغاننىڭ نەۋرىسى ئەمىر هۇسەيىننىڭ قولىغا ئۆتكەن . ئۇ بەلخ شەهىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلماقچى بولغان . ئەمما تۆمۈر : ئۇنداق قىلمىغىن ، تاغاڭنىڭ تەقدىرىنى ئويلىغىن ، دەپ ئۇنى بۇ پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلغان . لېكىن هۇسەيىن ئۇنىڭ مەسلىهەتىگە قۇلاق سالمىغان . نەتىجىدە هۇسەيىنگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ، ئۇنىڭغا تۆمۈرمۇ ئىشتىراك قىلغان . هۇسەيىن ئۇرۇشتا ئۆلگەن ، هاكىمىيەت تۆمۈرنىڭ قولىغا ئۆتكەن . تۆمۈر ئەمدىلىكتە بۇرۇن ئابدۇللا ۋە هۇسەيىنلەرگە بەرگەن مەسلىهەتلىرىنىڭ ئەكسىچە ، سەمەرقەنتتىن ئىبارەت چوڭ



شەهەرنى پايتەخت قىلغان ۋە ئەتراپىغا سېپىللارنى سوقتۇرۇپ ، شەهەر ئىچىگە يەنە خاس قورغانلارنى سالدۇرغان . يۇقىرىقىلاردىن ، كۆچمەنلەر كۆچمەنلىك تۇرمۇشنى ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغۇچىلارغا ، چىڭگىزخاننىڭ كۆچمەنلەر كۆچمەن هايات كەچۈرىدۇ دېگەنلىرىگە ، بۇ يەرلەرنىڭ تۇپ خەلقى بولغان تاجىكلارنىمۇ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرسە ياخشى بولاتتى ، دېگەن ئارزۇلارغا پىسەنت قىلمىغان ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ . خانلار ، ئەمىرلەر شەهەرگە كىرگەندە ئەلۋەتتە ئۇلار ئۆزلىرىلا كېلىپ قالماي ، يەنە مۇئەييەن ساندىكى يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ . بۇ يېڭى كەلگەنلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بۇرۇن شۇ شەهەردە ئولتۇراقلاشقانلار ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەتلەر توقۇنۇشى پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل توقۇنۇشلارنى ياراشتۇرۇشمۇ قىيىن بولغان . يېڭىدىن شەهەرگە كىرگەن كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن . «ئىسكەندەر»نى يازغان نامەلۇم ئاپتورنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا ، ئەنجان شەهىرى قايدۇ ۋە دۇۋا زامانىدا ياسالغانىكەن . خانلار بۇ شەهەرگە ئۆز قارمىقىدىكى يەرلەردىن نۇرغۇن كىشىنى ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان . بۇ نامەلۇم ئاپتور هايات ۋاقتىدىلا كۆچمەنلەرنىڭ ئۇرۇقىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى هەربىر قوۋم بىرلىكى ياكى يېقىنلىقى بويىچە شەهەرگە مەهەللە ـ مەهەللە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

تۆمۈر تۈركىي تىلدىن باشقا پارس تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى . ئىسلام دىنى هەققىدىكى دىنىي بىلىملەرنىلا ئەمەس ، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ساهەسىدىكى چوڭقۇر بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىگەنىدى . شۇڭا سەمەرقەنتكە جاي ـ جايلاردىن ئالىملار ، رەسساملار… توپلانغان ، شەهەرلەرگە يېڭى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر قېزىلغان ، شەهەرلەر يېڭى ئۆي ـ ئىمارەتلەر بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق بېزەلگەنىدى . ئومۇمەن ، ئۆز زامانداشلىرىغا ۋەيرانچى-

لىق قىلىپ يامان نام قالدۇرۇشتىن ، ئىجادىي ياساش ، قۇرۇش
پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ياخشى تەسىر قالدۇرۇشقا
تىرىشقان . بىراق ئۇنىڭ بۇ خىل پائالىيىتىگە ئۆزىنىڭ دۆلىتىدى-
كى تۈركلەر ئۇنچىۋالا قىزغىن ئىشتىراك قىلمىغان . تۆمۈر
تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان زېمىنلار ئىچىدە تۈركلىشىش ئەڭ
كۈچلۈك بولغان جاي خارەزىم ئىدى . خارەزىمدىن كەلگەن ئۇس-
تىلار تۆمۈر ئۈچۈن شەھرىسەبز شەھىرىدە «ئاقساراي» نامىدا
ناھايىتى چىرايلىق چوڭ ئوردا سالغان . ئەمما بۇ گۈزەل شەھەر-
نىڭ «ئاقساراي» دېگەن تۈركچە نامىدىن باشقا ، بىناكارلىقتا
تۈركچە ئۇسلۇب ، دەپ كۆرسەتكۈدەك بىرەر گەۋدىلىك ئالاھىدى-
لىك جىلۋىلەنمىگەنىدى . سارايىنىڭ تاملىرىغا چىرايلىق ھۆسنى-
خەت بىلەن پارسچە شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بىرەرمۇ
تۈركچە شېئىر يوق ئىدى . قارىغاندا تۆمۈرنىڭ قىزىقىدىغىنى
شېئىرىيەت بولمىسا كېرەك . 1387 - يىلى ئۇنىڭ ھاپىز بىلەن
ئۇچراشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇنىڭ باشقا مەشھۇر پارس
شائىرلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى بىلىدىغانلىقىدىن ئالامەت يوق . تۆ-
مۈرنىڭ تۈركىي خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى
تۈركلەردىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا ئەۋلىياسى ئەھمەد يەس-
سەۋىنىڭ قەبرىسىگە ئاتاپ سېلىنغان ھەيۋەتلىك ، كۆركەم قۇرۇ-
لۇشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . بۇ خىل قۇرۇلۇشنى تۆمۈر سەمەرقەنت-
تىن باشقا يەرلەرگە «سالدۇرمىغان ئىكەن» . بۇ بىناغا ئاتالغان
ھەمدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋەخپە ھۆججەتلىرى پارسچە يېزىل-
غان ئىكەن .

مەن كېيىنكى لېكسىيەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەرنىڭ
تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى زامانىسىدىكى ھەمدە ئۆزبېك خانلى-
رى دەۋرىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەت-
لىك ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمەن .



# ئون ئىككىنچى لېكسىيە

تۆمۈر ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشقا باشلىغاندا تۈركىي خەلق-
لەرنىڭ مىللىي مەقسەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ئەمەس ، ئەلۋەتتە .
تۆمۈرنىڭ مەقسىتى ، ئىمكانىيىتى يەتسە پۈتۈن دۇنيانى بويسۇن-
دۇرۇش ئىدى . تۆمۈرنىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تارىخىنى
بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق . ئەمما تۆمۈر-
نىڭ تارىخىنى يازغۇچىلار ئۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا ئىسكەندەر تىپىدى-
كى ھۆكۈمرانلارغا ، جۈملىدىن 10 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىران
خانلىقى بۇۋەيھىلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋەكىلى داۋۇد دەۋلىگە
ئاتالغان «پۈتۈن دۇنياغا ئىككى ھۆكۈمراننىڭ ھۆكۈمرانلىق قى-
لىشىنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن .
تۆمۈر باشقا يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جۇڭگونىمۇ
بويسۇندۇرۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى . بۇ خىل مەقسەتنى
تۆمۈرگىچە خارەزىم شاھى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى نادىر
شاھمۇ پىلان قىلغانىكەن . كېيىنكى ئىككىسىنىڭ جۇڭگونى بوي-
سۇندۇرۇش پىلانى پەقەت خام خىيال سۈپىتىدىلا قالدى ، تۆمۈر
بولسا جۇڭگونى بويسۇندۇرۇۋېلىشقا تەييارلىنىپ ھەربىي كۈچ
تەييارلاشقا كىرىشۋاتقاندا ۋاپات بولۇپ كېتىپ ، ئىشى شۇ پېتى
تاشلىنىپ قالغان . جۇڭگومۇ تۆمۈرنىڭ جۇڭگوغا كېلىشىدىن
خەۋەر تاپقان ۋە ئۇلارمۇ ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش تەييار-
لىقلىرىنى قىلىپ قويغان ئىكەن . يەنە شۇنداقمۇ بىر مەلۇمات
باركى ، ئۇنىڭدا يېزىلىشىچە ، تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ، گەرچە
ھازىر تۆمۈر بولمىسىمۇ قىلىنغان تەييارلىقلار بىلەن ئۆزىمىز
قوشۇن تارتىپ بېرىپ تۆمۈرنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرايلى ،

دېگۈچىلەر بولغان . ئەمما تۆمۈر ئىمپېرىيىسىدە يۈز بەرگەن
ئىچكى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلى ، قوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرى بۇ
ھەرىكەتنى توختاتقان .

يۇقىرىقىلاردىن شۇ چاغلاردا ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركىي
خەلقلەرنىڭ جۇڭگوغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرگى-
لى بولىدۇ . بابۇر ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرىدە جۇڭگوغا بىر ساياھەت
قىلىشنى ئويلاپ كەلگەنلىكىنى ، كېيىن ھەربىي جەھەتتىكى ئو-
ڭۇشسىزلىقلار سەۋەبىدىن سىياسىي مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد بو-
لۇپ قالسا جۇڭگوغا بېرىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ،
ئەمما ئۇ ، جۇڭگوغا تۆمۈردەك بويسۇندۇرۇۋېلىش نىيىتىدە ئە-
مەس ، بەلكى مېھمان سۈپىتىدە بېرىشنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى
يازغان① . سەمەرقەنت تۆمۈر دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدى-
مۇ چوڭ سودا شەھىرى بولۇپ كەلگەنىدى . گەرچە بۇ يەرگە
جۇڭگونىڭ تاۋارلىرى كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما موڭغۇللار دەۋرىدە
تۈركىستان ۋە جۇڭگو توغرىسىدا ئىلمىي مەلۇماتلار يوق ئىدى .
بىز شاھرۇخنىڭ 1419 — 1422 - يىللىرى جۇڭگوغا قىلغان
ئەلچىلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنى مۇشۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ
بىر ئەزاسى سۈپىتىدە جۇڭگوغا بارغان بىر پېرسىيىلىكنىڭ ياز-
غانلىرىدىن بىلمەكتىمىز . بۇ ئەلچىلىككە سەمەرقەنتتىن بارغان
ئەلچىلەرمۇ قاتناشقان ئىكەن .

تۆمۈرنىڭ مەقسىدى ئەلۋەتتە ، ئالدى بىلەن ئىران مەدەنىيى-
تى تارقالغان يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش بولۇپ ، ئۇ چاغلاردا جۇغرا-
پىيىلىك سەۋەبلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرمىغان . خارەزىم ئاھالى-
لەر تەركىبى بويىچە ئېيتقاندا ، تۈركىي خەلقلەر رايونى ئىدى .
شۇ چاغلاردا مەدەنىيەت جەھەتتە ئىران ئۆلكىلىرىدىن ھېچ قېلىش-
مايتتى . تۆمۈر خارەزىمدىن سەمەرقەنتكە نۇرغۇنلىغان ئالىم ۋە

① «بابۇرنامە» ، بېۋېرىج نەشرى ، 101 - بەت .



رەسساملارنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەنىدى ، خارەزىمدىن
كەلگەن ھۈنەرۋەنلەر تۆمۈر ئۈچۈن ئاقسارايى سېلىپ بەرگەنىدى .
بۇ ئوردىنىڭ خارابىسى ھۈنەر - سەنئەت نۇقتىسىدىن تا ھازىرغى-
چە ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە . بولۇپمۇ سەنئەت نۇقتى-
لىرىنى تاللاشتا شۇنداق بولماقتا . بۇ بىنا سەمەرقەنتتە تۆمۈر
سالدۇرغان بىنالارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قېلىشمايتتى .

شۇ چاغدا شەكىللەنگەن ۋەزىيەت شۇنداق ئىدىكى ، خارەزىم
تۆمۈر قوزغىغان ئۇرۇش تۈپەيلى ھەممىدىن قاتتىق ۋەيرانچىلىققا
ئۇچرىغان ئىدى . ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن خارەزىم ئالتۇن ئوردا
خانلىقىغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىن قۇتۇلۇپ ، خۇددى
تۆمۈرنىڭ سۇلالىسىغا ئوخشاش ، تۈركلەشكەن موڭغۇللارنىڭ
ئەۋلادلىرى قۇرغان سۇلالىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكەنىدى . ئەمما ،
خارەزىمنى باشقۇرۇپ تۇرغان ھۈسەيىن سوپى ، ئىسلام مەدەنىيى-
تىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن خارەزىملىكلەر بىلەن ، سىرتقى قى-
ياپىتى ۋە خۇلقى - مىجەزى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىمايدىغان چاغا-
تايلارنى پەرقلەندۈرمىگەنىدى . 1372 - يىلى تۆمۈرنىڭ ئەلچىسى
سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن خارەزىمگە كەلدى . شۇ چاغدا ھۈسەيىن
سوپى سۆھبەتتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ئەلچىگە : «سىلەرنىڭ
دۆلىتىڭلار ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان رايون (يەنى مۇسۇلمان
ئەمەسلەر باشقۇرۇپ تۇرغان رايون ) ، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ
ۋەزىپىسى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتۇر » دەپ قاتتىق ئېيتقان .

چاغاتايلار 1379 - يىلى خارەزىمنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن
كېيىن ، بۇ يەردە بىرنەچچە قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى . تۆمۈر
بىلەن ئالتۇن ئوردا خانى توختامىش ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار بول-
غاندا خارەزىم ھۆكۈمرانى ئاساسەن توختامىش تەرەپتە تۇردى ۋە
ئۇنىڭ نامىغا تەڭگىلەر قۇيدۇردى . شۇڭا خارەزىم ، بولۇپمۇ ئۇ-
نىڭ مەركىزى ئۈرگەنچ شەھىرى تۆمۈر بېسىۋالغان باشقا يەرلەر-
گە قارىغاندا زور زىيانغا ئۇچرىدى . تۆمۈر ھەربىي يۈرۈش قىلغان

چاغلاردا بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرى نەچچە قېتىملاپ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. ئەمما بۇ شەھەرنى ئادەمسىز خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىش خۇسۇسىدا ھېچقانداق تەدبىرلەر بولمىدى. ئاھالىسى نەچچە ئون مىڭلاپ قىرغىن قىلىنغان بۇ شەھەرلەرنىڭ، ئاھالىسى كېيىن يەنە كۆپەيگەن، بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تۆمۈرنىڭ ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرى، كېيىن ھەتتا ئۆزلىرىگە پايتەخت قىلىۋالغانىدى. پەقەت ئۈرگەنچ شەھىرىلا شەھەر سۈپىتىدە پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. بۇنىڭ يوقىتىلغان شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بۇ شەھەرنىڭ ئورنىغا ئارپا تېرىلدى. بۇ ۋەيرانچىلىقتىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەرگە كۆچۈپ قالغانلار شەھەرنى كۆلىمىنىڭ بىر مەھەللىنىڭ كۆلىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن قايتا سېلىۋېلىشقا رۇخسەت ئالدى. خارەزىم تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىك ئورنىغا كېلەلمىدى. خارەزىم رايونى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن ئالتۇن ئوردا تۈركلىرى، يەنى ئۆزبېكلەر بىلەن چاغاتايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار داۋامىدا ھەممىدىن زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

تۆمۈر يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، چاغاتايلار تىپىدىكى جەڭچى ئىدى. ئۇنىڭ تۈركلەشكەن چاغاتايلىرى، ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئىرانلىق پۇقرالىرى — تاجىكلارغا قارىغاندا يېقىنراق ئىدى. بۇنى ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا، تۆمۈر چاغاتايلارغا يېقىنچىلىق قىلاتتى، تاجىكلار بىلەن چاغاتايلارنى تەڭ ئورۇندا كۆرمەيتتى. تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە تۈركىي خەلقلەرمۇ ۋە ئىرانلىقلارمۇ بار ئىدى. خۇراسانلىق تارىخچى ھاپىزى ئەبرۇ: تۆمۈر ئۆز قوشۇنلىرى ئىچىدە خۇراسانلىق ئەسكەرلەرگە ھەممىدىن بەك ئىشىنەتتى دەپ تەكىتلەيدۇ، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىي سۈپەت، ھەربىي ماھارەت پەقەت تۈركلەرگە خاس دېگەن سۆزلەرنى تۆمۈرنىڭ سۆزلىرى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. تۆمۈر



1404 - يىلى، يەنى ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەل بالدۇرلا ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا ۋە نەۋرىلىرىگە: «تاجىك مىجەزلىكلەر» («تاجىك مىزاج»)گە قارىغاندا بۇرۇن پېرسىيىنى سوراپ تۇرغان سۇلتان ئەھمەد ۋە جالايىرلار (ھەر ئىككىسىلا تۈركلەشكەن موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان)دىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن. تۆمۈر ئەينى چاغدا ھەممە تۈركىي خەلقلەر ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم، دەپ قارىغان ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ساۋاتسىزراق بولسىمۇ، مەدەنىيەتنى ياخشى كۆرەتتى، شاھماتنى ئوبدان ئوينايتتى، ئالىملار بىلەن ئارىلىشىپ تۇراتتى ھەمدە ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، بىرقانچە پەنلەرنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ھەتتا ئۆزدىنىڭ تارىخ بىلىمى بىلەن ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ داڭلىق ئەرەب تارىخچىسى ئىبن خالدۇننى ھەيران قالدۇرغان[1]. تۆمۈر ئۆزىنىڭ پايتەختىدە يالغۇز ھەربىي نەتىجە قازىنىشقا ئىنتىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇ يەنە ئۆز ئېلىگە، پايتەختىگە تۈرلۈك ئالىملار، ھۈنەرۋەنلەرنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش ئارزۇسىدىمۇ تىرىشقان. زور كۆلەملىك قۇرۇلۇش - بىنالارنى سالدۇرۇش، سۇغۇرۇش ئىنشائاتى - قاناللار - ئۆستەڭلەرنى ياساش قاتارلىقلارغا تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ شانشۆھرىتىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش كويىدا بولغان. بۇ جەرياندا ئىران مەدەنىيىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئادەملەر بىلەن كۆپ ئۇچراشقان، ھېچبولمىغاندا، ئۇ ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىراندىن كەلگەن كىشىلەر بولغان.

تۆمۈر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا — جۇڭگوغا قوشۇن تارتىپ يۈرۈش قىلىش پىلانى مۇناسىۋىتى بىلەن بولسا كېرەك — تۈرك - موڭغۇل تائىپىلىرىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار چارىلەرنى قوللانغانىدى. شۇ چاغقىچە ئۇ پەقەت

① قىسبىلنىڭ «ئىبن خالدۇن ۋە تۆمۈر» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

ئۇلارغا قارشى بەزى ھۇجۇملار بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنىدى . يايلاقلارغا قەلئەلەر سالدى ، بۇ قەلئە ـ ئىستىھكاملارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدا بىنا قىلىندى . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئۇ دېھقانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، شەھەر ھاياتىنى جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى . تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش ھارپىسىدا قىلىنغان بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسى دەرھاللا يوققا چىقتى . تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ كۆچمەنلەرنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى .

تۆمۈرنى چىڭگىزخانغا سېلىشتۇرساق ، تۆمۈر ئوغۇللىرى ۋە نەۋرىلىرىنىڭ يارامسىزلىقىدىن چىڭگىزخاندىن تەلەيسىز چىقىپ قالدى . تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ، تۆمۈر ئىمپېرىيىسىنى كېڭەيتىش ئەمەس ، بەلكى ئەسلىدىكى چېگرىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە گەپ ـ سۆز قىلىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى . تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ خانلىقى ئۆزلىرىنىڭ تۈركىستان ، ئىراننىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى بەزى رايونلىرىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى . قالغان مۇشۇ چەكلىك تېررىتورىيىسىدە تىنچلىقنىڭ قىسمەن ئورنىتىلىشى ۋە ھەربىي توقۇنۇشلارنىڭ ئازىيىشى سەۋەبلىك ، مەدەنىي ئىشلارنىڭ گۈللىنىشى تۆمۈر ۋاقتىغا قارىغاندا تېخىمۇ جانلاندى . بۇرۇن مەزكۇر ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى سەمەرقەنت بولغان بولسا ، ئەمدىلىكتە ھىرات بولدى . تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ ھىرات شەھىرىنى پايتەخت قىلدى . بۇرۇن تۆمۈر خانلىقى تەركىبىدە تۇرغان يەرلەرنىڭ ئالىي ھوقۇقى شاھرۇخنىڭ قولىغا ئۆتتى . شاھرۇخنىڭ چوڭ ئوغلى ئۇلۇغبەگ 40 يىل (1409 — 1449 ـ يىللار ) ئىدارە قىلىپ تۇرغان سەمەرقەنت شەھىرى بەك ئېسىل ، ئاۋات شەھەر سۈپىتىدە قېلىۋەردى . بۇ شەھەردە ئۇلۇغبەگ تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغان كاتتا بىنالار قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى ،



ئىمارەت ـ بىنالارنىڭ پۇختىلىقى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ناھايىتى كۆركەملىكى بىلەن ، ئۇنىڭ بوۋىسى تۆمۈر بىنا قىلدۇرغان شەھەرلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشتى . ھىرات ۋە سەمەرقەنتتە يېڭى سېلىنغان ئىمارەت ـ بىنالارنىڭ بىرەرسىدىمۇ مىللىيچە ـ تۈركچە ئۇسلۇب ۋە پۇراقلار يوق ئىدى . مەسچىت ـ مەدرىسىلەردىن باشقا ، جامائەت ئۈچۈن راسلانغان بىنا ـ سارايلارمۇ بار ئىدى . مەسىلەن : مۇنچا ، كارۋان سارايلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار . لېكىن ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بۇ سېلىنغان بىنالارنىڭ ھېچقايسىسى بىناكارلىق ئۇسلۇبى جەھەتتە تۆمۈرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قەبرىسىنىڭ قېشىغا مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىپ سالدۇرۇلغان سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار ، دەرۋىشلەر··· نىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە چوڭ داش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىناغا يەتمىسە كېرەك . بۇ قۇرۇلۇش مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە دەرۋىشلەر تۇرىدىغان خانىقا بولۇش تەلەپلىرىگىمۇ ئۇيغۇن ؛ يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ، بۇ يەرنى باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراشلىق يۇقرالىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بېقىش ئورنى بولۇش تەلەپلىرىگىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ سالغان ( «خانىقا» ئاتالغۇسى مەنبەلەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ ، «خانىقا» سەرگەردانلارنىڭ پاناھلىنىدىغان ماكانى ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ) .

تۆمۈرنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋرىدە تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىيات ناھايىتى راۋاج تاپقانىدى . تۆمۈرنىڭ ئۆزى ھەققىدە يېزىلغان تارىخلاردا بۇ ھەقتە ئانچە كۆپ توختالمايدۇ . تۈركىي شېئىرىيەت چاغاتاي دۆلىتى مەزگىللىرىدە ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى . 1366 ـ يىلى خان دەپ ئېلان قىلىنغان دەرۋىش قابىل شاھ تۈركىي تىلدا شېئىر يازاتتى . ئۇنىڭ شېئىرلىرى 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ تارقىلىپ يۈرگەن . بۇ خان ئۇزۇن ئۆتمەي تەختتىن

چۈشۈرۈلگەن . خان بولۇش ۋە مەنسەپكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن
چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن بولۇش كېرەك ئىدى . قارىغاندا ئۇ تولۇق
تۈركىي تىللىق بولسا كېرەك . ئۇنىڭغا بېغىشلانغان شېئىرلارمۇ
تۈركىي تىلدا يېزىلغا بولسا كېرەك . تۆمۈرنىڭ يېقىنلىرىدىن
بىرسى ئەمىر سەيپىددىن بارلاس پارس تىلىدا ۋە تۈركىي تىلدا
شېئىر يازاتتى . تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن يېتىشىپ چىققان
شائىرلاردىن نامى ئەڭ مەشھۇرلىرى سەككاكى[①] ۋە لۇتفىلار بول-
دى . ئۇلاردىن كېيىن شېئىرىيەتتىكى ئۈستۈنلۈكى ئالاھىدە ئې-
تىراپ قىلىنغان كلاسسىك شائىر مىر ئەلىشىر نەۋايى بولدى .
بۇ يىل (مۇشۇ لېكسىيە سۆزلەنگەن يىل — 1926 - يىلى —
تەرجىماندىن ) ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا مۇسۇلمانلار كا-
لىندارى بويىچە 500 يىل تولدى . سەككاكى ئۆزىنىڭ شېئىرلى-
رىدا تۆمۈرنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئەڭ يېقىن ۋارىسى ۋە نەۋرىسى
خەلىل سۇلتان (1405 — 1409 - يىللار )نى مەدھىيىلەپ
ئۆتكەنىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەگنى مەدھىيىلىگەن ئىدى .
ئۇلۇغبەگكە بېغىشلانغان شېئىرلاردا شائىر ئۆزى ئۇستىدىمۇ
توختىلىپ ، ئۆزىنى تۈركىي تىللىق شائىر ، دەپ كۆرسىتىپ
كېلىپ ، تۆۋەندىكىلەرنى يازغان ئىدى : «مەندەك تۈركىي شائىر ،
سىزدەك ئالىم پادىشاھ يەنە دۇنياغا كەلگۈچە بۇ پەلەك يەنە نۇر-
غۇن قېتىم چۆرگىلەيدۇ »[②] . لۇتفىمۇ ئۇلۇغبەگ ئۇستىدە توختى-
لىپ ، «مېنىڭ پارس شائىرى سالماننىڭ شېئىرلىرىدىن قېلىش-
مايدىغان شېئىرلىرىم سىز ئۇلۇغبەگكە مەلۇمغۇ» دېگەنىكەن .
يەنە شاھرۇخ ۋە ئۇلۇغبەگ زامانىدا تۆمۈر يىلەردىن يېتىشىپ
چىققان سەئىد ئەھمەد بىننى مىرانشاھمۇ بار . مەزكۇر شائىر
ھىجرىيە 839 - يىلى ، مىلادىيە 1435 — 1436 - يىللىرى شاھ-
رۇخقا بېغىشلاپ «تەئەششۇقنامە » سەرلەۋھەسىدە شېئىر يازغاند-

① كۆپرۈلۈ : «سەككاكى » ؛ رۇستەموف : «ئۆزبېك شېئىرىيىتى » .
② «بارتولد ئەسەرلىرى » ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 140 - بەت .



كەن . شېئىرنىڭ ماۋزۇسىغا قارىغاندا ، بۇ شېئىر 14 - ئەسىردە
خارەزىمدە ئۆتكەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى شائىرىنىڭ «مۇھەببەتنا-
مە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان بولسا
كېرەك . تۆمۈر دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ، يەنى 15 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 16 - ئەسىرنىڭ بېشىدا مىرانشاھنىڭ
باشقا بىر ئەۋلادى بابۇرمۇ تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغانىدى . بابۇر-
نىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا بابۇرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ بىرسى
بىر مەزگىل سەمەرقەنتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان بايسۇنقۇر
داڭلىق شائىر ئىكەن[①] . 15 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا
ئۆتكەن چاغاتاي شائىرلىرى ئىچىدە مىر ئەلىشىر نەۋايى ھەممى-
دىن نۇرلۇق چاقناپ تۇراتتى[②] . نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ
يېشىدىن ئېشىپ ، تۆمۈرلەر دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىپ
زور داڭق قازانغانىدى . بابۇر ئەسەرلىرىنىڭ شۇنچە چوڭ ئارتۇق-
چىلىقلىرى بولسىمۇ ، ئۇ پەقەت ئازلا تىزىملىكلەر ئىچىدە ساقلى-
نىپ قالغان ، ھەتتا ئاخىرى بېرىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن . شۇڭا ،
ياۋروپا ئالىملىرى ئۇنى «قايتىدىن كەشىپ قىلدى »[③] . مىر
ئەلىشىر نەۋايى پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئۇچرىغان-
دى . تۈركىي ئەدەبىياتقا پارسچە سۆزلەرنىمۇ كىرگۈزگەنىدى
ھەتتا قەدىمكى پارس پادىشاھلىرىنىڭ تارىخلىرىنى يېزىپ چىققا-
نىدى . ئەلىشىر نەۋايىنىڭ راشىدىددىننىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىگە ،
ئومۇمەن ، تۈرك - موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تارىخىغا قىزىققانلىقىغا
دائىر مەلۇماتلار يوق . ئەينى ۋاقىتتا نەۋايى تۈركىي شېئىرىيەت-
كە ، تۈركىي تىلغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى . ھاياتىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان بىر ئەسىرىدە تۈركىي تىلىنىڭ
پارس تىلىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدى .

① «بابۇرنامە » ، بېۋېرىج نەشرى ، 68 - بەت ؛ «بارتولد ئەسەرلىرى » ، 5 - توم ، 606 - 610 - بەتلەر .
② «بارتولد ئەسەرلىرى » ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 199 — 260 - بەتلەر .
③ ساموילوۋىچ : «بابۇر شېئىرلىرى توپلىمى » .

بىزگە مەلۇم بولۇشىچە ئۇنداق مەزمۇندا يېزىشقا شۇ چاغدىكى
يازغۇچىلار ، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يازغۇچىلار جۇر-
ئەت قىلالمىغانىدى[1] . ئۇ دەۋردە سەمەرقەنت ۋە ھىرات شەھەرلى-
رىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاجىكلار ئىدى . ھالبۇكى
تۈركلەر بولسا ئاساسەن سۇلالىلەرنىڭ — ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت-
چىلىرى ۋە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگۈچىلىرى ئىدى . تۈركىي تىلدا
شېئىر يازغۇچى تۈركىي شائىرلار ئاساسەن سەمەرقەنت ۋە ھىرات
شەھەرلىرىدە يېزىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى . تۈركىي خەلق-
لەر سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغاچقا ، ئۆزلىرىنىڭ
تىللىرىغا مەلۇم دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئېھتىياج تۇغۇلدى .
بۇنداق ئەھۋال مىسىردىمۇ يۈز بەرگەنىدى . بۇ يەردە ھەربىي
ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان تۈركلەردىن باشقا يەرلىك تۈركلەر بولمىسا
كېرەك . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، مەملۇكلەر دەۋرىدە مەلۇم
دائىرىدە تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىيات مەيدانغا كەلدى . بۇ ئەدەبى-
يات ئاساسەن تەرجىمە ئەدەبىيات ئىدى . شۇنىسىمۇ چۈشىنىش-
لىككى ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزلىرىنى بىز تۈركىي
خەلقلەر ، دەپ ھېسابلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلىمەيت-
تى . يەنە كېلىپ بۇ تۈركىي ئەنئەنىلەر تۈرك - موڭغۇل ئەنئەنى-
لىرىنىڭ بىرسىمىغا ئۇچراپ تۇراتتى . شۇ چاغلاردىكى تۈركىي
خەلقلەرنىڭ ھەربىي تۈزۈمى چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي تۈزۈمىدىن
قالغان تۈزۈم ئىدى . تۈركىي ھەربىي ئاتالغۇلاردىن باشقا ، موڭ-
غۇلچە ھەربىي ئاتالغۇلارمۇ قوللىنىپ كېلىنىدى . مەسىلەن :
«قوشۇن» ئاتالغۇسى ھەربىي قىسىم مەنىسىدىكى موڭغۇلچە سۆز
ئىدى . ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمراننىڭ تۈركىي ئەنئەنىلەر-
گە سادىقلىقىنىڭ ئۆلچىمى بۇ دۆلەتتىكى مۇشۇ ھۆكۈمراننىڭ
چىڭگىزخاندىن داۋاملىشىۋاتقان ھەربىي تۈزۈم ئەنئەنىلىرى

[1] «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ، ئىستانبۇل نەشرى .



بىلەن ئىسلام شەرىئەت ئۆلچەملىرىنىڭ قايسىسىغا كۆپرەك يان
باسقانلىقى بىلەن ئۆلچىنەتتى . ھىراتتىكى شاھرۇخ : مەن پەقەت
مۇسۇلمان سۇلتانى ۋە خەلىپىسىلا بولىمەن ، دەپ چىڭگىزخاننىڭ
قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىشتىن تامامەن ۋاز كەچىتتى . شۇ ۋاقىتتا
ئۇلۇغبەگ ھېچبولمىغاندا چىڭگىزخانغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارغا
تولۇق رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قاراپ ، سەمەرقەنتتە ئۆزد-
ىنىڭ بوۋىسىنىڭ يولىنى تۇتۇشقا تىرىشتى . تېگىشلىك ، دېگەن
يەرلەرگە خانلارنى بەلگىلەپ قويىدى .

ئۇلۇغبەگ ئاتىسى ھايات چاغدا ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش
قىلىشقا پېتىنالمىغانىدى . بۇ مەسىلىدە ئۇ بوۋىسىنىڭ يولىنى
تۇتالمىدى . ھالبۇكى ، ئۇ ئەمەل تۇتۇپ تۇرغان چاغلاردا ئالتۇن
ئوردا ۋە موغۇلىستانغا قىلىنىدىغان ھەربىي يۈرۈشلەر تۆمۈر
دەۋرىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇشقا تېگىشلىك
ئىدى . ئەمما بوۋىسىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئويلىغان
پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى . ئۇنىڭ خىيالى پەقەت يەرلىك
شاھزادىلەر ئىچىدىن ئۆزى خالىغىنىنى تاللاپ تەختكە چىقىرىش
بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى . ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى . بۇ خۇددى
تۆمۈرنىڭ باشتىكى پىلانلىرىغا ئوخشاپ قالدى . ئۇ مەقسىتىگە
يېتەلمىگەنىدى ، ئۇلۇغبەگمۇ يېتەلمىدى . قارىغاندا ، ئۇ بوۋىسى-
نىڭ ھەربىي تالانتىغا ۋارىسلىق قىلالمىغان ۋە كەڭ يەرلەرنى
بويسۇندۇرالايدىغان ھەربىي قوماندانغا خاس جۈرئەتكىمۇ ئىگە بول-
مىغان . ئۇلۇغبەگنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي يۈرۈش پىلانى 1425-
يىلى موغۇلىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى . بىراق ئۇنىڭدىنمۇ
ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى . ئۇلۇغبەگنىڭ يەرلىرى ، ئۇ-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان چاغلاردا ، ئۇ تەختكە
ئولتۇرغان چاغلاردىكىگە قارىغاندا ئازلاپ كەتكەنىدى . موغۇللار
ئۇنىڭ سايرامنىڭ شەرقىدىكى يەرلىرىنى ئىگىلىۋالدى . ئۆزبېك-
لەر بولسا تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن باشلاپ سىر دەرياسى بويلى-

رىنى ئىگىلىۋالدى . ئۆزبېكلەر ئوبۇلخەيرخان تەختتىكى چاغلاردا ناھايىتى كۈچەيدى . ئوبۇلخەيرخاننىڭ ئوغۇللىرى كېيىنچە تۆمۈر دۆلىتىنى تامام تۈگەشتۈردى . ئوبۇلخەيرخان 1430 — 1431 ـ يىللىرى بىر مەزگىل خارەزىمنىڭ شىمالىنى ئۈرگەنچ بىلەن قوشۇپ ئىگىلىۋالدى . 1448 ـ يىلى كۈزدە ئۇلۇغبەگ شاھرۇخ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، خارەزىمنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشقا كۈچىنىڭ بارىچە ئىنتىلىۋاتقاندا ئوبۇلخەير ماۋرائۇننەھىرگە ھۇجۇم قىلىپ ، سەمەرقەنت ئەتراپىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى . 1451 ـ يىلى ئوبۇلخەير ماۋرائۇننەھىردە تۆمۈرىيلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى . بۇ ئۇرۇشتا مىرانشاھنىڭ ئەۋلادى ئەبۇ سەئىد ئوبۇلخەيرنىڭ ياردىمى بىلەن شاھرۇخنىڭ ئەۋلادى ئۇلۇغبەگنىڭ جىيەنى ئابدۇللانى يەڭدى . ئەبۇ سەئىدنىڭ بۇ غەلىبىسى ئەينى چاغدا خوجا ئەھرارنىڭ غەلىبىسى بولدى . ئەھرار ئۇلۇغبەگكە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوپىزم ۋە دىنىي ئۆكتىچىلەرنىڭ باشلىقى ئىدى . ئۇلۇغبەك بولسا ئۆزىنىڭ بوۋىسى تۆمۈرنى بەك ئىززەتلەپ ، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىشقا تىرىشىدىغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا تۈرك ـ موڭغۇل ئەنئەنىسىنىڭ تەرەپدارى ۋە تۈركلەرنىڭ مەلۇم سەۋىيىدىكى ۋەتەنپەرۋەر ئادىمى ھېسابلىناتتى . ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ پەزىلەتلىرىنى ئۇنىڭ ھىرات ۋە سەمەرقەنتتە قويدۇرغان تەڭگىلىرىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . بۇ تەڭگىلەر ئۇ 1447ـ1449ـيىللاردا تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان ئىككى يىل جەريانىدا قويدۇرغانىدى (1447 ـ يىلىغىچە سەمەرقەنتتە قويۇلغان تەڭگىلەر شاھرۇخ نامىدا قويۇلغانىدى ، ئەمەلىيەتتە بولسا ، بۇ يەرنى ئۇلۇغبەگ باشقۇرۇپ تۇراتتى ) . تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدا پەقەت ئۇلۇغبەگ قويدۇرغان تەڭگىلەرگىلا تۈركىي يېزىقلار چۈشۈرۈلگەن (تۆمۈر ھايات چاغدا قويدۇرغان تەڭگىلەرگىمۇ تۈركىي يېزىقلار يېزىلغانىكەن ) . ئۇلۇغبەگ قويدۇرغان تەڭگىلەر-



گە : «ئەمىر تېمۇر كوراگان ھىممەتىدىن ئۇلۇغبەگ كوراگان سۆزىمىز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان (تەڭگىدىكى «سۆزۈم» ياكى «سۆزىمىز» دېگەن سۆز بۇرۇن خان يارلىقىدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر بولۇپ ، ئۇ موڭغۇلچە «ئۈگەمانو» سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدۇر ، بۇ سۆز تۆمۈرنىڭ قويدۇرغان تەڭگىلىرىدە يولۇقىدۇ . «كوراگان» سۆزى موڭغۇلچە «كۈيئوغۇل» دېمەكتۇر . تۆمۈر ئۆزىنى ۋە تۆمۈرنىڭ بەزى ئەۋلادلىرى چىڭگىزخان جەمەتىدىن ئۆيلەنگەچكە ، ئۆزلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ كۈيئوغلى دەپ قارىغانلىقتىن شۇنداق ئاتاپ كەلگەنىدى ) . ئۇلۇغبەگ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرى ئىدى . بىراق ئۇنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئۆزىنىڭ بوۋىسى تۆمۈردىنمۇ كۆپرەك ئىران مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا توسقۇن بولالمىغان . ئۇلۇغبەگ بوۋىسى تۆمۈرگە ئوخشاش ، ئالىملار بىلەن سۆھبەتلىشىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ، بولۇپمۇ ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ) تەتقىقاتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنىدى . ئىسلام تارىخىدا تەختكە ئولتۇرغان ھەم ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار بەك كەمدۇر . ئۇلۇغبەگنىڭ زامانداشلىرى ئۇنى ئارىستوتىلنىڭ شاگىرتى بولغان ئىسكەندەر (ئالېكساندىر ) بىلەن سېلىشتۇرىدۇ . بۇنداق سېلىشتۇرۇش ، ئەھۋاللارغا قارىغاندا مۇسۇلمانلار تارىخىدا ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغۇدەك مىسالنىڭ يوقلۇقىدىن بولسا كېرەك .

ئۇلۇغبەگنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ۋارىسلىرىنىڭ ئاسترونومىيە ساھەسىدە يازغان ئەمگەكلىرى ، مۇسۇلمان ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارالماقتا .

تۆمۈر دەۋرىدىكى سەمەرقەنت بىلەن ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى سەمەرقەنتنى سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى تەرەققىيات ئۇلۇغبەگنىڭ ئىلىم ـ پەنگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى ئېنىقلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئۇلۇغبەگنىڭ يېقىن كىشىلىرى

ئىچىدە ئالىملارمۇ ، تۈرك ھەربىي تەبىقىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بار ئىدى . ئەمما بۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق ئىدى . تۆمۈرنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن بولغان يېقىن ئادەملىرى ئىچىدە كېيىن ئالىم بولۇپ كەتتى ، دېيىلىدىغان ئادەملەرنىڭ مىسالى يوق . ئۇلۇغبەگ بولسا ، ئۆزىلا ئالىم - ئاسترونوم بولۇپ قالماي ، تۈركىي خەلقلەردىن بولغان يېقىن ئادەملىرى ئىچىدىن ئەلى قۇشچىغا ئوخشاش ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ شاگىرتى ۋە ۋارىسى قىلىپ تەربىيىلەپ چىققانىدى . «قۇشچى» دېگەن لەقەم ئوۋ ئوۋلايدىغان قۇشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئادەملەرگە ئېيتىلىدۇ . بۇ گويا رۇس پادىشاھلىرىنىڭ يېنىدا يۈرۈپ قارچىغا بېقىپ ، قارچىغا بىلەن ئوۋ ئوۋلىغۇچىلارنى كۆرسەتكەنگە ئوخشاش . قارىغاندا ، ئەلى قۇشچى ئوۋ ئوۋلاش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇلۇغبەگ بىلەن يېقىنلاشقان بولسا كېرەك . ئۇلۇغبەگ ئوۋچىلىققا ئامراق كىشى بولسا كېرەك . چۈنكى بابۇر ئۇنى «قۇشچى پادىشاھ» دەپ ئاتىغان . ئەلى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئاسترونومىيە تەتقىقاتىغا بېرىلىپ كەتكەن ۋە سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىنى بىنا قىلىشقا قاتناشقان ، شۇنىڭدەك ئاسترونومىيىلىك جەدۋەللەر تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلغان . ئەلى قارىغاندا ، ئۇلۇغبەگتىن كۆپ كىچىك بولسا كېرەك ، چۈنكى ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيە جەدۋەللىرىدە «ئوغلى» ، «پەرزەنتى» دەپ ئاتىغان يەرلىرى بار . ئەلى قۇشچى ئۇلۇغبەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ ، ئۇلۇغبەگكە سادىق بولغان . كېيىن كونستانتىنوپولدا خىزمەت قىلىپ ، 1474 - يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن . ئەلى قۇشچى تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدىمۇ تۈركچە كىيىم كىيىپ يۈرەتتى . مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ . قارىغاندا ، ئۇلۇغبەگ زامانىدا ، تۈركىي ئەسكەرلەرنىڭ (چاغاتايلارنىڭ ) يەرلىك تاجىك خەلقىدىن خۇددى



تۆمۈر دەۋرىدىكىدەك پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان كىيىملىرى بولغان بولسا كېرەك . تۈركچە سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئىچىدە ئەلى قۇشچى ۋە ئۇلۇغبەگتەك ئالىملارنىڭ مەيدانغا چىققانلىقى كىشىلەردە ناھايىتى زور قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى . ئەلۋەتتە ئەلى قۇشچى بولسۇن ، ياكى ئۇلۇغبەگ بولسۇن ، ئىلىم - پەن توغرىسىدا تۈركىي تىلدا سۆز قىلىپ ، تۈركىي تىلدا بىرەر ماقالە - ئەسەر يازغانلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ . ئۇلار پەقەت پارس - ئەرەب تىللىرىدا سۆزلەپ ، پارس - ئەرەب تىللىرىدىلا ئەسەرلەر يازغان . ئۇلۇغبەگ ئۆزىنىڭ ھەۋەس بىلەن يازغان ئەسەرلىرىدە ئىلىم - پەننىڭ (ئېنىقلىقى كۈچلۈك تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا پەنلىرىنىڭ ) يەرلىك ئەھمىيىتىگە قارىغاندا ، خەلقئارالىق ئەھمىيىتىگە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلغان ۋە بۇ پەنلەرنى تەتقىق قىلىشتا فىلولوگىيە ھەم دىن ئىلىملىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئوخشاش تىل ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[1] . تۆمۈر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەربىي دائىرىلىرىگە ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ ، ئۆزى ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ئىرانلىق پۇقرالىرىغا بەك يېقىنلىقىنى كۆرسىتىپ ، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان دەۋرى ئۈچۈن پارس تىلىدا : «ئادالەتلىك — كۈچتۇر» (پارس تىلىدا «راستى - رۇستى» ) دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇلۇغبەگ ئەھۋاللارغا قارىغاندا ، بىلىمى شۇنچە يۇقىرى بولسىمۇ ، بوۋىسىدىنمۇ قەتئىي تۈرك ۋەتەنپەرۋەرى بولسا كېرەك . ئۇ پارس تىلىغا پىششىق ئىدى ، يەرلىك دىنىي ئۆلىمالار بىلەن مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىپ كەلگەن بولسا كېرەك . شۇ دىنىي ئۆلىمالار ئىچىدە سەمەرقەنتنىڭ شەيخۇل ئىسلامى يەنى 12 - ئەسىردە يېزىلغان «ھىدايى»نىڭ ئاپتورى بۇرھانىددىن مەرغىنانىينىڭ

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 - توم ، 2 - قىسىم ، 25 - 196 - بەتلەر ؛ بۇ يەردە ئۇلۇغبەگ ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان .

ئەۋلادىمۇ بار ئىدى . شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى ، مۇشۇ شەيخۇل ئىسلامنى ۋە ئۇلۇغبەگنى ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە قارشى چىقىپ ، ئىسلام دىنى مەنئى قىلغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى ، دەپ ئەيىبلىگۈچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى (تۆمۈر ھايات چېغىدا ھۆكۈمرانلارغا قارشى بۇنداق ئەيىبلەشنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايتتى ) . ھەقىقەتەن ، شەيخۇل ئىسلاملارنىڭ داغدۇغىلىق زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ئايال ناخشىچىلارنى تەكلىپ قىلىشى ، ئىسلام نۇقتىئىنەزىرىدىن قائىدىگە سىغمايدىغان ۋە يول قويۇلمايدىغان ئىشلار دەپ قارىلاتتى . بۇ پاكىتلار تۆمۈر ۋە ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىكى سەمەرقەنتنىڭ ھاياتى ، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇنچىۋالا قاتتىق يېپىشىۋالمىغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك . شۇنىسىمۇ چۈشىنىشلىككى ، بۇ ئەركىنلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات پۈرسىتىدىن پايدىلانغۇچىلار ئاساسەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغۇچىلارنىڭ ۋە باي سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان . لېكىن بۇ ھاياتقا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىمۇ چەكلەنمىگەن . كلاۋىيخونىڭ ، تۆمۈرنىڭ داغدۇغىلىق زىياپەتلىرى توغرىسىدا قالدۇرغان خاتىرىلىرىدىن بۇ كاتتا زىياپەتتە خەلقنىڭمۇ كۈتۈۋېلىنغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ[①] . تارىخچى ئىبن ئەرەبشاھنىڭ ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشىچە ، تۆمۈرنىڭ سەمەرقەنتتىكى ئوردىسىدا ئۇ بولمىغان چاغلاردا بۇ سارايلار ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى باغ بوستانلىقلار ئىشىكى سەمەرقەنت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىگىلا — بايلار ۋە كەمبەغەللەرگە ئوخشاشلا ئوچۇق بولغانىكەن . يەنە بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ، چوڭ بايراملار مۇناسىۋىتى بىلەن پايتەختتىكى ئاھالىنى ئالۋان - سېلىق ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن ئازاد قىلىش بىر ئادەتكە ئايلانغانىكەن . كۆچمەن ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، خەلق ئاممىسى ئۇلارغا

① كلاۋىيخو ، سېرېزنىكوف نەشرى ، 265 - بەت .



ئالۋان - سېلىق تۆلىگۈچى تەبىقە ھېسابلىناتتى . ئۇلار پۇل تاپشۇرۇش ۋە كۆچمەن خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشكە مەجبۇر ئىدى . خۇددى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئالۋان - سېلىق تۆلىگۈچى تەبىقە باشقا دىندىكىلەر بولغانغا ئوخشاش ، كۆچمەنلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ شەرتلەر ئۆزگەرتىلمىدى . بۇنداق ئەھۋال گەرچە مۇسۇلمان ئەنئەنىلىرىگە زىت بولسىمۇ ، يەنىلا شۇنداق تۇرىۋەردى . 1365 - يىلى سەمەرقەنتتە تۈرك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلۈش بولغاندا ، ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلىگۈچىلەر ، بۇ ھۆكۈمرانلار مۇسۇلمانلاردىنمۇ ئادەم بېشىغا باج (جىز ) ئالىدۇ دەپ ئەيىبلىگەن . گەرچە شۇنداق بولسىمۇ ، سېلىقلاردىن ئازاد قىلىش مەسىلىسى بۇ خىل سېلىق سېلىش ئىسلام قائىدىلىرىگە توغرا كەلمەيدۇ ، دېگەن نۇقتىدىن ئەمەس ، بەلكى كۆچمەنلەر قانۇنى (تارخانلار قانۇنى ) بويىچە ئولتۇراق ئاھالىلەردىن باجنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمى چىقىش قىلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان . بىرەر شەخسكە ، تارخانلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى ، دېگەن ئىمتىيازنىڭ بېرىلىشى ، ئۇ شەخس ئالۋان - سېلىق تۆلىگۈچى تەبىقىدىن ئازاد قىلىنىپ ئاقسۆڭەكلەر دائىرىسىگە كىرگەنلىكى بىلەن تەڭ بولىدۇ . تارخانلار قاتارىغا ئۆتكەنلىك شاھادەتنامىسى خان نامىدىن بېرىلگەن ھۆججەتلەر قاتارىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلغان دۆلەتلەرنىڭ قارمىقىدا ساقلىنىدۇ . ۋولگا بويىدىكى ئەللەردە تارخان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ، رۇس ھاكىمىيىتى ئۇ يەرلەردە ئورنىتىلغاندىن كېيىنمۇ ئالېكساندىر II دەۋرىگىچە قوللىنىلغان . پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە تارخانلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەندە ئەلۋەتتە ، دەسلەپتە كۆچمەنلەر قانۇنى نەزەردە تۇتۇلغان ئەمەس . پايتەخت ئاھالىلىرىنى ئالۋان - سېلىقلاردىن ئازاد قىلىش ئۇسۇلى كېيىنكىچە ، تاكى ئۆزبېكلەر ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرغان چاغلاردىمۇ يۈرگۈزۈلگەن . 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىسىدا شاھ مۇراد ياكى ئەمىر

قاسىم شەرىئەت قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلغۇچى شەخسلەر-
دىن ئىدى . ئۇ بۇخاراغا پادىشاھ بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى مەزگىل-
دە بۇخارا ئاھالىسىنى ئالۋان ـ سېلىقلاردىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن
ئۇلارنى ، سىلەر تارخان قارمىقىدا بولدۇڭلار ، دەپ ئېلان قىلغان
ۋە شەرىئەت قائىدىسى بويىچە ئەمەس ، بەلكى كۆچمەنلەر قانۇنى
بويىچە ئىش تۇتقان . مانا مۇشۇ ئىمتىياز پايتەخت ئاھالىسىنى
باشقا شەھەر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە قىل-
غان . بولۇپمۇ دېھقانلار تەبىقىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق
بولغان . دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى كۆچمەنلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە
بەك ناچار ئىدى .
تۆمۈرىيلەر دۆلىتىگە خۇددى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆ-
لەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئاساستىكى يەرلىك
مەدەنىي تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋاقىت بولمى-
دى . ئۆتكۈنچى دەۋردىكى مالىمانچىلىقلار بۇ يەرلەردە كرىزىس
پەيدا قىلدى . بۇ خىل ئەھۋالدىن چەت ئەل باسقۇنچىلىرى پايدىلى-
نىپ كەتتى . خوجا ئەھرار ۋە سوپىزم غەلىبىسى ئىرانلىقلارنىڭ
تۈركىي خەلقلەرگە قارشى مىللىي كۈرەشلىرى بىلەن باغلىنالمى-
دى . خوجا ئەھرار تاغلىق تاجىكلاردىن ئىدى . ئۇنىڭ يېقىنلىرى
ئىچىدە بىزگە مەلۇم بولۇشىچە ، تۈركىي خەلقلەردىن بولغان
كىشىلەر يوق ئىدى . ئەمما ، سوپىزم تۈركىي كۆچمەنلەر ئىچىدە
دائىم ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەلدى . ئەبۇ سەئىدنىڭ خوجا ئەھرار
بىلەن بىرلىشىشى ئۇنىڭ مىللىي ئەنئەنىلەر بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋىتىنى ئۈزمىدى . تۆۋەندىكى رىۋايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ
رىۋايەت بويىچە ، ئەبۇ سەئىد بىر قېتىملىق چۈشىدە ، ئەھمەد
يەسسەۋى ۋە خوجا ئەھرارنى كۆرگەن ، ئەھمەد يەسسەۋى شۇ چاغدا
ئۇنىڭغا خوجا ئەھرارنى كۆرسەتكەن[1] . ئەبۇ سەئىد ھۆكۈمران

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم . 121 ـ بەتتىكى 11 ـ ئىزاھ ؛ 167 — 168 ـ بەتلەردىكى ؛ 122 — 123 ـ ئىزاھلار ؛



بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆمۈرىيلەر ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان ،
تەڭگىلەرگە تۆمۈرنىڭ دۆلەت بەلگىسى بولغان ئۈچ چەمبەرنى
قويدۇرغان .
تۆمۈرىيلەر خانلىقى كۆچمەن تۈركىي خەلق — ئۆزبېكلەر
بىلەن بولغان ئۇرۇش جەريانىدا مەغلۇپ بولدى . ئۆزبېكلەر چاغا-
تايىلارغا قارىغاندا ئىرانلىقلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى تەسىرىگە
ناھايىتى ئاز ئۇچرىغانىدى . شۇڭلاشقا ئۇلاردا كۆچمەنلەرنىڭ مى-
جەز ـ خاراكتېرى كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانىدى . ئۆزبېك خانلى-
رىنىڭ تۆمۈر ۋە ئۇلۇغبەگلەرگە ئوخشاش ، ئۆز كۆچمەنلىرى
ئىچىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەربىي ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى سۈنئىي
قوزغاشقا ئېھتىياجى چۈشمىدى . باھادىرلارنىڭ ھەربىي جاسارى-
تىگە دائىر رىۋايەتلەر خانلاردىن تامامەن مۇستەقىل ھالدا يايلاقلا-
ردا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭدا خانلارغا قارشى
بولغان ھەرىكەتلەرمۇ بايان قىلىنغان . 14 — 15 ـ ئەسىرلەردى-
كى ھەربىي ھەرىكەتلەرگە دائىر ئۆزبېكلەرنىڭ رىۋايەتلىرى ھەتتا
تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈل-
دى . بۇ رىۋايەتلەر تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى
رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەمەلىي تۇرمۇشقا خېلى يېقىن قىلىپ
توقۇلغانىدى . ماۋەرائۇننەھىردە تۆمۈرگە دائىر تارىخىي ۋەقەلەر
بايان قىلىنغاندا ، پارس تىلىدا يېزىلغان ئىستېلاچىلارغا ئائىت
رىۋايەتلەرمۇ پايدىلىنىلدى . ئۇلۇغبەگنىڭ تەڭگىلىرىدىن مەلۇم
بولۇشىچە ، تۆمۈر توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا
يېرىم ئىلاھلاشتۇرۇلغان . ئۇلۇغبەگ قويدۇرغان تەڭگىلەرگە
«ئۇلۇغ ئەمىرنىڭ روھى» دېگەن سۆزلەر چۈشۈرۈلگەن . بىز
جەڭچى ۋە قەھرىمان قوماندان «ئاقساق تۆمۈر»نىڭ جانلىقراق
ئوبرازىنى ، تۈركىستاندىكى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا تاتار ۋە نوغاي-
لارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن كۆپرەك ئۇچرىتىمىز .
ئەھمەد يەسسەۋى تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ۋە

باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋەتەنپەرۋەرى ئىدى . ئۆزبېكلەر ئەھمەد يەسسەۋى دەپنە قىلىنغان شەھەرنى بىر مەزگىل ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى قىلغان ۋە بۇ شەھەرگە «تۈركىستان» دېگەن نام بەرگەن ئىدى . بۇ ئەھۋاللار ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتلىك بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ، ئۆزبېكلەر ئۈچۈن تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قەبرىسىگە ياسالغان قۇرۇلۇشنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئۆزبېك خانلىرى ۋە خانىشلىرىمۇ دەپنە قىلىنغان . بۇ ئۆزبېكلەر 1510 ـ يىلى شەيبانىخان پارسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلگەن ۋە ئۆلگەندىن كېيىن ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا شەھەرلىرىدىن شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ يەنە بىرمۇنچە يەرلىرىدىن قىسقا مەزگىل ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن تۈركىستان شەھىرىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۆزبېكلەر ئىدى .

شەيبانىخان ئوبۇلخەيرنىڭ نەۋرىسى ئىدى . ئۇ تۆمۈرىيلەر دۆلىتىنى بويسۇندۇرۇۋالغان ۋە ئۆزىنى كېلىپ چىقىشىم تۈركىي خەلقتىن بولۇپ ، ئۆزۈم تۈركىيمەن دەپ يۈرەتتى . ئەمما ئىستېلا پىلانلىرىدا ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇددىئالىرىنى نەزەردە تۇتۇپ قويمىغانىدى① . ئۇ خۇددى باشقا كۆچمەن ئىستېلاچىلارغا ئوخشاشلا جايلارنى بىر ـ بىرلەپ بويسۇندۇرۇپ ماڭغان ، پەقەت ئۆتكىلى بولمايدىغان توساقلار ئالدىغا كەلگەندىلا توختىغان . بىر پارس تارىخچىسىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، شەيبانى ھەم تۇراندا ھەم ئىراندا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا داڭق قازانغانىكەن . ئۇ خۇراسانىنى بويسۇندۇرغانىدى . ئەگەردە ئۇ ئىسمايىل سەفەۋى (يېڭى پارس دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولمىغان بولسا ، ئىراننىڭ مۇشۇ بىر ئۆلكىسىنى بويسۇندۇرۇۋې-

① «بارتولد ئەسەرلىرى» ، 2 ـ توم ، 2 ـ قىسىم ، 489 — 490 ـ ؛ 545 — 548 ـ بەتلەر ؛ ئەھمەدوف : «كۆچمەن ئۆزبېكلەر دۆلىتى» .



لىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولاتتى . شەيبانى ئۇنىڭدىن سەل بالدۇر ئوبۇلخەير ۋاقتىدا ئۆزبېكلەرنىڭ ئاساسىي توپىدىن ئايرىلىپ چىققان يايلاقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشتا مەغلۇپ قىلىنغانىدى . شۇ چاغلاردا ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەم شۇ بۇرۇنقى دۆلىتى بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان كۆچمەنلەرنى قازاق (قاچاق ) دەپ ئاتىغانىكەن . مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن دەسلەپكى چاغلاردا بۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «ئۆزبېك ـ قازاق» ئاتالغۇسى قوللىنىلغان . مۇنداق ئەھۋال ئۆزبېكلەرنىڭ خۇددى بۇرۇنقى كۆچمەن خەلقلەرگە ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئۆز خانلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئەتراپىغا ئىختىيارىچە ئۇيۇشۇشقا ئۇنچىۋالا قىزىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ماۋەرائۇننەھرنىڭ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان يېڭى بىر تۈركىي خەلق تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنىشى تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەدەبىياتنىڭ كېيىنكى ، بولۇپمۇ تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولدى . بۇ يەردە گەپ دەسلەپكى ئۆزبېك خانلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېزىلغان بىر قاتار ئەسەرلەر ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ . 1530 ـ يىلى كىشىلەر شەيبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى سەمەرقەنتنىڭ خانى ئەبۇ سەئىدنى بىر ئېغىزمۇ پارسچە بىلمەيدىغان تۈركىي كىشى ئىدى ، دەپ تىلغا ئېلىشقانىدى . بېسىۋالغۇچىلارنىڭ بېسىۋېلىنغۇچىلاردىن ئۆزلىرىنى بەك يات تۇتۇشى ئۇزاققىچە داۋام قىلالمىدى . شەيبانىخاننىڭ جىيەنى بۇخارا خانى ئۇبەيدۇللا (1539 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ) كۆچمەنلىك ئەنئەنىسى نۇقتىئىنەزىرىدىن ئەمەس ، بەلكى مۇسۇلمانچىلىق قانۇنى — شەرىئەت يولى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ، ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك ھۆكۈمران ئىدى ، دەپ قارالغانىدى . 16 ـ ئەسىردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ مەشھۇر خانى ، يەنى بۇخارا خانى ئابدۇللامۇ شۇنداق ئۇسۇلدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە تىرىشقانىدى .

ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا بۇخارا ، خارەزىملارنىمۇ ئالغاند-
دى . ئۇ 1598- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن . 1583 - يىلى ئابدۇللا
تەختكە ئولتۇرۇپ خان دەپ جاكارلانغان چاغدا ، كونا موغۇل
ئادىتى بويىچە خاننى بىر پارچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ ،
كىگىزنىڭ تۆت بۇرجىكىنى تۆت قەبىلە ئاقساقىلى كۆتۈرۈشى
كېرەك ئىدى ، ۋەھالەنكى بۇ قېتىم بۇخارا سوپىلىرىنىڭ پىرلى-
رى كېلىپ كۆتۈردى . مانا بۇنىڭدىن بىز يات بىر دىنىنىڭ قائىدە -
يۇسۇنلىرى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن مۇ-
رەسسەلەشتۇرۇلگەن قىزىقارلىق بىر مىسالنى كۆرىمىز .

ئابدۇللانىڭ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن قول-
لانغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق
قىلغان موغۇل ۋە تۈركىي خەلق ھۆكۈمرانلىرى قوللانغان ئۇ-
سۇلدەك ، ئولتۇراق ئاھالىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدىغان
ئۇسۇل بولغانىدى . چۈنكى ئولتۇراق ئاھالىلەر كۈچلۈك بىر
ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايتتى . ئابدۇل-
لانىڭ نامى تۈركىستاندا تا ھازىرغىچە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەنمەك-
تە . دۆلەتتە تەرتىپ ۋە مەدەنىيەت ئورناتقان شەخس دەپ قارالماق-
تا . ئاممىۋى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان زور قۇرۇلۇشلار ، يېڭى
قېزىلغان چوڭ قانال ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر ، كەڭ يايلاق -
داللاردا كارۋان سارايلارنىڭ قۇرۇلغانلىقى ھەممىسى شۇ خاننىڭ
تۆھپىسى دەپ قارىلىدۇ . ئەمما ، كۆچمەنلەر خۇددى بۇرۇنقىدەك
كۈچلۈك بىر ھاكىمىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇنچىۋالا
موھتاج ئەمەس ئىدى . ئابدۇللانىڭ غەلىبىلىرى ئۆز دۈشمەنلىرد-
نى قانلىق باستۇرۇش بەدىلىگە كەلگەن دېيىلەتتى . كىشىلەر ،
دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولغان كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ باش-
لىقلىرىنىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنىمۇ يوقاتقانىدى ،
دېيىشىدۇ . يەنە نۇرغۇن خەلقمۇ ئابدۇللانىڭ شىمالدىكى يايلاقلار-
غا قىلغان ھۇجۇمى جەريانىدا يوقىتىلغانىدى ، شۇنداق بىر قىر-



غىندا ئاما بىر ھارۋا جەسەتنى خان ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ ،
خاندىن قىرغىننى توختىتىشنى ، ئاممىغا رەھىم - شەپقەت قى-
لىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ ، ئەمما خان ئۇنىڭغا پىسەنتمۇ
قىلماي ئۇرۇش - چېپىشنى داۋاملاشتۇرغان . ئۇنىڭ ئۇستىگە ،
بۇنداق قان تۆكۈشلەر مەقسەتسىز ئېلىپ بېرىلغانىدى . مۇشۇنداق
چىقىملارغا قارىماستىن ، قازاقلار ئابدۇللا ھايات ۋاقتىدىلا ماۋەرا-
ئۇننەھىرگە قايتىدىن باستۇرۇپ كىرىپ سەمەرقەنتكىچە يېتىپ
بېرىپ ، ئۇ يەرلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان . ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ
ئوغلى ئابدۇل مۆمىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئابدۇللا تەرىپى-
دىن قۇرۇلغان دۆلەتمۇ تېزلا پارچىلىنىپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ
بارلىق يەرلىرى قولىدىن چىقىپ كەتتى . بۇخارا يېڭى بىر سۇلالە
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى . بۇخارادا يېڭى تەشكىل قىلىنغان
ھاكىمىيەت ئاستىغا بۇرۇنقى خانلارنىڭ — ئوبۇلخەير خانىنىڭ
يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىلا كىردى . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمراد-
لىق قىلغان خانلارنىڭ ھېچبىرى ئابدۇللا بويسۇندۇرۇۋېلىپ ئى-
دارە قىلغان يەرلەرنى قولىغا كىرگۈزەلمىدى .

ئۆزبېكلەردە سىياسىي بىرلىكنىڭ يوقلۇقى ۋە ئۇنداق بىر-
لىككە ئىنتىلىشنىڭمۇ كەملىكى خارەزىمنىڭ تەقدىرىدە روشەن
كۆرۈلدى . خارەزىم تۆمۈرىيلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە
ھىرات شەھىرىنى سوراپ تۇرغان سۇلتان قارمىقىدىكى يەرلەر
تەركىبىگە كىرگەنىدى . مەزكۇر سۇلتانىنىڭ سەمەرقەنت سۇلتانى
بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى . شەيبانى سەمەرقەنتنى
بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا خارەزىمنى بويسۇندۇردى . خۇرا-
سانغا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش يۇقىرىقى ھەربىي يۈرۈشلەر بىلەن
بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى . شەيبانى ھايات چېغىدا خارەزىم
خۇددى سەمەرقەنت ، بۇخارالارغا ئوخشاش بىر ئۆزبېك خانلىقى
تەركىبىدە بولۇپ قالدى . 1510 - يىلدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ،
بۇ ئۇرۇشتا غالىب كەلگەن پارس شاھى ئىسمايىل سەمەرقەنت

ۋە بۇخارالارنى ئەڭ ئاخىرقى تۆمۈرىيلەردىن بولغان بابۇرغا تاپشۇ-
رۇپ بەردى . خارەزىمگە بولسا ئۆز نامىدىن ۋالىي ئەۋەتتى . بابۇر
شەيبانىنىڭ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن ماۋەرائۇننەھىردىن سىقىپ
چىقىرىلدى . خارەزىمدىكى پارسلارنىڭ ۋالىيلىرىنى باشقا ئۆزبېك-
لەر سىقىپ چىقاردى . بۇ ئۆزبېكلەر شىبان ئەۋلادلىرىدىن بو-
لۇپ ، ئوبۇلخەيردىن باشقا تارماقتىن ئىدى . 16 ـ ئەسىردە
خارەزىم ئىككى قېتىم ، ئۇبەيدۇللا دەۋرىدە ۋە ئابدۇللا دەۋرىدە
مەلۇم ۋاقىت بۇخارا خانلىقىغا ئىتائەت قىلىپ تۇردى . شىبانلار
ئەۋلادلىرى قۇرغان سۇلالىنىڭ خارەزىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان
ۋاقتى ، ئۆزبېك خانلىقىنىڭ سەمەرقەنت ۋە بۇخاراغا ھۆكۈمران-
لىق قىلغان ۋاقتىدىن ئۇزۇن بولۇپ ، تاكى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلى-
رىغىچە داۋاملاشتى . ئوبۇلخەير جەمەتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 16 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىلا مەۋجۇت بولۇشتىن قېلىپ قالغانىدى . خا-
رەزىم تارىخچىسى ئوبۇلغازى (1663 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن )
ئوبۇلخەير جەمەتىنىڭ ھالاك بولۇشىنى ، ئابدۇللانىڭ خارەزىم
سۇلالىسىغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقىغا بېرىل-
گەن جازا ، دەپ قاراش تەرەپدارى ئىدى . گەرچە ، ئۇ ئابدۇللانى
بىر ھۆكۈمران سۈپىتىدە قاراپ ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن ،
خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا ئابدۇللا ۋاقتىدا قۇيۇلغان تەڭگى-
لەرنىڭ چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ ، ئەمما
ئۇنىڭ يەنە بەزى مەسىلىلەردە «چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىگەن »لىكى-
نىمۇ قەيت قىلىدۇ . ئوبۇلغازى خارەزىم خانلىرىنىڭ ئىچىدە
تۇنجى بولۇپ بۇخاراغا ھۇجۇم ئۇيۇشتۇرغانىدى . ئوبۇلغازىنىڭ
ئوغلى ۋە ۋارىسى ئانۇش ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە
بۇخارا خارەزىملىكلەر ھاكىمىيىتىگە قىسقا مۇددەت تەۋە بولۇپمۇ
تۇردى .

كېيىنچە ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قانلىق
ئىچكى ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ كەتتى . بۇ ئەھۋال تۈركىستاننى



رۇسلار بېسىۋالغانغىچە ۋە جۇڭگولۇقلارمۇ بۇ يەرگە كەلگەنگىچە
داۋام قىلدى . بۇ ئىچكى ماجىرا ۋە ئۇرۇشلار ھەرقايسى دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ قالماستىن ، بەلكى ھەربىر دۆلەتنىڭ
ئىچكى قىسىمىدىكى تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ داۋام قىلدى . 16 —
17 ـ ئەسىرلەردە ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن باشلاپ ، شەرقتە
قومۇلغىچە ، جەنۇبتا ھىندىقۇش ۋە قاراقۇرم تاغلىرىدىن تارتىپ
شىمالدا روسىيىنىڭ سىبىرىيىدىكى چېگرىلىرىغىچە بولغان بىپا-
يان زېمىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىدا بولغانىدى . مانا مۇشۇ
كۆرسىتىلگەن يەرلەردىكى شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ، بۇ يەرلەر-
نىڭ يېقىن ئۆتمۈشىدىكى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، مەدە-
نىيەت جەھەتتە چېكىنىش بولغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ . تارىخ-
چىلار باشقا نۇرغۇن ئەھۋاللارغا ئوخشاش ، مۇشۇ ئەھۋاللارنى
چۈشەندۈرۈشتە ، يەنى بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنىڭ يەكۈنى نېمە؟
دېگەنلەرنى مۇلاھىزە قىلىشتا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كې-
لىدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى نۇرغۇن يەرلىرىنى ئۆزبېكلەرگە
ئوخشاش مەدەنىيەت جەھەتتە كەينىدە قالغان خەلقلەرنىڭ ئىگىلى-
ۋېلىشى ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا ـ تىجارەت جەھەتتىكى ئەھمى-
يىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى . بەزى دۆلەتلەردە سىياسىي بىرلىكنىڭ
بولماسلىقى سودا ـ تىجارەتچىلەرنىڭ پائالىيىتىنى قىيىنلاشتۇر-
دى . مەسىلەن ، خارەزىمدە بۇ يەردىكى ھەربىر سۇلالىنىڭ ۋەكىلى
سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئېلىشقا
تىرىشتى . شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئەگەردە ئوتتۇرا
ئاسىيا ئارقىلىق ماڭىدىغان كارۋان يولى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىن-
قى يېرىمىدا تۆمۈر ۋە ئۇلۇغبەگلەر دەۋرىدىكىدەك بولغان بولسا ،
ئەھۋالغا قارىغاندا ، مەزكۇر قىيىنچىلىقلار ئاسانراق ۋە تېزرەك
تۈگىتىلىشى مۇمكىن ئىدى . مانا مۇشۇ كارۋان يولى 15 ـ
ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ، يەنى ياۋروپالىقلار ئامې-
رىكىنى بايقاپ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئاچقاندىن

باشلاپ تەدرىجىي هالدا ئۆزىنىڭ ئەهمىيىتىنى يوقىتىشقا باشلى-
دى . چۈنكى ئاساسلىق سودا ماللىرى دېڭىز يولى ئارقىلىق
توشۇلىدىغان بولدى ۋە بۇ سودىنىڭ تىزگىنى ياۋروپالىقلارنىڭ
قولىدا بولدى . بۇنىڭدىن باشقا ، سىبىرىيىدە روسىيە هاكىمىيىتى
ئورنىتىلغاندىن كېيىن ، ياۋروپادىن يىراق شەرققە بارىدىغان يەنە
بىر يول ئېچىلدى . 17 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا سىبىرىيە
سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سۇجۇ شەھى-
رىگە بارىدىغان سودا يولىغا قەدەم تاشلىغانىدى . 18 ـ ئەسىرنىڭ
بىرىنچى يېرىمىدا روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن
توختاملارغا ئاساسەن ، كياختا سودا يولى ئارقىلىق سودا باشلى-
نىپ كەتتى . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە روسىيىدە
تۆمۈريوللار ياسالغاندىن كېيىن جۇڭگو بىلەن بولىدىغان سودا
سىبىرىيىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈريول ئارقىلىق بولىدىغان بولدى .
مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنيا سودىسى ئۈچۈن تۈركىستا-
نىڭ ئەهمىيىتى يەنىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى . ئەگەردە ئوتتۇرا ئاسى-
يادا مەدەنىيەت جەھەتتە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان خەلق —
ئۆزبېكلەر سودا يوللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولغان دې-
يىلسە ، شۇ سودا يوللىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى مەدەنىيەتنىڭ تە-
رەققىياتىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى . ئەمەلىيەتتە ، 16 —
17ـئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزبېكلەر ۋە باشقا تۈركىي
خەلقلەر ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى تۈركىي خەلقلەردىن قابىلىيەت جە-
ھەتتىن تۆۋەن ئىدى ، دەپ ئېيتىشقا ھېچقانداق ئاساس يوق .
خارەزىم — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ غەربىگە جايلاشقان تۈر-
كىي خەلقلەرنىڭ بىر ۋىلايىتى ئىدى . ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى ئۆز-
بېك ، يەرلىك ئىرانلىقلار ۋە تۈركمەنلەردىن ئىبارەت ئىدى .
ئۆزبېكلەر هاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا تۆمۈر ۋاقتىدا قوللىنىل-
غان ئىرانلىقلار مەنىسىدىكى «سارت» ئاتالغۇسى ئەمدىلىكتە
ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى . خارەزىملىكلەر ئۇ چاغلاردا تۈركىي



تىلدا سۆزلىشىدىغان ، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزبېكلەر-
دىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شەھەر ئاھالىلىرىنى «سارتلار» دەپ
ئاتىغانىكەن . مەسىلەن ، ئوبۇلغازى قەبىلە ۋە ئۇرۇق تۈزۈمىنى
ساقلاپ كەلگەن كۆچمەنلەرنى ۋە يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئولتۇراق ئاھالىلەرنىمۇ سارتلاردىن پەرقلەندۈر-
گەن . خارەزىمنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي تارىخىدا سارت ئاتالغۇسى
بىلەن ئاتالغانلار ھېچقانداق رول ئوينىمىغان . 16 ـ ئەسىردە
تۈركمەنلەر بىلەن ئۆزبېكلەر ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم تاكى كې-
يىنكى ۋاقىتلارغىچە قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ كەلگەن . خارە-
زىم خانلىرى ئۆزبېك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇرۇشقان چاغلاردا
تۈركمەنلەرنى يېنىغا ياردەمگە چاقىرىپ ئۆزبېكلەرگە قارشى ئۇ-
رۇشقا سالغان . خارەزىم خانلىرىنىڭ تۈركمەنلەرگە قانچىلىك
ئەهمىيەت بەرگەنلىكىنى خارەزىم تارىخچىسى ئوبۇلغازىنىڭ ياز-
غانلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولىدۇ . بۇ تارىخچى تۈركىي خەلقلەر
تارىخىنى يازغاندا ، ئاساسەن ئۆزبېكلەر تارىخى ئۈستىدە توختىل-
دۇ . ئۇ يەنە تۈركمەنلەر ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازغان[①] .
تۈركمەنلەر بىلەن ئۆزبېكلەرنى سېلىشتۇرغاندا ، تۈركمەنلەر
ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە شېئىرىيەتتىكى تالانتىنى ئۆزبېك-
لەردىن كۆپرەك ساقلاپ قالغانىدى . بارلىق تۈركىي خەلقلەر
ئىچىدە پەقەت تۈركمەنلەرنىڭلا مىللىي شائىرى — مەختۇم قۇلى
بار ئىدى . تۈركمەنلەر نەزەرىدە ، خارەزىم ئۆزبېكلىرى تۈركىي
خەلقلەر بولماستىن ، بەلكى تاتلار ئىدى . مەھمۇد كاشغەرىي زاما-
نىدا كۆچمەن تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى
بىرقەدەر يۇقىرىراق بولغان ئاھالىلەر شۇنداق ئاتالغانىكەن . ئۇ
چاغلاردا تۈركمەنلەر خۇددى ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي جەريانىدىكىگە

① «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، 584 ـ ؛ 623 ـ بەتلەر ؛ بۇ يەردە 13 ـ ئەسىردىكى تۈركمەنلەر ئۈستىدە كۆپرەك توختىلىدۇ ؛ يەنە ماركوف : «ئوچېركلار» ؛ بىرنگىل ، «خارەزىم تۈركمەنلىرى» .

ئوخشاش، سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمەتسىز ھالەتتە ياشايتتى. شۇنىسى بەك گەۋدىلىككى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىسى سالجۇقىيلار ۋە ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچى تۈركمەنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتى يوق ئىدى. 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى بەزىدە خارەزىم ئۆزبېكلىرىگە، بەزىدە بۇخارا ئۆزبېكلىرىگە يەنە بەزىدە بولسا، پارسلارغا بويسۇنۇپ كەلگەن. بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ قالغان چاغلاردا ئۇلار بەزىدە ئۇ، بەزىدە بۇ تەرەپكە بولۇشۇپ كەلگەن، يەنە بەزىدە ئۆزئارا ئۇرۇشۇپمۇ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلگەن. رۇسلار بۇ يەرلەرنى بېسىۋالغاندا، تۈركمەنلەرنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى ھەتتا باشقىلارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈك بولغان. رۇس ئەسكەرلىرى پەقەت تۈركمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتىلا ئۆزلىرىنىڭ بايراق ۋە زەمبىرەكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان[①].

خارەزىم ئۆزبېكلىرى ناھايىتى قولايسىز شارائىتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلار 16 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلگەن. بىر مەزگىل ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا سۇ چىقماي قالغان. بۇ تارماق دەريانىڭ سۈيى ئۈرگەنچ شەھىرىنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئامۇ دەرياسىنىڭ ھەممىلا سۈيى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغان. نەتىجىدە ئامۇ دەريا دېلتىسىدا بىرقانچە يېڭى شەھەر پەيدا بولغان. يېڭى پايتەخت خىۋا شەھىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. بىر مەزگىل خىۋا خانلىقىدىن مۇستەقىل بولغان بىر سىياسىي ھاكىمىيەتمۇ

① مىتروف: «ئاسىيانىڭ بىبلىوگرافىيىسى» 1 ـ توم، 355 ـ بەت؛ 1880 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاشخاباد يېنىدىكى كۆكتۆپە (گۆيۈك تۆپە)دە بولغان جەڭدە رۇسلارنىڭ ئاپشىرون پولكى تۈركمەنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ بايراقلىرىنى ۋە ئىككى دانە زەمبىرەكنى تارتقۇزۇپ قويغان.



ۋۇجۇتقا كەلگەن[①]. شۇ چاغدا خارەزىملىكلەر پارس مەدەنىيىتى تەسىرىگە ئازراق ئۇچراپ ئۆزلىرىنىڭ تىلىغا ۋە ئۆزۈندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان رىۋايەتلىرىگە بۇخارا خانلىرىدىنمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. 16 ـ ئەسىردە شۇ چاغلاردىكى خانلارنىڭ بىرسى بولغان دوست خانغا بېغىشلانغان خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەر توپلىمى تۈزۈلگەن. 17 ـ ئەسىردە خان ئوبۇلغازى ئۆزىنىڭ مەشھۇر كاتتا تارىخىي ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ بۇ ئەسىرىنى بەش ياشلىق بالىمۇ ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن، دېگەن مەقسەتتە بىرەرمۇ ئەرەبچە، پارسچە ۋە چاغاتايچە سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەي يېزىشقا تىرىشقانىدى[②]. ئوبۇلغازى ئون يىل پېرسىيىدە تۇرۇپمۇ ئوقۇغانىدى، شۇڭا ئۇ زامانداشلىرىدىن كۆپ مەلۇماتلىق ئىدى. ئۇ خانلىق ھاكىمىيىتىنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى ۋە خانلىق تۈزۈمىدىكى زوراۋانلىقلارنى ئاقلاش مەقسىتىدە، زاماندىشى ئىنگلىز خوببېسكە ئوخشاش نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. ئۇنىڭچە، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشلىق بولغان بىر ئادەمگە ئىتائەت قىلىشى كېرەك ئىدى. پېرسىيىدە شۇ چاغلاردا خوببېسنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ياقلايدىغان ئىنگلىزلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ نەزەرىيە ئۈچىنچى بىر ئادەم تەرىپىدىن ئوبۇلغازىغا يەتكەن. ئوبۇلغازىنىڭ ۋارىسى ئانۇش پارسلارنىڭ زوراۋانلىق ئىدىيىسىگە بېرىلىپ، مەشھەدنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «شاھ» ئۇنۋانىنى قوللاندى. ئانۇش ئۆزى قازدۇرغان چوڭ بىر قانالغا «شاھ ئاباد» دەپ نام بەردى. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇنىڭ ئۆزى يېڭى قوبۇل قىلغان ئۇنۋانىنى

① «بارتولد ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 550 ـ بەت؛ يەنە 75 — 94 ـ بەتلەر؛ بۇ يەردە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋالى بايان قىلىنىدۇ.

② «شەجەرەئىي تۈرك»، كونونوف نەشرى، 7 — 25 ـ بەتلەر.

قانچىلىك ئىززەتلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئەمما ، كىچىككىنە خارەزىمدە ئوردا سىپلىشقا شارائىت يار بەرمەي قالدى . ئانۇش كۆپ ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ نەسەبى ئۈزۈلۈپ قالدى . پۈتۈن ھاكىمىيەت كۆچمەن ئۇرۇقلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . ئەمما خانلىق تەختىگە چىقىدىغان شەخس چىڭگىزخان ئەۋلادىدىن بولۇشى كېرەك ، دېگەن پرىنسىپ ساقلىنىپ قالدى . ھاكىمىيەتكە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى ، قازاق دالىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان خانلار قويۇلدى . تارىخچىلار مۇشۇ ئادەت توغرىسىدا گەپ ـ سۆز بولۇنغاندا بۇنى «خان ئويۇنى» (يەنى خانبازى ) دەپ يازدى . بۇخارالىقلار خارەزىم ئۆزبېكلىرىنى ، ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ يۈرۈدىغان ئادەملەر ، ئۆز ھاكىمىيىتىگە بويسۇنۇش تەرەپدارى ئەمەسلەر ، دەپ قارايدۇ . بۇنداق ھۆكۈمەتسىزلىك 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بەك ئەۋج ئالغانىدى . ئاقىۋەت خىۋا شەھىرى پۈتۈنلەي تۈگەشتى . 1770 ـ يىلى يېڭى بىر ھاكىمىيەت — قوڭرات خانلىقى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، تەرتىپ بىر ئاز ئوڭشالدى . يېڭى سۇلالە ۋەكىللىرى ئۆزلىرىگە بۇرۇنقى خان ئۇنۋانىنى ئىشلەتتى ھەمدە ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۆزلىرى باشقۇرۇپ تۇرغان ئەلدە كۈچلۈك ھاكىمىيەت ئورنىتىشقا كىرىشتى . 1840 ـ يىلىغا كەلگەندە خىۋا خانلىقى مۇرغاپ دەرياسىدىن باشلاپ سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرىغىچە بولغان كەڭ بىر مەملىكەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى . كېيىن بۇ ھاكىمىيەت قارمىقىدىكى تۈركمەنلەر ۋە قازاقلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشلىرى بىلەن مەملىكەت دائىرىسى كىچىكلەپ كەتتى① . رۇسلار 1873 ـ يىلى خىۋانى ئۇرۇش ئارقىلىق ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ، خارەزىم خىۋا خانىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى . ئەمما يەر دائىرىسى خېلىلا كىچىكلىتىلدى . 1924 ـ

① بۇ يەردە ئېيتىلغان «قازاق» دېگەن سۆز رۇسلار ئېيتقان كازاكلار ئەمەس ، بەلكى تۈركىي خەلق قازاقلارنى كۆرسىتىدۇ .



يىلى ، مىللىي تەركىبلەر بويىچە يەرلەر ئاجرىتىلغاندا ، بىر دۆلەت سۈپىتىدىكى خارەزىم پۈتۈنلەي يوقالدى — يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېكىستان تەركىبىگە كىرگۈزۈپ بېرىلدى ؛ قالغان بىر قىسمى تۈركمەنىستان تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى . مىللىي پرىنسىپ بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن بۇنداق تەقسىم قىلىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ـ بولمىغانلىقى توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن . خارەزىمدە 11 ـ ئەسىردىن باشلاپلا مىللىي ئالاھىدىلىك يوقالغانىدى . ئەمما ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ، ئىقتىساد ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تولۇق ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۆز ئالدىغا يوسۇنلىرى بار ئورگانىزم بولۇپ قېلىۋەرگەن . ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ كېلىۋاتقان بۇ ئورگانىزمنى ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش ئاسانغا توختىمىسا كېرەك① .

باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھاياتى ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ بولمىدى② . بۇخارا خانلىقى تەۋەسىدە ئاھالىلەر ئۆزبېكلەر ۋە تاجىكلار دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولسا كېرەك . سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا بولغان بولسا كېرەك . 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا خانلىق ئاجىزلىشىپ ، ھاكىمىيەت ئايرىم جايلاردا بەزى ئۆزبېك ئۇرۇقلىرىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە ئۇلار تۈركىستاندا 14 ـ ئەسىردىن يەنى موڭغۇل دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تۆمۈر ھاكىمىيىتى ئورنىغانغىچە يولغا قويۇلغان سۇيۇرغاللىق سىستېمىسىنى ئورناتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، سەمەرقەنتنى تامامەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىپ ، بىر مەزگىل

① 1924 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي چېگرىلار بويىچە جۇمھۇرىيەتلەر قۇرۇلغاندا ، خارەزىم ئۆزبېكىستان (قارا قالپاق ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى ۋە خارەزىم ئوبلاستلىرى نامىدا ) ۋە تۈركمەنىستان تەركىبىگە كىردى . بۇ ئەھۋاللار خارەزىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توسالغۇ بولمىدى .

② «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئومۇمىي تارىخى ھەققىدە ؛ ئىۋانوفنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن .

ئۇنى يەر يۈزىدىن يوقىتىۋەتكەن قازاقلارنىڭ[1] ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش كېرەك ئىدى. بۇخارا بولسا، خىۋانىڭ ئەكسىچە، دۈشمەنىنىڭ ھېچقانداق ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىدى. ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ۋاقتىدىمۇ شۇنداق بولدى. 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇخارا خانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ماڭغىتلارنىڭ يېڭى سۇلالىسىغا ئۆتتى. بۇ سۇلالە «ئەمىر» ئۇنۋانىنى قوللاندى. ئۇلارنىڭ مەركىزىدە قالايمىقانچىلىق بولمىدى. ماڭغىتلار سۇلالىسىدىن چىققان ئەمىرلەر ئۆزبېك ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن رەھىمسىزلەرچە كۈرەش قىلدى. ئالىم خانىكوفنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇخارا فېئودالىزمى بىلەن كۈرەش قىلدى. بۇ كۈرەش ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولمىدىمۇ، ئەمما بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھاكىمىيىتى خېلىلا دەرىجىدە كۈچەيدى. بەزى ئەمىرلەر ھەتتا قوقاننىمۇ قىسقا ۋاقىت بويسۇندۇرۇۋالدى. ئەمىرلەر مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن خارابلىشىپ كەتكەن دېھقانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. زەرەپشان ۋادىسى تۈزلەڭلىكلىرىدە يېڭىدىن سۇ باشلاپ، ئېچىلغان يەرلەرگە كۆچمەن ئۆزبېكلەر ئورۇنلىشىپ، ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا ئۆتتى. تاجىكلارنىڭ قولىدا پەقەت تاغ ئارىلىرىغا سىقىلىنغان يېزا - قىشلاقلارلا قالدى. شۇنداق بولسىمۇ چوڭ - چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى، جۈملىدىن بۇخارا، سەمەرقەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تاجىكلار ئىدى. بۇ يەردىكى ئەمىرلەرنىڭ ئۆزبېكلەر ئىچىدىن چىققانلارغا قارىغاندا، تاجىكلاردىن چىققانلىرى كۆپرەك ئىدى. خىۋا تارىخچىلىرى گەرچە بۇخارادىكى ھەربىي كۈچلەر ئۆزبېكلەردىن بولسىمۇ، بۇخارا ئەسكەرلىرىنى تاجىكلاردىن تەركىب تاپقانىدى، دەيدۇ.

[1] بۇ يەردە روس كازاكلىرى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ.



موڭغۇللار دەۋرىدىلا پەرغانە رايونىغا تۈركلەر كىرگەنىدى. قوقان خانلىقى دەۋرىدە تاجىكلار يەنە تاغلارغا سۈرۈپ چىقىرىلدى. پەرغانە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە خۇددى خارەزىمدىكىدەك تۈركچە سۆزلىشىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى «سارت» دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارغا پەرقلىق قارالدى. شۇ چاغلاردا پەرغانىدە «سارت» دەپ ئاتالغۇچىلار بىر سىياسىي كۈچكە ئايلىنىپ، بىر مەزگىل ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان، ئۆزلىرىنى قىپچاق ئۇرۇقىدىنمىز دەپ ئاتىۋالغان ئۆزبېكلەرگە قارشى قوراللىق كۈرەش قىلدى. قازاقلار بولسا «سارت» ئاتالغۇسىنى باشقىچىرەك مەنىدە چۈشەنگەن ئوخشايدۇ. ئۇلار تەمسىل سۆزلىرىدە قازاق ئاتالغۇسىنى دائىم «كۆچمەن» مەنىسىدە چۈشىنىپ سارت ئاتالغۇسىنى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئادەم مەنىسىدە چۈشىنىدۇ. شەھەرگە ئورۇنلاشقانلارنىڭ تىلىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ. قوقان خانلىقى 19 - ئەسىردە پەرغانىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى خېلىلا كېڭەيتكەنىدى. چوڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەر تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇخارا بىلەن ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆز تېررىتورىيىسىنى غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ كېڭەيتتى. يەنى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغىچە ۋە يەتتە سۇ ئۆلكىسىگىچە كېڭەيتتى. قازاق، قىرغىز كۆچمەنلىرىنى ئۆزلىرىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشقا تىرىشتى.

رۇس مەنبەلىرىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى خىل خەلق (قازاق ۋە قىرغىز — تەرجىماندىن)نى قىرغىز دەپلا ئاتاپ كەلدى. قازاقلارنى قىرغىزلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قارا قىرغىزلار دەپ ئاتىدى. يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەندەك، قازاقلار ئوبۇلخەيرخان يۇرت سورىغان چاغلىرىدا، يەنى 15 - ئەسىردىلا ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان ئۆزبېك-

لەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى . قىرغىزلارنىڭ نامى بۇرۇنقى زامانلار-
دىلا مەۋجۇت ئىدى . قىرغىزلارنىڭ هازىرقى تۇرغان يەرلىرى
يەتتە سۇ رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىي
قىسمى بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ بۇ يەرلەرگە قاچان كېلىپ جايلاشقان-
لىقىنى ئېنىق بېكىتىش هازىرچە تەس بولۇپ تۇرماقتا . تۆمۈر
ۋە ئۇلۇغبەگلەرنىڭ هەربىي يۈرۈشلىرى هەققىدىكى مەلۇماتلاردا
قىرغىزلار توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ مەلۇمات يوق . 16 ـ ئەسىر-
نىڭ باشلىرىدا يەتتەسۇ ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە بىرىنچى
قېتىم قىرغىزلار تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇ چاغلاردا قىرغىزلارنىڭ
باشلىقى خەلىل سۇلتان بولۇپ ، ئۇ موڭغۇل خانى ئەهمەدنىڭ
ئوغۇللىرىنىڭ بىرسى ئىكەندۇق . قىرغىزلارنىڭ قەيەردىن كەل-
گەنلىكى توغرىسىدا شۇ چاغلاردىكى مەلۇماتلاردا هېچ نەرسە دې-
يىلمەيدۇ[1] . 16 ـ ئەسىردە قىرغىزلار قازاق خانلىرىنىڭ هاكى-
مىيىتى ئاستىدا تۇردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل خانلى-
رىغا قارشى كۈرەش قىلدى . بۇ موڭغۇل خانلىرى تولۇق تۈركىي-
لىشىپ بولغان ۋە قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغانىدى . 17 — 18
ـ ئەسىرلەردە ئۇلار قازاقلار بىلەن بىرگە ، بۇ يەرلەرگە
ئۇلاردىن ئايرىم كەلگەن قالماقلار (جۇڭغارلار ) بىلەن كۈرەش
قىلغانىدى . بۇ قالماقلار قىسقا بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
خېلى يەرلىرىنىمۇ ئىگىلىۋالغانىدى . 18 ـ ئەسىردە قازاقلار
قارمىقىدىكى تاشكەنت ، سايرام ، تۈركىستان شەهەرلىرىنىمۇ ئى-
گىلىۋالغانىدى . بۇخارامۇ ئۇلارغا بېقىنغانىدى . قالماقلار ئىچىدە
بۇددىزىم چوڭقۇر يىلتىز تارتقان . شۇنىڭ ئۈچۈن قالماقلارنىڭ
كۆپ قىسمى چىڭگىزخانىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىغا
كىرمەي ، بۇددا دىنىدا تۇرىۋەرگەن ، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى
كېيىنچە ئىسلام دىنىغا كىرگەن . ئىسلام دىنىغا كىرگەن قالماق-

[1] «بارتولد ئەسەرلىرى» 2 ـ توم ، 1 ـ قىسىم ، 511 — 543 ـ بەتلەر .



لارنىڭ ئەۋلادلىرى مەنبەلەردە «سارت قالماقلار» (قالماق سارت-
لار ) دەپ ئاتىلىپ كەلگەنلىكىمۇ مەلۇم . قالماق هاكىمىيىتى
1758 ـ يىلى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى . بۇ
كۈرەش جىددىي بولدى . كۆپ قىسمى سوقۇشلاردا يوقىتىلدى .
بۇ قالماقلارغا يەنە بىر زەربە قازاقلار تەرىپىدىن بېرىلدى . قالماق-
لار ۋولگا دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ئېقىنىدىن روسىيە هۆكۈمىتىگە
قارشى چىقىپ ، قايتىدىن شەرققە قايتىۋاتقىنىدا قازاقلار تەرىپى-
دىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى . جۇڭگولۇقلار قالماق دۆلىتىنى
تولۇق يوقاتقاندىن كېيىن ، قازاق ، قىرغىزلارنىمۇ ئۆزىگە بوي-
سۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى . مەسىلە مۇشۇ يەرگە يەتكەندە روسىيە
بۇنىڭغا قارشى چىقتى ، ئاخىرى بۇ مەسىلە سۆهبەت ئارقىلىق
هەل بولدى .

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، روسىيىلىكلەر قازاقلار
ئىچىدىكى خانلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى . قىرغىزلارنىڭ
خانلىرى يوق ئىدى . ئۇلار ئەمدىلىكتە هاياتىنىڭ مۇشۇ تەرىپىگە
دىققەت قىلىپ قالدى . قىرغىزلار قازاقلاردىن خېلىلا كېيىن
روسىيىگە بويسۇندى ۋە شۇ كەمگىچە ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي تۈ-
زۈملىرىنى ساقلاپ قالدى . قالماقلار بىلەن قىلىشقان ئۇرۇشلى-
رى قىرغىزلارنىڭ خەلق داستانى «ماناس»تىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى
تاپتى[1] . مۇشۇ داستاندا تەسۋىرلەنگەن كۈرەشلەر خۇددى دىنىي
كۈرەشلەردەك تەسۋىرلىنىدۇ . گەرچە 19 ـ ئەسىردىكى قىرغىز-
لار خۇددى 16 ـ ئەسىردىكى قىرغىزلارغا ئوخشاش ، ئىسلام
دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن هېچقانداق تونۇشلۇقى بول-
مىسىمۇ ، يەنىلا شۇنداق كۆرسىتىلىدۇ . هازىر قىرغىزلار خۇددى
قازاقلارغا ئوخشاش ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي جۇمهۇرىيىتىگە ئىگە
بولدى . تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى ، قىرغىزلارنىڭ 19 ـ ئەسىر-

[1] «ئاخسىكەند» ، 3 ـ ، 55 ـ بەتلەر (بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆزىنى تاهىرجانوف
يازغان ) .

دىكى تەقدىرى قازاقلارنىڭكىگە قارىغاندا ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمى-
دى . قىرغىزلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى مەدەنىيەت ۋە سەھىيە
جەھەتلەردە قازاقلارغا نىسبەتەن تۆۋەنرەك ئورۇندا تۇرماقتا[1] .
ئالتايدا ۋە شۇنىڭدەك يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-
دا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي دۆلەت
تەشكىللى يوق ئىدى . ئۇلار قالماق دۆلىتى تەركىبىگە كىردى .
ئالتايدىكى تۈركىي قەبىلىلەر ھازىر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي جۇمھۇ-
رىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىنمۇ ئويرات دېگەن نامنى قوبۇل
قىلدى . بۇلار قالماقلارغا تەۋە بولۇپ كەتتى . 18 - ئەسىردە
قالماقلار ئۆزلىرىنى «موغۇل» دەپ ئاتىغان تۈركلەشكەن موڭ-
غۇللار ئىگىلەپ تۇرغان جۇڭگو تۈركىستانىنى ئىگىلىۋالدى .
يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ، «موغۇل» دېگەن ئاتالغۇمۇ
تۆمۈر ۋە تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدىكى «چاغاتاي» دېگەن نامغا ئوخ-
شاش ، مەملىكەتتىكى ھەممىلا خەلققە قارىتىلغان بولماستىن ،
بەلكى ھەربىي تەبىقىگىلا قارىتىلغانىدى . سىياسىي شارائىتلارنىڭ
ئۆزگىرىشى بىلەن «موغۇل» دېگەن بۇ نام خۇددى غەربىي تۈر-
كىستاندىكى «چاغاتاي» دېگەن نامغا ئوخشاش ، تەدرىجىي ئىستې-
مالدىن قېپقالدى . قالماقلارنىڭ ۋە كېيىن جۇڭگونىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىدا تۇرغان جۇڭگو تۈركىستانىدىكى تۈركىي خەلقلەر ئۆز-
لىرىنىڭ مىللىي نامىغا ئىگە بولالمىدى . ئۇ چاغلاردا بۇنىڭغا
ئۇنچىۋالا ئېھتىياجمۇ بولمىغانىدى . بۇ خەلقلەرنىڭ ئايرىم قى-
سىملىرى ، ئۆزلىرى ياشىغان شەھەر ۋە يەرلەرنىڭ ناملىرى
بىلەن قەشقەرلىك ، تۇرپانلىق دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ
كەلدى . يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن قويۇلغان بەگلەر كۆپىنچە خەن-

① بارتولدنىڭ بۇ سۆزلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىكى گەپ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىرغىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بەك ئوبدان بولدى . بۇلارغا ئائىت ماتېرىياللار خېلىلا بار . پوگرېلىسكى — باتراكوفلارنىڭ «كۆچمەن ئاۋۇللارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ ؛ «بۈگۈنكى ئاۋۇل» ، «سوتسىيالىستىك قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى» 154 — 320 - بەتلەر .



زۇچە «ۋاڭ» ( 王 ) ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ كەلدى . بۇنىڭدىن
باشقا ، موڭغۇل خانلىرى دەۋرىدىن باشلاپلا خوجا ئاتىلىپ كەلگەن
دىنىي رەھبەرلەر سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى . مەز-
كۇر خوجىلار پەرغانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاجىكلار ئورۇنلاش-
قان يەرلەردىن كېلىپ چىققانىدى . خوجىلارنىڭ بەزى پائالىيەت-
لىرى غەربىي تۈركىستاندا تاجىك مىللىي خاراكتېرىنى ئالغان
بولسا كېرەك ، چۈنكى بۇ ھەرىكەتلەر ئۆزبېك ھەمدە قازاقلارغا
قارىتىلغانىدى . جۇڭگو تۈركىستانىدا تۈركلىشىش ناھايىتى چوڭ-
قۇر بولدى . خوجىلار تۈركىي خەلقلەرگە يېقىنلىشىپ كەتتى ۋە
تۈركچە ئىسىملارنى قوللىنىپ كەتتى . كىشىلەر ئادەتتە خوجىلار-
نى جۇڭگو تۈركىستانىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار ، دەپ ئاتاپ
كەلدى . تارىخىي مەنبەلەردە بولسا بۇلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان
مەلۇمات يوق . بۇنىڭ ئەكسىچە ، 15 - ئەسىردىلا جۇڭگو تۈر-
كىستانىدا ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى تولۇق ئورنىتىلدى ۋە موڭغۇل
خانلىرى كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى تارقاتتى ، ھەتتا زورلۇق
ۋاستىلىرىنى ئىشلەتتى . خانلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى
موڭغۇللارنى زورلۇق بىلەن سەللە يۆگەتتى ، قارشىلىق كۆرسەت-
كەنلەرنىڭ باشلىرىغا مىخ قاقتى . موڭغۇللارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈۋال-
غان چاچلىرىنى كېسىپ چۈشۈرۈۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقلىرى
توغرىسىدىمۇ گەپلەر بار . خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كۈ-
چەيتىش مەقسىتىدە ، يەرلىك مۇقەددەس ئورۇن ، دەپ قارىلىدى-
غان جايلارغا تاۋاپقا كەلگۈچىلەرنى توستى . قارىغاندا ، يەرلىكلەر-
نىڭ مۇقەددەس دەپ قارايدىغان يەرلىرى ، ئىسلام دىنى تارقىلىش-
تىن بۇرۇنلا مۇقەددەس ئورۇن دەپ قارالغان يەرلەر بولسا كې-
رەك . قارىغاندا ، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن شۇ
يەرلەرنى مۇقەددەس بىلىدىغان كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئۇلارنى
ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋلىيالىرىنىڭ ئورنى ، دەپ تۇرۇۋالغان بولسا
كېرەك . خۇددى ياۋروپادىكى خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس

جايلىرى ئىلگىرى مەبۇدلارغا چوقۇنىدىغان جايلار بولغىنىغا ئوخشاش .

شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى ئۆزبېك دۆلىتىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىغا قارىغاندا ئارقىدا قالغانىدى . بۇ يەرلەرگە ياۋروپا ۋە ئالدىنقى ئاسىيانىڭ تەسىرى ئازراق بولدى . بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت تىلى قىسمەن پارس تىلى دەپ قارىلىدۇ ، مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يازغان تارىخىي ئەمگىكى ( «تارىخى رەشىدى» — تەرجىماندىن ) ئەنە شۇ پارس تىلىدا يېزىلدى . ياۋروپا ئالىملىرى مەزكۇر كىتابقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى . قەشقەرىيىدە يېزىلغان بىردىنبىر ئەدەبىي ئەمگەك دەپ قارالدى . كېيىن بۇ ئەمگەك بىر نەچچە قېتىم تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى . 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ رايوندا ئەدەبىي تىل تۈركىي تىل بولۇپ قالدى ، لېكىن بەك ماختىغۇدەك ئەسەرلەر مەيدانغا چىقمىدى .

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇسلار غەربىي تۈركىستاننى بېسىۋالدى . مۇشۇ مەزگىللەردە ، يەنى 1860 ـ يىللىرى شىنجاڭدا سىياسىي ھەرىكەت قوزغالدى . پۈتۈن ھەرىكەت قاتتىق قان تۆكۈلۈشتىنلا ئىبارەت بولدى . يەرلىك خەلقنىڭ كۈرىشى بەزىدە باشقىلار بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزئارامۇ ئېلىپ بېرىلدى . يەرلىك مۇسۇلمان تارىخچىنىڭ يېزىشىچە ، مۇسۇلمانلار جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ قايتا تىكلىنىشىنى خۇشاللىق بىلەن ئارزۇ قىلغان① . شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ جۇڭگو ھاكىمىيىتىنىڭ ئاستىدا قېلىۋەردى . كېيىن روسىيىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللىي ئاپتونومىيە قۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى . ھېچ-

① تىخونوف : «1864 ـ يىلدىكى قوزغىلاڭ» ، «مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرى» ، «ئۇيغۇرچە تارىخىي قولىيازمىلار» ، «بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» ؛ يۇدىن : «بەزى تارىخىي مەنبەلەر» .



بولمىغاندا مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە خەلقنىڭ ئىسمى جەھەتتە شۇنداق بولۇش زۆرۈر بولدى . شىنجاڭدىكى زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاشقا مايىل بولدى . ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بىۋاستە تەركىبىدىكى يەرلەر قەشقەرىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا يەتمىگەن ئىدى . ئەمما ئىدىقۇت تەۋەلىكىدە بولمىغان جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ياشاپ كەلگەن . ئۇلار بۇددىزمغا سادىق بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي يېزىقلىرىنى ساقلاپ كەلگەن . ئىسلام دىنىغا كىرگەن تۈركىي خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار 15 ـ ئەسىردىن كېيىن بۇ يېزىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەن . ئەمما ئۇ يەرلەردە دىنىي ئەدەبىيات ، ھېچبولمىغاندا ، ئۆزلىرىنىڭ تىلىدىكى تەرجىمە ئەدەبىياتى بولغانىدى . ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى تىبەت يېزىقى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى① .

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلەچىكى ، باشقا بارلىق خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشاش ، بۇ خەلقلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك . مەتبۇئاتتا : شىنجاڭدىن تۆمۈريول ئۆتۈپ ، ئالدىنقى ئاسىيا بىلەن جۇڭگونى تۇتاشتۇرۇپ ، بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئەسىردىكى سودا يوللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرسە ئىدى ، دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر بولغان بولسىمۇ ، ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق . جۇڭگوغا سىبىرىيىدىن ئۆتۈپ بارىدىغان تۆمۈريول مەۋجۇت تۇرۇقلۇق ، ناھايىتى نۇرغۇن تېخنىكىلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان ئىككىنچى سودا يولىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئېھتىمالى بەك ئاز . تۈركىستان ئۈچۈن ، بولۇپمۇ غەربىي تۈركىستان ئۈچۈن ياۋروپا

① شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە يېزىقى خۇسۇسىدا «شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 616 — 630 ـ بەتلىرىگە ۋە ئەمىر نەجىپنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن . باشقا يەرلىك تۈركىي تىللىق ئېتنىك گۇرۇپپىلار (سالارلار ۋە يۇغۇرلار)نىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ھەمدە ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئېتنىك مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا «شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 641— 651 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن .

بىلەن ھىندىستاننى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريول ئەھمىيەتلىكرەك ئىدى . بۇ ھەقتىكى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغىلى خېلى بولدى ، ئاخىر بىر كۈن ھەل بولار . مەلۇمكى ، رۇسلار 17 ـ ئەسىردىلا تۈركىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا بارىدىغان يوللارنى ئىزدەپ يۈرگەنىدى .



مەزكۇر كىتاب موسكۋا ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى 1968 ـ يىلى رۇسچە نەشر قىلغان «بارتولد ئەسەرلىرى» نىڭ 5 ـ تومىغا ئاساسەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتىنىڭ 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据莫斯科科学出版社 1968 年出版的《巴托尔德文集》第五卷，参考中国社会科学出版社 1984 年 8 月第 1 次印刷版本翻译出版。

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى
مەسئۇل مۇھەررىر : خالمۇرات ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى

# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : ئۇيغۇر سايرانى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2010 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850 × 1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 12.3
سانى : 3001 ـ 6000
باھاسى : 28.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-10138-2/k. 1765(维 52)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-10138-2

9 787105 101382 >

定价：28.00 元

责任编辑：哈尔木拉提・依明
责任校对：海仁沙・肉孜

图书在版编目（CIP）数据

中亚突厥史十二讲：维吾尔文/（俄罗斯）巴托尔德著；吾依古尔・沙依热尼译. 一北京：民族出版社，（2010.8 重印）
ISBN 978-7-105-10138-2

Ⅰ. ①中... Ⅱ. ①巴... ②吾... Ⅲ. 突厥人—民族历史—中亚—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. k308

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 103473 号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2010 年 6 月第 1 版
　　　　　2010 年 8 月北京第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：12.3
印　　数：3001-6000 册
定　　价：28.00 元
ISBN 978-7-105-10138-2/k.1765（维 52）